ئەخمەت تۇردى



# قاباھەت


شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# ئەخمەت تۇردى

# قاباھەت

(رومان)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى


警察





**图书在版编目(CIP)数据**

噩梦：维吾尔文/艾海提·吐尔迪著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2008.5
ISBN978—7—5371—5830—5

Ⅰ.噩… Ⅱ.艾… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第015687号

责任编辑：**阿布力孜·克尤木**
责任校对：**依巴达提·亚森**
封面设计：**阿里甫·夏**

**噩梦**(维吾尔文)
(长篇小说)
**艾海提·吐尔迪　著**

---

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　12.25 印张
2008年5月第1版　2008年5月第1次印刷
印数：1—5000

---

ISBN978—7—5371—5830—5　定价：25.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىز قېيۇم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# قاباھەت

(رومان)

ئاپتورى: ئەخەت تۇردى

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا، 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىگبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 12.25
2008 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN978—7 — 5371 — 5830 — 5
سانى: 1—5000
باھاسى: 25.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# «قاباھەت» كە بارىكاللا!

مەن بۇ رومانىنى بەكمۇ ئېغىر ئازابلىق تۇيغۇ ئىچىدە ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئەلەم ۋە خورلۇقتىن قەلبىم مىجىلىپ، غەزەپ ۋە نەپرەتتىن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى.

يېڭى دەۋر تەرەققىياتىدىن كۈچ ئېلىپ، مەنىۋى ئەركىنلىك بىلەن روھىي ئازادلىقنىڭ بىپايان ئالىمىگە قەدەم قويغان بىزنىڭ ئىپتىخارلىق مىللىي ھاياتىمىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن مۇھەببەت ۋە مېھىر - شەپقەت تۇيغۇسىغا تويۇنغان يېڭىچە مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىدا ئۆزىنىڭ ئەخلاق يۈكسەكلىكى بىلەن مەنىۋى ئۇلۇغۋارلىقىنى تېخىمۇ يارقىن نۇرلاندۇرۇشى لازىم ئىدى. لېكىن، بۇلغانغان مال - دۇنيا بىلەن چىرىكلىكتىن بىخسىغان، راھەت - پاراغەتنى ۋىجدان ۋە نومۇستىن ئەلا بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھاياتى قەدىر - قىممىتىنى زورلۇق ۋە شەپقەتسىزلىكتە ھېس قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلىرىمىز زامانىنىڭ كەڭلىكى ۋە شەخس ھەرىكىتىنىڭ دەخلىسىزلىكى ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇشقا يېڭىلا كۆز ئاچقان سەبىي باللىرىمىز بىلەن تىرىكچىلىك سىرلىرىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن ساددا ئۆسمۈرلىرىمىزنى ئالداپ ياكى تۇتقۇن قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسەت ۋە ئىرادىسىنىڭ بىچارە قۇللىرىغا ئايلاندۇردى. ئۇلارنى ئۆزلىرى ئەركىن ۋە دەخلىسىز دۇنيا دەپ بىلىدىغان ئىچكىرىدىكى تەرەققىي قىلغان بەزى شەھەرلەرگە ئاپىرىپ، ئوغرىلىق ۋە يانچۇقچىلىققا سېلىپ ياكى بەزمىخانا ۋە ئىشرەتخانىلارغا سېتىپ، مىللىي غۇرۇر ۋە نومۇسىمىزنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە دەپسەندە قىلىپ، ئېتىقادلىق پاك مىللىي ھاياتىمىزنى ھاقارەتلىك ئەخلا-

قىي كىرىزىسنىڭ ئىپلاس يۈندىسى بىلەن بۇلغىندى .
تۇرمۇشىمىزدا بىز بىلەن بىللە ياشاپ ، بىللە ئىلگىرىلەپ ، ئۇنىڭدا پەيدا بولۇۋاتقان ھەربىر ماھىيەتلىك ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتقان بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىز ھاياتىمىزدىكى بۇ ئازابلىق رېئاللىقىقا تېگىشلىك نەزەر ئاغدۇرۇپ ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە تەرەددۇت قىلدى . بىزنىڭ بىر قىسىم ئىقتىدارلىق ئاپتورلىرىمىز بۇ ھەسرەتلىك تېمىنى يىرىك ئىجادىي پىلاندا تەسۋىرلەپ ، ئوقۇرمەنلەرنى روھەن ئويغاقلىققا ئۈندەپ ، بۇ خىل پاجىئەلىك تەقدىر ئىسكەنجىسىدە خورلىنىۋاتقان بەختسىز بالىلىرىمىزنى ئۆز ئارزۇسىدىكى پاك ۋە گۈزەل ھاياتقا قايتۇرۇش ئىرادىسىغا كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ، ئۇلار بۇ يېڭى ھاياتىي تېمىنىڭ زامان ۋە ماكان تۇسىنىڭ سىرلىق ۋە مۇرەككەپلىكى ، ئۇنىڭغا باغلانغان تارقاق ھايات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ مەزمۇن ، ماھىيىتىنى ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئىگىلەشنىڭ قىيىن ۋە مۇشەققەتلىكى تۈپەيلىدىن ، ئەمەلىي ھالدا قەلەم تەۋرىتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى . لېكىن يازغۇچى ئەخەت تۇردى بۇ ئەھمىيەتلىك ، مۇرەككەپ تېمىغا دادىل تۇتۇش قىلىپ ، شاڭخەي ، گۇاڭجۇ ، شېنجېن ، جۇخەي ، خەيكو ۋە سەنيالارغا كۆپ قېتىم جاپالىق سەپەر قىلىپ ، روھىيىتىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتقان بۇ ھاقارەتلىك تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇ بۇرجەكلىرىگىچە كىرىپ ، ئۇنىڭدىكى ھەرخىل كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت ۋە مۇناسىۋەت يوللىرىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ ، كىشىلىرىمىزنىڭ روھىيىتىنى تەۋرىتىپ ، ئۇلارنى ھاياتنى پاكلاشنىڭ يېڭى شىجائەتلىك يولىغا باشلايدىغان ، ئۆزگىچە بەدىئىي پۇراققا ئىگە بىر ئىجادىي رومانىنى يارىتىپ ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچىنى روشەن گەۋدىلەندۇرۇپ بەردى . بۇ — يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ بەدىئىي پروزىمىزنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ تېخىمۇ بېيىشى ۋە مۇكەممەل-

لىشىشىگە قوشقان يەنە بىر ئەمەلىي تۆھپىسى .

ئەخەت تۇردىنىڭ بۇ يېڭى رومانىدا ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ روشەن بەدىئىي تۇستە ئايان بولغان . ئۇ پۈتۈن ئىجادىي زېھنىي كۈچىنى پېرسوناژلار خاراكتې- رىنىڭ خاسلىقى ۋە روشەنلىكى بىلەن ۋەقەلەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچام ۋە ھەرىكەتچانلىقى ئۈستىگە قويۇپ ، ئەسىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى ماھىيەتلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بەدىئىي تى- پىكلەشتۇرۇلۇشىدىن بارلىققا كەلگەن ، كەسكىن ۋە مۇرەككەپلى- كى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان جىددىي ۋە ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشلىرى مۇھىتىدا ئوبرازلىق ئېچىپ بەرگەن . يازغۇچى قەلبى ئۆز ئارزۇسىدەك پاك ، ھاياتنى دائىم تەسەۋۋۇرىدەك گۈ- زەل ۋە مۇھەببەتلىك ھېس قىلىدىغان ساددا قىز خىسلەت بىلەن ھەرقانداق ۋاقىتتا ئادالەت ۋە ھەققانىيەت قارىشىدىن كەچمەيدىغان ئىرادىلىك يىگىت ئۇتۇقنىڭ ئىشەنچ ۋە ئارمان بىلەن تولغان ئۆزگىچە مۇھەببەت يولىنى بەدىئىي تۇگۇن قىلىپ ، رومان سۇژى- تىنى ئالدىن ھېس قىلىش تەس بولغان مۇرەككەپ ، تراگېدىيە- لىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇپ ، ئۇلار- نىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى بىلەن ھاياتىي تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرخىل تىپىك پېرسوناژلارنى بەدىئىي سەھنىگە چىقىرى- دۇ . ھايات قارىشى بىلەن تۇرمۇش ئادىتى يېقىدىن تۇپتىن پەرق قىلىدىغان ، ئاڭ ـ پىكرى بىلەن ئارزۇ ـ ئىنتىلىشىدىكى خاسلى- قى ، ئەقىدە ـ ئېتىقادىدىكى چىڭلىق ۋە جاھىللىق بىلەن مەڭگۈ چىقىشالمايدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز خالىغىنىچە ئەركىن ھەرى- كەت قىلىشىغا يول قويۇپ ، ئۇلارنى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەڭ نازۇك ، ئەڭ مۇرەككەپ ھالەتلىرىدە ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي مەۋ- جۇتلۇقىغا باغلىق بولغان ئەڭ ئەجەللىك كۆرۈنۈشلىرىدە ئۇچراش- تۇرۇپ ، روماننىڭ بەدىئىي سەھىپىلىرىنى ئىككى خىل ئەقلىي ،

ئەخلاقىي كۈچىنىڭ رەھىمسىز ئېلىشىشىنىڭ، بىر - بىرىنى بېسىپ چۈشۈش يولىدىكى شىددەتلىك مەنىۋى تىركىشىشىنىڭ كەڭ بەدىئىي زېمىنىغا ئايلاندۇرىدۇ ...

شۇنداق قىلىپ، پېرسوناژلار سىرلىق ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە پىكرى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزلىرى ئاچىدىغان، ئىدىيىۋى خاراكتېر يېقىمدىن ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ئوخشاشمايدىغان بىر گۇرۇپپا تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىدۇ. بۇ ئوبرازلار غەزەپ ۋە نەپرەت، ئۆچ ۋە قىساس ئېقىمىغا تويۇنغان ئالاھىدە ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، رومان ۋەقەلىكلىرىگە جىددىي ۋە دولقۇنلۇق تۈس بېرىپ، ئەسەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنىغا ماس بولغان، ئوقۇرمەنلەرنى ئەلەم ۋە ھەسرەت تۇيغۇسىدا قىينايدىغان ئۆزگىچە بىر خىل ئازاب ۋە ۋەھىمىلىك بەدىئىي ئېقىمنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ! ...

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، يۇقىرىقىلار مېنىڭ يازغۇچىمىز ئەخەت تۇردىنىڭ «قاباھەت» ناملىق رومانى بىلەن ئەڭ دەسلەپ ئۇچرىشىشىن ئالغان كىچىككىنە تەسىراتىم. سىز ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن قانداق ئوي - خىيالغا كېلىسىز، پۇرسەت بولسا مەتبۇئاتتا پىكىرلىشەيلى.

مۇھەممەد پولات

2008 - يىلى 18 - مارت، ئۈرۈمچى.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

مۇھەببەت ۋە تۇتقۇن ································ 1

## ئىككىنچى قىسىم

كۆلپەتلىك كەچمىش ································ 52

## ئۈچىنچى قىسىم

رەھىمسىز باھار ································ 267

# بىرىنچى قىسىم

# مۇھەببەت ۋە تۇتقۇن

«ئادەملەر تەقدىرنى ، تەقدىر ئادەملەرنى ئىزدەپ يۈرىدۇ… ھاياتنىڭ ئەزەلدىن بۇيانقى ئايلىنىشى شۇ !»

— «قىيامەت» رومانىدىن

## 1

خىسلەتنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى ھەممەيلەننى پاراكەندە قىلىپ ، ئۆي ئىچىنى غالغۇيتىۋەتتى !

ئانىسى توقاچخان ھالىدىن كەتتى ، ئۇ ناھايىتى ئىچكۆيەر ، مۇلايىم ئايال ئىدى . دادىسى ئابدۇسەمەر يانقان جايىدا قېتىپ قالدى ، رەڭگى بوزدەك ئاقىرىپ كەتتى ، نېمىدۇر دېمەكچى ئىدى ، لېكىن گەپ ئاغزىدا قالدى ، تىلى ئايلانمىدى . ئىنىسى سۇبات يىغلاپ كەتتى ، ئامراق ئاچىسىغا چىدىماي شۇمشىيىپ قالدى…

— بۇ قىز نەلەردە يۈرىدىغاندۇ ؟ ئۇ ئەزەلدىن مۇنداق يوقاپ كەتمەيتتى !— ئانىنىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئەندىشىگە چۈشتى .

ئۆي ئىچىنى پۈتۈنلەي ساراسىمە ۋە پەرىشانلىق ئىگىلەپ ئالغانىدى …

ئۇلار خىسلەتنى كۈن بويى ئىزدىدى ، بارمىغان ئورۇق —

تۈغقان ، دوست ـ بۇرادەرنىڭ ئۆيى ، كىرمىگەن كوچا ، چىقمى-
غان دۆڭ قالمىدى ، لېكىن خىسلەتنىڭ خەۋىرى يوق . نە يەردە ،
نە كۆكتە ئىز ـ دېرىكى بولمىدى .

«تېرىلغۇنىڭ دەردى بىر يىللىق ، بالىنىڭ دەردى مىڭ يىللىق» دېگەندەك ، ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا بالا دەردىدە تۈگىشىپلا كەتتى . بىچارە ئانا قىزىنىڭ دەردىدە كېچە ـ كېچىلىرى ئۇخلىيالماي ، گويا سانسىز يىڭنە ـ نەشتەرلەر ئۇستىدە ئېغىناپ چىققاندەك قىينالدى . توقاچخانىنىڭ قەلبىدىكى ئازاب كېسەلچان ئېرىنىڭ چىرايىدا ئىپادىلەنگەندە ، ئېغىر دەرد ـ ئەلەم ۋە ئار ـ نومۇستىن تەڭ پۇچىلانغان ئاتا ـ ئانا ئىككىيلەننىڭ تېنى گويا بىر تەن بولۇپ كەتكەندەك بىلىندى . ئۇلار زادىلا چىدىيالمىدى ، بۇ سەۋەبسىز جۇدالىققا بەرداشلىق بېرەلمىدى . دېمىسىمۇ ، ئىنسان يۈرىكى ئۆز باغرىدىن يېرىپ چىققان پۇشتى ـ پاناھىدىن بۇنداق تۇيۇقسىز ، مۇنداق مۇدھىش ئايرىلىشقا قادىر ئەمەس ! نېمە ئۈچۈن تەقدىر ئۇلار بىلەن ھەمىشە بىللە ياشاشقا تېگىشلىك يۈرەك پارىدىن جۇدا قىلىدۇ ؟ !

خىسلەت بۇ ئائىلىنىڭ خۇشلۇقى ، بەختى ۋە يورۇق يۇلتۇزى ئىدى . ئۇ ، شۇنداق بىر شوخلۇق بىلەن خەندان ئۇرۇپ كۈلسە ، گويا ئۆي ئىچىنى ئىسسىق بىر مۇھەببەت ئارىلاپ ئۆتكەندەك بولاتتى . ئەمما ، بۈگۈن مانا شۇ بەختلىك ، شادىمان ئائىلىنى قانداقتۇر كۆلكە شادلىقلىرى ئەمەس ، بەلكى مۇسىبەت قايغۇلىرى چىرماپ ئالغانىدى . ئانا يىغلايتتى ، ئويغىدا ، چۈشىدە ، نامىزىدا ، دۇئاسىدا بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى : «كۆڭلۈمنىڭ چىمەنى قىزىم ، كۆزۈمنىڭ نۇرى قىزىم ، تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى قىزىم ، قاراڭغۇ ئۆيۈمنىڭ چىرىغى قىزىم ··· نەدىسەن قىزىم ، نەلەردە يۈرۈيسەن قىزىم ؟ ! ··· »

كېسەلچان ئاتا ئۆز ئورنىدا يېتىپ ، ئۆز ئاجىزلىقىدىن ئۇھسىنىپ ، خۇداغا نالە قىلاتتى : «ئى كەرەملىك خۇدا ، سەن ئۆز

ھېممىتىڭ بىلەن تۆت قىرغاق ، سەككىز گىردابنى ئۆز ئىسمى ۋە جىسمى بىلەن ياراتتىڭ . سەن يەنە ئۆز كارامىتىڭ بىلەن بىر تېمىم ئەلەق سۇيىدىن ئادەم زاتىنى ئاپىرىدە قىلىپ ، ئۇنىڭغا جان ھەم تەن بەردىڭ ! ئى خۇدا ، خىسلەتمۇ ئۆزۈڭ ياراتقان ئاجىز بەندەڭغۇ ! ئۇنىڭ نەدە يۈرۈپ ، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن ، ئۇنى زار قىلمىغىن ، خار قىلمىغىن ، بىزدىن ئايرىمىـغىن ، ئۇ بىزنىڭ يۈرەك پارىمىز ! ...»

پەرزەنت ! ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن نېمىدېگەن تاتلىق ، نېمىدېگەن مۇقەددەس نام ـ ھە ! ؟ ئۇ ئۆمۈرنىڭ شېرىن مېۋىسى ، ئائىلىنىڭ ئاۋاتلىقى ، شادلىقى ھەم بەختى ! پەرزەنت — بۇ كېلەچەك ، ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنى مەڭگۈ بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان ئالتۇن ھالقا ! مانا شۇ پەرزەنتلەر شاراپىتى بىلەن ئۆمۈر باقى ، ھايات چەكسىز ئەمەسمۇ ! ؟

بۇ ئائىلىدە ئۇلۇغ ـ ئۇششاق تۆت جان بار ئىدى . ئابدۇسە-مەر بىلەن توقاچخاننىڭ قىزى خىسلەت ، ئوغلى سۇبات ئارقا ـ ئارقىدىن چوڭ بولۇپ ، مەھەللىنىڭ دۇردانە باللىرىغا ئايلانغانـدى . مانا ئەمدى خىسلەتكە كۆز تەگكەندەكلا ئىش بولدى ، ئۈچ كۈن بۇرۇن ئەتىگەندىلا : «مەكتەپكە بېرىپ كېلەي ، بىرەر خەۋەر كەلدىمىكىن » دەپ چىقىپ كەتكەن پېتى ئۈن ـ تىنسىز يوقالدى . ئۇ بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەنىدى ، دەسلەپكى ئىمتىھان مەيدانىدىن ناھايىتى خۇشال چىققان بولسىمۇ ، ئەمما ئاخىرقى ئىمتىھاندىن كۆڭلى يېرىم ئىدى . چۈنكى ، ئاخىرقى ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىدا دادىسى تۇيۇقسىز ما-شىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى ، دادىسىـنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى ، ئۇ كىچىچە دادىسىنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ چىقتى ، ئەتىسى بىر كۆزى ياش ، بىر كۆزى قان ئىمتىھان مەيدانىغا كىردى ، كۆڭلى جايىدا بولمىغاچقا ، ئىمتىھاننى قانداق بەرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن

دادىسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تۇراقلاشتى ، بۇ جەھەتتە خىسلەت-
نىڭ ئەنسىز كۆڭلى ئىزىغا چۈشكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئاخىرقى
ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلاپ خاتىرجەم بولال-
ماي يۈرەتتى ، شۇڭا ، ھەمىشە مەكتەپنى تىلەڭ - تىڭلايتتى ...
بۈگۈن خىسلەتنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە ھايت - ھۇيت دېگۈچە
ئالتە كۈن بولۇپ قالدى . بۇ ئالتە كۈن توقاچخان ئۈچۈن گويا
ئازابلىق ئالتە يىلدەك تۇيۇلدى ، ئۇنىڭ بىر پۇتى ئۆيدە ، بىر پۇتى
سىرتتا ئىدى ، كۆڭلى شۇنداقلا بۇزۇلسا ، ئۆيدە كىيىدىغان ساڭ-
گىل - سۆڭگۆل كىيىملىرى بىلەنلا سىرتقا چۇراپ چىقىپ
كېتەتتى ، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئۈچۈن ، كىيىم - كېچەك ،
گىرىم - پەرداز ، يېمەك - ئىچمەك دېگەنلەر ئەھمىيەتسىز نەر-
سىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى . تاماق تاماقتەك تېتىمايتتى ، پەر-
داز تۇگۇل ، چىرايلىقراق كىيىم يەڭگۈشلەشكىمۇ ھەپىسلىسى
يوق ئىدى . بۈگۈن ئەتىگەندىمۇ ، ئۇ ئېرىگە ئازراق ناشتىلىق
تەييار قىلىپ بېرىپ ، يەنە چىقىپ كەتتى ، نەگە بېرىپ ، نەدە
تۇرۇشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى ، ئىشقىلىپ ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە
«قىزىمنى ئىزدەپ تاپىمەن» دەيدىغان مەۋھۇم بىر پىكىر ھۆكۈمە-
ران ئىدى . بۇنداق چاغدا ئابدۇسەمەرمۇ ئۇنىڭ رايىغا باقاتتى ،
ئانا قەلبىنىڭ ئاجىز ، ئەمما قەيسەرلىكىنى چۈشىنەتتى .
توقاچخان چىقىپ كېتىپ ، بىرەر سائەت ئۆتە - ئۆتمەي ،
سۇباتنىمۇ بىر ئاغىنىسى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى ، جىمجىت ئۆيدە
ياتقان ئابدۇسەمەرنى ئاستا - ئاستا تاتلىق ئۇيقۇ باستى . شۇ
ئارىلىقتا ، دەھلىزدىكى تېلېفون قاتتىق جىرىڭلاپ ئابدۇسەمەرنى
چۆچۈتۈۋەتتى ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك ، ئورنىدىن
ئۆمىلەپ تۇردى ۋە قولتۇق تاياقنى تايىنىپ ، دىڭگۇسلاپ مېڭىپ
ناھايىتى تەستە دەھلىزگە چىقتى ، ئەمما ئۇ تۇرۇپكىغا قولىنى
ئۇزاتقىچە ، تېلېفون توختاپ قالدى . ئابدۇسەمەرنىڭ كۆڭلى بەك-
مۇ يېرىم بولدى ، گويا ئۇلار بىر ھەپتىدىن بېرى زارىقىپ

كۆتكەن تېلېفون كەلگەنۇ ، ئەمما ئۇ ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ! ئابدۇسەمەر «تېلېفون يەنە كېلىدۇ» دېگەن ئۈمىدتە ئۆرە تۇرغان پېتى تېلېفونغا قاراپ تۇرىۋەردى ، ئالاھازەل چارەك سائەت ئۆتكەن بولسىمۇ ، تېلېفون قايتا جىرىڭلىمىدى ، ئابدۇسەمەرنىڭ نىمجان پۇتلىرى تىترەپ ، پېشانىسىدىن مونچاق - مونچاق تەر چىقىپ كەتتى . شۇ چاغدا ، ئۇنىڭ تېلېفونغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزى بىردىنلا تېلېفون ئېكرانىغا خاتىرىلىنىپ قالغان ئىمىر - چىمىر نومۇرلارغا چۈشتى . ئۇ زېھنىنى يىغىپ ، كۆز نۇرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قارىۋىدى ، ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدە : «0208187533» دېگەن ناتونۇش بىر نومۇر نامايان بولدى .

ۋاي خۇدايىمەي ، بۇ بىر غەلىتە نومۇرغۇ ! ئابدۇسەمەر ئەزەلدىن مۇنداق نومۇرنى ئىشلىتىپ باقمىغان . تېخى بۇ سەككىز خانىلىق نومۇر ئىكەن ، ئالدىدىكى ئۈچ نومۇر چوقۇم رايون نومۇرى ، بۇ زادى نەدۇر ؟ ئابدۇسەمەر سودا ئالاقىسى قىلىپ يۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىمۇ مۇنداق سەككىز خانىلىق نومۇر يوق ! بۇ چوقۇم ئۇلار بىر ھەپتىدىن بېرى كۆتكەن ، ئىزدىگەن ، زارىققان ئادەمنىڭ تېلېفون نومۇرى ! ئۇ نېمىشقىمۇ ئۆملەپ بولسىمۇ تېزرەك چىقىپ ئالمىغاندۇ ، بۇ كاساپەت پۇت ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئەجەبمۇ كاشىلا بولدىغۇ ! ھېلىمۇ ياخشى ، بۇ ناتونۇش نومۇر تېلېفون ئېكرانىغا خاتىرىلىنىپ قاپتۇ ، ھېچبولمىغاندا ، بۇ نومۇرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، خىسلەتنىڭ نەدىلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ !...

ئابدۇسەمەرنىڭ كۆڭلى سەل - پەل جايىغا چۈشتى . ئۆز خىيالىدىن ئۆزى تەسەللى تاپتى .

چۈشتە قايتىپ كەلگەن توقاچخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، دەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولغان بولسىمۇ ، كېيىن خۇددى خىسلەتنىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك ، شەپىسىنى ئاڭلىغاندەك ، ھىدىنى پۇرىغاندەك يېقىملىق تۇيغۇغا كېلىپ قالدى ۋە چۈشلۈك تاماق يې-

يىشىنىمۇ ئۇنتۇپ ، ھېلىقى نومۇر كۆچۈرۈلگەن قەغەزنى چىڭ تۇتقىنىچە پوچتىخانىغا يۈگۈرۈپ كەتتى …
سىرلىق نومۇرنىڭ تەۋەلىكى تېزلا ئېنىقلاندى ، «گۇاڭجۇ شەھىرى» دېگەن نامنى ئاڭلىغاندا توقاچخان ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى ، كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى ، ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ، ھالسىز ۋە مۇڭلۇق ئىدى . ئۇ توختىماي قىزىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ قانداقلارچە دۇنيانىڭ بىر چېتىگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئاڭقىرالماي زارلايتتى . ئەھۋالنى ئۇققانلار ئۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپتىن ھېسداشلىق قىلدى ، تەسەللى بەردى ، ساقچىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا دەۋەت قىلدى ، لېكىن ناتىۋان ئانا چىداپ بولماس جۇدالىق ئەلەمى ۋە ئازاب - ئوقۇبەتتە ئەكس ئەتكەن كۆزلىرىنى يوغان - يوغان ئېچىپ ھاسىرايتتى ، ئۆزىنى ئەقلىدىن ئازغاندەك دەھشەت ئىچىدە ھېس قىلاتتى . توقاچخاننىڭ ھالىغا ئېچىنغان ئىككى ئاق كۆڭۈل قىز ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ تاكسىغا سالدى ۋە ئۆزلىرى بىللە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا كەلدى .

توقاچخان يېنىدىكى قىزلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ساقچى ئىدارىسىغا زور ئۈمىدتە — گويا ئۇلار بىر ئىلاھىي كۈچ بىلەن خىسلەتنى ھايالشىمايلا تېپىپ بېرەلەيدۇ دەيدىغان ساددا ئۈمىدتە كەلگەنىدى . ئەمما بۇ يەردە ئاڭلىغان گەپلىرى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپلا قالماستىن ، بەلكى تېخىمۇ ئېغىر دەردكە مۇپتىلا قىلىپ قويدى .

ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق ، تەمكىن ، گەپ - سۆزلىرى جايىدا بىر بۆلۈم باشلىقى مۇنداق دېدى :

— بۇ تېلېفون نومۇرى پەقەت قىزىڭىزنىڭ مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ، گۇاڭجۇغا ئەكېتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت بىرلا پاكىتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئەمما گۇاڭجۇ دېگەن

بەكمۇ كاتتا شەھەر، سەككىز رايون، ئىككى ناھىيىسى بار. ھەربىر رايونى بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدىنمۇ چوڭ. ئۇ يەرنىڭ مۇقىم نوپۇسى سەككىز ـ توققۇز مىليون، كۆنلۈكى كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان ئاقما نوپۇسمۇ يېرىم مىليونغا يېتىدىغان تۇرسا، مۇنداق زور ئادەم دېڭىزى ئىچىدىن قىزىڭىزنى قانداق ئىزدەيمىز؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ نومۇر مۇقىم تېلېفوننىڭ ئەمەس، كىچىك زېرەكنىڭ نومۇرى، بۇنىڭ رايون تەۋەلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى، يەنە بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ كۈتۈڭ. بىر قېتىم كەلگەن تېلېفون چوقۇم يەنە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. بىز قىزىڭىزنىڭ تۇرۇۋاتقان ئېنىق ئورنىنى بىلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ھەرىكەت قوللىنالايمىز! ...

گەپ تۈگىدى، زور ئۈمىد بىلەن كەلگەن ساقچى ئىدارىسىدىكى ئىشىمۇ تۈگىدى. توقاچخاننىڭ كاللىسى ھەرە ئۇۋىسىدەك غوڭۇلداپ كەتتى. باش ـ ئايىغى يوق بۇ دەرد ـ ئەلەملەردىن، جاۋابى يوق ئاچچىق سوئاللاردىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياش، يۈرىكى خۇناپ ئىدى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ قايتىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ھېلىقى بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىدى بولغاي، ھېسداشلىق بىلەن قوشۇپ قويدى:

— قىزىڭىزدىن بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ. ھەممە يەردە قانۇن ـ تۈزۈم بار. سىز ئۇنىڭ تولۇق ئەھۋالىنى، ئۆزىڭىزنىڭ ئادرېسىڭىزنى ماڭا قويۇپ كېتىڭ، بىز گۇاڭجۇدىكى ساقچى ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا مەلۇم قىلايلى، بىرەر خەۋەر بولسا، سىزگە ئۇقتۇرىمىز!

توقاچخان ساقچى ئىدارىسىدىن چىقمۇېتىپ، ئەتراپقا غەلىتە نەزەردە قارىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاللىقانداق تەشۋىش ۋە ھەتتا چۆچۈش بىلەن باقاتتى، ئۇ ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆيىگە قايتتى.

# 2

ئۆتتۈق يىگىرمە ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بوي ـ بەستى
كېلىشكەن ، ماڭلىيى كەڭ ، كۆزلىرى نۇرلۇق ، كۆڭلىدىكى سە-
مىمىي ـ ساداقىتى يۈزىگە تەپكەن دىلكەش يىگىت ئىدى .
بۇ بىر ھەپتە ئۇ بەكمۇ ئالدىراش ئۆتتى ، كۈندە دېگۈدەك
ئوپېراتسىيىگە قاتناشتى ، كېچىلىرى ئۇنىۋان ئۈچۈن ئىلمىي ماقا-
لە يازدى . ئالدىراشچىلىقتا دوستلىرى تۇغۇل ، ھەتتا سۆيگەن
يارى خىسلەت بىلەنمۇ كۆرۈشەلمىدى . ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئىزدەي
دېسە ، يىگىتلىك غۇرۇرى يار بەرمىدى ، چۈنكى ئۇ ، ئون كۈن
بۇرۇن پۈتۈن نام ـ ئابرۇيى ، ئىززەت ـ نەپسى ، غۇرۇرى ـ
ئېتىبارىنى دو تىكىپ يازغان سۆيگۈ خېتىگە خىسلەت تېخىچە
جاۋاب بەرمەي يېتىۋالغانىدى . ئەمما بۈگۈن تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ
خىسلەتنى بەكمۇ كۆرگۈسى كەلدى ، ئىچ ـ ئىچىدىن پىغان بولۇپ
كۆتۈرۈلۈۋاتقان سېغىنىش ۋە سۆيگۈ ئىستىكى ئۇنى تەقەززا قى-
لىپ قويدى ، شۇ تاپتىكى بۇ تەقەززالىق ئالدىدا قانداقتۇر يىگىت-
لىك غۇرۇر ، ئىززەت ـ ئابرۇيى دېگەندەك نەرسىلەر بەئەينى
قىزىق چايغا چۈشكەن قەنتتەك شۇرررىدە ئېرىپ كەتكەنىدى .
ئۆتتۈقنىڭ ھاياجاندىن تىترەۋاتقان بارماقلىرى ئىختىيارسىز
ھالدا تېلېفوندىكى تونۇش نومۇرلار ئۈستىدە ھەرىكەتلىنىشكە باش-
لىدى . ھايال ئۆتمەي قارشى تەرەپتىكى تېلېفوندىن ئۆتتۈق ئىنتى-
زار بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئەمەس ، بەلكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ
زەئىپ ئاۋازى كەلدى . ئۆتتۈق بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ : «خىسلەت-
نى چاقىرىپ قويغىنە سۇبات !» دېۋىدى ، سۇباتنىڭ بىردىنلا دېمى
ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە ئاۋازى تىترەپ : «ئاچام… ئاچامنى…
تۇتقۇن قىلىپ … گۇاڭجۇغا ئە … كېتىپتۇ ! … » دەپلا ھۆڭرەپ
يىغلاپ كەتتى . بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۆتتۈقنىڭ يۈرىكى
خۇددى بىرى شەپقەتسىز قول بىلەن مۇجۇغاندەك يېقىمسىز ئاغ-

دى ، ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك ئۆچتىكى ، ھەتتا لەۋلىرى كۆكىـ
رىپ كەتتى . ئۇ ، شۇ ئەلپازدا خېلىغىچە سوكۇت ئىچىدە ئولتۇرـ
دى ، خىياللىرىنى ئۆز ئېقىمىغا قويۇۋەتتى . ئالاھازەل مېڭىسىـ
دىن «بۇ زادى نېمە ئىش ؟ چاقچاقمۇ ، راست گەپمۇ ؟ !»
دېگەن سوئال تۇغۇلغان ھامان يەنە دىككىدە ئورنىدىن تۇردى ،
ئەمما ئۇ ، سۇباتنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىنى چاقچاققا چىقىرالمىـ
دى ، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇ بۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئارتىسلىق قىـ
لالمايتتى . ئۇتتۇق بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك ، قولىدىكى ئىشـ
لىرىنى ئۇياق ـ بۇياق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ، خىسلەتنىڭ
ئۆيىگە ئالدىراپ ماڭدى . ئۇ ، يول بويى ئۆزىگە ـ ئۆزى مەدەت
بېرىپ ، ئاڭلىغان شۇم خەۋىرىنىڭ راست ئەمەسلىكىگە ئۆزىنى
ئىشەندۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما بوسۇغىدىن ئاتلىغاندا كۆرـ
گىنى ھەقىقەتەنمۇ مۇسىبەت باسقاندەك مۇڭگىسىراپ قالغان ئۆي
بىلەن جۇدالىق ئەلىمىدە ئىڭراپ ياتقان بەختى قارا ئاتا ـ ئانا
بولدى . ئابدۇسەمەر بىر ھەپتە ئىچىدىلا بۇرۇنقى كېسەللىك ھالىـ
غا كېلىپ قالغاندەك شىپپىدە چۆكۈپ ، نىمجان ھالەتكە كېلىپ
قالغانىدى ، ئۆسۈپ تىكىنەك بولۇپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرى
تاتىراڭغۇ يۈزىنى تېخىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى . توقاچخان
بولسا ، ئۇنىڭدىن بەتتەر ئىدى ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى كەم سۆز ھالىتى
ئۆزگىرىپ تېخىمۇ ئۇندىمەس بولۇپ قالغان ، ئۇنىڭ چىرايىنى
گۈزەللەشتۈرۈپ ، چېھرىنى مۇلايىم قىلىدىغان يېقىملىق تەبەسـ
سۇملىرىمۇ پۈتۈنلەي غايىب بولغانىدى ...

ئۇتتۇق ئەھۋالنى ئۇقتى ، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۇچۇن ئايان
بولدى : ئۇ خىسلەتتىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قالغانىدى ، بۇنداق
قاباھەتلىك ئايرىلىشقا ئۇنىڭ ئاشىق قەلبى بەرداشلىق بېرەلمەيتـ
تى . شۇڭا ، ئۇنىڭ كۆكرىكى بىرنەچچە دەقىقە ئېچىشىپ ئاغرىدى
ۋە تامىقىغا قاتتىق بىر نەرسە تىقىلغاندەك يۈرىكى سىقىپ كەتتى .
شۇ تاپتا ئۇ ، كۆزلىرى پارقىراپ ، ئىچ ـ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ

چىقىشۋاتقان غەلىيانىنى زورغا بېسىپ ئولتۇراتتى . كېيىن نېمىشقى-دۇر تومۇرلىرىدىكى قان سوۋۇپ قالغاندەك بولدى ، ئۆيدە ئۇنىڭ پەقەت جىسمى ئولتۇراتتى ، روھى بولسا ، ئالللىقەيەرلەردە سەرسا-نە كېزىپ يۈرەتتى …

ئېغىر ، ناھايىتى ئېغىر جىملىق ۋە ئۇن - تىنسىز دەرد خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى . ئالاھازەل چارەك سائەتلەردىن كېيىن ئۇتۇق ئېغىز ئېچىپ ، بۇ كۆڭۈلسىز جىملىقنى ئاخىر بۇزدى :

— يەنە بىرنەچچە كۈن كۈتەيلى ، پەقەت خەۋىرى بولمىسا ، جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە بولسىمۇ ئىزدىمىسەك بولمايدۇ !

ئۇتۇقنىڭ سۆزىگە ئابدۇسەمەرنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشى بىلەن توقاچخاننىڭ چوڭقۇر ئۇھسىنىشى جاۋاب بولدى . ئەمدىكى گەپ ئۆزئارا تەسەللى بىلەن كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان سۆزلەرگە كۆچتى . ئۇتۇق ئابدۇسەمەرنىڭ كېسىلى ئۈستىدە توختىلىپ ، بىرمۇنچە پايدىلىق تېببىي مەسلىھەتلەرنى بەردى ، توقاچخاننى ئۈمىدۋار ، روھلۇق بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى ، خىسلەتنىڭ ئەقىل-لىق ، ئىرادىلىك ، قەيسەر قىز ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالىدىن ۋايىم يېمەسلىككە دەۋەت قىلدى :

— ئۈمىدسىزلىك ، چۈشكۈنلۈك ئادەمنى خالتا كوچىغا سۆ-رەيدۇ !— دېدى ئۇ نەسىھەتكويلۇق بىلەن ،— سىلەر ئۆزۈڭلارنى بەردەمرەك تۇتۇڭلار ، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ ، چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ !— ئاندىن ئۇ توقاچخاندىن ،— خىسلەتنىڭ ھۇجرا ئۆيىگە كىرىپ باقسام بولارمۇ ؟— دەپ سورىۋىدى ، توقاچ-خان دەرھاللا :

— بولىدۇ بالام ، بولىدۇ ، كىرىۋەرسىلە !— دەپ ئۇتۇقنى خىسلەتنىڭ ھۇجرا ئۆيىگە باشلاپ قويدى .

ئۇتۇق بۇ ئۆيگە كىرىشتە قانداقتۇر بىر خىيالنى — خىسلەتنىڭ ئۆيدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن بىرەر پارچە خەت ياكى بىرەر بەلگە - نىشانەدەك نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويدىمۇ ، قانداق

دېگەن خىيالنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزگەنىدى . شۇڭا ئۇ ، خىسلەت-
نىڭ ئاددىي - ساددا ، ئەمما پاكىز ، كۆزگە يېقىشلىق سەرەمجان-
لانغان ھۇجرىسىغا كىرگەندە ، ھەممە يەرنى ئىنچىكە ۋە سەزگۈر-
لۈك بىلەن كۆزەتتى . ھۇجرىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان كىچىككىنە
ئەينەكلىك ئىشكاپتا ھەرخىل كىتاب - ژۇرناللار ، بولۇپمۇ ئەدە-
بىي كىتاب - ژۇرناللار كۆپ ھەم رەتلىك ئىدى . دېرىزىنىڭ
ئالدىغا قويۇلغان يېزىق ئۈستىلىدىمۇ بىرنەچچە كىتاب ۋە ژۇرنال-
لاردىن باشقا ، يېزىپ ، سىجاپ ، ئۆچۈرۈپ ، يەنە يېزىپ بىر
چەتكە تاشلاپ قويغان بىرنەچچە ۋاراق شېئىر پارچىلىرى رەتسىز
تۇراتتى . ئۇتۇق شېئىر پارچىلىرىغا كۆز يۈگۈرتتى ۋە ئۇنىڭ
ئارىسىدىن نېمىنىدۇر ئىزدىمەكچىدەك سىنچىلاپ قارىدى ، ئەمما
ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى ، بىر - بىرىگە باغلاپ ئوقۇپمۇ پىكىر
ئىزچىللىقىنى تاپالمىدى ، قارىغاندا ، خىسلەت بىرەر پارچە شېئىر
يازماقچى بولغانۇ ، ئەمما پىكرى چېچىلىپ ، نېمىگىدۇر ئىچى
تىت - تىت بولۇپ ، يازغان نەرسىلىرىنى شۇ پېتى قالايمىقان
تاشلاپ چىقىپ كەتكەن...

ئۇتۇق كېيىن يېزىق ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى ئاچتى ، ئۇ
يەردىمۇ بىرنەچچە ئوقۇشلۇقلار بىلەن پارچە - پۇرات قەغەزلەر
ياتاتتى ، ئۇتۇق ئۇلارنى رەتلەۋېتىپ ، تۇيۇقسىز ئەڭ ئاستىدىكى
بېغىررەڭ خۇرۇم تاشلىق بىر خاتىرىنى كۆرۈپ قالدى ، ئۇ خاتى-
رىنى ئېلىپ قىزىقىپ ئاچتى ، بىرىنچى بەتنىڭ ئۈستىدە «خىس-
لەت» دېگەن ئىسىم كۆك سىياھ بىلەن ، ئاستىدىكى «كۈندىلىك
خاتىرە» دېگەن خەتلەر قىزىل سىياھ بىلەن ناھايىتى چىرايلىق
خۇشخەتچىلەپ يېزىلغانىدى . ئۇتۇق كۈندىلىك خاتىرىنىڭ ئۇ
يەر - بۇيەرلىرىدىكى چېسلالىرىغا قاراپ ، ئۇنىڭ تېخى يېقىندىلا
يېزىلىشقا باشلىغان يېڭى خاتىرە ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە شۇ ھامان
ئۇنىڭ كۆڭلىدە خاتىرىنى ئوقۇپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى .
ئۇتۇقنىڭ نەزىرىدە ، خاتىرە خىسلەتنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئەي-
نىكى ئىدى ، شۇنداق ئىكەن ، چوقۇم ئۆزى ھەققىدىمۇ بايانلار

بولۇشى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېقىندا يېزىپ جاۋابسىز قالغان سۆيگۈ خېتى ھەققىدە يۈرەك سۆزلىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى ، شۇڭا ئۇنىڭ خاتىرىنى كۆرۈپ بېقىش خىيالى كۈچلۈك ئىدى . ئەمما ، يەنە تۇرۇپلا ئۆز خىيالىدىن ئۆزى خىجىل بولۇپ قالدى ، چۈنكى كۈندىلىك خاتىرە دېگەن پەقەت ئۇنى يازغان كىشىگىلا خاس نەرسە ، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر مەخپىيەتلىك ، ئۇنى پەقەت خاتىرە ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەنلا كۆرۈشكە بولىدۇكى ، ھەرگىزمۇ ئوغرىلىقچە ، يوشۇرۇنچە كۆرۈشكە بولمايدۇ ! شۇڭا ئۇ ، خاتىرىنى كۆرۈپ بېقىش خىيالىدىن يالتايدى ، خاتىرىنى ئۆز جايىغا قويۇپ قويدى . ئەمما ئارقىغا يېنىۋېتىپ يەنە توختاپ قالدى . «كۆرۈپ باقسام نېمە بوپتۇ ؟— دەپ ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بەردى ئۇ ، — شۇ تاپتا خىسلەت بولغان بولسا مېنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمغا قوشۇلغان بولاتتى . چۈنكى ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىمىزگە ئېيتىشقا بولمايدىغان يەنە قانداق سىر بولۇشى مۇمكىن ؟ ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ خاتىرىدە خىسلەتنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشىگە ئائىت بىرەر يىپ ئۇچى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، ھازىر دېگەن پەۋقۇلئاددە ۋاقىت !…»

ئۇتتۇق كۈندىلىك خاتىرىنى كۆرۈپ بېقىشنىڭ پەتنۋاسىنى ئەنە شۇنداق ئويلاپ چىقاردى ۋە ئۆزىنى ھەقلىق يوسۇندا خاتىرىنىڭ ھەقدارى ھېسابلاپ ، ئۇنى يانچۇقىغا سالدى .

ئۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا چىققاندا ، خېلىلا كەچ كىرىپ قالغانىدى . ئۇتتۇق ھارغىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى ، ئاينىڭ يۇپقا بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ، قەلبى بوش ، قۇرۇپ قالغاندەك ناھايىتى بىئارام بولدى ، بۇنىڭغا ئاي ياكى بۇلۇت ئەمەس ، بەلكى خىسلەتنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى سەۋەب بولغانىدى . دېمىسىمۇ ، ئۇ ئەمدى مەستخۇش ھالەتكە كېلىپ ، ئىشق - مۇھەببەتنىڭ راسا پەيزىنى سۈرۈۋاتقان شادىمان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، خۇددى تۇيۇقسىز زىمىستان سوغۇقىنىڭ قەھرىگە دۇچ كەلگەندەك ، يار ۋىسالى بىلەن سۆيگۈ لەززىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانىدى ! …

# 3

كۆندىلىك خاتىرە يېزىش — قىزلارنىڭ ئىشى . قىزلاردىكى
بۇنداق تۇغما ئادەت ئۇلارنىڭ پاك قەلبىگە تۇنجى مۇھەببەت ئوتى
چۈشكەندە پەيدا بولىدۇ . بۇ ئوت ئۇلارنىڭ خىيال دۇنياسىدا
«سۆيگۈ» دەپ ئاتىلىدىغان گۈزەل بىر قەسىرنى بىنا قىلىدۇ ،
ئۇلار بۇ قەسىردە يۈرۈپ ، كۆيگەن يارىغا ئېيتالمىغان يۈرەك
سۆزلىرىنى قەغەزگە چۈشۈرىدۇ ، يازىدۇ ، يېزىۋې-
رىدۇ ... بىر كۈنلەردە كۆز ياشلىرىدىن سارغىيىپ كەتكەن
دەپتەرنى سىرداش دوستىغا ئوقۇپ بېرىدۇ ، ئىككىسى بىر ھۇج-
رىغا كىرىۋېلىپ ، تاڭ ئاتقۇچە پىچىرلىشىدۇ ، كۆڭۈل سىرلىرى-
نى تۆكۈپ ، بىر - بىرلىرىگە ھەمدەرد بولۇشىدۇ ! ...

ۋەھالەنكى ، خىسلەتنىڭ خاتىرىسى قايسى بىر سىرداش
دوستىنىڭ ئەمەس ، بەلكى شۇ خاتىرىدە تىلغا ئېلىنغان «يار»
نىڭ نەق ئۆز قولىغا چۈشكەندى .

ئۇتۇق شۇ كۈنى تۈن يېرىمىغىچە خاتىرىنى كۆردى ، ئۇ
ناھايىتى قىزغىن ، تەسىرچان يىگىت ئىدى ، خاتىرە ئۇنى قاتتىق
ھاياجانلاندۇردى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر مېھىر - مۇھەب-
بەت بىلەن قۇدرەتلىك كۈچنى ئويغاتتى . بۇ خاتىرىلەردە سادا-
قەت ، ۋاپادارلىق ، غۇرۇر ۋە جاسارەت ئىزھار قىلىنغانىدى .
ئۇنىڭدا يەنە خىسلەتنىڭ يوشۇرۇن تالانتى ، كىشىلىك قاراشلى-
رى ، ھايات چۈشەنچىلىرى ، ياشلارغا خاس جۇشقۇن ، نازۇك
ھېسسىياتلىرى يارقىن ئىپادىلەنگەنىدى .

ئۇتۇق خاتىرىنى ئەتىسىمۇ كۆردى ، ئەمما بۇ قېتىم تەپسى-
لىي ئەمەس ، بەلكى ئارىلاپ ئوقۇشقا باشلىدى :

«مىلادىيە 2004 ـ يىل، 7 ـ ئىيۇن.

ئىمتىھان دېسە قورقمايدىغان كىم بار؟ ئاڭلىسام، دۇنيانى بويسۇندۇرماقچى بولغان قاپ يۈرەك ناپولېئونمۇ ئىمتىھاندىن قورققانىكەن! خۇداغا شۈكرى، بۈگۈنكى ئىمتىھاننى بەك ياخشى بەردىم، ئۆزۈم سۆيگەن كەسىپ ئەمەسمۇ، ھەممىسى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى سوئاللار ئىكەن، تەمتىرەپ كەتمىدىم، ئىمتىھان مەيدانىدىن غالىبلارچە چىقتىم! ...»

«مىلادىيە 2004 ـ يىل، 9 ـ ئىيۇن.

توۋا، بىر خۇشاللىقنىڭ بىر قايغۇسى بار دېگىنى راست ئوخشايدۇ! ئاخىرقى ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان كۈنىنىڭ ئاخشىمى ئائىلىمىز كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىككە دۇچ كەلدى. دادام ماشىنا ھادىسىسىدە ئېغىر يارىلىنىپ، تورغات يولىدىن يېرىم كېچىدە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇنىڭ بىھوش ھالىتىنى كۆرۈپ، ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم. دادام ئائىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، يۆلەنچۈكى، باشپاناھى ئىدى. ئۇنىڭ تىجارىتى بىلەن مەنمۇ، ئۇكاممۇ خاتىرجەم ئوقۇپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتۇق. ئەمدى تەقدىرىمىز نېمە بولۇپ كېتەر؟! دادامدىن ئايرىلىپ قېلىش بىز ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟! خۇدا ساقلىسۇن، ئۇ كۈنلەرنى خۇدايىم بىزگە كۆرسەتمەس! مەن كېچىچە دادامنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شىپالىق، ھاياتلىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت تىلىدىم! ئەتىسى كۆزلىرىم تالغان، كاللام ئېلىشقان ھالدا ئىمتىھان مەيدانىغا كىردىم. سوئاللارغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن سوئاللارغا جاۋاب بەردىممۇ ياكى سوئاللار ماڭا سوئال قويدىمۇ، ئىشقىلىپ قەغەزگە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ، ئىمتىھان مەيدانىدىن روھسىز، خامۇش قايتىپ چىقتىم!...»

ئۆتۈق خاتىرىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئويلىنىپ قالدى، خىسلەتنىڭ شۇ كۈنكى ئەھۋالى ئۇنىڭغا بەشقولدەك ئايان ئىدى. ئۇ يىگىتلىك قەلبىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان ئۇ دەقىقىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن؟! شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ئابدۇسەمەر تەڭلە قازان بولۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، ئۆتۈق تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە دىجورنىلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئابدۇسەمەرنى تەپسىلىي تەكشۈردى ۋە دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى كېسىپلا ئېيتتى.

— ئوپېراتسىيىنى كىم قىلىدۇ؟— بۇ سوئالنى دادىسىنىڭ بېشىدا ئېسەدەپ تۇرغان خىسلەت سورىغانىدى.

— مەن! — دېگەنىدى ئۆتۈق ئىشەنچ بىلەن، — ئوپېراتسىيىنى ئۆزۈم قىلىمەن!

— سىز ... ، — خىسلەتنىڭ ئاۋازىدىن بۇ ياش يىگىتكە تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

— شۇنداق، مەن!— دېگەنىدى ئۆتۈق تەمەننا چاقنىغان كۆزلىرىنى قىزنىڭ مەيۈس چىرايىغا تىكىپ.

شۇ چاغدا ئۆتۈق خىسلەتكە خېلى بەھۇزۇر، يەتكۈچە قارىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدىكى تۇرگۇن قىزنىڭ يۈزى بەئەينى سۈتتە چايقالغاندەك ئاپئاق، ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى چېچەن كۆزلىرى كەھرىۋادەك چاقنايتتى، كىرپىكلىرى بولسا، يۈزىگە سايە تاشلىغۇدەك ئۇزۇن ھەم قويۇق ئىدى، ئۇنىڭ سۆزۈك، قىزىل مەڭزىدە توختاپ قالغان كۆز يېشى خۇددى پىشقان ئالمىنىڭ يۈزىدە يالتىراپ تۇرغان شەبنەمگە ئوخشايتتى ...

ئابدۇسەمەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر بولغاچقا، ئۆتۈق ياردەمچى دوختۇرلار بىلەن سېستىرالارغا ئوپېراتسىيە تەييارلىقىنى تېز پۈتتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئوپېراتسىيە قەغەزىگە قول قويىدىغان چاغدا، خىسلەت يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى بىردە ئۆتۈققا، بىردە ۋەھىمىلىك قەغەزگە تىككىنىچە دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ

قالدى . ئۇ دادىسىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەيتتى ، قورقاتتى ، دىۋ-
ىسىمۇ ، ئەركە ۋە دانا قىز ئۈچۈن دادىسى ھەممە نەرسىدىن
يۇقىرى ، ھەممە بۈيۈكلەردىن بۈيۈك ئىدى .
— قورقماڭ ، خانقىز ! — دېگەنىدى ئۇتۇق ئۇنىڭغا مەدەت
بېرىپ ، — مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن دادىڭىزنى قۇتقۇزىمەن !
ئابدۇسەمەر ھوشسىز ھالەتتە ئوپېراتسىيە ئۆيىگە ئېلىپ
مېڭىلدى ، خىسلەتنىڭ مۆڭلۈق كۆزلىرىدىن خۇددى ئەلۋەك بۇ-
لاق سۈيىدەك ياشلار قۇيۇلدى . بۇنى كۆرگەن بىر سېستىرا قىز
ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى :
— دادىڭىزنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئېغىر ، سول پۇتى بىلەن
قازان سۆڭىكى زەخىملىنىپتۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە جىق قانسىراپ
كېتىپتۇ ، شۇنداق بولسىمۇ بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ ، ئۇتۇق دوخ-
تۇر ياش بولغان بىلەن ناھايىتى ئۇستا ، تېخنىكىسى يۇقىرى ،
سىلەرنىڭ بۇگۈن ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالغىنىڭلار تەلىيىڭلار !
كۆڭلى پەرىشان بولۇپ تۇرغان خىسلەت بۇ سۆزلەرنى پەقەت
ئۆزىگە قىلىنغان تەسەللى ۋە كەسىپداشلارنىڭ ئۆزئارا قوللىشى
دەپ چۈشەنگەنىدى . ئەمما ، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئاخىرقى
ئىمتىھان مەيدانىدىن پاراكەندە قايتىپ كەلگەن خىسلەتنىڭ كۆر-
گىنى باشقىچە مەنزىرە بولدى : دادىسى پۈتۈنلەي ھوشىغا كەلگەند-
ىدى ، بۇ مۆجىزىلىك ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ ئۇتۇقنىڭ قابىل ، ئىس-
تېداتلىق دوختۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى . خىسلەت
شۇ چاغدا شۇنداق بىر كەيپىياتتا ئىدىكى ، كىمگىدۇر ، نېمىگى-
دۇر قىزغىن ۋە قايناق مىننەتدارلىق بىلدۇرگۇسى كېلەتتى ،
بەلكى ئۇتۇققا ۋە بەلكى ئەتراپتىكى ھەممەيلەنگە ئۆز تەشەككۇرىنى
ئېيتىشنى ئىستەيتتى ، ئۇ ئۆزىنى ھەددىدىن تاشقىرى بەختىيار
سەزگەنىدى ...
ئۇ ، چۈشتىن كېيىن دادىسىغا يېگۈدەك بىر نەرسە ئەكېلىش
ئۈچۈن بالنىستتىن چىقىشىغا كارىدوردا ئۇتۇق دوختۇر بىلەن

دوقۇرۇشۇپ قالدى . بۇ چاغدىكى خىسلەتنىڭ قارىشى ئاخشامقىغا زادىلا ئوخشاشمايتتى ، بۈگۈن ئۇ شۇنچىلىك مۇلايىم ، جىلمىيىشى شۇ قەدەر بىغۇبار ، سەمىمىي ئىدىكى ، ئۇتتۇق بىردىن توختىدى ۋە ئۇنىڭغا پۇتۇنلەي باشقىچە بىر كۆز بىلەن قارىدى .

— رەھمەت سىزگە دوختۇر ! — دېگەنىدى خىسلەت مىننەتدارلىقىنى بىلدۇرۇپ ، — دادامنى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز ، كۆپ رەھمەت !

— ئەرزىمەيدۇ ، — دېگەنىدى ئۇتتۇقمۇ قىزنىڭ كۆزلىرىگە مۇلايىم تىكىلىپ ، — ئۆز ئىشىمىز ئەمەسمۇ !

بۈگۈن خىسلەتنىڭ كۆزلىرىدە زەررىچە قەھر ۋە زەررىچە سوغۇقلۇق يوق ئىدى ، ئۇ ئۇتتۇققا ئۇركەك ۋە مەيىن نىگاھى بىلەن قارايتتى ، بۇ قاراشتا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوت چېچىۋاتقانغا ئوخشايتتى . ئۇنىڭغا قاراپ ئۇتتۇقنىڭ يۈرىكى شېرىن ئۇۋۇشۇپ كەتتى .

— ئاڭلىسام ، بۈگۈن ئاخىرقى مەيدان ئىمتىھانغا قاتنىشىپسىز ،— دېگەنىدى ئۇتتۇق ئاق خالاتلىق بەستىنى ئەركىن تۇتۇپ ، — كېچىچە ئۇخلىماي ، يەنە ئىمتىھان بېرىپ تازا جاپا چەككەنسىز ؟

— سىزمۇ شۇنداققۇ !— دېگەنىدى خىسلەت سوئالغا سوئال بېرىپ ،— كېچىچە ئوپېراتسىيە قىلىپ ، يەنە ئىشقا كەپسىز !

— كۆنۈپ كەتتۇق دەڭە ، دوختۇر دېگەننىڭ ۋاقىت - قەرەلى يوق ...

— خوش ئەمىسە ، سىزگە دەخلى قىلماي ... خوش ، يەنە كۆرۈشەرمىز ...

خىسلەت سەيلانە قامىتىنى تىك تۇتۇپ ، شۇنداق لاتاپەت بىلەن بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يىراقلىدى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان ئۇتتۇققا قانداقتۇر بىر ئوتلۇق ئېقىم يۈرىكىنى «پىژژىدە» كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندەك تۇيۇلدى . ئۇ ئۆزىدە ھېچقاچان

بۇگۈنكىدەك بۇنداق بىر ئالاھىدە، يېقىملىق سېزىمنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇگۈن ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ تاتلىق بىر تۇيغۇ ئويغانغانىدى ...

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇتۇق ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، ئابدۇسەمەر ياتقان كېسەلخانىغا كۈندە نەچچە قېتىم كېلىشنى، ھەر كەلگەندە يىراقتىن بولسىمۇ، خىسلەتنى بىر كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. خىسلەت ھايالىق، لاتاپەتلىك بولۇپ يېتىلگەن ئاق كۆڭۈل قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇياتچان كۆزلىرىدە، تولۇپ كېلىۋاتقان خۇشپىچىم قەددى - قامىتىدە ھەرقانداق يىگىتنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچ بار ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇتۇق دەسلەپ بۇ قىزغا پەقەتلا قىزىقتى، ھېسداشلىق قىلدى، كېيىن بولسا ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى، قىزىقىش بارا - بارا چوڭقۇرلاپ كەتتى. مانا ئەمدى خىسلەت ئۇنىڭ خىيالىنى ئوغرىلايدىغان، ھەتتا يۇرگەندە يولدا، ئولتۇرغاندا ئورنىدا، ياتقاندا تۈشۈكىدە ئۇنىڭغا تىنچلىق بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاللىقانداق يېقىملىق ئاۋازى قۇلىقى ئاستىدا سېھىرلىك ياڭرايتتى، ئۇنى نېمىگىدۇر ئۈندەيتتى، ۋاپادارلىققا، ئىزگۈلۈككە يېتەكلەيتتى، چۈشكۈن كەيپىياتلىرىنى تاڭدىكى تۇماندەك تارقىتىۋېتەتتى. يۇرىكىدە كىرى يوق، گەپلىرى تاتلىق، قىلىقى ئۆزگىچە يارىشىدىغان بۇنداق قىزنىڭ ۋەسلىگە يەتكەن يىگىتنىڭ ئارمىنى بولمىسا كېرەك دۇنيادا !...

ئۇتۇق ناھايىتى سەمىمىي سۇرەتتە شۇنداق ھېس قىلاتتى : خىسلەت مېنى سۆيۈپ قېلىشى مۇمكىنمۇ، يا بولمىسا، مەن ئۇنى سۆيۈپ قېلىشىم مۇمكىنمۇ ! بۇ، ياشلار ئارىسىدا ھەمىشە بولۇپ تۇرىدىغان ئادىمىي ھېسسىياتلارغۇ ! ... شۇنداق، ئۇ خىسلەتنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چېغىدىلا، بۇ گۈزەل سىيما ئۇنىڭ يۈرىكىدە لەززەتلىك بىر ئازاب ئويغاتقانىدى، ئۇ خېلى كۈنلەرگىچە مانا شۇ لەززەتلىك ئازاب تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمىدى، بەلكى بۇ تۇيغۇ

كۆندىن ـ كۈنگە كۆچىيىپ ، چوڭقۇرلىشىپ ، ھەتتا زورىيىپ باردى . شۇڭا ، ئۆتتۈق ئەمدى خىسلەتنى كىچىك قىز دەپ ھېسابلىمايتتى . كېيىنكى پەيتلەردە قىزنىڭ بەزى قاراشلىرى ، بەزى سۆزلىرى ئۇنى دەھشەتكە سالاتتى ، ئۇنىڭغا بەزىدە قىز ئۆزىنى بەھۇزۇر تۇتۇپ ، شەيتىنىغا ھاي بېرىپ ، ھېسسىياتىنى بېسىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى ۋە مانا شۇ نەرسە ئۆتتۈقنى چۆچۈتەتتى . «بۇ قىزنىڭ كۆڭلىدە زادى نېمە باردۇر ؟ !» خىلىدىن بېرى ئۇنى مانا شۇ تېپىشماق قىينايتتى .

ئۆتتۈق ئاخىر غەيرەتكە كەلدى ، خىسلەتنى پايلاپ تۇرۇپ ، دادىسىنىڭ يېنىدىن چىققاندا كۆرۈشتى ـ دە ، بۈگۈن كەچ سائەت يەتتىدە دوختۇرخانىنىڭ گۈلزارلىقىدا ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپلا كېتىپ قالدى . خىسلەتكە «ماقۇل» يا «ياق» دەيدىغانغا پۇرسەتمۇ بولمىدى . سائەت يەتتىگە يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى تېز ۋە قاتتىق سوقۇپ ، كۆكرەك قەپىسىگە ئاغرىق كىرىپ كەتكەندەك بولدى ، ئەمما ئۇ تولىمۇ تاتلىق ۋە بەختلىك ئاغرىق ئىدى !

خىسلەت سائەت يەتتە بولغۇچە بىر قارارغا كېلەلمىدى ، خىجىللىق ، ئەيمىنىش ۋە قىزلىق غۇرۇر ئۇنى بارماسلىققا ئۈندەيتتى ، ئەمما سائەت يەتتىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە ، ئادەمگەرچىلىك تۇيغۇسى بىلەن «چاقىرغانغا بار ، چاقىرىلمىغاندىن قاچ» دەيدىغان ئەنئەنىۋى ئەقىدە ھەممە ئۇستىدىن غالىب كەلدى .

ئۇلار تارتىنىپ ، ئەندىكىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى . خىسلەتنىڭ مانا بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئەركەك زاتى بىلەن يالغۇز قېلىشى ، سۆزلىشىشى ئىدى . شۇڭا ئۇنىڭ يۈرىكىنى شۇ پەيتكىچە ئۆزى ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ بىر خىل ھاياجان ۋە شېرىن قورقۇش تۇيغۇسى چىرمىۋالغانىدى .

ئۆتتۈقنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنچە ئەركىن ، بەھۇزۇر ئەمەس ئىدى . ئۇ ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ، خىسلەتكە چوڭقۇر نەزەر بىلەن بىر كۆز تاشلىدى ـ دە ، تامىقى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك

تازا بىر يۆتقۆنۆپ ، ئاندىن سىپايە تىلغا كىردى :

— لەۋزىمنى يەردە قويماي كەلگىنىڭىزگە رەھمەت !

خىسلەتمۇ ئۆز يولىدا سەمىمىي جاۋاب قىلدى :

— تەكەللۇپ قىلماڭ !

ئارىغا جىملىق چۈشتى . خىسلەت گۈللۈكتىكى شىپاڭنىڭ سوغۇق تېمىغا يۆلەندى ، خىرە ـ شىرە يورۇقلۇقتا ئۇتتۇقنىڭ كۆزلىرى ئاۋۋال ئۇنىڭ ئاپئاق زىنىخلىق يۈزىگە ، سۈزۈك بويىنىغا ، ئاندىن ناۋات رەڭ يىپەك كوپتا ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئالمىدەك يۇمران كۆكسىگە چۈشتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن باشلانغان ئاجايىپ بىر خىل سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارىدى ، بۇ سېزىم ئۇنى كۆز ئالدىدا تۇرغان پەرىشتە سۈپەت بۇ قىزنى جاننى تىكىپ بولسىمۇ ئۆز ئەمرىگە ئېلىشقا ، ئۇنى مەڭگۈ بەختسىزلىككە ئۇچراتماسلىققا ئۈندەيتتى …

ئېغىر جىملىق داۋام قىلىۋاتاتتى . يىگىتنىڭ بۇنداق جىم بولۇۋېلىشى قىزنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشى ، ھەتتا بىزار قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ئۇتتۇق خىيالىغا كەلگەن گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى :

— خىسلەت ، مەن سىزنىڭ نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىشىڭىزنى ، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ ، ماگىستىر ۋە دوكتور بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن ! ئادەمنىڭ ئۆمۈر بويى ھاسىل قىلغان بىلىمى ۋە شۇ يولدا ئۆمۈر بويى ئادا قىلغان ئىشلىرى بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئادەمنى شۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇكى ، شۇ چاغدا ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنياغا ناھايىتى ئۇلۇغ مىراسلارنى قالدۇرۇشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ ! …

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز ، ئۇتتۇق دوختۇر !— دېدى خىسلەت خىجىل بولغاندەك رەئىپ ئاۋازدا ،— مەن تېخى ئىمتىھاندىن ئۆتۈشۈمگە دەر گۇماندا تۇرسام ! …

— ياق ، ياق ، كەمتەرلىك قىلماڭ ، مەن سىزنىڭ ئىمتىھان-

دىن يۇقىرى نومۇردا ئۆتۈشىڭىزگە ئىشىنىمەن!

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— يۈرىكىم تۇيۇپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ئېڭىم بېشارەت بېرىۋاتىدۇ...

— سىز يوشۇرۇن ئاڭ دېگەندەك نەرسىلەرگە ئىشىنەمسىز؟ — سورىدى خىسلەت سەل-پەل قىزىقىپ.

— ئىشىنىمەن، — دېدى ئۇتۇق كېسىپلا، — ھەممە ئادەمدە يوشۇرۇن ئاڭ بولىدۇ، پسىخولوگلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ئىككى پىرسەنتتىن سەككىز پىرسەنت ئەتراپىدا، ئېينىشتېيندەك ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ئون پىرسەنتتىن يىگىرمە پىرسەنت ئەتراپىدا ئېچىلغان بولىدىكەن. ناۋادا، بىر ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ئەللىك پىرسەنت ئەتراپىدا ئېچىلسا، ئۇ ئادەم تۆت يۈز پارچە كىتابنى يادلاپ، ئون نەچچە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دەرسلىكلىرىنى ئوقۇپ، يەنە يىگىرمە نەچچە خىل تىلنى ئۆگىنىۋالالايدىكەن...

— بۇ قالتىسكەنغۇ، — دېدى خىسلەت ھەيران بولغاندەك، — ئۇنداقتا بىزنىڭ توقسان پىرسەنت ئېڭىمىز يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرىدىكەن-دە!

— شۇنداق...

— ئەمىسە ئۇنى قانداق ئاچىدىكەنمىز؟

— تىرىشىپ-تىرمىشىپ...، — دېدى ئۇتۇق پاراڭنىڭ قىزغىن كېتىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، — كىمكى مۆجىزە يارىتىمەن دەيدىكەن، بار كۈچى بىلەن ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تىرىشقاندىلا، ئاندىن نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ.

خىسلەت بۇ سۆزلەرگە ئېرەن قىلىپ ئىشەنمىسىمۇ، ئەمما ئۇتۇقنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان كۈچلۈك نۇر، يۈزىدىكى ئىللىقلىق بىلەن سەمىمىيلىك ئۇنى دەماللىققا تەمتىرىتىپ قويدى، شۇڭا ئۇ، ئۇتۇقنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەرگۈدەك ئاساس تاپالماي قالدى.

— قايسى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىسىز ؟— ئۇتۇق ئەمدى ئەمەلىي سوئاللارغا ئۆتتى .
— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ،— دېدى خىسلەتمۇ نېزىقاپ تۇرماي .
— قايسى كەسىپتە ؟
— ئەدەبىياتتا .
— مۇنىداق دەڭ ، يازغۇچى ياكى شائىر بولغۇڭىز بار ئىكەن ـ دە ؟
— ئارزۇ قىلىمەن ...
— ئارزۇ قانچە ئۇلۇغ بولسا ، نەتىجىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ !
گەپ يەنە تۇگىدى . ئەمدى ئۇتۇقمۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەي جىمىپ قالدى ، ئۇ پەقەت خىسلەتنىڭ يۈزىگە تويماي قارايتتى ، ئۇنىڭدىن چەكسىز لەززەتلىنەتتى ۋە هامان تىلى گەپكە كەلمەيت- تى ، ئەندىكىپ ، نەپسى بوغۇلاتتى . قىزنىڭ ئوماق ، مۇلايىم چېهرى بىلەن بولاقتەك كۆزلىرى ئۇنى مەپتۇن قىلىۋالغانىدى ...
تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىش ئەنە شۇنداق مۆتىدىل كەيپىيات- تا ئاخىرلاشتى ، بۇ هەر ئىككىسى ئۈچۈن دەسلەپكى يۈز كۆرۈ- شۈش بولۇپ قالدى .
ئىككىنچى قېتىم ئۇلار يەنە شۇ يەردە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇچراشتى . بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش تۇنجى قېتىمقىغا قارىغاندا ، خېلى ئازادە ، تەبىئىي هەم قىزغىن بولدى . خىسلەت بۈگۈن ناهايىتى باشقىچە — ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان دەرىجىدە گۈزەل ئىدى . بۈگۈن ئۇتۇقنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خېلى تەمكىن هەم سىپايە تۇتتى . ئۇتۇق دەسلەپ تاغدىن باغدىن سۆزلەپ ، كېيىن خېلى پاساهەتلىك هەم نازاكەتلىك ئىككى جۈملە سۆزنى سوئال قىلىپ ئېيتتى :
— خىسلەت ، پەرۋانە شەمئىنىڭ يولىنى كىمدىن سورىغان ؟
خىسلەتمۇ بوش كەلمىدى ، سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى :
— ئۇتۇق ، بۇلبۇلغا گۈلىستان باغىنىڭ يولىنى كىم كۆرسىد-

ـتىپ بەرگەن ؟
ھەر ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى ، كۈلگەندىمۇ راھەتلىنىپ ، ئۇزاق كۈلدى .
بۇ قېتىم ئۆتۈق ئانچە ھولۇقۇپ ، تەمتىرەپ كەتمىدى ، ئۇ خېلى سۆزمەن ئىدى ، بىلىدىغان نەرسىلىرىمۇ خېلى كەڭ ھەم مول ئىدى . ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ نەپىس ھەم چوڭقۇرلۇقى ، ھۆر-مەت ـ ئېتىبار بىلەن ئېيتىلىۋاتقانلىقى خىسلەتنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتتى ئېھتىمال ، ئۇ خېلى تەمكىنلىشىپ ئويلىنىپ قالدى . شۇنداقتىمۇ ، ئۇ يەنە كۇتۇلمىگەندە «ئۆتۈق راستتىنلا مېنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەمدىغاندۇ ؟ !» دېگەندەك گۇمان بىلەن بى-گانە قاراپ قوياتتى . لېكىن ، يىگىتنىڭ گەپلىرى شۇ قەدەر سەمىمىي ۋە تەبىئىي ئىدىكى ، ئۇنىڭ گۇمان ـ شۈبھىلىرىگە ئورۇن يوق ئىدى . خىسلەت ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى بەختىيار سېزىشكە باشلىغانىدى . ئۇ ئۆتۈقنىڭ ئالدىدا كەم سۆز ئىدى ، پەقەت ئۇ سورىغان سوئاللارغىلا جاۋاب بېرەتتى ، باشقا ۋاقىتلاردا پاراغەت ۋە لەززەتكە پاتقان ھالدا مەززە قىلىپ ، يىگىتنىڭ گەپلى-رىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى . ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ قەلبى ئاللىقان-داق ئىلھام سادالىرىغا تولۇشقا باشلايتتى ، پۇرسەت كەلسە ، بۇ ئىلھام شارقىراتمىدەك شېئىر بولۇپ قۇيۇلۇشقا تەييار ئىدى …
ئۆتۈقنىڭ بۇنداق دىلكەش ، مۇلايىم سۆزلىرى ، قايناق ئىش-تىياق بىلەن قاراشلىرى ياش قىزنىڭ ئەمدى ـ ئەمدى سۇ يۈگۈ-رۈۋاتقان قەلب ئېقىنلىرىدا يورۇق جاھاننىڭ ئەڭ سائادەتمەن ، جۈپتى ھالاللىرىدا بولىدىغان ، ئەمما ئۆزگىلەرگە زادى ئاشكارا قىلمايدىغان تاتلىق ، جۇشقۇن بىر ئارزۇ كۆز ئاچقانىدى…

* *

ئۆتۈق ئەسلىمىلەر قوينىدىن چىقىپ ، نەزىرىنى يەنە خاتىرى-

گە ئاغدۇردى . ئۇ خاتىرىنى ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى . ئۇنىڭدىكى ھەر قۇر خەت ، ھەر مىسرا شېئىر گويا لەززەتلىك بىر ھېسسىيات سۈيىدەك ئۇنى ھۇزۇرلاندۇردى . شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاشۇ ھېسسىيات سۈيىگە چۆمۈلۈپ ئېرى- مەكتە ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاشۇ ھېسسىيات سۈيىنىڭ دولقۇنىغا تەڭ- كەش بولۇپ ، ھاياجانلىق سوقماقتا ئىدى ...

«مىلادىيە 2004 - يىل ، 15 - ئىيۇن .

ئۇتۇقنىڭ كۆزلىرى ماڭا باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالدى . مەن بۇ كۆزلەردىن ئۇنىڭ ئىچكى سىرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ، نەقەدەر پىنھان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ... ھەرقانداق قىز بۇنداق سەمىمىي ، قابىل ، ئىنتىلىشچان ، غۇرۇرلۇق يىگىتنىڭ سادىغىسى بولسا ئەرزىيدۇ ! ئەمما مەنچۇ ؟ قورقىمەن ... توغرا ، مېنىڭمۇ يۈرىكىم بار ، ناھايىتى تەسىرچان ھەم ھېسسىياتلىق بولمىسىمۇ ، لېكىن ئالىيجاناب يۈرىكىم بار ، مەن بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمەن ! ئادەم ياخشىلىق تىلىگەنگە ياخشىلىق قىلىش كې- رەك ، سەمىمىي دوستلار بىر - بىرىگە ياخشىلىق تىلەيدۇ ، دىلكەش ، ۋاپادار دوست تۇرمۇشۇڭنىڭ زىننىتى !

ئۇلۇغ شائىر ئابدۇراخمان جامى ناھايىتى توغرا ئېيتقان :

دىل ، ئەگەر ناگاھان غەمگە ئۇچرىساڭ ،
غەمخور دوستۇڭ بولسا ، ئۇ غەم ئەمەستۇر .
كۆلپەت كۈنى سادىق دوستلىرىڭ كېرەك ،
بەختلىك كۈندە دوستلار ھېچ كەم ئەمەستۇر .

شۇنداق ، باشقا كۈن چۈشكەندە دوست كېرەك ، دوستنىڭ ھەمدىمى كېرەك . ھەقىقىي دوستلۇق قىش - ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ ! مەن ئۇتۇقنى ئۆزۈمگە ئەنە شۇنداق ھەقىقىي دوست دەپ قارايمەن ، ئۇنى ھەمىشە ئۆز يېنىمدا يۈرگەن- دەك ھېس قىلىمەن ! ... »

«مىلادىيە 2004 ـ يىل ، 18 ـ ئىيۇن .
ئاخشامدىن بېرى شاھ مەشرەپنىڭ ئىككى مىسرا غەزىلى ئىچىمگە كىرىۋېلىپ ، ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىۋەتتى :

‹ئەجەب مەجنۇندۇرمەن ، ھەردەشتۇ ، ھەر سەھراغا سىغماسمەن ،
دىلىم دەريايى نۇردۇر ، مەۋج ئۇرۇپ دۇنياغا سىغماسمەن ! ؟ ›

مانا بۇنى شېئىر دېسە ، ياق شېئىر ئەمەس ، بەلكى ئېتىقاد ، ئىمان ، ئوت ۋە نۇر دېسە بولىدۇ . بۇنداق شېئىرلار ھەۋەسنىڭ مەھسۇلى ئەمەس ، بەلكى يۈرەكنىڭ ئىسيانى ، مۇھەببەت غەليانى ۋە كۆڭۈلنىڭ ئەمرى ئوخشايدۇ ! مەشرەپنىڭ ھەربىر شېئىرى بىر كۆز ، ھەربىر مىسراسى بىر ئەقلىيە سۆز ئىكەن . مەن شۇنىڭغا قاراپ ، ھەقىقىي شېئىرنى بىزنىڭ ئۇلۇغ كلاسسىكلىرىمىز يېزىپ بوپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم ...
ئۆتكەن يىلى سىنىپتا شېئىر يېزىپ ئولتۇرسام ، ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز كۆرۈپ قالدى . ئۇنىڭدىن يوشۇرۇشقا ئۇلگۇرەلمىدىم ، پەقەت بىر كۇپلېتلا شېئىر ئىدى ، ئۇ قولىغا ئېلىپ ئوقىدى :

دۇنيا كەچكى بازار ھەممە ئالدىراش ،
خېرىدارۇ ساتقۇچى ، دەللاللار ھارغان .

خالتىلار تولمىغان ، ئۇنىڭ ئۇستىگە —
رەستىلەردە ساپلا ساختا مال قالغان !

‹ياخشى ، ناھايىتى ياخشى !— دېدى مۇئەللىم دەسلەپ مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ ، ئارقىدىن راست گېپىنى ئېيتتى ،— ئەمما بۇ شېئىرىڭىز تېپىنىچ ، يېپىلىپ ئاققان ئەگىز سۇيىگە ئوخشايدۇ-

كەن ، ھېچقانداق دولقۇن يوق . شېئىردا بىرەر دولقۇن ، مەۋج بولمىسا ، كىشىگە قانداق بەدىئىي زوق بېرەلەيدۇ ؟ ›
مانا شۇ گەپ مېنىڭ شېئىر توغرىسىدا قايتا ئويلىنىشىمغا سەۋەب بولۇپ قالدى ! ... »

«مىلادىيە 2004 ـ يىل ، 23 ـ ئىيۇن .
تۇۋا ، كۆڭۈل ، ھېسسىيات مەسىلىسىدە مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى چىلىك ، گەدەنكەش دەپ بىلەتتىم . لېكىن مۇھەببەت تەگداشسىز ئىكەن ، ئۇ قاتتىق تۆمۈرنى يۇمشىتىپ ، مەشۇت يىپقا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدىكەن ! ئەمما بەرداشلىق بېرىپ ، سىر ساقلاپ ئۆزىنى سەزدۈرمىگەن مۇھەببەت ئەڭ ئېسىل مۇھەببەت بولىدۇ . ياخشى يىگىت سېنىڭ بەختسىزلىكىڭدە دوستلۇقنى ئىپادە قىلسا ، بەختلىك چېغىڭدا مىننەت قىلمايدۇ ، بۇنداق ياخشىلىق ئۆمۈرۋايەت كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ ! »

«مىلادىيە 2004 ـ يىل ، 26 ـ ئىيۇن .
بۈگۈن كەچ ئۇتۇق بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ، كۆڭلۈم يايراپ قالدى . ئۇ ماڭا قىزىق بىر ھېكايە ئېيتىپ بەردى :
‹بىر ئوغۇل سەكراتتا ياتقان دادىسىدىن دۇئا تەلەپ قىپتۇ . دادا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئوغلىغا مۇنداق دەپتۇ : خۇدايىم ساڭا خوتۇن كىشىدەك غەيرەت ، ئېشەكتەك ئەقىل بەرسۇن !
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوغۇل دادىسىدىن قاتتىق خاپا بوپتۇ ، دادام مېنى قارغىدى ، دەپ ئويلاپتۇ . كېيىن بىر دانىشمەن ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى يېشىپ بېرىپتۇ :
تۇرمۇشتا ، قارىماققا خوتۇن كىشى ئاجىزدەك كۆرۈنىدۇ ، ئەمما ناھايىتى غەيرەتلىك كېلىدۇ ، ئۇنىڭ پەرزەنت ئۇچۇن توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرگەنلىكى ، ۋاقتى توشقاندا ئەڭ ئېغىر تولغاق ئازابىنى تارتىپ ، بىر تىرىك جاننى بۇ دۇنياغا

كۆز ئاچقۇزغانلىقى ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز غەيرەت ـ چىدامىلىقلىقىنى كۆرسىتىدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەرلەر ئۇچۇن قىيىن ، مۇشكۇل تۇيۇلىدىغان ئىشلارمۇ ئۇلار ئۇچۇن قىيىن تۇيۇلمايدۇ . مەسىلەن ، ئۇلار غەيرەت بىلەن ناتونۇش ئەرلەرنىڭ ، يۇقىرى ياكى تۆۋەن تەبىقىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە خوتۇن بولۇپ كىرىپ ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ، ئۇلار بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتەلەيدۇ ! ئەمدى ئىشەك بولسا ، راستىنلا ئىنتايىن ئەقىللىق ، ئۇ بىر قېتىم ماڭغان يولنى بىرنەچچە يىل ئۆتسىمۇ ئۇنتۇمايدۇ ، شۇنداقلا ، بىر قېتىم پۇتى تىقىلغان كۆۋرۈكتىن ئىككىنچى قېتىم زادىلا ئۆتمەيدۇ ! …

بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇل دادىسىغا قايىل بوپتۇ . »

بۇ ھېكايە چوڭقۇر ئىبرەتلىك ئىدى ، مەن بۇنىڭدىن ئۇتۇق-نىڭ ئاياللارغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى بىلەن ھېسداشلىقىنى بىلىۋالدىم ! … »

«مىلادىيە 2004 ـ يىل ، 28 ـ ئىيۇن .

بۈيۈك شائىر گيۇتىنىڭ «ئىنسان بولماق — كۈرەشچى بولماقتۇر » دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئوقۇپ ئويلىنىپ قالدىم . دەرۋەقە ، ئىنسان ھايات يولىنىڭ ھەربىر دەقىقىسىدە دۇچ كېلىدىغان كۈتۈلمىگەن تەقدىر ـ قىسمەتلەردىن ، ھەرخىل سو-ئال ـ تېپىشماقلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈشىمۇ ئۆزىگە خاس بىر خىل كۈرەش . ئۇسسۇز قالغاندا سۇ ، ئاچ قالغاندا ئاش ئىزدەشمۇ بىر خىل كۈرەش ؛ مۇھەببەتكە ، ۋىسالغا ، بەختكە ئېرىشىشمۇ بىر خىل جاپالىق كۈرەش . راست ، ئادەم بولۇش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىش كېرەك ئىكەن . تەقدىرنى ئادەم ئۆز قولى بىلەن يارىتىدۇ . غايىبتىن بەخت كېلىدۇ دېيىش بىر ئەپسانە !… »

«مىلادىيە 2004 ـ يىل، 3 ـ ئىيۇل .

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەل ئۆمرىدە بىرەر قېتىم يۈرىكى پارە ـ پارە بولىدىغان ۋاقتى بولىدىغان ئوخشايدۇ ! بۇ ۋاقىت دەل ئۇنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەتكە، ھەقىقىي سۆيگۈگە، ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ۋاقتى بولۇشى مۇمكىن ! ...

ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، شۇ كۈنلەردە مېنىڭ نەزىرىمدە، دۇنيا پەقەت ‹ئۇتۇق› دېگەن ئاشۇ نام بىلەن لىپمۇلىپ بولۇپ قالدى . مەن بۇ نامنىڭ گويا ئانا سۈتىگە ئوخشاش ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كېتىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن !

بىر چاغلاردا قايسىبىر كونا ژۇرنالدىن :

‹قولى كۆيسە كىشىنىڭ،
ئوتتىن قاچار يىراققا .
يۈرەك كۆيسە ھەيرانمەن،
يېقىنلىشار نېمىشقا ؟ !›

دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ ئېرەن قىلمىغانىدىم . ئەمدى قارىسام ئۇنىڭدا بىر ھەقىقەت بار ئىكەن . راست، مۇھەببەتتە سەۋەب بولمايدۇ، سەۋەب : يۈرەكتە ! پەقەت يۈرەكلا ئۇنى ھېس قىلالايدۇ !...»

«مىلادىيە 2004 ـ يىل، 8 ـ ئىيۇل .

مەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزدەپ تېپىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن . چۈنكى، بىزنىڭ تىلىمىز بەكمۇ باي، بەكمۇ ئەۋرىشىم تىل . مەسىلەن، كۈن بىلەن ئاينىڭ بىر تالاي ناملىرى بار . ئالايلى، كۈننى — قۇياش، ئاپتاپ، شەمسى دېگەندەك ؛ ئاينى — تولۇن، ھىلال، ماھ، قەمەر دېگەندەك . ئەمما مەن بۇ تىللارنى زادىلا جايىدا ئىشلىتىپ، چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلار-

نى يازالمايۋاتىمەن . مۇئەللىمىنىڭ دېيىشىچە ، ئۇستاز پىردەۋس قۇياشنىڭ مىڭ بىر نامىنى ئاتىغانىكەن . ئاخشام ئۇيقۇم كەلمەي ، خېلى ۋاقىتقىچە ھەپىلىشىپ بىر شېئىر يازدىم :

سەنسىز ياشاش قىيىن ... يالغۇز چاغلاردا ،
سۆزلىرىڭ يۈرەككە بولار دەرمانلار .
سۆيۈلۈپ ئىزتىراپ چەككەن باغلاردا ،
قەلبىمدىن تۆكۈلۈپ قالار ئارمانلار ...

شېئىرنى بەزىلەر : ‹بىپايان مەنزىل ، بۇ مەنزىلنى پەقەت شائىرنىڭ قەلب كۆزىلا كۆرەلەيدۇ › دەيدىكەن . بەلكىم مېنىڭ قەلب كۆزلىرىم كۆرۈپ يەتكەن پايانسىز مەنزىل شۇ بولسا كې- رەك ! ... »

«مىلادىيە 2004 ـ يىل ، 22 ـ ئىيۇل .
مۇھەببەت ئوتى يۈۋ دېسە ئۆچۈپ كېتىدىغان شام ئەمەس- كەن . ئۇ بەئەينى بىر ھۆكۈمدار ئىكەن ! شۇ كۈنلەردە ئۇتۇق مېنىڭ بارلىقىمنى ئىگىلەپ ئالدى ! مەن پاك مۇھەببەتنى ئاللا- نىڭ ئىنسانلارغا قىلغان قىممەتلىك سوۋغىسى دەپ بىلىمەن . شۇڭا ئۇنى قەدىرلەش كېرەك ، ئۇنى ئادەم قەدىرلەيدۇ ، ئالەممۇ قەدىرلەيدۇ ، ئۇنىڭ قۇدرىتى چەكسىز ، ئۇ ئۆلۈمنى يېڭىدۇ ، ئۇ تەلەپ قىلىش بىلەن ئەمەس ، بەلكى تەقدىم قىلىش بىلەن ئۇلۇغ ! مەن ئۇتۇقنى سۆيىمەن ، ئۇن ـ تىنۋىشسىز ، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا سۆيىمەن ! مانا بۇ مېنىڭ تۇنجى ، پاك مۇھەب- بىتىم ، مېنىڭ زىنىنىتىم ، سۆلتىم . ئۇ تەن ، مەن بولسام روھ ! بۇ روھ ھازىر ئۇنىڭ تېنىدە ماكانلاشتى ، بۇ ماكان مېنىڭ جەننىتىم ، مېنىڭ بەختىم !...
ۋاي خۇدايىمەي ، نېمىلەرنى يېزىپ كەتتىم ـ ھە ! ؟ مانا

يۈزۈممۇ ئوت چاچقاندەك لاۋۇلداپ كەتتى . بىرى كۆرسە نېمىدەپ قالار ! ؟ ياق ، بۇنى كىىم كىۆرەتتى ، ھېچكىم كىۆرەلمەيدۇ ، بۇ پەقىەت مىاڭىلا خىاس خىاتىرە ، بۇ مېىنىڭ مەڭگۈلۈك سىرىم ! ... »

«مىلادىيە 2004 ـ يىل ، 3 ـ ئاۋغۇست .

شېكىسپىرنىڭ بۇ داڭلىق سۆزىنى ئۆزۈمگە دەستۇر قىلىش ئۈچۈن خاتىرىلەپ قويدۇم : ‹قىز بالىنىڭ ھەممە بايلىقى — ئۇنىىڭ نومۇسىى . بۇ بايلىق ھەرقانىداق مىراستىنمىۇ قىممەتـ لىك ! ›

شۇنداق تۇرۇقلۇق ، بۈگۈن ھاياجاندا ئۆزۈمنى تۇتالماي مۇـ ھەببەت سارىڭىى بولۇپ قېلىشقا تاس قالدىم . مانا بۈگۈن — ئۇنتۇلغۇسىز ئۈچىنچى ئاۋغۇست ئۇتتۇقنىڭ سۆيگۈ خېتىنى تاپـ شۇرۇپ ئېلىپ ، سۆيگۈ شارابىنى ئىچكەندەك بولدۇم . شۇ ھامان ئېسىمگە خىسراۋ گەنجەۋىنىڭ بىر كۇپلېت ئېسىل شېئىرى كەپـ قالدى :

‹ئىشق مۇنبىرىگە چىققان چاغدا بىز ،
ئىشقتىن باشقا سۆز بىلمىدۇق ھەرگىز .
بىزنىڭ بۇ مەنزىلگە ئاياغ قويمىسۇن ،
ئىشق بىلەن يانمىغان يۈرىكى ھېسسىز ! ›

مۇھەببەت ئادەمدە روھ پەيدا قىلىدىكەن ، روھ بولسا ئادەم تېنىدە نۇر پەيدا قىلىدىكەن ، بۇ نۇر ناھايىتىى خاسىيەتلىك ئىكەن !

روھىي دۇنيايىم داۋالغۇپ كەچكىچە تىنچلىنالمىدىم ، پەقەت يۈرەك قېتىمدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر كۇپلېت شېئىرنى يازغاندىن كېيىنلا كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى :

بىر خېتىڭنى يۈز مەرتە ئوقۇپ ،
يۈز قېتىم كۆكسۈمگە باسقىنىم ، بۇ راست .
گاھ ئۈزاق يۇلتۇزغا نىگاھىم تىكىپ ،
سېغىنىشتىن ئەندىكىپ قويىمەن خالاس !

ئەمما بۇ ئۆزۈمگە — پەقەت ئۆزۈمگىلا خاس پىنھانە تۇيغۇ ! دۇنيادا ئەڭ مۇقەددەس ، ئەڭ ئېسىل نەرسىلەر ئەڭ مۇستەھكەم ، ئەڭ پىنھان يەرلەردە ساقلىنىدۇ . مۇھەببەتمۇ شۇنداق ! مەن ئۇتۇقنىڭ سۆيگۈ لەززىتىگە ئەمەس ، بەلكى سۆيگۈ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن ! ... »

ئۇتۇق خاتىرىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى .

3 - ئاۋغۇست ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاجايىپ ئۇنتۇلغۇسىز ھەم ئازابلىق كۈن بولغانىدى . شۇ كۈنى ئۇ بىر نەرسىگە تەن بەردى ، ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن - سۈرۈك بىر دادىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قېلىشقا تاس قالغان بۇ كاج تەلەي قىزغا نىسبەتەن كۆڭلىدە پەيدا بولغان ھېسداشلىق ، ئېچىنىش ۋە رەھىم - شەپقەت ئورنىنى مۇھەببەت دەپ ئاتالمىش نازۇك بىر تۇيغۇنىڭ ئىگىلەشكە باشلىغىنىنى ئۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە سەزمەي يۈرگەنىدى . مانا بۈگۈن ئۇن نەچچە كۈن ئۆتۈۋېدى ، ئۇ خىسلەتنى خېلىدىن بېرى چىن دىلىدىن سۆيۈپ قالغىنىغا ئىقرار بولدى . يالغۇز قالغان پەيتلىردە قۇلاقلىرىغا قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ، كۆزىگە ئۇنىڭ بىغۇبار ئوتلۇق كۆزلىرى قاراپ تۇرىدىغان ، ئوڭدىمۇ ، چۈشىدىمۇ ئۇنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇ دۇنياغا كېلىپ ، تۇنجى مەرتىۋە پاك ۋە پىنھان مۇھەببەتنىڭ ئادەملەرگە ئاللا تەرىپىدىن بەخش ئېتىلگەن ئۇلۇغ نېمەت ئىكەنلىكىنى ، شۇڭا ئۇنى قەدىرلىمەي قولدىن بېرىپ قويسا ، بىر ئۆمۈر

ھەسرەت ـ نادامەتتە ئۆتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندى . قايسىبىر يازغۇچى : «قۇشلارنىڭمۇ ئەركىكى سايرايدۇ» دېگەندەكەن . ئۇ يىگىت تۇرۇپ ، خىسلەتتەك ئۇياتچان ، نازۇك ، شەرمـھايالىق قىزنىڭ ئالدىن ئېغىز ئېچىشىنى كۈتسۇنمۇ ؟ ! ...

شۇڭا ئۇ ، ئاخىر 3 ـ ئاۋغۇست كۈنى كەچتە يۈرىكىدىن يېرىپ چىققان سەمىمىي سۆزلەرنى تىزىپ ، بىر پارچە سۆيگۈ خېتى يازغان ۋە خەتنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق بىر كۇپلېت ئەنئەنىۋى شېئىر بىلەن چۈشۈرگەنىدى :

«قاشلىرى ئىننا پەتەھنا ،
كۆزلىرى زىرۇ زەبەر .
ئىشقىڭىزدا مەن يۈرۈيمەن ،
سىز يۈرۈيسىز بىخەۋەر .»

ئۇلار كەچتە ئۇچراشتى . بۇ قېتىم گۈللۈكتە ئەمەس ، بەلكى دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى تورتخانىدا تاتلىق يېمەكلىكلەر بىلەن قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلاشتى .

بۈگۈن خىسلەتنىڭ روھى شاد ، كۆزلىرىدە سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى . ئۇتۇق قىزغا ئۇزاق تىكىلىپ ئولتۇردى ، ئاشۇ يېقىملىق ، تەبىئىي جىلۋە ، ئاشۇ سۇزۇك ، خۇمارلاشقان جان ئالغۇچى كۆزلەر ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى .

ئۇنىڭ كۆزلىرى... قىزنىڭ كۆزلىرى شۇنداق چىرايلىق ، شۇنداق بىغۇبار ، رايىشلىق بىلەن باقاتتىكى ، يۈرىكىنى سوغۇرۇپ ئېلىۋاتقانغا ئوخشايتتى .

ئۇتۇق ئۆزىنى شۇنداق گۈزەل ، خۇشروي ۋە بەركامال قىزغا ئۇچراشتۇرغان تەقدىرگە تەشەككۇر ئېيتقىنىچە ، يارىنىڭ لالە رەڭ ياڭاقلىرىغا ، گىجەك زۇلپى چاچلىرىغا تويماي قاراپ ئولتۇراتتى ...

بۇگۈنكى پاراڭ تېمىسى كۆپرەك خىسلەتنىڭ دادىسى ئابدۇ-سەمەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئۈستىدە بولدى.

— دادام ياخشى بولۇپ قالدى، — دېدى خىسلەت مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن، — پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر سىزگە رەھمەت ئېيتىمىز. ياخشى داۋالاپ، ئوبدان پەرۋىش قىلدىڭىز!...

— ئەگەر دادىڭىزنىڭ ئىشىدا، — دېدى ئۇتۇق تەۋەززۇ بىلەن گەپلىرىنى ئەمرىمەرۇپقا كەلتۇرۇپ، — پېقىرنىڭ جىندەك-كىنە كەمتىرانە مېھنىتىم سىڭگەن بولسا، سىز ئەزىز دوست-بۇرادەرلىرىم ئالدىدا يۈزۈم يورۇق، ۋىجدانىم پاك دەپ بىلىمەن!...

ئۇتۇقنىڭ گەپ ئورامى، تەلەپپۇزى ۋە ھەرىكىتىگە قاراپ، خىسلەت كۈلۈپ سالدى، كۈلگەندىمۇ نازاكەت بىلەن يېقىملىق ھەم چىرايلىق كۈلدى.

— ئۇتۇق، سىزنىڭچە دادامنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ياتاقتىن چىقارساق بولارمۇ؟ — سورىدى خىسلەت كۈلكىسىنى توختىتىپ.

— مېنىڭچە بولىدۇ، — دېدى ئۇتۇق ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، — دېسەم- دېمىسەم، تاماقتىن قىينىلىپ قالدى، ئۆيدە ئوبدانراق كۈتۈنەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداقتا، سىز...، — خىسلەت كۆزىنى ئەپقېچىپ، بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە سورىدى، — ئانچە-مۇنچە يوقلاپ تۇرارسىزمۇ؟

— ئەگەر سىز خالىسىڭىزلا...، — دېدى ئۇتۇق دەرھال ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — پات-پات كىرىمەن، ھەتتا تېڭىقلىردىنى ئۆزۈم يەڭگۈشلەپ قويىمەن.

— رەھمەت!

— ئەرزىمەيدۇ!

ئۇلار خوشلىشىدىغان چاغدا، ئۇتۇق ناھايىتى چاققانلىق بىر-

لەن خەتنى خىسلەتنىڭ ئالىقىنىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ، خىسلەتمۇ بىر نەرسىنى سەزگەندەك خەتنى ئاۋايلاپ يانچۇقىغا سېلىپ ، يەرگە قارىغىنىچە كېتىپ قالدى .

خىسلەت كەچتە خالىي پۇرسەتنى تېپىپ ، دوختۇرخانا مەيدا- نىدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا خەتنى ئوقۇدى . بىر كۆڭۈلنىڭ ئىزهارى بولغان بۇ خەت ئۆزىنىڭ ناهايىتى سەممىمىي ، قىزغىن ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە رام قىلاتتى . خەت خىسلەتنى هاياجانلاندۇردى ، هاياجاندىن قوللىرى تىترەپ ، يۈرى- كى قاتتىق سوقۇپ كەتتى . دېمىسىمۇ ، مۇهەببەتكە ئەمدىلا كۆز ئېچىۋاتقان مەسۇم قىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزى هۆرمەتلەيدىغان ، چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ قالغان بىر يىگىتتىن تۇيۇقسىز سۆيگۈ خېتى تاپشۇرۇپ ئالغان چاغدىكى كۆڭلى ئاجايىپ سېھىرلىك هېس - تۇيغۇلارغا چۆمىدۇ ، خۇددى تىپتىنچ تۇرغان تىنىق كۆلگە بىر پارچە ئېغىر تاش چۈشكەندەك داۋالغۇپ ، تەبىئىي هالدا تىنچلىنالمايدۇ ... ئۇتۇقنىڭ خېتىدىكى سۆيگۈ سۆزلىرى قىز قەلبىدە يېنىك ، سەلكىن بىر دولقۇن پەيدا قىلدى ، ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆزىدە بىر خىل تەشنالىق تۇيغۇسىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن لەڭ ئۇرۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى . دەرۋەقە ، مۇ- هەببەت بىر خىل سەۋدايىلىق ، بىر خىل بېسىلغۇسىز مەپتۇن- لۇق ! ئۇنىڭ ئالدىدا شاهمۇ ، گادايمۇ ئوخشاش . خىسراۋنىڭ زەر لىباسى بىلەن پەرهاتنىڭ ئەسكى جەندىسى تەڭ قىممەتتە !...

بىرنەچچە كۈن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى . ئابدۇسەمەرمۇ كېسەلخا- نىدىن چىقىدىغان بولدى . شۇ كۈنىنىڭ ئالدىنقى كېچىسى ئۇتۇق بىلەن خىسلەت دوختۇرخانا گۈللۈكىنىڭ شىپاڭىدا ئۇچراشتى . ئاي قاراڭغۇسى بولسىمۇ ، ئاسماننى يۇلتۇزلار قاپلىغانىدى ، ئۇلار گويا بىر پارچە قارا دۇخاۋىغا قادالغان گۆهەرلەردەك يالتىراپ كۆزنى چاقاتتى . گىرىمسەن نۇرغا چۆمۈلگەن خىيابان گۈللۈك ئىچىدىكى گۈل - چېچەكلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى

ئاڭقىپ تۇراتتى...
قاراڭغۇلۇق ۋە جىمجىتلىق ، كائىنات سەلتەنىتىگە ھۆكۈمىران پەقەت يۇلتۇزلار بىلەن گۈل - گىياھلار ئىدى .
تەبىئەتنىڭ ھەممىتىمۇ ياكى ئۇتۇقتىكى سۆيگۈ تەشنالىقىمۇ ، ئىشقىلىپ بۇگۈن ئۇ خېلى يۈرەكلىك ، جۈرئەتلىك ۋە ھەرىكەتچان بولۇپ قالغانىدى . ئۇ دەسلەپ خىسلەتنىڭ ئىسسىق ، نازۇك قوللىرىنى تۇتتى ، ئالىقىنىغا ئېلىپ سىلىدى ، خىسلەتنىڭ قولى يۇمران ، سىلىق — بەئەينى بېلىقتا ئوخشاش سىلىق ، ئەمما ئىسسىق ئىدى ، كېيىن ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بېلىدىن تۇتۇپ ، ئاستا ئۆزىگە تارتتى ، خىسلەت بەئەينى بىر نەرسىدىن ئۈركۈگەندەك ئەندىكتى ، ئاجىز قارشىلىق قىلدى ، ئەمما ئۇلگۈرەلمىدى ، ئۇتۇق ئۇنىڭ پېشانىسى ، كۆزى ۋە يۈزىگە سۆيۈشكە باشلىغانىدى . شۇ تاپتا ئۇتۇق كېچە - كۈندۈز خىيال قىلغان بۇ ئوتلۇق سۆيگۈ لەززىتىدىن پۈتۈنلەي مەست بولغانىدى . خىسلەت ھاياجاندىن ، ئۇيۇلۇشتىن دىر - دىر تىترەيتتى ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرغانلىقتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەنىدى ...
ئۇ خېلىدىن كېيىن ئۇتۇقنىڭ باغرىدىن چىقىپ ، ئۆزىنى باسالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى ، لېكىن لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم ئېرىلمىگەنىدى . بۇ — ئۇياتچان ، تارتىنچاق بىر قىزنىڭ تۇنجى قېتىملىق سۆيگۈ يىغىسى ئىدى !...
ئەتىسى ئابدۇسەمەر كېسەلخانىدىن چىقتى . ئۇتۇق ئۇلارنى ئۇزىتىپ دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىغىچە كەلدى . خوشلىشىدىغان چاغدا ، ئۇ ئابدۇسەمەرگە تاپىلاپ :
— يەنە بىر مەزگىل ئورۇن تۇتۇپ ياتمىسىلىرى بولمايدۇ ، مەن پات - پات كىرىپ تېخىمۇ يەڭگۈشلەپ تۇرىمەن ، يېمەك - ئىچمەكتىكى پەرھىزگە دىققەت قىلسىلا ، بولۇپمۇ پىياز ، قېتىق دېگەندەك نەرسىلەرنى ۋاقتىنچە ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ ،— دېدى ۋە خىسلەت بىلەن كۆز ئىشارىسى ئارقىلىق

بولسىمۇ خوشلاشماقچى بولۇۋىدى ، ئەمما خىسلەت ئۇنىڭغا زادىلا ئۇدۇل قارىمىدى ، بىر ئامالىلاپ ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ تۇراتتى . بۇ هال ئۇتۇقا دەسلەپ بىرئاز هار كەلدى ، كېيىن ئۆزىنىڭ ئاخشامقى «قىلىقسىز» لىقىنى ئېسىگە ئېلىپ «ئېھتى-مال خىجىللىقتىن قارىيالمايۋاتسا كېرەك» دەپ ، يەنە ئۆزىگە تەسەللى بەردى .

بىر ھەپتە ئۆتتى ، سېغىنىشقا تولغان بۇ بىر ھەپتە ئۇتۇق ئۈچۈن تولىمۇ ئۇزاق ۋە ئازابلىق بىلىندى . بۇ ئارىلىقتا ئۇ ئابدۇسەمەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ئىككى قېتىم تېلېفون بەرگەن بولسىمۇ ، ھەر ئىككى قېتىمدا خىسلەت بىلەن سۆزلىشىش ئىمكا-نىيىتى بولمىدى ، خىسلەتمۇ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلمىدى . ئەڭ يامىنى ، مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ يازغان سۆيگۈ خېتىنىڭ جاۋابى-سىز قېلىۋاتقانلىقى ئىدى . ئۇتۇقنىڭ بۇنداق كۈتۈلمىگەن ئاقى-ۋەتنى كۆرۈپ ئېسى ئاغدى . ئۇ ھەمىشە خىسلەت بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىدا دۇنيانىڭ ھەممە غەم ـ غۇسسە ، تەشۋىشلىرىنى تامام ئۇنتۇپ ، ئۇنىڭ ئوتلۇق باغرىغا سىڭىپ كېتەتتى . مانا ئەمدى بۇ غەم ـ غۇسسە ، تەشۋىش دېگەنلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ھالدا باستى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، ئۇ تېڭىق يەڭگۈشلەش باھانىسىدە خىسلەتنىڭ ئۆيىگە كىردى ، ئابدۇسەمەر بىلەن توقاچخان خۇشاللىقىدا پايپېتەك بولۇشۇپ كەتتى ، ئەمما خىسلەت ئۇنى كۆرۈپلا ۋىللىدە قىزىرىۋىدى ، گويا يۈزىگە قان چاچقاندەك بولۇپ كەتتى . بۈگۈن ئۇتۇقنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك بىللە بولغۇسى ، مۇڭداشقۇسى بار ئىدى ، ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىد-گە تەشنا ھەم تەقەززا ئىدى ، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن قىزنىڭ قەلبىد-گە ئىشىنەتتى . مانا بۈگۈن شۇ ئىشەنچ ۋە تەقەززالىقنىڭ ھەممىد-سى ئايان بولۇشى ، ھەل قىلىنىشى كېرەك ئىدى . ئەگەر ئۇ رەت قىلىپ قالسىچۇ ؟ ! قانداق دەھشەت ـ ھە ! ؟ ...

قېرىشقاندەك ، خىسلەت بۈگۈنمۇ قويرۇق تۈتقۇزمىدى ،

ئانامغا ياردەملىشىمەن دەپ ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ چىقمىدى ، ئاندا ـ ساندا چىققان ۋاقتىدىمۇ ئۇتۇققا يەر ئاستىدىن قاراپ ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئوتلۇق نىگاھى بىلەن چىرايلىق تەبەسسۇملىرىنى يوشۇردى . ئۇتۇق ھەر ھالدا بۇنىمۇ توغرا چۈشەندى ، ئۇياتچان قىز دادىسى بىلەن ئانىسى ئالدىدا ئۆزىنى ئايىدى ، ھېسسىياتىنى يوشۇردى ، دەپ بىلدى . ئەمما توپتوغرا يېرىم كۈن ئولتۇرۇپ ، كەچتە قايتىدىغان چاغدا چوقۇم بىرەر جاۋابقا ئېرىدشىمەن ، دەپ ئۈمىدلەنگەن ئۇتۇقنىڭ خىياللىرى يەنە كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتتى . بۇ قېتىم ئۇنىڭ قەلبىنى غۇۋا ، چۈشىنىكسىز بىر ئازاب قاپلىۋالغانىدى . ئۇ ، بېشىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن چىدداپ بولماس بۇ ئازابقا ، داۋاسىز بۇ دەردكە مىت قىلماستىن بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتاتتى . بۇ خۇددى شائىرلار ئېيتقان :

«ئەي گۈل ، ھەمسۆھبەتىڭ تىكەنلەردۇر ،
نەھات ئۆزۈڭ ئىختىيار ئەتتىڭ !»

دېگەن ھېكمەتكە ئوخشاپ كېتەتتى . ئەمما ، ئۇتۇقنىڭ سۆيگۈ خېتى ئاخىرقى ھېسابتا جاۋابسىز قالمىدى . شۇغىنىسى ، ئۇ جاۋابقا ئېرىشكەندە ، ئۇنىڭ ئازابى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۈچىيىپ كەتتى . بۇ ئىككىسىنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى گەرچە تېخى پەرھات ـ شېرىن ، لەيلى ـ مەجنۇن ، تاھىر ـ زۆھرەلەرنىڭ ئاشىق ـ مەشۇقلۇقىدەك جاھانغا يېيىلمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىدە بۇ مۇھەببەت تولىمۇ قەدىرلىك ، تولىمۇ مۇقەددەس ۋە پىنھان ئىدى . ئۇلار ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنى ئاشۇ ئالىيجاناب سۆيگۈ ساھىبلىرى قاتارىدا ھېس قىلىشاتتى . لېكىن ، بۇگۈن بۇ رەھىمسىز تەقدىر خۇددى پەرھاتنى شېرىندىن ، لەيلىنى مەجنۇندىن ، تاھىرنى زۆھرەدىن ئايرىغاندەك ، بۇ ئىككىسىنىمۇ تۇيۇقسىز ئايرىۋەتتى . بۇ خۇددى بىر جۈپ ئەركىن كەپتەرنى

پەرۋاز قىلىش ئالدىدا قاناتلىرىنى قايرىپ ، ھالاك قىلماقچى بول-
غاندەك مۆدھىش ئىش بولدى ...

*　　　　　　*

خاتىرىنىڭ ئەنە شۇ بۆلىكىنى ئوقۇپ بولغان ئۇتتۇقنىڭ قەل-
بى شۇ تاپتا گويا نۇردىن مەي ئىچىپ كەيپ بولغاندەك خۇشخۇي ،
مۇلايىم ۋە ھوشيار ئىدى . ئۇ ، شۇنداق ئويلىدى : خاتىرىنىڭ بۇ
يەرلىرى ھەرگىزمۇ باشقا بىرىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن يېزىلمىغان ،
بەلكى كۆڭۈلنى بوشىتىش ئۈچۈن يېزىلغان . خىسلەت ئۇنىڭغا
ئۆزىنىڭ شاد ـ خۇراملىقى بىلەن غەم ـ قايغۇلىرىنى تۆككەن ،
تۇنجى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئىسكەنجىسىدە قالغاندا ، ئۇنىڭدىن
نىجاتلىق ئىزدىگەن ... قىزنىڭ قەلبىگە نۇر بولۇپ كىرگەن
تۇيغۇ ، قاراڭغۇ دىلنى يورۇتقان ئاپتاپ — ئەنە شۇ تۇنجى مۇھەب-
بەت بولغان ، بۇ مۇھەببەت ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن شېئىر بولۇپ
چىققان ، بۇ شېئىرلار ئۇنىڭ پىنھان قەلبىنىڭ تىترىشى ، قەلب
بۇلاقلىرىدا نامايان بولغان ئىشق ئىزتىراپلىرى !... شۇڭا ئۇ ،
بۇلاق سۈيىدەك تىنىق ، يېقىملىق ، باھار تاشقىنلىرىدەك
شارقىراق !...

تۇن نىسپى بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ ، ئۇتتۇق تېخى ئويغاق
ئىدى . قولىدىكى خاتىرە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغاپ ئالغان-
دى . ئۇ ، مۇزدەك بىر ئىستاكان چاينى ئىچىۋېتىپ ، خاتىرىنى
يەنە ئوقۇشقا باشلىدى :

«مىلادىيە 2004 ـ يىل ، 9 ـ ئاۋغۇست .

غەلىتە چۈش كۆردۈم . تويىمىز بولۇۋاتقانمىش... يېنىمدا
ئۇتتۇق ئولتۇرغانمىش ، ئەڭنىمدە ئەت رەڭ كاستيۇم ، ئالىبالداق
گالىستۇك ، قاپقارا چاچلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ... نېمىشقىدۇر

ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغانمىش… تويغا ساپلا ئاقساقال قېرىلار ، ئاقۋاش موماي ـ لار كەلگەنىمىش ، ھەممىسى دېگۈدەك بېگانە ئادەملەر… ئۆتۈۈقنى قولىدىن تۇتۇپ يېنىمغا تارتسام ، يېقىن كەلمەسمىش ، بىر چاغدا قارىسام ، يېنىمدا ھېچكىم يوقمىش ، ئۆزۈم يالغۇز قاپتىمەن…

ۋۇجۇدۇم تىترەپ ئويغاندىم . ئىسسىق ، دىمىق ئىدى . خې-لىغىچە ئۆزۈمنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي گاراڭ بولۇپ ياتتىم … ئاخىر دېرىزىدىن قاراپ ، ھويلىدىكى گۈللەرنى تونۇدۇم . ھەممە يەر قاراڭغۇ ، جىمجىت ، سۇرلۇك بىلىندى … يۈرىكىم سىقىلىپ داد سېلىپ يىغلىغۇم كەلدى ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر يىغلىيالمى-دىم ، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئېتىلىپ كەلگەن پەرياد تامىقىمغا چاپلى-شىپ قالغانغا ئوخشايتتى . توۋا ، نېمىدېگەن كۆڭۈلسىز چۈش بۇ !؟ توي دېگەن تويدەك بولمامدۇ !؟ مەن ئۆتۈۈقا ئۆزۈمنى ئاتىغان ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر بەختلىك ئۆتۈشكە ئەھدە قىلغان تۇرسام ! …

ئۇيقۇم قاچتى ، شېئىر يېزىپ ، ئىچىمدىكى دەرد ـ ھەسرى-تىم بىلەن سېغىنىشلىرىمنى باسماقچى بولدۇم . بۇنداق چاغدا شېئىرىي ئىلھاممۇ كۆزى ئېچىلغان بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ تۇرىدى-كەن :

مەن سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم ، جېنىم ،
سەۋر ـ تاقەت بەرسۇن كۆڭلۈڭگە خۇدا .
پاناھىدا ئاسراپ ھىجران تونلىرى ،
نۇرلۇق ئۈمىدلەردىن قىلمىسۇن جۇدا ! … »

«مىلادىيە 2004 ـ يىل ، 12 ـ ئاۋغۇست .

بۈگۈن تاڭ يورۇماستا ئويغىنىپ كەتتىم . خىيالىمغا ئالىي مەكتەپ كىرىۋالدى . ئىمتىھاندىن ئۆتەلەرمەنمۇ ؟ ئۆزۈم سۆيگەن

كەسپتە ئوقۇيالارمەنمۇ ؟ ! ئەگەر بارالماي قالسامچۇ ؟ ! ...
بۇ سوئاللار ھالىمنى قويمىدى . ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتەل-مەي قالسام ، ئاتا - ئانامغا قانداق يۈز كېلىمەن ؟ ئۆزۈمگە قانداق يۈز كېلىمەن ؟ ! مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدىكى نەچچە يىللىق ھاياتىم بىھۇدە ئۆتكەن بولامدۇ ؟ ! ... ياق - ياق ، مۇمكىن ئەمەس ! مەن چوقۇم ئۆتىمەن ، ئۆزۈم سۆيگەن كەسپتە ئوقۇيمەن ، ئاتا-ئانامنى رازى قىلىمەن ، ئۇلارنى ھەرگىز نائۇمىد قىلمايمەن ! ئۆتكەندە ئۇتتۇقمۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە خاتىرجەم ئوقۇشۇمغا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى ، ئۇنىڭ شۇ كۈنى ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى ھېلىمۇ يۈرىكىمدە ساقلاقلىق : ‹خىسلەت ، ئويلاپ بېقىڭە ، بىز قاچانغىچە ئەبۇ نەسر كاسانىنىڭ بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىپ يېتىۋېرىمىز ؟ ! بىز زاماندىن بەكمۇ ئارقىدا قېلىۋا-تىمىز ، ئىلغار پەن - تېخنىكىدا ، ئۆتكۈر پەنلەردە ئۆزۈپ چىققان قانچىلىك ئادىمىمىز بار ؟ ! ھەممىسىگە ئۆزىمىز ئەيىبلىك . چۈن-كى ، ئۇزاقتىن بېرى سەللىگە ئېتىبار قىلدۇق ، ئەمما ئاشۇ سەللىنى ئورايدىغان كاللىنى ئۇنتۇدۇق ، كاللىنى ئىلىم - پەن بىلەن بېزەشنى ئۇنتۇدۇق ! نەتىجىدە ، نادانلىق پاتقىقىغا ، غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتتۇق ! ... › ئۇتتۇق ھەقلىق ، ئۇ توغرا دەيدۇ ، بۇ دۇنيادا نادانلىقتىنمۇ ئارتۇق جاھالەت بارمۇ ؟ ! ئەقىللىق ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ : ‹ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى › دېگەن ھېكمەت-نى قالدۇرغان !...
مەن ناشتىدىن كېيىن مەكتەپكە ماڭدىم ، بىرەر خەۋەر بو-لۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس . ئۆيگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كىرەرمەن ، ئىلاھىم ! ... »

خىسلەتنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى مانا شۇ يەردە ئاخىرلاشتى . ئۇتتۇق بىرنەچچە كۈنگىچە ، ئوقۇغان خاتىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇ-لالمىدى ، خاتىرە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغاپ ئالغانىدى ، ئۇ

تىنىمسىز ھالدا خاتىرىدىن ئېسىدە قالغان پارچىلارنى تەكرارلايت-
تى ، ئۇلارنىڭ مېغىزىنى چاقاتتى ، مەنىسىنىڭ تېگىگە يېتىشكە
ئۇرۇناتتى ، ئويلايتتى . نەزىرىدە ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىلگىرى
قەيەردىدۇر ئوقۇغاندەك ، شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭغا ئازاب بەرگەن ،
ئۇنى قىينىغان ، ئۇنى ئىنتىزار قىلىپ سېغىندۇرغان ۋە ئۇنى
ناھايىتى چۆچۈتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مانا شۇ ئۆزى ئوقۇ-
غان خاتىرىنىڭ ئىچىدە يېزىلغانىدى .
ئۇ خاتىرىدىكى مۇنۇ سۆزلەرنى يادلىۋالغانىدى :
«سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مېنىڭ بىرلا گۇناھىم بار ، ئۇتۇق :
مەن سىزنى سۆيىمەن ! سىزدەك قابىل ، پەزىلەت ئىگىسىنى سۆي-
مەي بولامدۇ ؟ ! مېنىڭ سۆزلىرىمنى قانداقتۇر ھەۋەس ، قىزىد-
قىش ، ئۇچقۇر ھېسسىيات ياكى قانداقتۇر ساغلام بولمىغان
ئەقىلنىڭ ساغلام بولمىغان تۈيغۇلىرىمكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ !
سىز مەن ئۈچۈن بىر نۇر — دىلىمنى ، قەلبىمنى ۋە پۈتۈن
ياشلىق باھارىمنى يورۇتقان بىر نۇر ! كۆز ئالدىمدا ھەممىدىن
بۈيۈك ، ھەممىدىن يۈكسەكلىكتە تۇرىدىغان نۇرلۇق بىر
سىيما !... »
ئۇتۇقنىڭ نەزىرىدە ، خىسلەتنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇنداق يۈ-
رەك سۆزلىرى بىلەن بىرنەچچە كۇپلېت ئېسىل شېئىرلىرى
ھاياتنى ، مۇھەببەتنى ۋە ئۆزىنى - ئۆزى چۈشىنىشكە ئىنتىلگەن
ئىنسان روھىنىڭ يارقىن ناخشىسى ئىدى . بۇ ئاددىي ، ئەمما
سەممىي شېئىرلارنىڭ باغرىغا سىڭگەن پىكىرلەر چەشمىسى
ئادەمنى ۋاپاغا ، ساداقەتكە ، شادلىققا ۋە ھاياجانغا چارلايتتى !...

## 4

ئۇتۇق خىسلەتنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن ئۇنىڭ شۇ
كۈنى — 12 - ئاۋغۇست ئەتىگەندە مەكتەپكە كېتىپ ، شۇ كەتكەن-

چە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلدى . شۇغىنىسى ، خاتىرىدىن ئۆ-
نىڭ يوقاپ كېتىشىگە سەۋەب بولغۇدەك بىرەر يىپ ئۇچى چىقمى-
دى . ئۆتۈقنىڭ نەزىرىدە ، بۇنداق يوقاپ كېتىش تولىمۇ سىرلىق
ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى...

مانا بۈگۈن ئۇنىڭ ئىز - دېرەكسىز يۈرگىنىگە ئون ئۈچ
كۈن بولدى . ئەمدى ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلىپ ئىزدىمىسە بولمايت-
تى . ئۇنداق بولسا كىم ئىزدەيدۇ ؟ دادىسى ئۇرۇن تۇتۇپ ياتىدۇ ،
ئانىسى بولسا ، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغان مەستۇرە
ئايال ، ئۆكىسى بولسا ، ئەمدى ئون ئىككى ياشقا كىرگەن سەبىي
بالا ! ...

ئۆتۈق تەبىئىي ھالدا ، بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ئۆز زىممىسى-
گە چۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۆتۈق بىر ھەقىقەتنى : جاپا
چەكمىگەن ئاشىقنىڭ ھەرگىزمۇ مەشۇق ۋەسلىگە مۇيەسسەر
بولالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى . ئۆتۈق ئۈچۈن پەقەت خىس-
لەتنىڭ ۋەسلىلا يەككە - يېگانە ھاياتىي مەسلەككە ئايلانغان ،
تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى ، ئەمىن - ئەركىنلىكى پەقەت
ۋە پەقەت ئۇشبۇ مەسلەككە ئالاقىدار بولۇپ قالغانىدى . تەقدىرمۇ
ئۆتۈقنى گويا ئەقلىدىن ئازدۇرۇش ، يا بولمىسا بۇ پانىي دۇنيانىڭ
قىل كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ سىناش نىيىتىدە مۇشۇنداق گۈ-
زەل ، پەرىشتە سۈپەت قىزغا ئۇچراشتۇرغاندەك ئىدى...

تۇرمۇش تەۋەككۇل قىلىش دېمەكتۇر . كىمكى دېڭىز دول-
قۇنلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ سەپەر قىلمىسا ، تۇرلۇك - تۇمەن
تەشۋىش ۋە مۇشەققەتلەرنىڭ سۆيىدىن ئىچمىسە ، ئۇ ھەقىقىي
راھەت - پاراغەتكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ ! شۇڭا ئۇنى باشتىن
ئۆتكۈزۈپ بېقىش كېرەك . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۆتۈقتا خىسلەتكە
نىسبەتەن بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بار ، ئۇنى ئادا قىلمىسا
بولمايدۇ . شۇڭا ، چوقۇم گۇاڭجۇغا بېرىپ ، ئۇنى ئىزدەپ تېپى-
شى كېرەك ! ...

ئۆتۆق كاللىسىدىكى بۇنداق خىياللارنىڭ ئاسماندىن چۈشمى-
گەنلىكىنى، بۇ خىياللار يېقىندىن بۇيان كۆڭلىنىڭ قات - قېتى-
نى بەئەينى كۆلگە چۈشكەن چېقىر تاشتەك مەھكەم ئىگىلەپ
ياتقىنىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. بۇ كۆنلەردە خىسلەتنىڭ
گۈزەل سىيماسى ئۇنىڭ كۆزىدىن غايىب بولغان بولسىمۇ، ئەمما
قەلبىدە تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ مەھكەم ساقلىنىپ قالغانىدى.

ئۆتۆق بۈگۈن كەچقۇرۇن خىسلەتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۆزى-
نىڭ خىسلەتنى ئىزدەش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئابدۇ-
سەمەرمۇ، توقاچخانمۇ ھەم ھەيرانلىق، ھەم ھاياجاندا نېمە دېيىش-
لىرىنى بىلەلمەي، خېلى ۋاقىتقىچە كۆز يېشى ئىچىدە جىمجىدە
ئولتۇرۇپ قېلىشتى. لېكىن ئۆتۆقنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسى
جىددىي، سەمىمىي ۋە ھەتتا دانىشمەن ئادەمنىڭ گەپلىرىگە ئوخ-
شايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەزى شەخسىي قاراشلىرىنى، يۈرىكىنىڭ
قەرىدە ساقلانغان ئويلىرىنى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆرگەن،
ئاڭلىغانلىرىدىن چىقارغان ئاچچىق يەكۈنلىرىنى ناھايىتى چىرايـ-
لىق بايان قىلدى، ئۇنىڭ سۆز ئۇرانىدىن، تەلەپپۇزىدىن، ئۇر-
غۇسىدىن سەمىمىيلىك بىلەن بىللە ئېچىنىش، ئاچچىق بىلەن
بىللە ئىچ كۆيەرلىك ۋە يەنە بىرمۇنچە ياخشى نىيەت، ياخشى
ئارزۇ ۋە ياخشى تىلەكلەر بىلىنىپ تۇراتتى. بالا دەردىدە يۈرەك-
لىرى ئېزىلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان بىچارە
ئاتا - ئانا ئۈچۈن، ئۆتۆقنىڭ قارارى گويا نىجاتلىق ئەلچىسىدەك
خۇش خەۋەر بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇلار ئۆتۆق بىلەن خىسلەتنىڭ
كۆڭۈل ئىشلىرىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ
بۇ دەرىجىدە بىر جان - بىر تەن بولۇپ، ئۆمۈرلۈك جۈپتى
ھالاللىق ماقامىغا يەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا، ئابدۇسە-
مەرمۇ، توقاچخانمۇ ئاللانىڭ ئۆزلىرىگە مۇشۇنداق ۋاپادار، جا-
سارەتلىك، لەۋزى ھالال بىر يىگىتنى يەتكۈزگەنلىكىدىن ئا-
لەمچە خۇشاللىقتا چۆمدى!...

— بالام ··· ،— دەپ بىردىن ئۇتۇققا ئاتىلارچە ئىشەنچ بىلەن قارىدى ئابدۇسەمەر ، ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن ھاياجانلىق تىترەك تېخى ئۆچمىگەنىدى ،— مەن بىقۇۋۇل بولۇپ قالدىم··· بۇ دىشۋارچە-لىقنى سىزگە تاشلاپ بەرگىنىمدىن قاتتىق ئۇيۇلىمەن ! مەن ھازىر ئۆزۈمدىنمۇ بىزار بولۇپ كەتتىم···

— ئۇنداق دېمىسىلە ، ئابدۇسەمەر ئاكا ، — دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى ئۇتۇق ، - بۇنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بىر پالاكەت ، ئۇنىڭ دەردىنى تەڭ تارتمىساق بولمايدۇ . سىلى خاتىرجەم دەم ئېلىپ تۇرسىلا ، مەن گۇاڭجۇغا بېرىپ ، خىسلەتنى چوقۇم تېپىپ كېلىمەن . ھېلىمۇ ياخشى ، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇاڭجۇدا ئىكەنلىكىنى بىزگە خەۋەر قىپتۇ . بولمىسا ، بۇ كەڭ جاھاننىڭ قەيىرىدىن ئىزدەيتۇق···

— ئۇنداقتا··· ، — ئابدۇسەمەر يەنە ئويلىنىپ قالدى ، — دوختۇرخانىدىكى ئىشىڭىزنى قانداق قىلىسىز ؟

— يىللىق دەم ئېلىشىم بار ،— دېدى ئۇتۇق خاتىرجەم ھالدا ،— شۇنىڭغا توغرىلايمەن ، يېتىشمىگۈدەك بولسا ، يەنە بىر-قانچە كۈن قوشۇپ سورىسام بولىدۇ .

ئۇلار يەنە ئۇزاق پاراڭلاشتى . بولغۇسى سەپەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرى ، تەييارلىقلىرى ۋە خىسلەتنى ئىزدەشنىڭ يوللى-رى توغرىسىدا ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە پىكىر ، قىياس ۋە تەكلىپ-لىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ، مۇلاھىزە قىلىشتى···

خېلى كەچ كىرىپ قالغانىدى ، ئۇتۇق خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى . يامغۇردا تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن كوچىدىن تېيىلىپ - تېيىلىپ مېڭىپ ، ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ قەلبى ئۇنسىز يىغلايتتى ، يازلىق نېپىز كەشىدىن سۇ ئۆتۈپ كەتكىنىنى ، سو-غۇق قامچىسى بىلەن ئاياۋسىز ساۋاۋاتقان يامغۇر سۈيىنىڭ لەۋلى-رىگە شورتاڭدەك سىزىپ كىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالاتتى ، بىراق ھېچنېمىنى ئويلىغۇسى كەلمەيتتى ، خىيالىدا قەتئىي بىر ئەھدۇ

پەيمان بەئەينى يىگىتلىك قەسىمىدەك چەرخ ئۆراتتى :
«بارىمەن ، ئىزدەيمەن ، چوقۇم تاپىمەن !··· »
ئۇتۇق تېپىلغاق كوچىدىن چىقىپ ، ئاۋات رەستىگە كەلدى ، بازاردا ئادەم شالاڭشىپ قالغانىدى . ئەمما بىر دوقمۇشتىكى چايخانا يەنىلا ئاۋات ھەم قايناق ئىدى ، قايسىبىر چايخورنىڭ دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشىسى چايخانىنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ ، يامغۇر شىرىلداپ چۈشۈۋاتقان رەستە ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرەتتى :

«كۆڭلۈم پەرىشان ، يارىم بىخەۋەر ،
ئىشقىڭدا دائىم كۆيىدۇ جىگەر .
ئايرىدى بىزنى پەلەك ھىيلىگەر ،
ئۆلگىنىم ياخشى كۆرمىسەم ئەگەر ! »

دەرۋەقە ، كونىلار توغرا ئېيتقان : «جانانىنىڭ يولىدا خاكسارلىق بىلەن جان بەرمەك يەتتە شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىدىنمۇ ئەۋزەل ! » ···

## 5

ئىنسان ھاياتىدا ئۆز يولىدىكى بۇرۇلۇشنى تېخى كۆرمەي تۇرۇپ ، بۇرۇلۇشقا مەجبۇر بولىدىغان ۋاقىتلار بولىدۇ . بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ يۈرىكى ھەم خۇشاللىق ، ھەم خاۋاتىر بىلەن تولغان بولىدۇ . خۇشاللىقتىن كۆرە ، ئۇنىڭدا خاۋاتىر كۆپرەك بولىدۇ ، ئەلۋەتتە !
ھازىر ئۇتۇقنىڭ كەيپىياتى ئەنە شۇنداق ئىدى . ئۇ بەزىدە خىسلەتنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ ۋەھىمىگە چۈشەتتى ، ئۇنىڭ ھايات قىسمەتلىرى توغرىسىدا ھەرخىل قىياسلارنى قىلاتتى : «ئۇنىڭ

بىشىغا قانداق كۆلپەتلەر چۈشكەندۇ؟ ساقمىدۇ، ھاياتمىدۇ؟ !... تۇۋا، مەن نىمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىمەن — ھە !؟— » دەپ يەنە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى ئۇ،— ئۇنىڭغا نىمە بولماقچىدى، ھىچنىمە بولمايدۇ ! بۇ دىگەن جۇڭگو، دۇنيادىكى ئەڭ نۇرلۇق سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ! قانۇن - تۈزۈم، ئەدلى - ئادالەت بار ! ياخشىلار ھەرگىز ئۇۋاللىق تارتمايدۇ، يامانلار نەدە بولمىسۇن جاجىسىنى يەيدۇ !...

شۇ چاغدا، ئۇتۇقنىڭ خىيالىغا خىسلەتنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىكى نالە - پىغانغا تولغان بىر شېئىر كەلدى :

قاراڭغۇ چۈشۈۋاتىدۇ سەن كەتكەن يولغا،
قاپقارا بۇلۇتلار نەگىدۇر چاپار.
ۋەھىمىلىك خىياللار ئورنىشىپ دىلغا،
بىئازار يۈرەكتە ئاغرىق ئويغىتار.

«ئەجەبا، خىسلەت بۇ شېئىرنى نىمەدەپ يازغان بولغىيدى !؟ مۇھەببىتىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر جۇدالىققا يولۇقۇشىنى ئالدىن بىلگەن بولغىيمىدى ! بەزىلەر : ‹شائىرنىڭ سۆزى ئۇنىڭ قىسمىتىدۇر›، دەيدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسمىتىنى مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر قىلغان بولغىيمىتى - يە؟ ئەجەب !...»

ئۇتۇق چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى خىسلەتسىز ناھايىتى بىمەنە ئۆتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ھازىر يەر ۋكۆك، ئايۇقۇياش، ھاياتۇئۆلۈم، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، دوست ۋە دۈشمەن، غەم ۋە شادلىق، يىغا ۋە كۈلكە، باھار ۋە ياز — ھەممە، ھەممىسىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى. ئۇ ئويلاپ - ئويلاپ بىر پىكىرگە كەلدى ئەتىمالىم، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئانىسى بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆزلىشىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى، ئانىسى تۈنۈگۈندىن بېرى ئۇنىڭ

بۇ سەپەرنى قوللىماي ، رايىنى ياندۇرماقچى بولغانىدى .

— ئالدىرىما بالام ، ئويلىنىشىپ ئىش قىل !— دېگەنىدى ئانا كۆز يېشى قىلىپ ،— ئالدىرىغان ئىشقا شەيتان ئارىلايدۇ . قىز دېگەن چىقىپ كەتكەن ئۆيگە يىگانە بولۇپ قالىدۇ ، چىققان قىز چىغرىقتىن تاشقىرىدا ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ! ؟

— ئانا ، كىم ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ ؟ ! ئۇ دېگەن تۇتقۇن قىلىنغان !— دېگەنىدى ئۇتۇقمۇ بىر خىل جاھىلانە نەزەر بىلەن ئانىسىغا قاراپ ،— مەن بارمىسام زادى بولمايدۇ !

ئانا ـ بالا بەزىدە يۇمشاق ، بەزىدە قاتتىق خېلى دەتالاشتى . ئانىنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسى ئۇتۇقنى بۇ قېتىمقى سەپەردىن توسۇشلا ئەمەس ، بەلكى تېزرەك ئۇنىڭ سايىسىنى ئىككى قىلىش ئىدى . شۇڭا ، يېقىندىن بېرى ئۇتۇقنىڭ ئاز ـ تولا باش ئاغرىقىدىمۇ چىققانىدى . ئانىسى ئۇنى ئۆيلەپ نەۋرە كۆرۈش ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ، تۇغقانلار ئارىسىدىن بىر قىزنى تاپقانىدى . لېكىن ئۇتۇق بۇنى «هازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس ، مەن ئاۋۋال كەسپىمدە نەتىجە يارىتاي» دەپ چىرايلىقچە رەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ ئەزەلدىن بىر ئۆيدە تېخى ئۆزئارا چۈشەنمىگەن ، سىنالمىغان ئىككى خىل ئادەم — ئىككى خىل ئالەمنىڭ مۇناسىۋەتلىشىپ ياشىيالايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، بۇ خۇددى ئوت بىلەن سۇدەكلا چىقىشالمايدىغان نەرسىلەر ئىدى . ئادەمدە بىر ـ بىرىگە ئىنتىلىش ، هەۋەس ، هېسسىيات ، هېچبولمىغاندا ، هۆرمەت ۋە ئىشتىياق بولغاندىلا ، ئاندىن بىر ئۆيدە ، بىر ئالەمدە هەمدەم بولۇپ بىللە ياشىغىلى بولاتتى . ئەكسىچە هالدا ، ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق روهىي ئازاب بولمايتتى…

— هە دېسىلا مېنىڭ بېشىمنى ئوڭلاش ، سايەمنى ئىككى قىلىش توغرىسىدىلا گەپ !— دېدى ئۇتۇق ئاخىر ئۆز پىكرىنى قەتئىي ئېيتىپ ،— مەن ئالدىرىمايمەن ، يەنە بىرنەچچە يىل يۈرسەممۇ ، مېنىڭ ساڭگىلاپ قالىدىغان بىجىقىم يوققۇ ! ئانا ، ئەمدى

مېنى ئۆز رايىمغا قوي ، مۇشۇ يېشىمغا كېلىپمۇ ئۆز ئىشىمنى ئۆزۈم قىلالمىسام ، ئۆز يولۇمنى ئۆزۈم ماڭالمىسام ، مېنى قاندـ داقمۇ ئوغۇل بالا دېگىلى بولىدۇ ؟ ! ...

ئانا يەنە كۆزىنىڭ سۈيىنى ئېقىتتى :

— بالام ، مەندەك بىر يالغۇز خوتۇننى مۇشۇنداق تاشلاپ كېتەمسەن ؟

دەرۋەقە ، ئۇتتۇقنىڭ ئانىسى يالغۇز ئىدى ، دادىسى ئۈچ يىل بۇرۇن — ئۇتتۇق تېخى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرىدىغان يىلى يۈرەك كېسىلى بىلەن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنىدى . سىڭلىسى ھازىر ئۇتتۇقنىڭ ياردىمىدە شاڭخەيدىكى چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇـ تىدا ئوقۇۋاتاتتى .

— ئانا ، سېنى تاشلاپ نەگە كېتەتتىم ؟ — دېدى ئۇتتۇق ئانىسىنى قايىل قىلماقچى بولۇپ ، مەن پەقەت ئون نەچچە كۈندىلا گۇاڭجۇغا بېرىپ كېلىمەن . ئۆينىڭ ھەممە كەم ـ كۈتىلىرىنى قىلىپ قويدۇم . ئىبادىتىڭنى قىلىپ ، ماڭا ئاق يول تىلەپ ئولـ تۇرۇپ تۇرغىن . خۇدا بۇيرۇسا ، خىسلەتنى تېپىپ كېلىپلا سېـ نىمۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭغا يەتكۈزىمەن !

باغرى يۇمشاق ئانا يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن ، شۇ تۇرقىدا ئوغلىغا پەندى ـ نەسىھەت ، كۆز يېشى دېگەنلەر كار قىلمىدىغاندەك ئەمەس ، ئىشقىنىڭ جاراھىتىنى تىل ـ ئاھانەت ، نالە ـ پەرياد بىلەن داۋالىغىلى بولامتى ، ئىشق ھەر كۆڭۈلگە پادشاھتۇر دېگەـ نى راست ئوخشايدۇ ! ...

ئانا ئاخىر قايىللىق ئىچىدە ئوغلىنىڭ رايىغا باقتى ، ئۇنىڭ بولغۇسى سەپىرىگە ئاقىۋاللار تىلىدى ! ...

## 6

تۇرمۇش خۇددى ناتونۇش ئادەم كەپقالغان كاتتا شەھەردەك سىرلىق ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ . ئادەم بەزىدە ، ئۇنىڭ قەيىرىدىن

كىرىپ ، قەيىرىدىن چىقىشنى بىلمەي قالىدۇ ، ئەمما سەپەر — دۆلەت ۋە راھەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ ! مۇشەققەتتىن راھەت كېلىدۇ ، جاپالىق يولغا قەدەم قويمىساڭ تەلىپىڭ ، مەقسىتىڭ قولۇڭغا كەلمەيدۇ . مانا قارا : تاڭ شامىلى سەپەرگە چىقىۋىدى ، باغۇ ئىرەمگە يېتىشىپ چىمەننىڭ گۈللىرىگە ئۇلاشتى . سەپەر ئىبرەتخانىدۇر ، ئادەم سەپەردە كۈندە يۈز مىڭ ھادىسىلەرنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ، ساۋاق ھەم كۈچ - قۇۋۋەت ئالىدۇ ! ...

ئۇتتۇقنىڭ سەپەر تەييارلىقى ئاخىر پۈتتى ، ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئابدۇسەمەر ، توقاچخانىلار بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى . توقاچخان ئۇنى كۆرۈپلا ھۆكىرەپ يىغا سالدى . بۇ ئادەتتىكى يىغا ئەمەس ، ئاچچىق ئەلەمگە تولغان چەكسىز پەرياد ئىدى :

— كۆزۈمنىڭ گۆھىرى قىزىم ! ... خۇش خەۋەرنى ئاڭلىيالماي ھەسرەتتە قالغان قىزىم ! ... ئارزۇسىغا يەتكەندە ، ئۇنى كۆرەلمەي ئارماندا قالغان قىزىم ! ... ، — ئۇ ئاشۇنداق يىغلاپ ، زارلاپ تۇرۇپ قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇتتۇققا ئۇزاتتى .

ئۇتتۇق قەغەزنى ئالدىراپ ئوقىدى ، ئوقۇپ بولۇپ دىمى ئىچىگە چۈشكىنىچە كىرپىك قاقماي ، تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپ قالدى ، ئۇ بەئەينى ھەيكەل ئىدى ، كۆزى قەغەزدىيۇ ، خىيالى نەلەردە ئىدى !...

ئۇنىڭ قولىدىكى قەغەز خىسلەتنىڭ نامىغا كەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى رەسمىي ئۇقتۇرۇش ئىدى . ئەگەر بۇ ئۇقتۇرۇش خىسلەت بار چاغدا كەلگەن بولسا ، بۇ ئۆيدە يىغا - زار ئەمەس ، بەلكى خۇشاللىق ، تەنتەنە بولغان بولاتتى . ئەمما ھازىر خۇشاللىق ئەلچىسى بولۇپ كىرگەن ئاشۇ بىر ۋاراق قەغەز بەختى قارا بۇ ئۆيگە يەنە بىر قېتىم ئازاب ۋە نادامەت ئېلىپ

كەلگەنىدى !

دېمىسىمۇ ، خىسلەت ئالىقانچىلىق ئاشۇ قەغەزنى قانچىلىك زارىقىپ كۈتكەنىدى . ئۇڭدا تۇگۇل ، چۈشىدىمۇ شۇ قەغەزنى چۈشەپ ، ئۇنىۋېرسىتېت ، بىلىم ، هايات ۋە شېئىر توغرىسىدا ئاجايىپ تاتلىق خىياللار بىلەن ئۆز كېلەچىكىنىڭ گۈزەل خەرىتىسىنى سىزىپ بولغانىدى . ئۇ ھەتتا شۇ قەغەزنىڭ ۋەسۋەسىدە «مەكتەپكە بارىمەن » دەپ چىقىپ كېتىپ ، پۈتۈن بىر ئائىلىنى ۋەيرانچىلىققا سالغان تۇتقۇنلۇق پاجىئەسىگە يولۇققان ئەمەسمىدى !؟ ... مانا ئەمدى قەغەز كەلگەندە ئۆزى يوق ! بۇ خۇددى «ئاشقا ئاغزى تەگكەندە بۇرنى قاناپتۇ » دېگەندەك كۆڭۈلسىز ئىش ئەمەسمۇ !؟ ...

ئالاھازەل خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن توقاچخانمۇ ، ئۇتۇقمۇ ئېسىگە كەلدى . ئۇتۇق يەنىلا يىگىتلىكىگە ئېلىپ ، بولغۇسى قېينانىسىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى :

— مەن بۇ خۇش خەۋەرنى ناھايىتى تېزلا خىسلەتكە يەتكۈزىمەن ، ئۇنىڭ بېشى كۆككە يېتىدۇ ، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار ، ئۇ چوقۇم تىزىملاشقا ، دەرس باشلاشقا ئۈلگۈرەلەيدۇ .

— ئىلاھىم دېگىنىڭىز بولار ، بالام !— دەپ كۆز ياشلىرىنى تەستە سىڭىردى توقاچخان .

ئۇتۇق مېھمانخانىنىڭ تۆرىگە باشلاندى ، ئالدىغا داستىخان سېلىندى ، بىر قۇر سىنچايدىن كېيىن ، توقاچخان تۇنۇگۈن سۈت ۋە ماي بىلەن يېقىپ تەييارلىغان بىر پەتنۇس سەپەر توقىچىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى ، داستىخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تېڭىققا ئېلىنغان پۈتىنى ئېگىز سۇنۇپ ياتقان ئابدۇسەمەر بېشىدىكى ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن بىر پارچە ئاق شايىغا ئورالغان يىگىرمە مىڭ يۈەننى ئاستا سۇغۇرۇپ ئېلىپ ، پەتنۇستىكى توقاچنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە مەيۈس ئاۋازدا :

— بۇ مېنىڭ كىچىككىنە كۆڭلۈم ، بالام ! قوبۇل قىلىڭ ... ،— دېيىشىگە ئۇتۇق ناھايىتى ئوڭايسىزلانغاندەك :

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ئابدۇسەمەر ، ئاكا؟— دېدى ئورنىدىن قىمىرلاپ ،— مېنىڭ تەييارلىقىم تولۇق ...

— سىز يىراق سەپەرگە چىقمىسىز ،— دېدى ئابدۇسەمەر ئۇنى تىنجىتىپ ،— بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي - دوڭغۇلى تولا . مۇساپىرچىلىقتا پۇل ئەسقاتىدۇ ، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى ، «ئوشۇق دۆلەت باشنى يارمايدۇ» دېگەن گەپ بار . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سىز بىزنىڭ قىزىمىزنى دەپ كېتىۋاتىسىز ، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرقانچە قىلىپمۇ قايتۇرۇپ بولالمايمىز ، ئۇنىڭغا ئاللا ئۆزى بىرنېمە دە !

ئۇتۇق يوللۇقلارنى سومكىغا سېلىپ ئورنىدىن تۇردى ، ئابدۇسەمەر ئورنىدا يېتىپ تۇرۇپ ، بىر نەرسىلەرنى ئىچىدە ئوقۇپ ، كۆز يېشى ئىچىدە ئۇزاق دۇئا قىلدى ، ھويلىغا چىققاندا :

— خوش بالام !— دېدى توقاچخان ئۇتۇقنىڭ ماڭلىيىغا سۆيۈپ تۇرۇپ ،— ئاقىۋەل بولسۇن ، خۇدايىم مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزۈپ ، خىسلەتنى تېپىپ بېرەر ، سىزنىڭمۇ مەرتىۋىڭىز ئۇلۇغ ، دۆلىتىڭىز زىيادە بولار ! ...

ئۇتۇق ھەممەيلەن بىلەن قىزغىن ، سەمىمىي خوشلاشتى . پويىز ئىستانسىسىغا يېقىنلاشقاندا ، نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى بىر ئاز دەككە - دۈككە بولۇپ قالدى .

بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ ئۆمرىدە دەسسەپ باقمىغان ياقا يۇرتقا بېرىشتىن قورقۇۋاتامدۇ - يە؟ ! ياق ، ئۇ نېمىشقا قورقسۇن ! ئۇ يەرگە بېرىشنى ئۆزى خالىدى ، ئۆزىنىڭ يىگىتلىك بۇرچى ، ھەقىقىي مۇھەببەت ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەل دەپ قارىدى . شۇنداق ئىكەن ، ئۇ ھەرگىز ئارىسالدى بولمايدۇ ! كۆڭلىدىكى بۇ دەككە - دۈككە بەلكىم بىرنەچچە ۋاقىت ئانا ماكاندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي بولۇۋاتقان سېغىنىش ھېسسىياتىدۇر ، بەلكىم سۆيگەن يارى يۇرۇۋاتقان يەرلەرگە بولغان ئىنتىلىش ۋە تاقەتسىزلىكتۇر ! ...

پويىزنىڭ ياڭراق گۈدۈكى ئۇنى خىيالدىن سەگىتتى ، ئۇ ئەپچىل چامادانىنى سۆرىگىنىچە پويىزغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

## ئىككىنچى قىسىم

# كۆلپەتلىك كەچمىش

«مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا»
— بالزاك

### 1

ئاخىر تاڭ ئاتتى ...

خىسلەت ئۈچۈن بۇگۈنكى تاڭمۇ ئېغىر ھېسسىياتلار بىلەن باشلانماقتا ئىدى ، بۇ ئۇنىڭ چۈشكۈن ، غەمكىن روھىي ھالىتىدە نامايان بولۇپ تۇراتتى !

ئۇ بىر ھەپتىدىن بېرى «قۇياشلىق ئارال ئارامگاھى» نىڭ ئالتۇن قەپىسىدە قانلىق يىغلاپ ، غېرىبلىق دەردىنى تارتتى . ھەر كېچە چۈشىدە يىراقتا قالغان ئاشۇ جاپاكەش ئانىسىنى ، نىمجان ھالەتتە يېتىپ قالغان دادىسىنى ، قىلىقى تاتلىق ئامراق ئۇكىسىدىنى ۋە ھاياتقا كۆز ئېچىپ كۆرگەن تۇنجى سۆيگۈنى ئۇتتۇقنى كۆردى ، ئۇلار بىلەن دەردلەشتى ، يىغلاشتى ، يەنە ئويغىنىپ كېتىپ ، بۇ دەر دېسەرلەرگە چىدىماي ، ئىچىدە زار - زار قاقشىدى . ئەلىمىنى بىر تال قەلەم بىلەن بىر ۋاراق قەغەزدىن ئېلىپ ، نىمىلەرنىدۇر سىجاپ ، يېزىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى :

چاچلىرىم تارام - تارام ، ئۇششاقلاپ ئۆرەلمەيمەن ،
ئەرز قىلىپ بۇ ھالىمنى ھېچ يەرگە بارالمايمەن ! ...

بۇ قانداق ئۆتكەن بىر ھەپتە ـ ھە !؟
ئون سەككىز يىل ياشىغان بىر قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر ھەپتە ھېچقانچە ۋاقىت ئەمەس، ئەمما تۇرمۇشتا بىر ھەپتىدە ئاجايىپ ئىشلار بولۇشى مۇمكىن: نۇرغۇن سۆيۈملۈك بوۋاقلار بۇ دۇنياغا ۋىلىقلاپ تۇرىلىپ، يەنە نۇرغۇن شور پېشانە ئادەملەر بۇ دۇنيادىن ھەسرەت بىلەن كېتىشى مۇمكىن. بەزىلەر بەخت ـ سائادەتتىن قاقاقلاپ كۈلۈشى، بەزىلەر ئازاب ـ ئوقۇبەتـتىن تولغىنىپ يىغلىشى مۇمكىن! ...
ئەمما، خىسلەت ئۈچۈن بۇ بىر ھەپتە بىر ئەسىردەك بىلىنـدى. بىر ئەسىردەك بىلىنگەن بۇ بىر ھەپتىدە ئۇ يېرىم بىھوش، يېرىم سەگەك ھالەتتە ياشىدى. بىھوش ۋاقتىدا ھېچ نەرسىنى تۇيماي، يېمەي ـ ئىچمەي، خامۇشلۇق ئىچىدە ياتتى، سەگەك ۋاقتىدا ئازاب ـ ئوقۇبەتتە تولغىنىپ، كۆز ياشلىرى بىلەن ياسـتۇقىنى ھۆللىدى ...
شۇ كۈنلەر ئىچىدە ئۇ ئۆزىنى بۇ پانىي دۇنيادا ھېچكىمى يوق يېتىم، ھايات بازىرىدا ئادىشىپ قالغان غېرىب ـ مىسكىن بازارچىدەك ھېس قىلدى.
بۈگۈنمۇ تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن قەپەسدەك بىلىنـگەن ئۈچ كىشىلىك بۇ ياتاقنىڭ سۈرۈن، بىگانە تاملىرىغا، ئەزەلدىن ئېچىلىپ باقمىغان قېلىن، قوپال دېرىزىلىرىگە قاراپ يېتىپ يىغلاپ كەتتى، يۈم ـ يۈم يىغلىدى، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى، ھۆڭرەپ يىغلىدى. نېمىشقا يىغلىمىسۇن؟! تاپتىم دېگەندە تاپقان، كۆردۈم دېگەندە كۆرگەن ۋاپادار ئاشىقى، ئۆزىنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى نەلەردە قالغان تۇرسا، ئۇ يىغلىماي كىم يىغلايدۇ؟! ئۇلارسىز ھەر كۈنى ئاقـرىپ ئاتىدىغان تاڭلار يەنە ئاتامدۇ؟ قىش ئايلىرى قارغا، ياز ئايلىرى گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركىنەمدۇ؟! ...

خىسلەت يىغلاپ يىتىپ ، ئۆزىنى مۇشۇنداق بەختسىز ئاقىۋەتكە دۇچار قىلغان ئاشۇ مۇدھىش كۈننى ، ئاشۇ تىلى شىكەر ، دىلى زەھەر ئادەم سىياقلىق ئىككى مەخلۇقنى ئەسلەپ كەتتى . راست ، ئۇ شۇ كۈنى ناھايىتى تۇيۇقسىز ھالدا ئىنتايىن ئېغىر ، ئاچچىق نەرسىلەرگە دۇچ كەلگەنىدى : ئۇ ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز 12 ـ ئاۋغۇست ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل مەكتەپكە باردى . مەكتەپتە خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش خەۋەر تىڭشاپ كەلگەن دوستلىرى ، ساۋاقداشلىرى خېلى كۆپ ئىدى ، تېخىچە بىرەر ئېنىق خەۋەر بولمىغاچقا ، ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ سائەتكىچە مۇڭدىشىپ ، چاقچاقلىشىپ خۇشال ـ خۇرام ئويىنىدى . دوستلىرى ئۇنىڭغا : «خاتىرجەم بول ، خىسلەت ! سەن ئۆتەلمىسەڭ كىم ئۆتەلەيدۇ ، سەن دېگەن سىنىپىمىزنىڭ كۆزى تۇرساڭ !» دەپ مەدەت بەردى ، شۇنداقتىمۇ ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاخىرقى مەيدان ئىمتىھان نەتىجىسىدىن تازا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى . دوستلىرىنىڭ ئىشەنچ ـ مەدەتلىرى ئازراق بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزدى ، ئۇ دوست ـ ساۋاقداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ ، مەكتەپتىن ئۆزى يالغۇز بۇرۇنراق قايتتى . يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىدا «سانتانا» ماركىلىق بىر قارا پىكاپ توختىدى ، ماشىنىدىن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق ھەم رەتلىك كىيىنگەن بىر چوكان چۈشۈپ ، ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن :

— سىز خىسلەت بولامسىز ، سىڭلىم ؟ — دەپ خىسلەتنىڭ ئالدىدا توختىدى ، — ئانىڭىز توقاچخان سىزنى مەكتەپكە چىقىپ كەتكەن دېۋىدى ، مانا قىينالمايلا تاپتۇق ···

— سىز ··· سىز كىم بولىسىز ؟ — خىسلەتنىڭ كۆزلىرى تەئەججۈپ بىلەن يوغان ئېچىلدى .

— مەن بىر خالىس ئادەم ، — چوكاننىڭ سۆزلىرى ، قاراشلىرى ناھايىتى مۇلايىم ھەم سەمىمىي ئىدى ،— مۇنداق گەپ : مېنىڭ يولدىشىم ئۇتۇق دوختۇرنىڭ قولىدا داۋالىنىۋاتىدۇ ، تېخى

بايىلا دادىڭىزنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ چىقتى ، سىز ئەتىگەن مەك-
تەپكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، دادىڭىز ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭ-
ماقچى بوپتىكەن ، پەگاھقا يىقىلىپ چۈشۈپ يۈرىكى زەخىملىنىپ-
تۇ . ھازىر ئۈتۈق دوختۇر قۇتقۇزۇۋاتىدۇ ، ئانىڭىز نېمە قىلارىنى
بىلمەي ، سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ يىغلاۋەردى ، شۇڭا بىزنىڭ
ئىچىمىز ئاغرىپ ، سىزنى تېپىپ چىقايلى دەپ كەلگەندۇق .
ماشىنىدىكى شوپۇر مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ ، تىجارەتچى ...

خىسلەت جىددىيلىشىپ ، ھولۇقۇپ قالدى :

— ۋاي خۇدايىمەي ، دادام خېلى ياخشى بولۇپ قېلىۋىدى ،
ئورنىدىن تۇرىمەن دەپ نېمە قىلار بولغىيدى ... ئەھۋالى زادى
قانداق ؟

چوكان ئۇنى تېخىمۇ قېقىتتى :

— خۇداغا ئامانەت ، تېزرەك بارمىساق بولمايدۇ !

خىسلەت نېرى - بېرىسىنى ئويلىمايلا ماشىنىغا چىقتى ،
ئۇنىڭ نەزىرىدە ، بۇ چوكاننىڭ گەپلىرى ئىشەنچلىك ، راست
ئىدى . بولمىسا ئۇ ، شۇنچە ئىشلارنى — دادىسىنىڭ كېسەللىكى-
نى ، ئانىسىنىڭ ئىسمى توقاچخان ئىكەنلىكىنى ، ئۈتۈق دوختۇر-
نى ، ئۆزىنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندە مەكتەپكە چىقىپ كەتكەنلىكىنى
نەدىن بىلىدۇ ؟ ...

قارا پىكاپ ئازادە يولدا بەئەينى كۆلدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان
ئاق قۇدەك يېنىك ھەم سىلىق كېتىپ باراتتى .

خىسلەتنىڭ كۆزى يولدا ، يۈرىكى چىكىلداپ ، دادىسىنىڭ
خىيالىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ ، بىئارام ۋە بېزەۋىتى ئولتۇراتتى .
دەل شۇ چاغدا — ماشىنا بىر ئەگىمدىن تېز قايرىلىپ ، خىسلەت
يېنىدىكى چوكانغا يۆلىنىپ قالغان پەيتتە ، چوكان ئۇنىڭ
ئاغزى - بۇرنىغا ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان لۆڭگىنى ئوراپلا
ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزدى...

ھاياتتا ھەممە ئادەم ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئارتىسلىق قى-

لىدۇ ، ھەرخىل ئويۇنلارنى ئويناپدۇ . پەقەت پەرقى شۇكى ، بەزد-
لەر ئارتىسلىق قىلىۋاتقىنىنى بىلدۈرمەيدۇ ، بەزىلەر بولسا ، چاق-
دۇرۇپ قويىدۇ !

ئەمما ، ھېلىقى «مۇلايىم ، سەمىمىي» سۆزلۈك چوكان بە-
لەن ئۇنىڭ تىجارەتچى «شوپۇر ئىنىسى» بۇ ئويۇندا زادىلا چاندۇ-
رۇپ قويمىدى ، ئۇلار خېلى ۋايىغا يەتكەن ، ئۇستا «ئارتىس» لار
ئىدى . بولۇپمۇ ، ئاۋۇ قاشلىرى ئىنچىكە تېرىلگەن ، جۇغى كىد-
چىك ، كۆزى ئۆتكۈر ، يۈزى سوزۇنچاق ، قاراشلىرى ئىسسىق
ۋە ھەييار چوكان بۇ ئويۇننى ئون نەچچە كۈندىن بېرى توختىماي
ئويناپ ، خىسلەتنىڭ ئائىلىسىگە تەئەللۇق ھەممە ئىشلارنى كۆزد-
تىپ ، ئىگىلەپ ، تەتقىق قىلىپ ، مانا بۈگۈن ئويۇننىڭ ئاخىرقى
پەردىسىنى غەلىبىلىك چۈشۈرگەنىدى .

بۇ چوكاننىڭ ئىسمى ھېپىزەم بولۇپ ، ھەمىشە ياش قىزلار-
دەك ياسىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى . چىرايلىق ، ئىخچام
كىيىنەتتى ، يۈز - كۆزلىرىنىڭ پەردازلىرىنىمۇ جايىدا ، لايىقىدا
قىلاتتى . ئىككى كۈندە بىر ساتىراشخانىغا بېرىپ ، قىرقىلغان
چاچلىرىنى بۇدۇر قىلدۇراتتى ، شۇنىڭغا يارىشا ، ھەرىكىتى چاق-
قان ، سۆزلىرى مۇلايىم ۋە تاتلىق ئىدى . ئۇ ، ئۇستۇۋاشلىرىنى
تولىراق ئۈچۈق - پارقىراق ، ۋالىلداق رەختلەردىن قىلغاچقا ،
دوست - يار ، تونۇش - بىلىشلىرى ئۇنى «ھېپىزە پار - پار»
دەپ ئاتىشاتتى . ئەمما ئۇ ، تازىمۇ خاكسار ، شاللاق ، ئىدىيىسى
مەجرۇھ ئايال ئىدى . ئۇنىڭ قانچە ئۆينى بۇزۇپ ، قانچە ئەرگە
تېگىپ ، قانچە بالىلىق بولغانلىقىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى . ئەمما
ئەڭ يېقىن سىرداش ھەم مەسلەكداشلىرىنىڭ بىلىدىغىنى ، ھازىر
ئۇنىڭ بىرىنچىدىن تۇل ، ئىككىنچىدىن بالىسىز ، ئۈچىنچىدىن
ئادەم بېدىكى ئىكەنلىكى ئىدى . بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇ ، مۇشۇ
ئىشتا خېلى پۇل تاپقان ، ھەم يولىمۇ تاپقانىدى . شەھەر - يېزىلار-
دىن ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق ئالدىنىپ ، باشقىلارغا سېتىۋېتىلگەن

سەككىز ـ ئون ياشلىق سەبىي باللار بىلەن ئەمدىلا رەسىدە بولغان قىزلارنىڭ سانى خېلى كۆپ ئىدى . ھازىر ئۇ ، ئەنە شۇنداق قەبىھ يوللار بىلەن كەلگەن ھارام پۇللارغا ئاۋۇ «سانتانا» ماركىلىق قارا پىكاپنى ئېلىپ ، ھوسىيىن پاقا ئىسىملىك ماۋۇ يۈزلىرىنى دانىخورەك باسقان ، ئاۋازى خىرگەي ھاڭۋاقتى يىگىتـ نى شوپۇرلۇققا ياللاپ ، «تىجارىتى» نى تېخىمۇ يۈرۈشتۈرۈۋەتكەـ نىدى . ئۇنىڭ سەپىرى يېزا بىلەن ناھىيە ، ناھىيە بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى . ئەمما بۇ قېتىم ئۇ ، چوڭ بىر خوجايىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خىسلەتنى ئۈرۈمچىگە ئېـ لىپ كېتىۋاتاتتى ...

خىسلەت ھوشىغا كەلگەندە ، ماشىنا ئادەمزاتسىز غىلاڭ سايدا غىڭشىلداپ كېتىۋاتاتتى . خىسلەتنىڭ بېشى ئېسىك ، كۆز ئالدى خىرە ئىدى . ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئېسىنى يىغىپ ، ئەتراپقا قارىدى ، ئۆزىنىڭ ماشىنىدا ئىكەنلىكىنى ، يېنىدا ھېلىقى بەتبەشىرە ئىكـ كى چىرايىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ھىجىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەتتى .

— بۇ قەيەر ؟ ! — دېدى ئۇ يېنىدىكى ھېپىزەمگە تىغدەك قادىلىپ ، — مېنى نەگە ئاپىرىسىلەر ؟ !

— جەننەتكە ! — دېدى ھېپىزەم تولا گىرىم قىلىپ خۇنۈكـ لىشىپ كەتكەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ،— سىزنى جەننەتكە ئېلىپ كېتىۋاتىمىز ، خانقىز ! ئۇ يەردە ھۆرلەر بىلەن دوست بولۇپ ، غىلمانلار بىلەن ئوينايسىز !

خىسلەت ۋەھىمىگە چۈشۈپ ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ، بېشى ماشىنىنىڭ ئۈستىگە خېلى قاتتىق تەگدى .

— نېمە دەۋاتىسەن ھەي جادۇگەر ، ھازازۇل ! ئۇنداق جەنـ نىتىڭگە ئۆزۈڭ بار ! — كۈتۈلمىگەندە بۇ ئەلەملىك نىدا خىسلەتـ نىڭ يۈرەك ـ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقتى ، — ماشىنىنى توخـ تات ، بولمىسا ئۆزۈمنى تاشلايمەن !

ئۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچماقچى بولۇۋىدى ، ھېيىزەم ئۇنىڭ قوللىرىدىن قايرىپ تۇتۇۋالدى ، شۇ ئارىلىقتا ھۇسىيىن پاقا ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ ئاپتوماتىك قۇلۇپلىرىنى ئېتىۋەتتى . شۇنداقتىمۇ خىسلەت پەسكويغا چۈشمىدى ، ھېيىزەمنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ، ئۆزىنى ھەريانغا ئۇردى ، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلاتتى : «يۈرىكىڭ ئەلەمدىن تارس يېرىلماي تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەر ! ئۇلارنىڭ بەتبەشىرە يۈزىگە تۈكۈر ، قاپقارا يۈرىكىگە پىچاق ئۇر !···»

خىسلەت خۇددى ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك ئەسەبىيلىك بىلەن بىردەم ھېيىزەمگە ، بىردەم ھۇسىيىن پاقىغا تاشلىنىپ ، ئۇلارنى پاراكەندە قىلىۋەتتى . ھېيىزەمنىڭ پەردازلىق يۈزىگە تىرناق ئىزلىرى چۈشۈپ ، ئالىپاساق بولۇپ كەتتى ، ھۇسىيىن پاقىنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە مۇشت ـ تەستەكلەر تېگىپ ، ماشىنىنى ئۆز يولىدا ھەيدەلمەي قالدى .

— ھېيىزە ئاچا ، بۇ مېكىجىننى بىر نەرسە قىلماملىز !؟— دەپ غۇدۇرىدى ھۇسىيىن پاقا ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ .

— ساڭا ئوخشاش قاۋان توڭگۇزلارنىڭ ئارقىدىن يۈرگەنلەرنى مېكىجىن دەيدۇ !— دېدى خىسلەت زەردە بىلەن ، ئۇ شۇ تۇرقىدىمۇ ھۇسىيىن پاقىغا بوش كەلمىدى .

ماشىنا يۈرۈشكە ئامالسىز قالدى ، يولدىن يانداپ ئۆتۈپ ، بىر بوشلۇقتا توختىدى . خىسلەت ماشىنىدىن ئېتىلىپ چۈشۈپ ، خۇددى يۈگۈرۈپ بارسا تېپىۋالىدىغان ئۆيى باردەك ، بىردەم ئۇياقىا ، بىردەم بۇياققا يۈگۈرۈشكە باشلىدى···

— بۇ بىر غالجىر ئىتنىڭ كۈچۈكىدەك قىز بالا ئىكەن ! — دېدى ھۇسىيىن پاقا دانىخورەك باسقان كۆرۈمسىز يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — ئۇنى يەنە ھوشسىزلاندۇرۇپ قويمىساق ، خاتىرجەم يول ماڭالمايدىغان ئوخشايمىز . ھېلىمۇ ياخشى ،

بۇ يەرلەر ئادەمسىز جاڭگال ، ئەمما لېكىن ـ زە ... يۇرت ئىچىگە كىرگەندە چاتاق چىقىدۇ !

ھېيىزەمىۇ شۇ خىيالدا ئىدى :

— ئۇنداق بولسا ، سەن ئۇنى بىر ئامال قىلىپ تۇتۇپ تۇر ، مەن ئاغزى ـ بۇرنىغا لۆڭگە قوياي !— ھېيىزەم شۇنداق دەۋېتىپ ئويلىنىپ قالدى ،— ئۇ خېلىدىن بېرى بىر نەرسە يېمىدى ، ئۇسسۇزلۇقمۇ ئىچمىدى ، سالامەتلىكىدىن چاتاق چىقماس ـ ھە ! ؟

— بىرنەچچە كۈن تاماق يېمىگەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ ،— دېدى ھۇسيىن پاقا ئېرەنسىز ھالدا ،— ئەمما ـ زە ... ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن ، ئاغزىغا ئانچە ـ مۇنچە سۇ تېمىتىپ تۇرۇڭ ، ھاۋا ئىسسىق ، سۇسىراپ قالسا بولمايدۇ .

ئۇلار دېگىنى بويىچە ، خىسلەتنى خېلى تەستە يەنە ھوشسىز-لاندۇردى . بۇ چاغدا خېلى كەچ كىرىپ قالغانىدى . پايانسىز چۆللۈكنىڭ سەللا سالقىن چۈشكەن كەچقۇرۇنى ئۆز ئاسايىشلىقى بىلەن گۈزەللىكىنى كۆرسەتكەنىدى . مەيىن شامال قاغجىرىغان دالا باغرىنى كېزەتتى ، كۈن بويى ئىسسىقتىن ئۆزىنى دالدىغا ئالغان چۆل قۇشلىرىنىڭ نەغمىسى ئەۋجىگە چىققانىدى . يىراقتىكى تاقىر دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىغا پاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى تېخىچە ئاسماننىڭ بىر چېتىنى يورۇتۇپ تۇراتتى ، كۆكنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە لەيلەپ يۈرگەن بوزامتۇل بۇلۇت پارچىلىرى ئاستا ـ ئاستا چەكسىز بوشلۇق قەرىگە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى...

پىشۇرۇلغان گۆش بىلەن نان يەپ ، مىنېرال سۇ ئىچىپ ئولتۇرغان ھۇسيىن پاقىنىڭ كۆزى ئىسسىق ، پاكىز چەشمە قۇم ئۈستىدە بىھوش ياتقان خىسلەتنىڭ نازۇك بوي ـ بەستى بىلەن چىرايلىق ھۆسن ـ جامالىغا چۈشكەندە ئۆزىنى تۇتالماي قالدى . قىز بەئەينى سۇزۇك قاشتېشىدىن ياسالغان ھەيكەلدەك شۇنداق

جەزبىدار ، شۇنداق جەلپكار ھالەتتە يېنىك تىنىپ ياتاتتى . ھۇ-
سىيىن پاقىنىڭ تەلۋە ، قارام يۈرىكى — دىرغىغان بۇقىدەك
ئەسەبىي ھالەتكە كەلدى ، ئۇنىڭ شەھۋىتى كۆچىيىپ ، كۆزلىرى
غىلايغانىدى . ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى ، تومۇرلىرى چىڭقىلىپ ،
دانىخورەك باسقان يۈزى كۆبجىدى . ئۇ ھېپىزەم بىر نەرسە ئې-
لىش ئۈچۈن ماشىنا تەرەپكە كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ،
خىسلەت تەرەپكە ئاستا-ئاستا سىلجىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ يۈزىنى ،
كۆكسىنى سىلاپ ، ئەمدى سۆيۈشكە تەمشىلىۋىدى ، ھېپىزەمنىڭ :

— تۇمشۇقۇڭنى تارت ، ئەخمەق ! — دەپ چالۋاقىغان ئاۋا-
زىدىن چۆچۈپ مەقسىتىگە يېتەلمىدى ، ئەمما ئۇ خىسلەتتىن كۆ-
زىنى ئۈزمەي غۇدۇرىدى :

— يېڭى كۆپىنىڭ سۈيى تاتلىق بولىدۇ ، دېگەن گەپنى ئاڭلى-
مىغانمىدىڭ ، ھېپىزەم ئاچا ؟ !

— سەنمۇ ساياق يۈرگەن تاياق يەيدۇ ، دېگەن گەپنى ئاڭلى-
مىغانمىدىڭ ، ھۇسىيىن ئۇكام ! ؟— دېدى ھېپىزەممۇ ئۇنىڭغا
سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ ، — بىلىپ قوي ، بۇ مالنىڭ
باھاسى ئۆرە ، سەن چېقىلىپ قويساڭ ، ئالتۇن جام ھېجىر تاۋاقتا
ئايلىنىپ قالىمىدۇ ، ئەخمەق ! بىز ئۇنى ئۆز پېتى ئۇرۇمچىدىكى
خوجايىنىنىڭ قولىغا تاپشۇرمىساق زىيان تارتىمىز ! ...

ھۇسىيىن پاقا ئارماندا قالدى ، ھېپىزەم گەرچە ئايال كىشى
بولسىمۇ ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا بولمايتتى . چۈنكى ، ئۇ
خوجايىنى ـ دە ! ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا ، ھازىرقى شوپۇرلۇق
خىزمىتى بىلەن ، جاپا چەكمەيلا لوق ـ لوق كېلىۋاتقان پۇللاردىن
قۇرۇق قالاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم مەستلىك-
تە مۇشۇكتەك سۈركىلىپ كەلگەن ھېپىزەمگە چېقىلىپ ، ئۇنىڭ
كىچىك ئاشنىسى بولۇپ قالغان يەرلىرىمۇ بار ئىدى . بۇ ئىش
گەرچە ھۇسىيىن پاقا ئۈچۈن بىردەملىك كۆڭۈل خۇشى بولغان
بولسىمۇ ، ئەمما ھېپىزەم ئۈچۈن ئاسان ئۇنتۇغىلى بولمايدىغان

شېرىن تۇيغۇغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . شۇڭا ، بۇگۇن ئۇنىڭ ئوسما قويغان قاشلىرى بىلەن سۈرمە تارتقان كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتكەنىدى …

— كۇنداشلىكىڭىز تۇتتى ـ هە !— دېدى هۇسيىن پاقا يولغا چىققانلىقىدىن كېيىن خىرىگەي ئاۋازىنى غۇدۇدۇلۇك چىقىرىپ ،— ناهايىتى بىردەم كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرسىڭىزلا پۈتىدىغان ئىش ئىدى…

— خوتۇن كىشى دېگەن پىششىق ئاش ، قورسىقى ئاچقان هەرقانداق ئەر كىشىنىڭ يېگۇسى كېلىدۇ ، شۇنداقمۇ ؟ !— دېدى هېپىزەم ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ، — بىزمىچۇ ، خېلى ـ خېلى قىزلاردىن قېلىشمايمىز . خوتۇن كىشى دېگەن بەش تارلىق تەمبۇرگە ئوخشايدۇ ، ئۇستىنىڭ قولىغا چۈشسە بۇلبۇلدەك سايرايدۇ ، نائۇستىنىڭ قولىغا چۈشسە هۇۋقۇشتەك هۇۋلايدۇ !…

هېپىزەمنىڭ قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، تەنناز خېنىملاردەك هۆسلە ـ سۆلكەت بىلەن ئېيتقان گەپلىرى هۇسيىن پاقىنىڭ كۆڭلىگە سۇ يۇگۇرتۇپ قويدى .

— قېنى ، بۇلبۇلدەك سايرامدۇ ، هۇۋقۇشتەك هۇۋلامدۇ ، قونالغۇغا بارغاندا كۆرەرمىز !— دېدى هۇسيىن پاقا ئاغزىنى تامشىتىپ .

ماشىنا سۈرئىتىنى تېزلەتتى ، خىسلەت بېشىنى هېپىزەمنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ ، بىهوش هالەتتە تەۋرىنىپ ياتاتتى …

ئۇ ، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى . ئۇرۇمچىگە قاچان كەلدى ، ئۇ يەردە كىمنىڭ قولىغا ئۆتتى ، قانچە كۈن تۇردى ، ئۇ يەردىن گۇاڭجۇغا قانداق كەلدى ، ئايروپىلاندىمۇ ، پويىزدىمۇ ، ماشىنىدىمۇ … ئېنىق بىلەلمىدى ، گويا هەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۇچۇن چۈشتەك ، ئويغانسىلا هەممە ئىش ئۆز ئەكسىگە كېلىدىغاندەك خىرە ـ شىرە سېزىم ئىچىدە يۇردى . بەزى

چاغدا رەسمىي ھوشىغا كەلگەندە بولسا ، ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆرتەندى ، ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى ، ھەممە ياقتىن بەختسىزلىك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانغا ئوخشايتتى ! ...

## 2

يەنە بىر تاڭ ئاتتى ...

بۇ كاتتا شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى قۇياش نۇرەپشان قىلدى . شەھەر ئادەتتىكى ھاياتىنى باشلىدى ، تىنىم بىلمەس ئادەملەر تىرىكچىلىك پېيىگە چۈشتى ، ئۇلار ھەر تەرەپكە — بازارغا ، رەستىگە ، ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە شىددەت بىلەن ئاقاتتى . ھەتتا تۈنۈگۈنكى دىۋانە - قەلەندەرلەرمۇ ئۆز جايلىرىنى ئىگىلەشكە باشلىدى . قىسقىسى ، بۇ ئەزىم شەھەردە ھايات يەنە سوپۇنچىنىڭ داش قازىنىدەك قايناشقا باشلىغانىدى ...

مانا شۇ قايناق شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «قۇياشلىق ئارال ئارامگاھى» يىراق - يېقىندا خېلى داڭقى بار ، رېستوران ، ياتاق ۋە ئىشرەتخانا بىر گەۋدە قىلىنغان ھەشەمەتلىك جاي ئىدى . بۇ يەرنىڭ خېرىدارلىرى ئاساسەن «ئاق ياقىلىق» بايۋەچچىلەر بىلەن چەت ئەللىكلەر ۋە بىر قىسىم ئىشرەتخور كىشىلەر ئىدى .

خىسلەت بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن تۈنجى كۈنى كەچتە يېرىم بىھوش ھالەتتە ئىدى . ئۇنى كىملەردۇر يۆلەشتۈرۈپ بىر ئۆيگە ئەكىردى ، ساپاغا تاشلىدى ، ئۇ تىك ئولتۇرالماي قىيسىيىپ قالدى . شۇ ئارىدا ، ئۇ كىملەرنىڭدۇر بىر نەرسە ئۈستىدە قىزغىن سودا قىلىشىۋاتقانلىقىنى خىرە - شىرە ئاڭلىدى . قانداقتۇر خەنزۇچە «ھېپىزەم ... ماشىنا ... ياش ، گۈزەل ... ئايروپىلان ... پۇل ... » دېگەندەك گەپلەر بولۇندى . ئاخىرىدا ،

ئەللىك مىڭ يوەن دېگەن سان بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن سۆھبەت تىنجىپ قالدى ، كىملەردۇر ئۆيگە كىرگەندەك ، چىققاندەك شىپىر - شىپىر ، پىچىر - پىچىر ئاۋازلار بىردەم كۆپەيدى . ئالاھازەل قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى خىسلەتكە ئېنىق ئەمەس ، بىر چاغدا بىر ئەر كىشى ئۇنىڭ بېشىدا پەيدا بولدى ۋە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ : «مانا بۇ يەر سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى جەننىتىڭ بولىدۇ ، خىسلەت ! جەننەتـ كە كۆنمەيدىغان كىم بار ؟ خەيرخوش ، ئامىتىڭ كەلگەي ! ...» دېدى غالىبانە قىياپەتتە . خىسلەت كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ، ئورۇمچىدە چالا - پۇچۇق كۆرگەن بۇرۇتلۇق ، كەكلىك قاش ، قاپقارا چاچلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ، ئەمما ئاق چوقۇر سۆرۈن تەلەتىنىڭ يۈزىگە پۈتۈن كۈچ - مادارىنى يىغىپ قاتتىق تىكىلدى . ئۇنىڭ مۇڭغا تولغان مەسۇم قاراشلىرىدا قانداقتۇر بىقۇۋۇللۇق بىلەن بىللە ئاللىقانداق غەزەپ ۋە چوڭقۇر زۇلمەت چۆكۈپ ياتاتتى ...

خىسلەت ئىككى كۈنگىچە ئايرىم بىر ئۆيدە ئالاھىدە مۇھاپىـ زەت بىلەن كۈتۈلدى . ئۇ تاماقتىنمۇ تۈزۈك يېمەي ، ھالسىز ، ئۈمىدسىز ھالدا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ياتتى ، بارماقلىرى تارتىشىپ قالغاندەك ، ئەدىيالنى ، يوتقاننى توختىماي مىجىقلايتـ تى .

«مەن ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قالدىممۇ ! ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەسرەت - نادامەت بىلەن ،— مەن راستىنلا بۇ قارغىش تەگكـۈر جايـدا ، مۇشۇ ناتونۇش ، بىگانـە ئادەملەر ئارىسىدا قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ ، مەجبۇرىي ئىشقا سېلىنىپ ، خـور- لىنـىپ ، بـۇ رەھـىمسىزلـەرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالـ مەنمۇ ؟ ! بۇ دوزاختىن قۇتۇلۇپ ، ئەركىنلىككە ئېرىشىشتىن راستىنلا ئۈمىد يوقمۇ ؟ ! ... — ئۇ بىردىنلا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، ئىشەنچ بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بەردى ،— ياق ، ياق !

ئىشەنمەيمەن ، جاھاننىڭ ھەممە يېرى بۇنداق قاراڭغۇ ئەمەس ، ھەممە ئادەم مۇنداق ئەسكى ئەمەس ! بولمىسا بۇ جاھان ئاللىقاچان ئۆڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتمەمتى ! ... قانۇن بار ، ئادالەت بار ، ياخشى ئادەملەر بار ! ئۇلار مېنى قوغدايدۇ ، ئەركىنلىككە ئېرىشتۇرىدۇ ! ... »

ئۇ ، شۇنداق ئويلىغىنى بىلەن ، ئەمما ھازىر ئۆزى بىناۋا ، بىداۋا بىر تۇتقۇن ئىدى . ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىللىق باغرىدا ئۆتكۈزگەن ئەركىن ، قۇۋناق كۈنلىرى نەدە قالدى ؟ ! قېنى ئەمدى دۇنيا بىر ئايلانسۇن ـ يۇ ، ئۇ كۈنلەر يەنە قايتىپ كەلسە ! ھەيھات... باللىق ، ياشلىق بىر دەريا — ئاقتى ، كەتتى ! مىڭ ئەپسۇس ، يەنە قايتمايدۇ ! تەقدىر... تەقدىرمىش !... نېمە چارە ، ياشاش كېرەك . ھەي !... شۇمۇ ياشاشمۇ ! ؟ ياشاش ئەمەس ، ئازاب ـ ئوقۇبەت ، كۆز يېشى ، خورلۇق...

ئۇ ، سىرتتىن قارىغاندا شۇنىڭغا رازىدەك كۆرۈنىدۇ ، ئەمما كۆڭلى قاراڭغۇ ، پەيت كۈتىدۇ ، بۇ يەردىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ ! ...

ئۈچىنچى كۈنى خىسلەتنى توققۇزىنچى قەۋەتنىڭ بىر بۆلۈمىدىكى ئۈچ كىشىلىك ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى . ياتاق تار ، قاراڭغۇراق ئىدى ، دېرىزىسى كىچىك ھەم تۆمۈر پەنجىرىلىك بولغاچقا ، كۈن نۇرى تازا چۈشمەيتتى . ئەمما ياتاق قىزلارغا خاس رومانتىك ھەم رەتلىك سەرەمجانلاشقانىدى . خىسلەت بۇ يەردە نازاكەت ۋە جەننەت ئىسىملىك ئىككى قىز بىلەن ياتاقداش بولدى .

يېڭى يەردە يېڭى ئادەملەرنى بىلىۋېلىش ئانچە ئاسان ئەمەس . ئەمما ، خىسلەت بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە خېلى ئادەملەرنى ، خېلى ئىشلارنى بىلىپ قالدى ، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كۆزلىرى نېملەرنى كۆرمىدى ، قۇلاقلىرى نېملەرنى ئىشىتمىدى ! لېكىن ئادەم ئالىسى ئىچىدە دېگەندەك ، بۇ خەقنىڭ كۆڭلىدىكىنى تولۇق چۈشىنىپ بولغىلى بولامتى ! ...

شۇڭا ، خىسلەت دەسلەپكى ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە بۇ ياتاقتا خۇددى باشقا قوتانغا كىرىپ قالغان قويدەك قىسىنىپ ، ياتسىراپ يۈردى .

كۈن ئۆتكەنسېرى كۆڭۈلنىڭ تېگى كۆرۈنىدۇ ، دېگەن گەپ بار ، خىسلەت ھەپتە ـ ئون كۈن ئىچىدە بۇ ئىككى ياتاقداشنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئاساسەن چۈشىنىپ بولدى .

نازاكەت ئېگىز ، زىلۋا بوي ، بادام قاپاقلىرى ئاستىدىكى قارا كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان ، دومىلاق يۈز ، يۇپقا تېرىلىرى ئاپ-ئاق كەلگەن ئوماق قىز ئىدى . ئۇنىڭغا قارىغان ئادەمنىڭ ئامراق-لىقى ، ھەۋىسى كېلەتتى . ئۇ يېقىندا چاچلىرىنى ئالىتاغىل بو-ياپ ، بۇرنىنىڭ سول پەررىكىگە ھىندى قىزلىرىدەك ئاق ياقۇت مونچاق ئورنىتىۋالدى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈزىدە كىشىلەرنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان يەنە بىر نۇرلۇق نۇقتا پەيدا بولغانىدى .

نازاكەت بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان خېلى ئىجتىھات-لىق ئوقۇغۇچى ئىدى . ئەمما ئۇنىڭ دەۋرگە ماسلىشىش ئېڭى كۈچلۈك بولغاچقا ، مەكتەپتىكى بىر تۈركۈم مودا قىزلارغا ھە-ۋەس قىلاتتى ، ھەۋەس ئاخىر ئۇنى ئۇلارغا يېقىنلاشتۇردى ، يەنە شۇ ھەۋەس ئۇنى ئاشۇلاردەك كىيىنىشكە ، ئاشۇلاردەك ئەر-كىن ـ ئازادە يۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى . ئەمما ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بۇنداق «ھەشەم ـ دەرەم» گە يار بەرمەيتتى ، ئائىلىسى ئۇنى ئاران ئوقۇتۇپ كېلىۋاتاتتى . لېكىن ئۇنىڭ «مودا شەيتى-نى» بۇنىڭغا تەن بەرمىدى ، شەيتان ئۇنى ھەمىشە ۋەسۋەسىگە سېلىپ بىئارام قىلاتتى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ تاسادى-پىي ئەھۋالدا ، ئانارەم ئىسىملىك بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قال-دى . بۇ قىز ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ ، ئەمما بوي ـ بەستى قاملاشقان ، ئۆزى يېقىشلىق ، بەئەينى قورچاقتەك ياسىنىپ يۈرى-دىغان ، خۇلقىمۇ ، شېرىن سۆزلۈكىمۇ ئۆزگە يارىشىدىغان چالا

چوكان ئىدى . ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر تىجارەتچى يىگىت بىلەن توي قىلىپ ، يەتتە ئايدىن كېيىن ئاجرىشىپ تۇل قالغانىدى ، ئېرى باشقا بىر قىزغا بۇزۇلۇپ ، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەنىدى . بۇ چوكان ھازىر شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىسىدە بىر كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئېچىپ ، ئۆز تۇرمۇشىنى قامداپ كېلىۋاتاتتى . نازاكەتمۇ ئۇنىڭ بىلەن مانا شۇ دۇكاندىن يېڭى مودا كىيىملەرنى ئېلىش باھانىسىدە تونۇشۇپ قالغانىدى . ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ، خېلى قەدىناس ھەم سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدى . چۈنكى ، ئىككىسىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ، ئارزۇ ھەۋەسلىرى بىر ـ بىرىگە ماس ئىدى…

شۇ كۈنلەردە نازاكەت بۇ تىجارەتچى دوستى بىلەن خېلى كۆپ سورۇنلارغا باردى ، خېلى كۆپ ئادەملەر بىلەن تونۇشتى . بۇنىڭ ئىچىدە گەجگىسىگە غۇجمەك چاچ قويۇپ ، رېستورانلاردا مودا ناخشا ئېيتىپ يۈرىدىغان يالقۇن ئىسىملىك بىر يىگىت نازاكەتنىڭ پېيىگە چۈشتى …

قىز بالا بالاغەت يېشىغا يەتكەندە ، دۇنياغا ھېرىس ، ئېتىبارغا ھېرىس بولۇپ قالىدۇ . ئۆزىنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۈلگە قىياس قىلىدۇ : كۈندۈزى قۇياش ، كېچىسى ئاي ، سەھەردە سالقىن شامال ، ھەتتا دەريادا ئاققان سۇلارنىمۇ ماڭا قارىسۇن ، دەيدۇ . نازاكەتمۇ شۇنداقلاردىن ، توغرىراقى ، شۇنداق جەرياننى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقانلاردىن ئىدى . ئۆزىمۇ چىرايلىق ، كۆزگە يېقىن ئىدى . چوڭلارنىڭ ھەۋەس بىلەن قاراشلىرىدىن ، ياشلارنىڭ گاھ ئاشكارا ، گاھ يوشۇرۇن ئىلتىجالىرىدىن لەززەتلىنەتتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە يالقۇن ئۇنىڭ كۆزىگە ھەم كۆڭلىگە يېقىنراق ئىدى . دەسلەپ ئۇنىڭ ناخشىسىغا قىزىققان بولسا ، كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قىزىقىپ قالغانىدى . ئۇلار نۇرغۇن سورۇنلاردا — رېستوران ، ئارامگاھ ، دىبا ، كالائوكې دېگەندەك يەرلەردە كۆپ بىللە بولدى ، يالقۇن مەردلىك بىلەن پۇل خەجلىدى ، كۆڭلىنى

بىلدۈردى ، ھەتتا بەزىدە ھاراق ئىچىۋېلىپ ، كۆز يېشى ئىچىدە سۆيگۈ ئىزھار قىلدى ...

كۈنلەر ئەنە شۇنداق گۈزەل ئەسلىمە، شېرىن خاتىرىلەر ئىچىدە تېز ئۆتۈشكە باشلىدى .

ئەسلىمە ، خاتىرىلەر ئادەمگە ئىككى خىل تەسىر قىلىدۇ : بىرى ، ئەسكە ئېلىنىش بىلەن تەڭ گويا پۈۋلەپ ياندۇرۇلغان چوغدەك يېلىنجاپ ، سۇۋۇشقا باشلىغان كۆڭۈلنى قايتىدىن ياندۇ- رۇپ ھاياجانلاندۇرسا ؛ ئىككىنچىسى ، گويا ساقىيىۋاتقان يارىغا تەگكەن تىغدەك ئازاب بېرىدۇ ، ئۆكۈندۈرىدۇ ! ئەمما نازاكەت مۇنچىدا يېشىنىۋېتىپ ، يالقۇن بىلەن كۆپ قېتىملىق ئۇچرىشىش- لارنى بىرمۇ بىر ئەسلىدى ، ئەسلىدىيۇ ، ياكى ھاياجانلانمىدى ، ياكى ئۆكۈنمىدى . پەقەت ئىرناقلىرى لاكلانغان پۇتلىرىدىن تار- تىپ ، دىڭگىدە كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۆكسىلىرىگىچە مەمنۇنىيەت بىلەن كۆزەتتى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىلىپ بولماس تۇيغۇلار قوينىدا ئەسەبىيلەشمەكتە ئىدى : «ھە ، ھۆسن - جامالمۇ بىر دۆلەت ئىكەن ... بۇنداق گۈزەللىك ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ ! يالقۇن ئۆلگۈرمۇ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىدۇ ، ھەتتا پۇتلى- رىمنى سۆيۈشكە تەييار !... قانداق قىلاي ، جاھاندارچىلىقنىڭ يولى كۆپ ئىكەنغۇ ! بىر تىيىنگە زار بولۇپ سارغىيىپ - تاتى- رىپ ياشىغۇچە ، ئۆز مۈلكۈمنى ئۆزۈم ئىشلىتىپ خاندەك ياشى- مايمەنمۇ ! ؟ يالقۇن مېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇ بەربىر مېنىڭ ! ... »

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، يالقۇن ئۇنى كاتتا بىر رېستو- رانغا كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى ، نازاكەت خۇشاللىق بىلەن باردى . ئۇلار ھەرخىل نازۇنېمەتلەر بىلەن غىزالانغاچ ، چەت ئەلنىڭ ئالىي قىزىل ھارىقىدىن ئىچىشتى ، ھاراق ئىچىشلىك ، شېرىن ئىدى . نازاكەتنىڭ گېلىدىن ئۈچ رومكا ئۆتكەندىن كې- يىن ، بەدىنى قىزىپ ، يۈرىكى ئويناپ ، يېنىدىكى يالقۇننىڭ بەزى

ھەربكەتلىرىدىن نېرىقاپ كەتمىدى...
قايتىدىغان چاغدا ئۇ زادى بولالماي قالدى، بۇ ھالدا مەكتەپ-
كە قايتىشمۇ قولايسىز ئىدى. يالقۇن ئۇنى رېستوراننىڭ ئۈستى-
دىكى مېھمانساراي ياتىقىغا بىرنەچچە سائەت ئورۇنلاشتۇرۇپ،
كەيپىنى يەشمەكچى بولدى، بۇنىڭغا نازاكەتمۇ رازى بولدى.
يالقۇن ياتاقنى ئاچقۇزۇپ، نازاكەتنى كارىۋاتقا ياتقۇزدى،
ئۆزى ساپادا ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارى-
نى تاماشا قىلدى. ئاستا - ئاستا نازاكەتنىڭ مەسۇم سىياقى،
بەدىنىدىن تارىغان خۇشبۇي ھىد يالقۇننى ھاياجانلاندۇرۇپ، كەيـ-
پىنى يەشتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل بېسىلغۇسىز ئىشتىياق
ئويغىنىپ، ئۇنى قارام، تەلۋە ھالەتكە كەلتۇرۇپ قويدى. ئۇ
ئاستا شىپىرلاپ كېلىپ، نازاكەتنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىلى-
دى، مەڭزىگە، ئاغزىغا سۆيدى، ئۇ يەر - بۇ يېرىنى يېنىك
مۇجۇپ غىدىقلىدى، نازاكەتتە بىر خىل يېقىملىق ئىڭراش بىلەن
رەئىپ قارشىلىقتىن باشقا ئالامەتلەر كۆرۈلمىدى. يالقۇن ئاخىر
يېشىنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ ياتتى...
مانا شۇ كۈنى كېچىدە، خىش قېلىپتىن چىقىپ كەتتى.
ئەمدى ئۇنى نېمىگە ئىشلەتسە بولۇۋېرەتتى!
قىز بالا بەئەينى ياۋا گۈلگە ئوخشايدۇ. ئۇ قانچىلىك كۆزگە
يېقىن بولمىسۇن، ئەمما ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىكىنى، تىكەنلىك بەرگ-
لىرى بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن
يېقىنلىششقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما چوكان بولسا ئۇنداق
ئەمەس، ئۇ بەئەينى قايچا تەگكەن، تىكەنلىرى قىرقىلىپ،
يۇراشقا ئەپلىك قىلىنغان گۈلگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا
قارايدىغانلار، يۇراشقا قىزىقىدىغانلار كۆپ بولىدۇ!...
نازاكەت ھازىر دەل ئاشۇنداق كىشىلەر كۆپ قارايدىغان،
ھىدلاشقا ئىنتىلىدىغان تىكەنسىز، يۇراقلىق گۈلگە ئايلىنىپ
قالغانىدى.

ئۇنىڭ يالقۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۆز ۋۇنغا بارمىدى .
ئىشقۋازلىق ئويۇنلىرى خۇددى گۇرۇلدەپ يانغان گۇلخانغا ئوخشايدۇ . كىمنىڭدۇر كۆكسىنى مەلۇم ۋاقىت ئىسسىتىدۇ ، ئوتلۇق تىللىرى بىلەن ئۇنىڭ ھېس ـ ھاياجانلىرىنى قوزغىتىدۇ . ۋاھالەنكى ، ئۆز ۋۇنغا بارماي ئىشق ئاتەشلىرى ئۆچۈپ ، ئوتىنى سوغۇق كۈل باسىدۇ ، ئىشق ئويۇنلىرىمۇ بۇ چاغدا پايانىغا يېتىدۇ ! ...
نازاكەت دەل شۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولدى ، يالقۇن ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل كۆڭۈل ئېچىپ ، ئاخىرىدا بىراقلا تاشلاپ كەتتى . شۇ چاغدا ئۇ ، كۆرۈنۈشتە خاتىرجەم بولغىنى بىلەن ، ئەمما قەلبىنى غەلىتە-تۇيغۇلار بىسەرەمجان قىلدى ، ۋۇجۇدىدا ئادەمنى ھەدەپ يىغلاشقا ، قارغاشقا ئۈندەيدىغان كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر بىلەن بىللە بالاغەتكە يەتكەن قىزنىڭ تۇنجى سۆيگۈسىدەك تاتلىق ھېسلار ئارىلاش ـ چۇرۇلاش بولۇپ كەتكەندى . مانا شۇنىڭدىن كېيىن ، نازاكەت ئەرلەرگە ئومۇمەن ئىشەنمەي قويدى ، بەختسىز بولۇپ قېلىشىدا ئۆزىنىڭ ئەيىبى بارلىقىغا قارىماي ، ھامان ئەركەكلەردىن نەپرەتلەندى . نەزىرىدە ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرى ئۈچۈن ، شەھۋانىي ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىزلارنى خالىغانچە ئوۋلايتتى ، ئالدايتتى . شۇڭا ئۇ ، بىر مەزگىل جىمغۇر ، چۈشكۈن بولۇپ قالدى . بۈنى سەزگەن ئانارەم بىر كۈنى ئۇنى قېقىتىپ مۇنداق دېدى :
— ئەمدى سەن بىرسى تاشلاپ كەتتى دەپ ، مەيدەڭنى مۇزغا يېقىپ ياتماقچىمۇ ؟ ! ئەر خەق دېگەن ئۆلگۈرلەر ھەر قەدەمدە خىيانەت قىلىدىيۇ ، نېمىشقا بىزدىنلا ۋاپا تەلەپ قىلىدىكەن ؟ ! تۈكۈر ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ! بۈگۈندىن باشلاپ بېشىڭنى ئۆزۈم ئوڭلايمەن . شۇنداق كېلىشكەن ، پۇلدار يىگىتلەرنى تېپىپ بېرەيكى ، يالقۇن دېگەن شاخ سانىغۇچ ھەسەتتىن يېرىلىپ ئۆلسۇن !...

دەرۋەقە ، ئۇ سۆيگەن ئادەم قارا كۆڭۈل ، ئەبلەخ چىقتى ، كېيىن بىلسە ، ئۆزى يالقۇنىنىڭ كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ دامىغا چۈشكەن بىر قورچاق ئىكەن ! لازىم بولغاندا ، يالقۇن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ پەرۋانە بولدى ، پۇل دېگەننى غازاڭدەك خەجلىدى ، نېمە دېسە تەييار قىلدى ، ئەمما كېيىن بەئەينى بىر پارچە پاخشە خىشنى چۆرۈۋەتكەندەك ئاسانلا تاشلاپ كەتتى ، قارىـ سىنى كۆرسەتمىدى ! شۇڭا ، نازاكەت ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشقا ئېرىشسە ، ئەلەمزادە قەلبى ئاز ـ تولا تەسكىن تېپىشى مۇمكىن ئىدى . شۇ جەھەتتىن بولسىمۇ ، دوستى ئانارەمنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ياقتى ...

شۇنداق قىلىپ ، نازاكەت ئەيش ـ ئىشرەت قاينىمىغا يېقىـ ۋاشتىن شۇڭغىدى .

كۆڭۈلدە ئوت يانسا ، ئۇنىڭ چوغى تىلدا ، يالقۇنى يۈزدە كۆرۈنىدۇ :

قايسىبىر يىگىت نازاكەتكە ئىشق ـ مۇھەببەتتىن سۆز ئاچـ سا ، يەنە قايسىبىرى ھەرخىل كەچلىك سەيلىلەرگە ، كىنو ـ تىياتىرلارغا تەكلىپ قىلاتتى . بۇنداق خېرىدارلىق نازاكەتكە خۇشياقاتتى ، چىرايىدا نۇر ۋە كۈلكە پەيدا قىلاتتى . ئۇ ھەمىـ شە : «نېمە بوپتۇ ، مۇھەببەت دېگەن پەقەت كۆڭۈلگىلا تۇگۇپ يۈرىدىغان بۇيۇم ئەمەسقۇ ! ئۇ بىر غۇنچە ، ئۇنى ھەرقانداق ئادەم ئېچىلدۇرۇشى ، پاشنىتىشى ، ئۇنىڭ ھىدىدىن لەززەتلىنىشى كېرەك ! ... » دەپ ئويلايتتى ۋە بۇرۇن ئوقۇغان ئىشق ـ مۇھەبـ بەت كىتابلىرىنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ ، ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلاتتى : «ئەينى زامانىنىڭ زۇلۇمى ، جاھىل ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەلۋىلىكى بىلەن نۇرغۇن لەيلىلەر ، شىرىنلەر ، ئۇزرا بىلەن زۆھـ رەلەر مۇھەببەت غۇنچىسىنى ئېچىلدۇرالمىدى ، ئۆزلىرىنىڭ مەجنۇن ، پەرھات ، ۋامۇق ۋە تاھىرلىرىغا ئېرىشەلمىدى ! ئەمدى مەنچۇ ؟ ! ئەمدى مەنمۇ ئاشۇلاردەك مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىـ

ـماي ھىجراندا ، پىراقتا ئۆتۈپ كېتىمەنمۇ ! ؟ ياق ، ياق ! تاللاپ يەيدىغان ، تاللاپ كىيىدىغان زامان بۇ . مۇھەببەت ئەركىن ، ھەـ شەمەت ئەركىن ! يىگىتلەر خۇددى كېپىنەكتەك خالىغان گۈللەـ ـرىگە قونالايدىكەن ، قىزلار نېمە ئۈچۈن خالىغان كېپىنەكلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ قوندۇرالمايدۇ ! ؟ »

نازاكەتنىڭ كۆڭلى گويا كەڭ يېيىلغان بىر تور ئىدى ـ يۇ ، ئۇنىڭغا ئىلىنغان ، تېپىچەكلەپ قالغان ھەرقانداق مۇھەببەت قۇشىنى ئۇچۇرماقچى ، ئۇلاردىن يەتكۈچە ھوزۇرلانماقچى ئىدى ! …

ئادەم بۇگۈنى بىلەن بەختىيار بولسا ، ئۆتكەن كۈننى ئۇنۇـ تۇيدۇ . نازاكەت شۇ كۈنلەردە ئەنە شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدى . ئۆزىنى بەختلىك ، بەختىيار سېزەتتى . خۇددى «خېرىدارىڭ بولـ ـمىسا ، زىبالىقىڭ نە كېرەك» دېگەندەك ، خېرىدارلىق ، ئەتىۋارـ لىق قىز ئىدى . ئەركەكلەردىن ھەر كۈنى ئاڭلاۋەرگەن ماختاش سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ قۇلىقى پۈتەي دەپ قالدى ، ھەر ئاخشىمى سىقىملاپ ـ سىقىملاپ كىرىۋاتقان پۇللاردىن ئۇنىڭ ھەمىيىنى تومپىيىشقا باشلىدى . ئاستا ـ ئاستا پۇل ئۇنىڭ ئاساسىي مۇددىـ ـئاسىغا ، ئىمان ۋە ئېتىقادىغا ئايلاندى …

ئىلگىرى بۇ قىز خېلى ئۇياتچان ، بىرئاز قوپالراق ، بەزىدە شوخلۇقى ۋە جىلۋىدارلىقى بىلەن ناھايىتى جەلپكار ، بەزىدە بولـ ـسا ، مەيۈس ۋە ئويچان ، كۆزى ياشلىق ۋە بىسەرەمجان ئىدى . ئەمدى بولسا ، بۇ ھالەتلەرنىڭ ئوندىن بىرىمۇ قالمىغانىدى . بۇـ رۇن ئوچۇق ، شېتىلە بولسا ، ھازىر ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىـ غان شەددادتقا ئايلانغانىدى . ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ، ئۆزىمۇ يۈز تېرىلىرىنىڭ قېلىنلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى ، ئەمدى خېلى ـ خېلى ئىشلاردىن نېرىقىمايدىغان ، ھېيىقمايدىغان بولۇپ قالدى …

شۇنداق قىلىپ ، نازاكەتنىڭ ھۆسنىدىكى ئېۋەنسىز گۈزەلـ ـلىكى ، كۆڭلىنىڭ ساي سۈيىدەك تاشقىنلىقى ناھايىتى تېزلا

كىشىلەرگە ئايان بولدى ، بۇ ئايانلىق ئاخىر ئۇنى ئىشرەت پاتقىقى-
غا بارغانسېرى چوڭقۇر پاتۇرۇپ ، تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشقا تاس
قالدى !…

ئەنە شۇنداق مەستخۇش كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ گۇاڭجۇلۇق بىر سودىگەر بايۋەچچە بىلەن تونۇشۇپ قالدى . قىرىق ياشلاردىن سەللا ھالقىغان ، خېلى سالاپەتلىك ، خۇش مۇئامىلە بۇ بايۋەچچە نازاكەت بىلەن تانسىخانىدا تونۇشۇپلا ئۇنى قويۇۋەتمىدى . چەكسە جىرىڭلايدىغان جانان چىنىدەك جەزبىلىك ، خۇش پىچىم بۇ قىز ئۇنى خېلىلا مەپتۇن قىلىۋالغانىدى . نازاكەتمۇ ئۇنىڭ مەردلىكى بىلەن خۇش مۇئامىلىسىگە قىزىقىپ قالدى . بۇ كۈنلەردە ئۇ ، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، بەزىدە يېقىن دوستلىرىغا : «چىراغ ئۆچكەندىن كېيىن ھەممىسى ئوخشاش !» دەيتتى …

نازاكەت گۇاڭجۇلۇق ۋاڭ خوجايىن بىلەن بىر ھەپتە راھەت - پاراغەتتە ئۆتتى . بىر ھەپتىدىن كېيىن ، ۋاڭ خوجايىن ئۈرۈمچىدىكى سودا ئىشىنى پۈتتۈرۈپ ، گۇاڭجۇغا قايتىدىغان چاغدا ، نازاكەتكە ئۆزى بىلەن بىللە گۇاڭجۇغا بېرىش تەكلىپىنى بەردى ، ھەتتا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ، گۇاڭجۇغا بارسا ، مەلىكىلەردەك ئېسىل تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى…

ئادەم راھەت - پاراغەتكە تېز كۆنىدۇ ، بىر كۆنگەندىن كېيىن ، راھەت - پاراغەت زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ ! نازاكەت شۇنداق بولدى . ۋاڭ خوجايىننىڭ تاتلىق ، ياغلىما سۆزلىرى ، گۇاڭجۇدەك كاتتا شەھەرنىڭ غايىۋانە قىزىقتۇرۇشى نازاكەتنى تېزلا بىر قارارغا كەلتۈردى . ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشىنىمۇ يېرىم يولدا تاشلاپ ، گۇاڭجۇغا بېرىشقا رازى بولدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، ھازىر ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە پۇلدىن بۈيۈك ، پۇلدىن قۇدرەتلىك ھېچ

نەرسە يوق ئىدى ! نەچچە يىلدىن بېرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، جەمـ-
ئىيەتتە لاغايلاپ يۈرگەن بىر تۈركۈم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىـ-
رىنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىر ـ قىسمەتلىرى ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق
يەڭگىللىك بىلەن قارار چىقىرىشىغا تۈرتكە بولغانىدى . ئەمما ،
بۇ ساددا ، ئەخمەق قىز ياخشى ئويلانماي چىقىرىلغان بۇ قارارىنىڭ
ئۆز هاياتىدىكى ئەڭ خەتەرلىك بىر بۇرۇلۇش بولۇپ قالىدىغانلىـ-
قىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى ...

ئۇلار ئۈرۈمچىنىڭ يانۋار ئېيىدىكى سوغۇق ، قارلىق كۈنى
هاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ، بەش سائەتتىن كېيىن ، گۇاڭجۇنىڭ ياپيېـ-
شىل ئىقتا چۈمگەن باهاردەك ئىللىق قوينىغا چۈشكەندە ، نازاكەت
تەبىئەتنىڭ بۇ ئاجايىپ مۆجىزىلىرىدىن هەيران بولۇپ ، كۆڭلى
يايراپ كەتتى . بۇ شەهەرنىڭ سەللا سالقىن چۈشكەن كەچقۇرۇنى
ئۆز شاۋقۇنى بىلەن گۈزەللىكىنى كۆرسەتكەنىدى . ئازادە كوچىـ-
لارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دۇكانلار رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن
چاقناپ تۇراتتى ، ئادەملەر مىغ ـ مىغ... ئەتراپتىكى باغچىلاردىن
كېلىۋاتقان گۈل هىدى ، باققاللارنىڭ دۇكانلىرىدىن كېلىۋاتقان
مېۋە پۇراقلىرى ، يىراق ـ يېقىن يەرلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان
ناخشا ـ ساز ، كۈلكە ـ چاقچاق ئاۋازلىرى ، ماشىنىلارنىڭ
دۈت ـ دۈتى بىلەن ساقچىلارنىڭ رىتىملىق پۈشتەكلىرى ، چوڭ
سودا سارايلىرىنىڭ ئالدىدىكى فونتانلاردىن ئېتىلىپ چىققان سۇـ-
نىڭ لەرزان شاۋقۇنى بىلەن قىز ـ يىگىتلەرنىڭ يېقىملىق
پىچىر ـ پىچىرلىرى... مانا بۇلارنىڭ هەممىسى بۇ ئەزىم شەهەر-
نىڭ ئاخشاملىق چاچقۇسى ، كۈلكىسى ۋە ناخشىسى ئىدى...

ۋاڭ خوجايىن نازاكەتنى جۇجياڭ دەرياسى بويىدىكى داچىسىـ-
غا ئورۇنلاشتۇردى . ئۆزىمۇ كۈندە دېگۈدەك يوقلاپ ، ئۇنىڭ هاـ-
لىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى . بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك راهەت ـ
پاراغەت نازاكەتنى بەكلا سۆيۈندۈردى . ئۇنىڭ يېيىشى هامبۇرگ
بولكىسى ، ئىچىشى ئىتالىيە قەهۋەسى ، كىيىشى فرانسىيىنىڭ

داڭدار ماركىلىق مودا كىيىملىرى ئىدى . خالىسا ئۇخلايتتى ،
خالىسا تېلېۋىزور ياكى ئاجايىپ پلاستىنكىلارنى كۆرۈپ روھلى-
ناتتى . كەچقۇرۇنلىرى بالكوندىكى يۇمشاق دىۋاندا ئولتۇرۇپ ،
ئامېرىكىنىڭ چىشلىسە تىرسلاپ تۇرىدىغان قىزىل ئۈزۈمى بىلەن
قارامتۇل ئېسىل گىلاسلىرىنىڭ تەمىنى تېتىغاچ ، جۇجياڭ دەريا-
سىنىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى . بۇنداق چاغدا
جۇجياڭ دەريا بويلىرى ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ، نۇرلۇق تۇسكە كى-
رەتتى ، ھاۋا ساپ ۋە سالقىن ، ئوچۇق ئاسماندىكى دۇردانە يۇل-
تۇزلار گويا دەرياغا چۈمۈلۈشكە كەلگەندەك ، سۇ يۈزىدە جى-
مىرلايتتى . دەريا بويىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ياشلارنىڭ سىرلىق
شىۋىرلاشلىرى بىلەن تاتلىق سۆيۈشۈشلىرىمۇ ئەنە شۇ باغرى كەڭ
دەريانىڭ يېنىك دولقۇنلىرى ئىچىگە سىڭىپ كېتەتتى ...
نازاكەت دەرياغا قاراپ خىيال سۈرەتتى ، بۇ گۈزەل ، راھەت-
بەخش دەريادا تولغىنىپ ، لۇغۇلداپ ئېقىۋاتقىنى گويا ئۇلۇغ سۇ
ئەمەس ، بەلكى كۆكتىن كۈمۈش چاچمىسى بولۇپ چېچىلىۋاتقان
نۇر ئىدى ...
بۇنداق چاغدا ، نازاكەت دەريادا ئۈزۈپ يۈرگەن كىچىك تىپ-
تىكى سەيلە پاراخوتىنى تاماشا قىلىشقا ئامراق ئىدى . ئۇنىڭ
نەزىرىدە ، رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن چاقناپ تۇرغان بۇ ھەيۋەت-
لىك ، كۆركەم پاراخوت گويا نۇر بىلەن بېزىلىپ ، قانداقتۇر بىر
ئىلاھىي كۈچ بىلەن سۇدا لەيلەپ يۈرگەن بىر پارچە تاغ ئۈيۈتمى-
سىغا ئوخشايتتى ، ئۇنىڭدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان شوخ ، رومانتىك
ناخشا - كۈيلەرمۇ ئەنە شۇ نۇرلۇق تاغ ئۆڭكۈرلىرىدىن ئاڭلىنى-
ۋاتقان سىرلىق ئاۋازلارغا ئوخشايتتى...
نازاكەت گۈزەل جۇجياڭ بويلىرىنى ، جۇجياڭ بويىدىكى بۇ
ئارامبەخش داچىنى شۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالغان كۆنلەرنىڭ
بىرىدە ، خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا ھەممە نەرسىسىدىن مەھرۇم
قالغان ھېلىم دىۋانىدەك ، بۇ يەردىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قالدى .

ۋاڭ خوجايىن بىر كۈنى كەچتە ، ئۈنى ماشىنىغا سېلىپ ، شەھەرنىڭ قايسىبىر يېرىدىكى كاتتا رېستورانغا ئېلىپ باردى ۋە نازاكەت بىلەن بىر ـ ئىككى سائەت بىللە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، تۇيۇقسىز بۇ يەردىن يوقاپ كەتتى . نازاكەت ئۈنى ئۈچ ـ تۆت سائەت ساقلىدى ، ئەمما ئۇ پەيدا بولمىدى ، نازاكەت ئاخىر ۋاڭ خوجايىن تونۇشتۇرۇپ قويغان شياڭ فامىلىلىك رېستوران دىرېكتورىدىن سورىدى .

— ئۇ كەتتى ! — دېدى شياڭ دىرېكتور پەرۋاسىزلا .

— كەتتى ؟— نازاكەت ئەندىككەندەك ئاۋازى تىترەپ كەت-تى ،— نەگە كەتتى ؟ !

— مەن نەدىن بىلەي ؟— دېدى شياڭ دىرېكتور مۈرىسىنى قىسىپ ،— سودىگەر دېگەننىڭ قولى پۇل ، خوتۇنى تۇل دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇسىز ؟

— مەن قانداق قىلىمەن ؟ — نازاكەتنى بىردىنلا غېرىبلىق باستى ،— مەن ئەمدى نەگە بارىمەن ؟ ھېچ يەرنى بىلمىسەم ···

— ھېچ يەرگە بارمايسىز قىزچاق ! — دېدى دىرېكتور ئاز ـ تولا ئۇچۇق چىراي ئېچىپ ،— سىز ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرىسىز ، ۋاڭ خوجايىن دېمىدىمۇ ؟ ئۇ سىزنى بىزگە بېرىپ ، يىگىرمە مىڭ يۈەن ئەكەتتى . مانا بۇ توختام ،— شياڭ دىرېكتور يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى ، ئۇنىڭغا ۋاڭ خوجايىن قول قويغانىدى .

ئىش ئايدىڭلاشتى ، نازاكەت ئۆزىنىڭ بىر مەزگىل ئويۇن-چۇقتەك ئەرمەك قىلىنىپ ، مانا بۈگۈن خۇددى بىر يېتىم قوزى-دەك ياكى بولمىسا بىر پارچە لاتا رەختتەك باشقا بىرىگە سېتىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى ، بىلدىيۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈپ ، ئەلەمگە تولغان يۈرىكىنى قاماللىغىنىچە جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى···

توۋا ، بۇ ئادەملەردە مېھىر ـ مۇھەببەت ، ۋاپا ـ ساداقەت دېگەن نەرسىلەر يوقمىدۇ ؟ ! ئادەملەر نېمىدېگەن ساختا ، نېمى-

دىگەن مۇغەمبەر ـ هە ؟ ! ئۇلار ئەمدى مال ـ مۈلۈك سودىسىدىن ئادەم سودىسىغا ئۆتكەنمىدۇ ؟ ! ...

نازاكەت ئاشۇ بىرنەچچە كۈنلۈك راھەت ـ پاراغەتكە چۆمگەن كۈنلىرىدە ، مۇشۇنداق ئىچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنىڭ بولۇشىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇ ئۈرۈمچىدىكى چاغدىلا ۋاڭ خوجايىننى خېلى ياقتۇرۇپ قالغان ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇلايىم مىجەزى ، مەرد ۋە كەڭ قورساقلىقى نازاكەتنى ئۆزىگە رام قىلغا-نىدى . شۇڭا ئۇ ئېغىز ئېچىشى بىلەن ئىككىلەنمەيلا گۇاڭجۇغا كەلگەنىدى .

مانا ، ئارىدىن ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەي ئۇنىڭ تەقدىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى . بۇ ساددا قىز ۋاڭ خوجايىننىڭ ھەمىشە پۇل بىلەن ھەپىلىشىپ ، يۈرىكىنىڭ قارىداپ كەتكەنلىكىنى ، مۇلايىم مىجەزى ئارقىسىدا بىر قىسىم نەپسانىيەتچى سودىگەرلەرگە خاس ھىيلىگەرلىكنىڭ بارلىقىنى ، مەرد ـ سېخىيلىقىنىڭ ئارقىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە ھېساب ـ كىتابلارنىڭ بارلىقىنى ، بولۇپمۇ ، جاھاننىڭ رەڭدارىنى ئالغان بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجىنىڭ ، ئىشتىھاسىنىڭ ، قىزىقىشىنىڭ ھەمىشە ئۆزگىرىپ ، بىردەم قاي-ماقلىق شاكىلات يېگۈسى كەلسە ، بىردەم سۈتلۈك كەمپۈت شو-رىغۇسى كېلىدىغانلىقىنى ، بىردەم قوي گۆشى يېگۈسى كەلسە ، بىردەم بېلىق ياكى قىسقۇچ پاقا يېگۈسى كېلىدىغانلىقىنى ، پۇل ئۇلارنى ھەمىشە ، ھەممە يەردە ئاشۇنداق كويلارغا سالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ، ئەكسىچە ، ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرى بى-لەن ئىللىق مۇئامىلىسىگە ئېرىپ ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىۋەتكەنىدى...

نازاكەتنىڭ بىردىن خۇددى شۇ تاپتا ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھەم-مە نەرسىنى تاشلاپ ، قەيەردىن كەلگەن بولسا شۇ ياققا ، قەيەرگە بولمىسۇن ئىشقىلىپ ئۇزاقراققا ، چەت ۋە خىلۋەت بىر يەرگە ھېچكىم بىلەن خوشلاشماستىن كېتىپ قالغۇسى كەلدى . ئۇ :

«ئەگەر بۇ يەردە بىرنەچچە كۈنگىچە قالىدىغان بولسام ، ئۇ چاغدا بۇلارنىڭ دۇنياسى مېنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ سىرلىق قوينىغا تارتىپ كېتىدۇ ۋە مانا شۇ بىگانە دۇنيا كېيىن مېنىڭ بىردىنبىر قىسمىتىم بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئويلايتتى . لېكىن ئۇ ، تېخى بەش - ئون مىنۇت ئويلا - ئويلىمايلا بۇ يەردىن كېتىشنىڭ زادى ئىلاجى يوقلۇقىنى چۈشەندى...

بۇ يەر — هازىر ئۇ ياتاقداشلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بۇ سىرلىق دۇنيا — «قۇياشلىق ئارال ئارامگاھى» ئىدى . ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە مانا بۈگۈن توپتوغرا سەككىز ئايدىن ئاشتى ! ...

خىسلەتنىڭ يەنە بىر ياتاقدىشى — ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ ، ئەمما بوي - بەستى قاملاشقان ، يېقىشلىق ، ئەرەب قىزلىرىدەك بۇغداي ئۆڭ ، ئەگىم قاشلىرى ئىنچىكە قىلىپ تېرىلگەن ، يىگىرمە بىر ياشلىق جەننەتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى نازاكەتنىڭكىگە قارىغاندا ، خېلىلا ئاددىي ھەم ئىخچام ئىدى . ئۇ گۈزەل ئىلى دەريا بويلىرىدا چوڭ بولغان ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۈچ نومۇر پەرق بىلەن ئۆتەلمەي ئارماندا قالغان . ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى ، ئۆزىدىن تۆۋەن نومۇر ئالغان بىرنەچچە ساۋاقدىشىنىڭ پۇلنىڭ كۈچى بىلەن خېلى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرگە كەتكەنلىكى بولغانىدى ، ئۆزى ئاددىي بىر ھۇنەرۋەن كاسىپنىڭ قىزى بولغاچقا ، پۇل خەجلەشكە قۇربى يەتمىگەنىدى . ئۇ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىرەر يىل بىكار يۈرۈپ كەتتى ، قايتا ئىمتىھان بېرىشكىمۇ رايى بارمىدى ، بىكار يۈرۈۋېرىشكە ئاخىر چىدىمىدى ، ئۆيدىكىلىرىنىڭمۇ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن مەلۇم ۋاقىت «شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى» ئاچقان «ناخشا - ئۇسسۇل كۇرسى»دا ناخشا ئۆگەندى ، ئۆزىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغدىلا ناخشىغا ھەۋەس قىلاتتى ، ناخشىنىمۇ خېلى چىرايلىق ئېيتاتتى . ئەمما بۇ ئۆگىنىشىمۇ

ئۆزۈنغا بارمىدى ، ئىقتىسادىي بېسىم كۆچىيىپ كەتتى ، كېيىن بىر شالغۇت ئايالغا شاگىرت بولۇپ ، ئۆنىڭدىن بولكا ، پىچىنە ـ پىرەنىك پىشۇرۇشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى...

دەل شۇ كۈنلەردە ، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر مېھمانخانىدا ، قىرىق ياشلارغا ئۇلىشىپ قالغان ، ئاقسەدەپ ئىسىملىك بىر ئايال پەيدا بولۇپ قالدى . بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قىزلار ئارىسىدا : «بۇ خانىم ئىچكىرىگە سەنئەتچى قوبۇل قىلىدىكەن ، تېخى قولىغا پۇل بېرىپ ، ئايروپىلان بىلەن ئەكېتىدىكەن ... » دېگەندەك خەۋەرلەر پەيدا بولدى . بۇنداق خەۋەر شۇ كۈنلەردە جەننەتتەك ھايات يولىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ ، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە مادارىدىن كېتىۋاتقان ساددا قىزلار ئۈچۈن ، بەئەينى ئەرشتىن كەلگەن خۇش خەۋەر ، ئاقسەدەپ بولسا ، ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتىدەك بىلىنەتتى !

جەننەت تىنىڭ ـ تىڭلاپ يۈرۈپ ، ئاخىر بىر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ باردى .

ئاقسەدەپ مېھمانخانىنىڭ ئالىي ياتىقىدا ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتا ياشايتتى . جەننەت ئۇنىڭ ئالدىدا خېلى تەمتىرەپ ، تارتىنىپ قالدى .

— قورۇنماڭ ، قىزچاق ! — دېدى ئاقسەدەپ ئۇنى يېنىدىكى ساپاغا تەكلىپ قىلىپ ، — كېلىڭ ، ئازادە ئولتۇرۇڭ !

جەننەت ساپادا ئولتۇردى ، ئاقسەدەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ھەرخىل ئېسىل كەمپۈت ، شاكىلات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر بىلەن سوغۇق ئىچىملىكلەرنى قويدى .

— قانچە ياشقا كىردىڭىز ؟ — سورىدى ئاقسەدەپ سىنچى كۆزلىرى بىلەن قىزنىڭ ھەممە يەرلىرىنى كۆزىتىپ .

— يىگىرمىدىن ئاشتىم ... ، — دېدى جەننەت ۋە ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاقسەدەپكە قارىدى .

شۇ تۇرقىدا ، ئاقسەدەپ لاپسايغان كەمپىرگىمۇ ، تەنناز خې-

نىملارغىمۇ ئوخشاشمايدىغان بىر ئايال ئىدى . يوغان ـ يوغان ، نۇرسىز كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا كۆك بوياق سۇرتۇلگەن ، يۈزى هازىرلا قازاندىن ئېلىنغان بوغۇرساقتەك قىپقىزىل ، ئەڭنىدە يۇپقا ، ئۇششاق گۈللۈك كالتە كۆڭلەك ، بوينىدا بەرگى غازاڭدەك يالتىراپ تۇرغان گاز ياغلىق … ئەمما ئۇ ، قاڭشارلىق ، قاشلىرى ئۇزۇن هەم قويۇق ئىدى . ئەركىن قويۇۋەتكەن قوڭۇر چاچلىرى يەلكىسىدە يېيىلىپ ، ئۇنىڭ سۆلىتىگە سۆلەت قوشۇپ تۇراتتى . ئۇ پۈتىغا ئارقا تەرەپتىن ئىزمىلىنىدىغان ئەت رەڭ ئۆتۈك كىيىپ ، تىزى بىلەن يوتىسى ئارىلىقىنى ئوچۇق قويغانىدى . بۇ يەردىن ئۇنىڭ بوشىشىپ كەتكەن ئاق ۋە يۇمشاق بولجۇڭلىرى لوپۇلداپ تۇراتتى …

— ناخشا ئېيتالامسىز ؟— سورىدى ئاقسەدەپ ئۇنىڭغا ئالا-ھىدە قىزىقىپ ،— ئۇسسۇلنىچۇ ؟

— ناخشىنى ئازراق ئېيتالايمەن ، ئەمما بەك قىزىقىمەن ، — دېدى جەننەت راست گەپنى قىلىپ ، — ئۇسسۇلنى ئادەتتىكىچە ئوينايمەن .

— دېمەك ، باقسا سەمرىيدىغان پاقلان مەن ، دەڭە !— دېدى ئاقسەدەپ كۈلكە بىلەن جەننەتنى ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ بىر ـ ئىككى ناخشا ئېيتىپ بېقىشىنى تەلەپ قىلدى .

جەننەت دەسلەپ تەمتىرىدى ، ئوڭايسىزلاندى ، ئەمما ئاقسە-دەپنىڭ مۇلايىملىق بىلەن ئىلھام ، مەدەت بېرىشى نەتىجىسىدە ، بىر خەلق ناخشىسى بىلەن بىر كوچا ناخشىسىنى خېلى قاملاشتۇ-رۇپ ئېيتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى خېلى مۇڭلۇق ، قۇلاققا سىڭىشلىق ئىدى .

— ماڭا دەل سىزدەك قىزلار كېرەك ! — دېدى ئاقسەدەپ دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ ، — ئەگەر گۇاڭجوۇغا بېرىشنى خالىسى-ڭىز ، مەن سىزنى ئەكېتىمەن ، سىزگە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش ، بىر تەرەپتىن ماھارىتىڭىزنى كۆرسىتىش سورۇنى هازىرلاپ بې-

-رمەن ! ...
— قانداق يەردە ئىشلەيمەن ؟ — سورىدى جەننەت ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتمەكچى بولغاندەك .
— بىزنىڭ ئۇ يەردە «چولپانلار ئانسامبىلى» دەيدىغان بىر سەنئەت ئۆمىكىمىز بار ،— دېدى ئاقسەدەپ ئامال بار جەننەتنى قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ ، — ھەر كۈنى بىرنەچچە يەردە ئويۇن قويىمىز . بولۇپمۇ ، ئەزەربەيجان ، تۈركىيە ۋە ئەرەبلەر ئاچقان رېستورانلاردىكى ئويۇنىمىز بەك ئالقىشلىنىدۇ ، تاپاۋەت ناھايىتى ياخشى . بىرەر ـ ئىككى يىل تۇرۇپ ، ياخشى ئىشلىسىڭىز باي بولۇپ كېتىسىز ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇرتقا قايتىپ كەلسىڭىزمۇ بۇنداق سارغىيىپ ـ تاتىرىپ يۈرمەي ، خاندەك ياشالايسىز !...
جەننەت خۇشال بولدى ، خۇشاللىق ئىچىدە رەھمەت ـ تەشەككۈرىنى ئېيتىپ رازى بولدى . ئاقسەدەپمۇ ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدىن مەمنۇن ئىدى . ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ناخشىسىدىنمۇ كۆرە ، ساددا ـ سەممىيلىكى بەك يارىغانىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، بۇنداق ساددا ـ سەممىي قىزلارنى ھەرقانداق پەدىگە چېلىنغان ئۇسسۇلغا سالغىلى ، ھەرقانداق مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتقۇزغىلى بولاتتى . ئۇنىڭ بىرنەچچە يىللىق «سودا» تەجرىبىسى بۇنى ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى...
ئاقسەدەپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ، جەننەت بىلەن يەنە ئىككى قىزنى ئېلىپ ، غۇلجىدىن ئۇرۇمچىگە قايتتى ۋە ئۇ يەردە تەييار بولغان بەش قىزنى ئۇلارغا قوشۇپ ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە گۇاڭجوغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار كەلگەن كۈنىلا خىزمەت ئورنىنىڭ قانداقتۇر بىرەر سەنئەت ئۆمىكىدە ئەمەس ، بەلكى ئالىي مېھمانسارايلارنىڭ ئايرىمخانىلىرىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئالدانغانلىقلىرىنى چۈشەندى . بۇنى چۈشەنگەن چاغلىرىدا ئۇلار ھەممىگە كېچىككەنىدى ، خۇددى ئېتىلغان ئوقتەك ئارقىغا قايتىشنىڭ ئىلاجى يوق ئىدى . خېلى كۆپ قىزلار تەقدىرگە

تەن بەردى ، پۇلغا قىزىقىپ ھەممىگە كۆندى . ئەمما جەننەت ئۆزى سېتىلىپ كەتكەن «قۇياشلىق ئارال ئارامگاھى» دا خېلى قاتتىق جان تالاشتى ، خوجايىنلىرى بىلەن تىركىشىپ ، ئۇلارنىڭ ئورۇن-لاشتۇرۇشىغا بويسۇنمىدى . شۇ چاغدا ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاقسەدەپ يەنە پەيدا بولدى . بۇ قېتىم ئاقسەدەپ ئۇنىڭ كۆزىگە بەئەينى جەسەتتەك سەت ۋە سۇرلۇك كۆرۈنۈپ كەتتى .

— مەن كېتىمەن ، يۇرتۇمغا كېتىمەن !— دېدى جەننەت غەزەپ بىلەن ئۆكسۈپ تۇرۇپ .

— بولىدۇ ، كەتسەڭ بولىدۇ قىزچاق !— دېدى ئاقسەدەپ جادۇ كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ،— ئەمما ساڭا كەتكەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى تەخ قىلىپ ئالدىمغا قويغاندىن كېيىن كېتەلەيسەن !

— قايسى پۇل ؟ !— جەننەت تەئەججۇپ بىلەن سورىدى .

— مانا ، ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق ! — دېدى ئاقسەدەپ يەنە شۇ بۇرۇنقى مۇلايىملىقى بىلەن ۋە ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى .

جەننەت قەغەزگە كۆز يۈگۈرتتى ، ئۇنىڭدا جەننەتكە دەسلەپ يۈز كۆرۈشكەندە بەرگەن بەش يۈز يۈەندىن تارتىپ ، غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە ، ئۈرۈمچىدىن گۇاڭجۇغا كەلگەن ئايروپىلان بېلىتى ۋە شۇ جەرياندىكى ياتاق ، تاماق پۇلى بولۇپ ، جەمئىي ئالتە مىڭ ئۈچ يۈز يۈەن بىرمۇبىر ئىدىتلىق خاتىرىلەنگەنىدى . بۇنى كۆرۈپ جەننەتنىڭ ˈبېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى ، بۇنى يالغان دېيەل-مەيتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەلەم بىلەن ياشلاندى :

— ۋاي توۋا ، بۇ ئادەملەر نېمىدېگەن ھىيلىگەر ، نېمىدېگەن ياۋۇز بولۇپ كەتكەن - ھە ! ؟ پۈتۈن - سۈرۈك بىر قىز بالىنىڭ تەقدىرى بىلەنمۇ مۇنداق ئويناشقان بارمۇ ! ؟

جەننەت شۇ تاپتا ، ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ۋە ئامالسىزلىقىنى ھېس قىلدى . ئاقسەدەپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى جىددىي داۋالغۇشلار-نى بىلگەندەك ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ۋەھىمىلىك قوقاقلارنى سېلىشقا

باشلىدى :
— ئەگەر كەتمەكچى بولساڭ ، بۇ پۇللارنى تەخ قىلىپ قويۇپ ، ئاندىن مۇشۇ ئىشىكتىن ئۇدۇل چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ . ئىشىكتىن چىققاندىن كېيىنلا بىز ساڭا ئىگە ئەمەس . ئۆز جېنىڭ-نى ئۆزۈڭ ئالىسەن . ئەگەر يۇرتۇڭغا ۋاقتىدا كېتەلمەي ، قارا جەمئىيەتتىكى قارام لۈكچەكلەرگە ئۇچراپ قالساڭ ، تۈگەشكى-نىڭ شۇ ! ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساڭ ، هايۋاندىن بەتتەر كۈننى كۆرۈپ ، قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا سىسىپ تۈگەي-سەن ! بىز ئۆزىنىڭ هۆرمىتىنى ، ئېتىبارىنى بىلمەي ، ئاخىر ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە قالغان نادان ، «غورۇرلۇق» قىزلارنى كۆپ كۆرگەن !… ،— ئاقسەدەپ تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى ، نۇرغۇن داش قازانلاردا قايناپ چىققان بۇ قاغدالما خوتۇن ئەمدى ئەمرىمەرۇپقا ئۆتتى ، — بىلىپ قوي ، جەننەت قىز ! هازىرقى زامان پۇلنىڭ زامانى ! ئۇنىڭ ئالدىدا ئەخلاق - پەزىلەت ، شەرم - هايا دېگەندەك نەرسىلەر بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدۇ ! ئويلاپ باق ، قورسىقىڭ ئاچقاندا ، ئۇ ساڭا ئاش - نان بولالامدۇ ؟ ! كىيىمسىز قالغاندا ، ئۇ ساڭا ئۇستۋاش بولالامدۇ ؟ ! بىز ئاياللار-نىڭ ئەزەلدىن كەلگەن قىسمىتى شۇ : ئەرلەرگە كۆڭۈل خۇشى بولۇش ، قارماققا يەمچۈك بولۇش ! بۇ بىزنىڭ پېشانىمىزغا پۈتۈل-گەن تەقدىر ! …
ئاقسەدەپ شۇ گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ ئۇنىڭ يېنىدىن چى-قىپ كەتتى . جەننەت بىر كۈنگىچە ياتاقتىن چىقماي ، تاماقمۇ يېمەي ، خامۇش ياتتى ، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئېچىنىشلىق ئىڭراپ قوياتتى ، كىچىك بالىدەك ئۈنسىز ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايت-تى …
بۇ ئىشلار ئۇنىڭ نەزىرىدە ، بەئەينى چۈشكە ئوخشاپ كەتكە-نىدى . دېمىسىمۇ ، ئادەم بەزىدە زادىلا ئەقىلگە سىغمايدىغان ، غەلىتە چۈشلەرنى كۆرىدۇ . ئەمما بۇ چۈش ئەمەس ، رېئاللىق ئىدى ! جەننەتمۇ ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ رەھىمسىز بىر رېئاللىق

ئىكەنلىكىگە تەن بەردى . شۇنداق قىلىپ ، يىگىرمە بىر ياشلىق قىزنىڭ قىزلىق دەرياسىنى يار ئېلىپ كەتتى ، ئۇنىڭ كۆۋرۈكىمۇ سۇندى ! ...

جەننەت تۆت ئايدىن بېرى ، بۇ سىرلىق ئارامگاھتا ھەرخىل تەلەت ، ھەرخىل سىياق ، ھەرخىل پۇراقتىكى نۇرغۇن زەردار بايۋەچچىلەر ئالدىدا يالغاندىن بولسىمۇ تەبەسسۇم قىلىشقا ، قاش ئۇچۇرۇپ ، ناز - كەرەشمە بىلەن ئۇلارغا چاي قۇيۇشقا ، قەدەھ تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى . دىلى قان يىغلاپ تۇرسىمۇ ، ھايۋانىي ھېرىس جۇش ئۇرغان ، قارا قورساق ، نادان ، ئەمما مال - دۇنياسى كۆپ ئىشرەتخورلار قولىدىن ھاراق رومكىلىرىنى ئېلىپ ، خۇش كەيپ بىلەن قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلۈشى ، ناخشا ئېيتىشى ، ئۇسسۇلغا چۈشۈشى ، بەل - ساغرىلىرىنى تولغاپ ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىشى كېرەك . ئۇنىڭ ھەربىر نازۇك تەبەسسۇمى ، توزدەك جىلۋىسى ، خۇش سۆھبىتى — بۇ ئارامگاھ خوجايىنلىرىنىڭ يانچۇقلىرىنى پۇلغا تولدۇرۇشى كېرەك ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تارالغان ياڭراق سادا بۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ئالتۇننىڭ جىرىڭلىشىدەك ئاڭلىنىشى كېرەك !...

دەرۋەقە ، جەننەتنىڭ ئۆزىمۇ خېلى كۆپ پۇل تاپتى . ھەر كۈنى بايۋەچچە خوجايىنلار بەرگەن پۇللارنى تارتىنماي ئالدى ، لېكىن ئۇنى قىزلىق ئار - نومۇسى پايمال قىلىنغانلىقىنىڭ ھەققى دەپ ئەمەس — بۇ شەرمىسارلىقتا ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئەيىبدار ئەمەس ، بەلكى بەربات بولغان تەقدىر - قىسمىتىگە بېرىلگەن تۆلەم دەپ قوبۇل قىلدى ! ...

* *

ئوخشاشمىغان يۇرت ، ئوخشاشمىغان تەقدىر ، ئوخشاشمىغان يوللاردىن كېلىپ ، جاھاننىڭ بىر چېتىدىكى بۇ بىگانە ياتاقتا جەم بولغان ئۈچ قىز بۈگۈن تۈنجى قېتىم دىلكەشلىك بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆھبەتكە چۈشتى .

— بۇ يەرگە كۆنۈپ قالغىنىڭلارغا ھەيرانمەن ! — دېدى خىسلەت ھەيرانلىقتا بېشىنى يېنىك سىلكىپ، — بۇ يەرنىڭ نېمىسى ياخشى ؟ !

— بۇ يەرنىڭچۇ، — دېدى نازاكەت شېتىلىلىك بىلەن قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ، — ھاۋاسى ياخشى، مۇھىتى ياخشى، ئەڭ مۇھىمى، پۇلى ياخشى !

— سىزگە پۇللا كېرەك بولسا، ئۇ ئۆز يۇرتىمىزدىمۇ بار-غۇ ! — دېدى خىسلەت تەئەججۇپ بىلەن.

— سىز بىزنىڭ ئۇيغۇر يىگىتلىرىمىزنى شۇنچىلىك سېخىي، مەرد، ۋاپادار دەپ ئويلامسىز ؟ ! — نازاكەت سوغۇق نەزەر بىلەن خىسلەتكە قاراپ قويدى، شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ئېسىگە ئۆرۈمچىدىكى ۋاقتىدا بىرنەچچە يىگىتنىڭ بەزىسى ساختا پۇل بىلەن، بەزىسى يالغان گەپ بىلەن ئالداپ ئانىي تاپقانلىقى كې-لىپ، ئەلەم بىلەن داۋام قىلدى، — خۇدا ساقلىسۇن ھازىرقى ئۇيغۇر يىگىتلىرىدىن ! بەلكىم ئۇلار بۇرۇن مەرد، ئالىيجاناب، ئالىپتە بولغىيدى ! تارىخىمىزدىن قارىغاندا، بىزنىڭ يىگىتلىرى-مىزدىن ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ باھادىرلار، پالۋانلار، ساھىبقىران-لار چىققىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، بىز ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلا-دى ئەمەسمۇ ! ؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادى دېگەن پۇتلىرى بۇقىنىڭكىدەك، كۆكرىكى ئېيىقنىڭكىدەك، بېلى بۆرى-نىڭكىدەك، بېشى قاپلاننىڭكىدەك، كۆڭلى دەرىيادەك بولۇشى كېرەك. ئەمما، بىزنىڭ ھازىرقى بەزى ئۇيغۇر يىگىتلىرى باھا-دىر - پالۋان بولۇش تۇگۇل، قورسىقى ئاچسا سېرىقئاش يەپ، ئۇسسىسا خام پىۋا ئىچىپ سىيگەك بولۇپ كەتتى !...

نازاكەتنىڭ ئاچچىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ يۇمۇرلۇق سۆزلى-رىگە جەننەت قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى. ئارقىدىن خىسلەتمۇ كۈلدى، ئەمما يۈزىدە ئازابلىق، مەيۈس سىزىقلار پەيدا بولدى. بۈگۈن خىسلەتنىڭ سىلىق، سۈزۈك زاڭىقى بىر ئاز

ئېچىگە پاتقان، كۆزلىرىنىڭ تېگى ـ تېگىدە ئاللىقانداق غەمكىن-لىك بىلەن ھەسرەتنى ئىپادىلىگۈچى نۇقتىلار يالتىرايتتى.

— نازاكەت، بىز قىزلار ئۆزىمىزنى ھەمىشە پۇلنىڭ ئەترا-پىدىلا چۆرگىلەيدىغان چۆرگىلىمەچ قىلىپ، ئۇدۇل كەلگەن ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىۋېرىسەك بولامدۇ؟ — دېدى خىسلەت ياتاق-دىشىغا سوئال نەزىرىدە قاراپ، — بۇ دۇنيادا پۇلدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نەرسىلەر يوقمۇ؟!

نازاكەت خىلىدىن بېرى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ياستۇقىنى نېرى ئىتتىرىپ، گەۋدىسىنى تىك كۆتۈردى، ئۇنىڭ يۇپقا ھال رەڭ ئىچ كىيىمىدىكى ئاپئاق بەدىنى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى.

— سىزنىڭچە، بۇ دۇنيادا پۇلــدىــن ئۈستۈن يەنە نېمە باردۇر خىسلەت؟— دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ،— يوق، زادىلا يوق! بۇ دۇنيا پۇلنىڭ دۇنياسى! شـۇنىڭ ئـۈچۈن ھەممە يەردە «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ»، بىزدە نېمە چارە!؟ خوتۇن خەقنىڭ كۈچى ئىككى كۆزىگىلا يېتىدۇ، ھـەممە ئىشنى يىغلاپ ـ قاقشاپ ئـۆتكۈزۈۋېتىمىز! تۇرمۇش ئاشۇنداق ئادىل ئەمەس، سەن ئۇنىڭغا كۆنمىسەڭ، ئۇ سېنى مەجبۇرىي كۆندۇرىدۇ!...

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ! — دېدى خىسلەت ئۇنىڭ گەپلىرى-نى كاللىسىغا سىغدۇرالماي، — بىز ئۆزىمىزنى ئۇنداق ئاجىز، ئۇنداق مەھكۇم چاغلىساق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش-كە تەۋە ئىشلار! خوتۇن خەقمۇ ئادەم، ئۇنىڭمۇ ئىززەت ـ نەپسى بار، ئىشق ئوتى بىلەن تولغان يۈرىكى بار! بىز ھازىر ئۆزىمىز-نىڭ ئەركىن مۇھەببىتىنى، پاك سۆيگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە، ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە ھەقلىق!...

مانا بۇ خىسلەتنىڭ ھەقىقىتى ئىدى. ئەركىن مۇھەببەتكە، ھالال، پاك سۆيگۈگە ئۆمرىنى بېغىشلاشقا تەييار تۇرغان، جۈپتى

ھالاللىقا ئىنتىلىدىغان شەرم ـ ھايالىق قىزنىڭ ھەقىقىتى ئىدـ
دى ! ...

— قېنىــى شۇ ئەركىن مۇھەببەت بىلەن پاك سۆيگۇ ! ؟ ـ دېدى نازاكەت تەنە قىلغاندەك قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ ،— بۇ ئالەمدە يوق ، زادىلا يوق ، سىڭلىم ! ئۇ پەقەت كىتابتىلا بار ، ئالەمدە يوق !

نازاكەت چوڭقۇر ئۇھسىندى ، نېمىدۇر يۈرىكىنى سىققاندەك بولدى .

«ئۆتكەن ئۆمۈر — كۆيگەن كۆمۈر » دەيدۇ . راست ، ئۇنىڭ گۈلدەك ياش ئۆمرى خازان بولدى . كىملەردۇر ئۇنىڭ سەممىمىي ، پاك ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى مەككارلىق ، ۋاپاسىزلىق ئويۇنلىرى بىلەن پايخان قىلدى ، كىملەردۇر ئۇنىڭ سەبىي ، ئوتلۇق ھېسسىـ ياتلىرىنى ھايۋانىي مۇئامىلىلەر بىلەن خورلاپ بۇلغىدى ... نەتىجىدە ، ئۇ ئۆزىنىــڭ تىنچ ـ ئاسايىشلىقىنىــى ، ئىنسانىــي ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى يوقىتىپ قويدى ، يۈرگەندە يولى ، ئولتۇرـ غاندا ئورنى كۆيىدىغان بولۇپ قالدى...

نازاكەت ئېغىر خۇرسىنىشتىن كېيىن ، تېزلا ئەسلىدىكى خۇشخۇي ھالىتىگە كەلدى ۋە خىسلەتكە يۈزلىنىپ مۇنداق دېدى :

— خىسلەت ، سىز ناھايىتى چىرايلىق ھەم سۆيۈملۈككەنـ سىز . ئەمما نەچچە كۈندىن بېرى سەپسالسام ، سىزنىڭ كۆڭلىـ ڭىزدە قانداقتۇر بىر سىرلىق دەردىڭىز باردەك قىلىدۇ ، كۆڭلىـ ڭىز خۇشال ئەمەس ! ھەرقانداق دەردىڭىز بولسا ، بىزگە ئېيىـ تىڭ ، ئىچىڭىز بوشاپ قالىدۇ . بىزنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرىمىز ئوخشاش !

— مېنىڭ دەردىم ئېيتقانغا تۈگىمەيدۇ ، نازاكەت ئاچا ! — دېدى خىسلەت ئايانچلىق بىر ئاۋازدا ، — مەن بىر تۇتقۇن ! تۇتقۇن ئۆزى خالىغان ئەركىنلىككە ئېرىشمىگىچە ، ئۇنىڭ كۆڭلى خۇشال ، دىلى ئازادە بولالمايدۇ ! بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى

مېنىڭ بۇ كۆزلىرىم بۇ يەردە نېمىلەرنى كۆرمىدى ، مەن بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئۇنتۇماقچى ، كۆكسۇمدىن يۇلۇپ تاشلىماقچى ! ...

— شۇنداق ، خىسلەت ! بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ قەلبى جارا- ھەتكە تولغان !— دېدى جەننەت ئۇمىدسىز كەيپىياتتا تۇنجى قېتىم ئېغىز ئېچىپ .

نازاكەتنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى ، ئىككى سىڭلىسىنىڭ دەردلىك ئۆكسۇشلىرى ئۇنىڭمۇ دىل - بەھرىنى پەرىشان قىلغان- دى . ئەمما ئۇ ئەزەلدىن قايغۇ - ھەسرەتلەرگە ئاسانلىقچە بوي بېرىدىغان قىزلاردىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ، غۇلاچلىرىنى يېيىپ ، ئىككى سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ، ئۆز ۋاقتىدا كىتابلاردىن ئوقۇغان سۆيگۈ قىسمەتلىرى توغرىسىدىكى بايانلارنى مارجاندەك تىزىپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئەزەلدىن شۇ قىزلار : تەقدىر - قىسمەت ئالدى بىلەن ئىشق - مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈۋاتقانلارنى ئۈمىدسىزلىك سەھراسىدا سەرگەردان قىلىدۇ . ئۈمىدسىزلىك چېكىگە يېتىپ ، ئاشىق - مەشۇقلار راسا ھالسىرىغان ۋاقىتتا بىرلا ھىممەت بىلەن ئۇلارنى غەم - غۇسسە زۇلمىتىدىن ئازاد قىلىپ ، مۇراد چەشمىسىگە يەتكۈزىدۇ . ئۈمىدسىزلىك سەھراسى- دا سەرسان بولغان پەقەت بىزلا ئەمەس ، قىزلار ! بىزدىن بۇرۇن كۆپ ئاشىق - مەشۇقلار ئۆتكەن ، لەيلى - مەجنۇن ، پەرھات- شېرىن ، تاھىر - زۆھرەلەر . ئۇلار سۆيگۈ - مۇھەببەت مەيدانىدا ئاشىق - مەشۇقلۇق تۇغىنى كۆتۈرۈپ ، جاپا - مۇشەققەت ناغرد- لىرىنى چالغان ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ مۇھەببەت قىسسىلىرى ئاجايىپ ۋە قىزىق . ئىشقنىڭ ئېگىز - پەس كوچىلىرىدا ئۇلار ناھايىتى كۆپ دەردۇ بالالارنى تارتقان ، ئاخىر ئۇلار ناھايىتى كۆپ ئازاب - ئوقۇبەت ، سانسىز مۇشكۇل - كۈلپەتلەردىن كېيىن مۇرادلىرىغا يەتكەن ! مانا بۇ «جاندىن كەچمەي ، جانانغا يەتكىلى

بولمايدۇ» دېگەن ھەقىقەت !— دېدى ئۇ ۋە ئاخىرىدا يەنىلا ئۆز مەنتىقىسى بويىچە يەكۈن چىقاردى ،— بۇگۈنكى كۈندە بۇ «جا-نان» باشقا نەرسە ئەمەس ، دەل ھەممىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغان پۇل ! شۇڭا ، ھازىرقى دۇنيادا يارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەندىن ، پۇلغا ئېرىشكەن كۆپ ياخشى ! ...

مانا شۇ سۆزلەردىن كېيىن ، نازاكەتنىڭ كۆڭلى بىردىن روھلاندى ، بايىقى پەرىشانلىقلىرى دەرھال تارقىدى ، كۆزلىرى سۇزۇلۇپ ، يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى . ئۇ ، تام ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان سۇس زەڭگەر يىپەك كۆڭلىكىنى كىيدى ، دىل - بەھرى تېخىمۇ ئېچىلدى ، جىلمىيىپ قويدى ، زىننەتلىرى ئويناپ ، چېھرىدە مەمنۇنلۇق پارلىدى . كې-يىن نىگاھىنى تىكلىمە ئەينەككە يۆتكىدى : ئەينەكتىن پارىژ قىزلىرىنىڭكىدەك ئاق ۋە سۇزۇك چىراي ئاللىقانداق نازلىق تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى . ماڭلايدا توزغۇپ تۇرغان قوڭغۇ-راق چاچلار ، قۇندۇزدەك نۇرانە قاشلار ، شوخ چاقنىغان كۆزلەر ، چىمدىپ ئالغاندەك بۇرۇن ، ئويماقتەك لالە رەڭ ئېغىز... ئۇنىڭ يۈز - كۆزىدىن پۈت - قوللىرىغىچە ھېچقانداق ئېۋەن تاپقىلى بولمايتتى ، ھەممىسى ئۆزىگە ياراشقان ، بىر - بىرىگە ماس ئىدى...

لېكىن ، تۇرۇپلا ئۇنىڭ يۈرىكى «شۇۋ» قىلىپ قالدى ، كۆڭلىدىن ئاللىقانداق يېقىمسىز خىياللار كەچتى : ھازىر ئۆزىغۇ ياش ، ھۆسنىمۇ ھەۋەس قىلغۇدەك . ئەمما ياشلىقمۇ ، گۈزەللىكمۇ بىر ئۆمۈر بەخشەندە ئەمەس ، خۇددى ئېقىن سۇدەك ئۆتىدۇ - كېتىدۇ . ئاخىر ئادەم بۇ دۇنياغا ئىككى مەرتەم تۆرەلمەيدۇ - دە ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۆمۈر ، ياشلىق دېگەنلەر بەك قىسقا ... ئۇنداق بولسا ، نازاكەتنى يەنە قانداق تەقدىر ، قانداق كېلەچەك كۈتۈۋاتقاندۇ ! ؟...

*　　　　　　　*

ئۈچ قىزنىڭ سۆھبىتى بەزىدە قىزىپ ، بەزىدە سوۋۇپ چۈش-كە يېقىنلىشىپ قالدى . بۈگۈنكى بۇ سۆھبەتتە ئەڭ جىمىغۇر بولغىنى جەننەت بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي تۈگەشكىنىنى ئېيتىپ يىغلاپ كەتكەندە ، يەنىلا خىسلەت ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى كۆتۈردى :

— بۇ ئىشلاردا سىزنىڭ ئەيىبىڭىز يوق ، جەننەت ! هاياتى-ڭىزنىڭ پۈتۈنلەي بەربات بولغانلىقىغا مەن ئىشەنمەيمەن . بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ! توغرا ، هەرقانداق ئادەمنىڭ قەلبىدە جاراهەت بولىدۇ ، پەقەت چوڭ ـ كىچىكلىكى ، ئېغىر ـ يېنىكلى-كى ئوخشاشمايدۇ . خالاس ! ئەمما جاراهەتنى يوق قىلىۋېلىش ياخشى ئەمەس ، ئۇنى ساقايتىشنىڭ ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاما-لىنى قىلىش كېرەك ! ئادەم دېگەن ئۆز قەدرىنى ئاز ـ تولا بىلىشى ، غۇرۇر بىلەن ياشىشى كېرەككۇ !...

خىسلەتنىڭ ئاخىرقى سۆزى خۇددى «خۇدۇكى بارنىڭ مۇڭ-كى بار» دېگەندەك ، نازاكەتكە تېگىپ كەتتى . ئۇ ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان يېرىدىن شاققىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ ، خىسلەتكە سوغۇق نەزەر بىلەن قارىدى ۋە ئاللىقانداق جۇشقۇنلۇق بىلەن مۇنداق دېدى :

— سىز نېمىدەپ ئويلىۋېدىڭىز ، خىسلەتخان ! ؟ بەلكى مې-نىڭمۇ ئۆز غۇرۇرۇم باردۇر ، شەرمەندىدە غۇرۇر بولمايدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ ! ؟

چىرايى تۇتۇلغان نازاكەتنىڭ چېھرىدە هامان ئاچچىق ۋە مەسخىرىلىك بىر ئىپادە ، بەتگۇمانلىق سىزىقلىرى ، مازاق قىل-غاندەك غەلىتە كۈلكە كۆرۈنۈشلىرى ئۆچمەي تۇرغانلىقىنى كۆر-گەن خىسلەتنىڭ يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى ـ دە ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن تەمشىلىۋىدى ، ئەمما جەننەت :

— قويۇڭلار بۇنداق ناخۇش گەپلەرنى !— دېدى ئازراق سۈۋاقچىلىق قىلىپ ، — كىلىڭلار ، ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاپ كۆڭلىمىزنى كۆتۈرەيلى ، بۇ بىۋاپا دۇنيادا !

ئۇ كىچىك ئۇنئالغۇنى قويۇۋەتتى ، ئۆي ئىچىدە ئاجايىپ مۇڭلۇق ، دەرد ـ ئەلەمگە تولغان بىر كۈي ياڭراشقا باشلىدى . بۇ دەردلىك ، مۇڭلۇق غەزەل ناخشىچىنىڭ دىل ـ دىلىدىن سىزىپ چىقىپ ، مۇزىكا پەدىلىرىدە گاھ ئىڭراپ نالەپ ، گاھ قايناپ ئەۋجىگە چىقىپ ، پىغان تارتىپ ، ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرىغا باش ئۇراتتى ، ئارقىدىن ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ مۇڭغا چۆمەتتى…

«كۆمۈش كۆكنىڭ ئاق لەيلىسى كېزەر جاھاننى ،
ئۇنىڭ گۈزەل كۇلۇشلىرى قىينايدۇ جاننى .
ئايغا قاراپ ئۆز يارىنى ئويلايدۇ جانان ،
ئايغا قاراپ جانانىنى ئەسلەيدۇ ئوغلان»

خىسلەتنىڭ پۈتۈن خىيالى ناخشا ـ مۇزىكىدىن كۆتۈرۈلگەن ئوتلۇق ئاھاڭلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ، يىراق ـ يىراقلاردا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى …

ئۇ ئۇتۇقنى ئەسلىدى ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن خۇشال ، بەختلىك كۈنلەرنى كۆز ياش ئىچىدە ئەسلىدى . بۇ گۈزەل خاتىرىلەر بىر دەقىقە بولسىمۇ گويا بۇلۇت ئارىسىدىن يالت قىلىپ كۆرۈنگەن قۇياش نۇرىدەك ، ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى يورۇتۇپ ئۆتتى ، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئاستا شىۋىرلىدى : «ئۇتۇق ، مەن سىزنىڭ مۇشۇ ئازابلىق ، چۈشكۈن كۈنلەردە يېنىمدا بولۇپ ، ماڭا كۈچ ، جاسارەت ۋە ئىلھام ئاتا قىلىشىڭىزنى نەقەدەر خالايتتىم ـ ھە ! ؟… سىز ھازىر نەدە ؟ كېسەل كۆرۈۋاتامسىز ، ئوپېراتسىيە ئۇستىدىمۇ ـ يە ؟ مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپتىڭىزمۇ ؟ … دادام بىلەن ئانامغا مەن ئۈچۈن تەسەللى بېرىپ قويۇڭ ! مەن

كېتىمەن، چوقۇم كېتەلەيمەن! بۇ جاھاننىڭ ھەمىشە بۇنداق قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك بولۇشىغا، بەزى قارانىيەت ئادەملەرنىڭ ھەمىشە بۇنداق زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىۋېرىشىگە ئىشەنمەيمەن!… »

خىسلەت شۇ كۈنلەردە ئۇتۇقنى بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى، ئۇنىڭ قەلبىنى ئاشۇ ناخشىنىڭ مۇڭلۇق كۈيىدەك ھىجران، سېغىنىش ۋە مەيۈسلۈك تۇيغۇسى بەند قىلىۋالغانىدى. دېمىسىمۇ، بۇلبۇل قەپەسدە بولغان بىلەن، ھامان چىمەن ئۈچۈن سايرايدۇ - دە!

ئۈچ قىز يۇرتىنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى سېغىنىپ قالغانمۇ قانداق، مۇڭلىنىپ، سۈكۈتكە چۆمۈپ، دىققەت - نەزىرىنى كىچىككىنە كۈي ساندۇقىغا تىككىنىچە خىيال بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. ئەمدى ئۈنئالغۇدىن دۇتارنىڭ لەرزان ئاۋازى ياڭرىدى، قايسىبىر دەردمەن ناخشىچىنىڭ نازۇك بارماقلىرى تار ئۈستىدە ئوينايتتى، قايغۇ - ھەسرەتكە تولغان بۇ كۈي تارلارنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. بۇ مىسكىن سادا كىملەرنىڭدۇر باشپاناھسىز، غېرىب - غۇربەتتە قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ناخشىچى گويا نازۇك تارلارنى تىرناپ يىغلىتىۋاتقانغا ئوخشايتتى:

«سېغىنىپ ھەسرەتتە قالدىم،
ئاھ، كۆيدى يۈرەكىم بۈگۈن.
ئانىلار بولسۇن ئامان دەپ،
ئاھ، تىلەكىم شۇدۇر بۈگۈن.

ياش تۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم،
ئۆتمۈشكە زار بولدۇم بۈگۈن.
پەپىلەپ ئەركە ئۆستۈرگەن،
ئانامغا زار بولدۇم بۈگۈن… »

بۇ ناخشا خىسلەتنىڭ كۆڭلىگە ئوت تاشلىدى، ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغانچە ناخشا تىڭشايتتى:

«مەن يىراق چۆللەردە قالدىم،
تاڭلارغا يار بولدۇم بۈگۈن.
بۇلبۇلۇم دەپ ئەركىلەتكەن،
ئۇنىڭغا زار بولدۇم بۈگۈن.»

ناخشىنىڭ سۆزلىرى ناخشىچىنىڭ يۈرىكىدىن بىر ئاز داۋالغۇپ، تىترەپ چىقاتتى، ئۇنىڭ ئىسسىق نەپسى، تاتلىق تىلى، چوڭقۇر مۇڭى ھەرقانداق باغرى تاشنىڭمۇ يۈرىكىنى ئېرىتكۈدەك ئىدى. شۇ تاپتا، بۇ ناخشا، بۇ مۇڭ مۇشۇ ئۆيدىكى بىردىنبىر ئەبەدي، بىردىنبىر مۇقەددەس نەرسىدەك بىلىنەتتى…

بۇ مۇڭلۇق كۈي بىر ئاز بولسىمۇ خىسلەتنىڭ جېنىغا ئارام بەرگەندەك بولدى، يۈرىكىنى مىجىقلاپ، ئازاب بېرىۋاتقان قايغۇ - ئەلەم، دەرد - ھەسرەتلىرىنى سۇ قىلىپ، شەھلا كۆزلىرىدىن ئاققۇزۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھەدېسىلا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئاشۇ مۇدھىش قارا كۈن كېلىپ، تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى!…

خىسلەت شۇ كۈنى كەچكىچە ناخۇش يۈردى، ئاغزىغا تاماق، كۆڭلىگە گەپ تېتىمىدى. كەچتىمۇ ئۇيقۇسى كەلمىدى، ياتاقداشلىرى مېھمان كۈتۈپ، ھېرىپ - چارچاپ ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئىچى سىقىلىپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۈستەل چىرىغىنى ياندۇرۇپ، خېلىدىن بېرى كاللىسىدا پىشىپ، كۆڭلىگە تىزىلىپ قالغان شېئىري مىسرالارنى بىر - بىرلەپ قەغەزگە چۈشۈرۈشكە باشلىدى:

كۈلدۈردۈڭ، يىغلاتتىڭ سەن مېنى ھايات،
ئەركىمنى ئالدىڭدە سالدىڭ قاماققا.

مەن سىنى مىڭ تەستە ئالسام تىللاغا ،
سەن مىنى ئوپئوڭاي ساتتىڭ ياماققا !

خىسلەت شىئىرنى يېزىپ بولۇپ قەغەزگە تىكىلدى ، شېئىر ئۇنىڭ قولىدىن ئەمەس ، يۈرىكىدىن چىققانىدى . ئاھ ، يۈرەك ! شۇ تاپتا سىنىڭ ئېرىقلىرىڭدا ئېقىۋاتقىنى ئىسسىق قان ئەمەس ، بەلكى ئازاب يېشى ، ھىجىران زەھىرى ، سېغىنىش دەردى ئىكەن !...

3

بۇ يەردىكى تۇرمۇش دەپ ئاتالمىش سىرلىق ئالەمنىڭ مەۋ-ھۇم ۋە بىرئاز قورقۇنچلۇق ھادىسىلىرى خىسلەتنىڭ يۈرىكىگە غەشلىك ۋە غۇلغۇلا سېلىشقا باشلىدى . چۈنكى ، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى رېستوراننىڭ دىرېكتورى شىياڭ خوجايىن ئۇنىڭغا ۋاڭ فامىلىلىك ، قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايالنى «مامى» (ئانا) قىلىپ بەرگەنىدى . ۋاڭ مامى ئەتىگەندىن كەچ-كىچە خىسلەتنى ئارقىسىغا سېلىپ ، ئۇنىڭغا مېھمان كۈتۈشنىڭ-چاي قۇيۇش ، ھاراق تۇتۇش ، قورۇمىلارنى تىزىش ، مېھماننى قارشى ئېلىش ۋە ئۇزىتىش قاتارلىق ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ۋە «ھەرىكەتتە سىپايە ، مۇئامىلىدە سىلىق ، گەپ - سۆزدە ئىللىق» بولۇش لازىملىقىنى زېرىكمەي - تېرىكمەي ئۆگەتتى ، خىسلەتمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى . ھەرھالدا ، ئۇ ئۆزىنىڭ نازاكەت ۋە جەننەتكە ئوخشاش «ئۇچتە ھەمراھ» قىزلاردىن بولۇشقا زورلانمىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى . ئەمما ، بۇ ئىشتا ئارامگاھ خوجايىنلىرىنىڭ ئويلىغىنى بار ئىدى . ئۇلار يېپىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ ، بېلىقنىڭ نوچىسىنى تۇتۇش خىيالىدا ئىدى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ، خىسلەتتەك بۇنداق ياش ،

چىرايلىق قىزلارنى ئۆز مۇددىئاسى بويىچە كۆندۈرۈۋالسا، ئۇزۇن-غىچە ئۇلارنىڭ تىللا قاقىدىغان دەرىخىگە ئايلىناتتى. ئەمما هازىر خىسلەت تېخى ياۋا، تۇرگۇن ۋە ئۇركەك تاي ئىدى، ئۇنى سەۋر-چانلىق بىلەن پەپىلەپ كۆندۈرمىسە، شاشلىق قىلىپ ئۆز - ئۆزىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار خىسلەتنى دەسلەپكى بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆز خاهىشىغا قويۇ-ۋەتتى، ئەمما ئاستىرتىن كۆزىتىپ تۇردى، شۇ كۈنلەردە ئۇ، كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن بىر ئايال مۇلازىم بىلەن يېقىنلى-شىپ، ئۇنىڭ يانفونى ئارقىلىق ئۆيىگە تېلېفون قىلىۋىدى، بۇنى سېزىپ قالغان خوجايىنلار هېلىقى ئايال مۇلازىمنى يوشۇرۇن جازالاپ، رېستوراندىكى كۈتكۈچىلىكتىن ئاشخانىنىڭ يۇندىخور-لۇقىغا چۈشۈرۈۋەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئالاقە يوللىرىنى قات-تىق كونترول قىلدى. بۇنىڭغا يەنە يېقىندا يۈز بەرگەن غەلىتە بىر ئىشمۇ سەۋەب بولغانىدى:

بىر كۈنى كەچتە ئابدۇللا ۋە سابىت ئىسىملىك ئىككى يە-گىت ئارامگاهقا كېلىپ قالدى. ئۇلار شېنجېن، جۇخەي ۋە گۇاڭجۇ ئارىلىقىدا سودا قىلىدىغان هالال تىجارەتچىلەر ئىدى. ئۇلار ئارامگاهتا قەهۋە ئىچكەچ ئويۇن كۆرۈپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچىدى. كۈتۈلمىگەندە، ئۇلار بۇ يەردە يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناىدىغان، چاچلىرىنى ئاق سېرىق بوياپ، ئۆزلىرىنى ياۋروپالىق نازىنىنلار دەپ ئاتايدىغان ئىككى ئۇيغۇر قىزى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلار قايتىدىغان چاغدا ئىككى قىزنى «دېڭىز بويىدا ئويناپ كېلەيلى» دەپ ئۆزلىرى بىللە چىقىشقا كۆندۈردى ۋە ماشىنىسىغا سېلىپ، شەهەر سىرتىغا قاراپ ماڭ-دى. ئابدۇللا بىرنەچچە يىلدىن بېرى خېلى پۇل تاپقان بولسىمۇ، ئەمما ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى يوقاتمىغان تۇرگۇن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ بايا قىزلارنى كۆرۈپلا ئەرۋاهى ئۇچقان، ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا يېرىم يالىڭاچ ساغرا تولغاپ، مەيدە

قېقىپ چەت ئەلچە ئۇسسۇل ئويناشلىرى ، ھەرخىل قىياپەتتىكى چاكىنا ، تېتىقسىز قىلىقلىرى خورلۇقىنى كەلتۈرۈپ ، غۇرۇرىغا تەگكەنىدى . شۇڭا ئۇ ، كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر خىياللارنى پۇ-كۈپ ، بىرمۇنچە پۇلنى رەنىگە قويۇش ھېسابىغا بۇ قىزلارنى ئېلىپ چىققانىدى ···

ماشىنا شەھەرنىڭ قىستاڭ ، شاۋقۇنلۇق يوللىرىدىن ئايرى-لىپ ، يېقىملىق سەھرا پۇرىقى كېلىپ تۇرغان تىنچ ، ئازادە يولىغا كىردى . بۇ چاغدا ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى . شۇ چاغدا بىر قىز ئەندىككەندەك سورىدى :

— بىزنى نەگە ئاپىرىسىز ، ئابدۇللا ئاكا ؟ ئەجەب سەھراغا چىقىپ قالدۇققۇ ؟

ئابدۇللا ئېرەنسىزلا جاۋاب بەردى :

— سىلەرنى ئازراق سەگىتىپ قوياي دەپ سەھراغا ئېلىپ چىقتىم ، شەھەرنىڭ ھاۋاسىدا تۇنجۇقۇپ قالاي دەپسىلەر ! ···

قىزلارنىڭ كۆڭلىگە غۇلغۇلا چۈشتى ، ئۇلار بىر نەرسىدىن قورققاندەك ، ئەندىشە ئىچىدە كىمگىدۇر تېلېفون بەرمەكچى بو-لۇپ يانفونلىرىنى قولىغا ئېلىشتى .

— يانفونۇڭلارنى ئۆچۈرۈڭلار ! — دېدى ئابدۇللا كەسكىن تەلەپپۇزدا ، — بولمىسا تارتىۋېلىپ سىرتقا تاشلىۋېتىمەن !

قىزلارنى تىخىمۇ ۋەھىمە باستى ، ئۇلار دەسلەپ ئاچچىقلاپ چىچاڭشىدى ، كېيىن مۇلايىم ، شېرىن سۆزلەر بىلەن يالۋۇردى ، شۇ ئەسنادا ، ماشىنا يول بويىدىكى كەڭ كەتكەن ئېتىزلىق يېنىدا توختىدى . بۇ يەر كەچكى تىنجىقتا ھۆپۈلدەپ ، ئەسسىپ قال-غان بىلچىق سۇيىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پايانسىز شاللىق ئىدى .

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشتى ، ئابدۇللا قىزلارنى كىيىم سېلىش-قا بۇيرۇدى .

— جاي تېپىلمىغاندەك ، مۇشۇ يول ئۈستىدىلا مۇھەببەتلەش-

مەكچىمۇ ، سىلەر ؟ — دېدى قىزلارنىڭ بىرى بىزەڭلىك بىلەن ، — داق يەردە قانداق ياتىدۇ ، ئادەم !...
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئابدۇللانىڭ قەھىرلىك ئاۋازى بېسىپ كەتتى :
— تولا غىلجىڭلىق قىلماي ، سىرتقى كىيىمىڭلارنى سېلىڭلار !
— نېمىشقا ؟— يەنە بىر قىز تەرسالىق بىلەن سورىدى .
— بايا سىلەرنى سەگىتىپ قويىمەن دېدىمغۇ !— دېدى ئابدۇللا ۋە ئۇلارنى كىيىم سېلىشقا مەجبۇرلىدى .
قىزلار ئامالسىز سىرتقى كىيىملىرىنى سالدى ، پەقەت ئەۋرەتنى بىلەن كۆكسىلا پىنھان ئىدى . ئابدۇللا بىلەن سابىت ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئارقىغا قىلىپ ، ئىنچىكە شوينا بىلەن باغلىدى ، ئاندىن ئاستا ئىتتىرىپ ، شاللىقنىڭ خېلى ئىچكىرىسىگە ئەكىردى ۋە كەڭرەك بىر قىرنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ، پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويدى .
— ئەمدى سىلەر مۇشۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ،— دېدى ئابدۇللا شاللىقتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ، — يۇرتنىڭ ، مىللەتنىڭ شەنىگە قانداق داغ چۈشۈرگەنلىكىڭلارنى ئوبدان ئويلاڭلار ! ئويلاپ بولغاندىن كېيىن بىزنى چاقىرىڭلار ، بىز سىلەرنى ماشىنىدا ساقلايمىز !
قىزلار ئەجەبلەندى ، ھەيران بولدى . يىگىتلەرنىڭ بۇ قىلىقى ئۇلارغا بىر تۇرۇپ سېھىرگەرلىكتەك ، بىر تۇرۇپ چاقچاقتەك بىلىنەتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق زەي ، سېسىق شاللىققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي بىر - بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى . ئەمما بۇ ھەيرانلىق ئۇزۇنغا بارمىدى ، ھەش - پەش دېگۈچە چاقچاقنىڭمۇ ، شاللىقنىڭمۇ سىرى ئېچىلدى ، قىزلارنىڭ جېنى قاقشاشقا باشلىدى . ئېچىرقاپ كەتكەن پاشىلار تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ

ئاپئاق ، يۇمشاق بەدىنىگە نەشتەر تىقىپ ، ئىسسىق قېنىنى شو-
راشقا باشلىدى··· يارەببىم ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب
بارمىدۇر ؟ ! يۈزلەپ ، مىڭلاپ نەشتەر بىرلا ۋاقىتتا سانجىلسا ،
ھېلىمۇ بەدەن پارتلاپ كەتمەيدىكەن !··· بۇ پاشا دېگەن ئۆلگۈرلەر
قاچان تويۇپ بولدى قىلىدىغاندۇ ؟ ! لېكىن ئۇلار بولدى قىلىدى-
غاندەك ئەمەس ، ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق يۇمشاق بەدەننى ، بۇنداق
تاتلىق قاننى كۆرۈپ باقمىغاچقىمىكىن ، خۇشاللىقتا غىڭىلداپ ،
بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ ، ئىككى قىزنىڭ بەدىنىنى
ئۆتمىتۆشۈك قىلىشقا باشلىدى ، ئۇلارنىڭ بەدىنى ھۈررەك -
ھۈررەك ئىششىپ ، كۆكىرىپ كەتتى ، ئۇلار زادىلا چىداپ تۇرال-
مىدى ، نالە - زارى كۆككە كۆتۈرۈلدى ، ئاھۇ پەريادى شاللىقنى
بىر ئالدى···

— ئابدۇللا ، ئەمدى بولدى قىلايلى ، — دېدى سابىت بىر ئاز
ئەنسىرەپ ، — بۇ ئاچ كۆز پاشىلار ئۇلارنى تالاپ ئۆلتۈرۈپ قويى-
مىسۇن ، يەنە ! قارىغىنە ، نېمىدېگەن كۆپ پاشىلار بۇ ، بىر
شاپىلاق ئۇرساڭ ، ئالىقىنىڭدا ئون - يىگىرمىسى قالىدىكەن .

— مەنمۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەس ! — دېدى ئابدۇللا
چوڭقۇر بىر ئىچكى تىنىغۇ بىلەن ، — بۇ دۇنياغا مۇھەببەت ئايال-
لاردىن تارالغان ، ئاياللار بولمىسا مۇھەببەت بولمايدۇ ، مۇھەببەت
بولمىسا دۇنيانى زۇلمەت باسىدۇ ! ئۇلار ھاياتلىقنى بەرپا قىلغۇ-
چىلار ، ئۇلار ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى ئۇلۇغلىغۇچىلار ، ئۇلار مې-
نىڭ ، سېنىڭ ، ئۇنىڭ ئانىسى ، كېلەچەكنىڭ ئانىسى ! مەن
پەقەت ئۇلارنى سەگىتىپلا قويدۇم ، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى
ئۇنتۇپ قالمىسۇن دېدىم ، خالاس ! ئەمەلىيەتتە ، بۇ ئىشلارغا
ئۇلارمۇ ئەيىبلىك ئەمەس ، بىز ئەركەكلەر ئەيىبلىك ! بىز ئۇلارنى
ياخشى قوغدىيالمىدۇق ، ھىمايە قىلالمىدۇق ، ئۇلار ئۆز ئىچىدى-
مىزدىكى بەزىبىر ناجىنس ، ناكەس ، نامەردلەرنىڭ قولى بىلەن
ئاشۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتىدۇ ! ··· ،— ئابدۇللا سۆز-

لىگەنسىرى قىزىشتى ۋە ئاستا ماشىنىدىن چۈشۈپ يولنىڭ ئوتتۇ-
رىسىغا كەلدى ، ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ، يۇقىرى ئاۋاز
بىلەن كىمگىدۇر خىتاب قىلغاندەك ، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا
باشلىدى ، — ھەي ، خۇدا ! ئادەملىرىڭگە ئىنساپ بەرگىن ، مەز-
لۇم - ئاجىزلىرىڭنى ئۆز پاناھىڭ ئاستىغا ئالغىن ! ئەي ئوغۇل
بالا ئەركەكلەر ، قىزلىرىمىزنى قۇتقۇزايلى ، قوغدايلى ، ئاسراي-
لى ! ئۇلار بىزنىڭ ئانىلىرىمىز ، كەلگۈسىنىڭ ئانىلىرى ! بۇ
دۇنيادا يۆلەكسىزنى يۆلىگەن ھەقىقىي ئەركەكنىڭ ئىشى ! …
ئابدۇللانىڭ ئاۋازى بۇ كەڭ سەھرا قوينىدا ئەكس سادا
بولۇپ ياڭرىدى ، ئۇ گويا زۇلمەت ئاسمىنىدا چاققان نۇرلۇق
چېقىندەك ھەممە يەرگە تارالدى ۋە جان ھەلەكچىلىكىدە قالغان
ناتىۋان قىزلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ بەئەينى قۇدرەتلىك چۇقاندەك
ئېنىق ئاڭلاندى !…
ئىككى يىگىت قىزلارنى قايتۇرۇپ ئۆز جايىغا ئەكەلگەندە ،
ئۇلار گويا چالا ئۆلۈكتەك بولۇپ قالغانىدى . سابىت ئۆز دوستى-
نىڭ قانداقلارچە مۇشۇنداق جازالاش ئۇسۇلىنى — قان چىقارماي
جان ئالىدىغان ، دوزاخ ئازابىدىنمۇ بەتتەر قىينايدىغان ئاددىي ،
ئەمما بىر ئۆمۈر ئەستىن چىقمايدىغان ئەجەللىك ئۇسۇلنى ئويلاپ
تاپقانلىقىدىن ھەيران ئىدى…
ئۇلار قىزلارنى ئارامگاھنىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى ھەشەمەت-
لىك زالىغا ئەكىرىپ قويۇپلا قايتىپ كەتتى . خوجايىن ئۇلارنى
كۆرۈپ ھەم ئاچچىقلىدى ، ھەم قورقتى ، دەرھال ئادەم ئاجرى-
تىپ ، دوختۇرخانىغا ئاپاردى . قىزلار ئۈچ كۈندە ئاران ئەسلىگە
كەلدى ، يىگىتلەر رەنگە قويغان پۇل ئۇلارنىڭ ئىككى كۈنلۈك
داۋالىنىشىغا ئاران يەتتى…
مانا شۇنىڭدىن كېيىن ، خوجايىن ئارامگاھنىڭ قائىدە -
تۈزۈملىرىنى قاتتىق چىڭىتىۋەتتى : يېڭى كەلگەن قىزلارنىڭ
يانفون تۇتۇشىغا يول قويمىدى ، ئارامگاھنىڭ ياتاق ، رېستوران

ۋە بەزىخانىلىرىدىكى تېلېفونلارمۇ تېگىشلىك رەسمىيەت ئۆتمى-
سە، شەھەرنىڭ ئىچى - سىرتىغا ماڭمايتتى. «ئۆچتە ھەمراھ»
قىزلارنىڭمۇ خالىغانچە سىرتقا چىقىشىغا، بازار ئايلىنىشىغا رۇخ-
سەت قىلىنمىدى، ئەگەر چىقىش زۆرۈر بولسا، ئۇلارغا قوغدىغۇچى
ياكى نازارەتچى قوشۇپ بېرىلىدىغان بولدى...
خىسلەت ۋاڭ ئانىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئادەتتىكىچە مېھمان
كۈتۈشنىڭ قائىدە - يوللىرىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. بۇ جەرياندا
ئۇ ئىككىسىمۇ ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى. خىسلەتنىڭ ئەقىل -
ھوشى، ھۆسن - جامالى، سەمىمىي - ساددا قىلىقى ۋاڭ ئانى-
نىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى، ئامراقلىقىنى
قوزغىدى. شۇڭا ئۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا خىسلەتكە خۇددى ئۆز
قىزىغا، ئۆز قېرىندىشىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، سىلىق ھەم ئىل-
لىق مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇنىڭ تاماق يېيىشىدىن تارتىپ، يې-
تىپ- قوپۇشى ۋە يۇرۇش - تۇرۇشىغىچە غەمخورلۇق قىلدى.
بۇ ھال خىسلەتنىڭ قەلبىدە تۇنجى قېتىم تۇتقۇنلۇق، مۇساپىر-
لىق ۋە غېرىبلىق ئازابلىرىنى يەڭگىللىتىپ، قانداقتۇر ئانا مېھ-
رى بىلەن ئانا شەپقىتىنى ھېس قىلدۇرغاندەك بولدى. شۇڭا،
ئۇمۇ بارا - بارا ۋاڭ ئانىغا ئىچىكىشىپ كەتتى، كۆڭلىدە نېمە
گېپى بولسا ئىشەنچ بىلەن دەيدىغان بولدى. ھەمىشە ئۇنىڭ دېگەن
يېرىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئەس-
تايىدىل بەجا كەلتۈردى. ئۇنىڭ كۆڭلىگىمۇ ئايان ئىدى: ئەگەر
ئۇ بۇنچىلىك ئىشىنىمۇ قىلمىسا، بۇ يەردە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ
قېلىشى ياكى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر يەرلەرگە سېتىلىپ كېتىشى
مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ، كۆڭلى خالىمىسىمۇ، ئىچ - ئىچىدىن
بۇ يەرگە نەپرەتلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلار بەرگەن ئاش - نانني
ھالاللاپ يېيىش نىيىتىدە بۇ ئىشلارنى قىلىشقا كۆندى ۋە ئاستا-
ئاستا بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئىزدە-
مەكچى بولدى...

بۇ ھەيۋەتلىك بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ئالىي رېستو-راندا ، كۈتكۈچى ، مۇلازىم قىزلاردىن باشقا ، يەنە ۋەتەنىمىزنىڭ ھەر-قايسى يەرلىرىدىن كەلگەن خەنزۇ ، خۇيزۇ ، موڭغۇل ، ئۇيغۇر قاتارلىق ناخشىچى ، ئۇسسۇلچى ، لەپەرچى قىزلارمۇ بار ئىدى . خۇددى ئارتىسلاردەك چىرايلىق ياسانغان بۇ قىزلار كۈندۈزى نۆۋەت بىلەن رېستوران ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ، كەلگەن مېھمانلارنى تەبەسسۇملۇق تەزىم بىلەن قارشى ئالاتتى ۋە ئۇزىتاتتى . كەچتە بولسا ، ئىشرەتخانىنىڭ كىچىك زاللىرىدا ھەر خىل كىيىم ، ھەرخىل قىياپەتتە ئۇسسۇل ئوينايتتى ، ناخشا ئېيتاتتى ، كىم چاقىرسا ، شۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدىغان ، يېگەن - ئىچكەنلىرىنى ھەزىم قىلدۇرىدىغان ھەمراھلارغا ئايلىناتتى . ئۇزلۇكسىز ئىچىلىۋاتقان مەينىڭ ھارا-رىتى ، ياش قىزلارنىڭ تاتلىق ئاۋازى ، يوغان - يوغان كۆزلەرنىڭ ئوتلۇق بېقىشى ، ئىنچىكە ئەگىم قاشلارنىڭ سېھرىي كۈچى ، تىرسلاپ تۇرغان نازۇك بەدەنلەرنىڭ جەزبىسىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان بايۋەچچىلەر بىر - بىرلەپ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، ئۇلارنى گويا بىر دەستە گۇلنى قاماللىغاندەك قوللىرىدىن يېتى-لەپ ، يۇقىرى قەۋەتتىكى ئايرىم ھۇجرىلارغا كىرىپ كېتەتتى... بۇ قىزلار چىرايلىق ، كېلىشكەن ۋە شۇنداق مەسۇم ئىدىكى ، ئەگەر بىرەرى ئۇلار ھەققىدە گەپ قىلمىسا ، ھېچكىم ئۇلارنىڭ بىر پاھىشە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى . قارىماققا ، ئۇلار بەئەينى پەرىشتىگە ئوخشايتتى !...

بۈگۈن كەچتە ، مانا شۇ رېستوراننىڭ «ئەجدىھا كۆزى» ناملىق ئازادە ئايرىمخانىسىدا كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلدى . زىيا-پەتتە بار - يوق ئالتە ئادەم بار ئىدى . بۇلارنىڭ بەشى شياڭگاڭ ، شېنجېن ۋە جۇخەيلەردىن كەلگەن پۇلدار سودىگەرلەر ئىدى ، بىرى گۇاڭجۇلۇق شىركەت خوجايىنى بولۇپ ، زىياپەتنىڭ ساھىب-خانى ئىدى . بۇ يەرگە رېستوران خوجايىنى شياڭ دىرېكتورنىڭ

پات ـ پات كىرىپ ، مېهمانلار بىلەن ساھىبخانىغا ھۆسلە ـ
سۈلكەت قىلىپ تۇرۇشلىرىدىن قارىغاندا ، زىياپەت دەرىجىسىنىڭ
خېلى يۇقىرىلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . دېمىسىمۇ ، كاناپ داستىد-
خان سېلىنغان يوغان يۇمىلاق شىرە ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن
تولغانىدى . بىر تەخسىسى مىڭ يۈەنلىك راك دەمسىز ، بىر داند-
سى نەچچە يۈز يۈەنلىك قۇلۇلە دەمسىز ، بىر تېلى سەككىز يۈز
يۈەنلىك سەدەپ بېلىقى دەمسىز ، بىر لوقمىسى نەچچە يۈز يۈەن-
لىك قورۇما دەمسىز… ئىشقىلىپ ، زىياپەت ناھايىتى ھەشەم ـ
دەرەملىك ئىدى ، غىزا ـ تائاملارنىڭ كۆپلۈكىدىن تاماق شىرە-
سىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى ، غاز بويۇنلۇق بىللور قەدەھلەرگە
قۇيۇلغان هاراقلار چىراغ نۇرىدا ياقۇتتەك جۇلالايتتى…
بايۋەچچىلەر هاراقنىڭ تەپتىدىن قىزىشقاندىن كېيىن ، بىر
پەس ئالىتاغىل ئاۋازلار بىلەن تېلېۋىزوردا كالائوكې ناخشىسىنى
ئېيتىشتى ، بىر ـ بىرىگە چاقچاق قىلىپ كۈلۈشتى ، كېيىن
بۇنىڭدىنمۇ زېرىكتى . شۇ ئارىلىقتا ، بىرى رېستوران دىرېكتورد-
نى چاقىرتتى . ھايال ئۆتمەي ، چاچلىرى مايلاپ تارالغان ، كالتە
يەڭ ئاق كۆڭلەك كىيىپ ، ئالا بالداق گالىستۇك تاقىغان ، پۇل-
دارلارغا تولا خۇشامەت قىلىپ ، ئاغزى يۇمۇلماس بولۇپ قالغان
كاپچاق يۈز شياڭ دىرېكتور ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى .
— شياڭزۇڭ ،— دېدى خېلى قىزىۋالغان جۇخەيلىك بىر خو-
جايىن ، — تاماقمۇ يېدۇق ، هاراقمۇ ئىچتۇق ، ناخشىمۇ ئېيتتۇق .
بىزدىكى دەسمى تۈگىدى ، ئەمدى سىزنىڭ كارامىتىڭىزنى كۆر-
مەيمىزمۇ ؟
— شۇنداق ـ شۇنداق ! … ،— دېدى ساھىبخانا تەرلەپ
كەتكەن تاقىر بېشىنى سىلاپ قويۇپ ، — ئاڭلىسام ، شىنجاڭدىن
كەلگەن يېڭى پاقلانلار بار ئوخشايدىغۇ ! ؟
— بار ، بار … ،— دېدى شياڭ دىرېكتور خۇشامەتگۈيلۇق
بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ ، قولىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ ،— مەندە

بار ھەرقانداق نەرسە سىلەردىن ئايلانسۇن ! بىر ساھىبجا-
مال سەل - پەل ياۋا چىقىپ قالدى ، مەلۇم ۋاقىت كۆندۈرمە-
سەك ، تەپكەكلىك ، مۇڭگەكلىك قىلىپ ، مېھمانلارنى رەنجىتىپ
قويارمىكىن ! ...

— كېرەك يوق !— دېدى شىياڭگاڭلىق بىر سودىگەر قوللى-
رىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ شىلتىپ ،— بىزدە ھەرقانداق ياۋىلارنى
ئىندەككە كەلتۈرىدىغان دورا بار !— ئۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ ،
يانچۇقىدىكى ئامېرىكا دوللىرىنى ئىشارە قىلدى .

يەنە بىر بايۋەچچە ئۇنى قۇۋۋەتلەپ ، دەرھال مۇنداق دېدى :

— ھەرقانداق ياۋا كەپتەرمۇ قورسىقى تويسا ، پەرۋازىنىڭ
زەۋقىنى ئۇنتۇيدۇ ، شىياڭزۇڭ !

— قېنى ئەمىسە ، يېڭى ماللارنىڭ پەيزىنى كۆرۈپ باقمايلى-
مۇ ؟ — دېدى دەسلەپ سۆز ئاچقان خوجايىن تاقەتسىزلىك بىلەن .
ئۇنىڭ ئارقىدىنلا بىرنەچچەيلەن تەڭلا چۇۋۇرلاشتى :

— كۆرۈپ باقايلى ! ...

— ناخشىسىنى ئاڭلاپ باقايلى ! ...

— ئۇسسۇللىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ باقايلى ! ...

— يەپ باقمىغان شاكىلاتنىڭ تەمىنى تېتىپ باقايلى !...

شىياڭ دىرېكتور «بولىدۇ ، مانا ھازىر» دېگىنىچە ئارقىچە
مېڭىپ چىقىپ كەتتى ، ئۇ چىقىپلا ۋاڭ ئانىنى تاپتى ۋە خىسلەتنى
دەرھال ياساپ - جابدۇشقا بۇيرۇدى . ۋاڭ ئانا خىسلەتكە ئېسىل
كىيىملەر بىلەن گىرىم بۇيۇملىرىنى تەييارلاپ بەردى ، ئەمما
خىسلەت ھەرقانچە قىلسىمۇ ئالىيېشىل پەرداز بىلەن يېرىم يالى-
ڭاچ كىيىنىشكە ئۇنىمىدى ، ۋاڭ ئانىمۇ قاتتىق زورلىمىدى ،
ئۇنىڭ رايىغا باقتى ، زورلۇق ئىشلىتىپ ئۇنىڭ خەستە كۆڭلىگە
يەنە ئازار بېرىشنى خالىمىدى ، لېكىن شىياڭ دىرېكتور ۋاڭ ئانىغا
كايىپ كەتتى ، «شۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئەپلەشتۈرەلمەمسەن ! ؟ »
دەپ يەر تېپىپ چىچاڭشىدى ، ۋاڭ ئانا دىرېكتورغا رايىشلىق ،

ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن چۈشەندۈردى : «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقمايدۇ ، دېگەن گەپ بار ، خوجايىن ! — دېدى ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ،— بۇ قىز تېخى بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىغا ئانچە كۆنۈپ كېتەلمىدى ، يەنە بىرئاز ۋاقىت بېرىڭ ، ئاستا - ئاستا كۆندۈرۈپ كېتىمەن ! ... »

ۋاقىت زىخ ، مېھمانلار تەقەززا ئىدى ، شۇڭا ، شياڭ دىرېك-تورمۇ ئامالسىز قولىنى سىلكىپ : «بوپتۇ ، كىرىۋەرسۇن ! ئىز-زىتىنى بىلمەيدىغان سەھرالىق ... ئەمما ، بۇ ئىش قايتا تەكرارلان-مىسۇن ، بولمىسا ھېسابىنى سەندىن ئالىمەن !» دېدى ۋاڭ ئانىغا چالۋاقاپ . ۋاڭ ئانا يېنىك نەپەس ئالدى ، ئۇ ئېغىر بىر تەڭقىس-لىكتىن قۇتۇلغانلىقىغا خۇشال ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، خىسلەت بۇ كاتتا سورۇنغا تۇنجى قېتىم ئاددىي كۇتكۇچىلىك كىيىمى بىلەن كىرىدىغان بولىدى . ئۇ-نىڭ يۈز - كۆزلىرىمۇ پەردازسىز سىدام ئىدى ، شۇنداق بولسى-مۇ ، ئۇ يەنىلا خۇددى كۆرۈمسىز قۇلۇلە قېپى ئىچىدىكى سۈزۈك سەدەپتەك جەزبىدار ھەم جەلپكار ئىدى . ئاددىي كىيىم ئۇنىڭ خۇش پىچىم ، بەرنا بوي - بەستىنى ئۆزگەرتەلمىگەن ، توق قى-زىل لەۋلىرى بىلەن سېرىققا مايىل ئاپئاق چېھرى ھەرقانداق پەردازدىنمۇ كۆرۈملۈك ئىدى ...

شياڭ دىرېكتور يەنە بىر خىزمەت فورمىسى كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق ، قىرقىم چاچ ئايال بىللە بىلەن ئۈچ قىزنى باشلاپ كىردى . بۇلار خىسلەت ، نازاكەت ۋە جەننەتلەر ئىدى . قىزلار ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندا تۇيۇقسىز تولۇن ئاي پەيدا بولغاندەك ، ھەممەيلەن ئۇلارغا تىكىلدى .

نازاكەت قىپقىزىل پارقىراق رەختتە يېرىم يالىڭاچ كىيىن-ۋالغان ، كۆكسىدە قىزىل بېغىرداق ، بېغىرداقنىڭ ئۈستى ئۇش-شاق ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن چاقناپ تۇراتتى ، قورساق ، كىندىكى ئوچۇق ئىدى ، ئاستى تەرىپىدە بىر پېشى ئۇزۇن ، بىر

پېشى قىسقا تىكىلگەن چۈچىلىق ، زەرلىك كالتە يوپكا ، يەلكىسىدە چۈشۈپ تۇرغان يۇمشاق چاچلىرى قىزغۇچ رەڭدە بويالغان بولۇپ ، يۈز - كۆزلىرى ئوخشىتىپ قىلىنغان قېنىق گىرىمدە ئوتقاشتەك يالتىراپ تۇراتتى .

جەننەت ناخشا ئېيتىدىغان بولغاچقا ، نازاكەتتەك ئۇنچە جەزىبىدار ياسانمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭمۇ كىندىكى ئوچۇق ، مېغىزرەڭ يوتا - پاچاقلىرى بايۋەچچىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلاتتى...

مېھمانلارنىڭ ئىچىدىكى شياڭگاڭلىق خوجايىن — قىرىق ياشلاردىن ئاشقان ، چاچلىرى شالاڭ ، ئەمما سوزۇنچاق يۈزى بىلەن يوغان - يوغان قوڭۇر كۆزلىرىدىن تەمكىنلىكى ، سالاپىتى ۋە يەنە ئالىلىقانداق يوشۇرۇن ھېس - تۇيغۇلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان سۇلۇق قامىلىلىك بىرى خېلىدىن بېرى خىسلەتنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ تۇراتتى . خىسلەت ھەممەيلەنگە چاي قۇيۇپ ، بۇ خوجايىننىڭ يېنىغا كەلگەندە ، ئۇ خىسلەتنىڭ يۈزىگە ، كۆزىگە ناھايىتى يېقىن يەردىن تىكىلىپ ، مەپتۇنلۇق بىلەن خېلى ئۇزاق قارىدى ، تاسادىپىي ھالدا خىسلەتنىڭ كۆزىمۇ ئۇنىڭ ھېرىسمەن كۆزلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى ، قالدىيۇ ، بىر نەرسىدىن ئەندىككەندەك ، كۆزلىرىنى دەرھال باشقا ياققا ئەپقاچتى . ئەمما ، گۈزەللىك ۋە لاتاپەتتە تەڭسىز بولغان قىزنىڭ ئۇياتچان نىگاھى — شياڭگاڭلىق خوجايىنغا بايىقىدىنمۇ كۈچلۈك تەسىر قىلدى . بۇنداق قاراشتا بىر خىل غۇرۇر ۋە چوڭقۇر نەپرەت بىلەن بىللە ئالىلىقانداق مەسۇملۇق ۋە ئالىلىقانداق ساددىلىق ئەكس ئېتەتتى ، مانا شۇ بىر - بىرىگە ئوخشاشمىغان ئىككى خىل زىت ئىپادە ئۇنىڭ يۈزىگە قارىغان ئادەمدە ئالىلىقانداق ھېسداشلىق ۋە شەپقەت تۇيغۇسىنى ئويغىتاتتى . ئۇنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھۆسنى بىلەن ئاقىرىپ كۆرۈنگەن يۈزىنىڭ ۋە بىر پارچە چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ تەپتىگە ئادەم تاقەت قىلىپ تۇرالمايتـ

تى . ئاجايىپ چىراي ! ... توغرا ، بۇنداق چىرايغا قايىل بولماي ئىلاج يوق . بۇنداق چىراي ، بۇنداق ھۆسن ـ جامال بىلەن دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش مۇمكىن !...

خىسلەت ئۆزىنى باشتىن ـ ئاخىر كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرغان ئاچ كۆز خوجايىنىنىڭ يۈزىگە ھەيرانلىق ، جىددىيلىك ۋە بىر خىل نەپرەتلىك نىگاھ بىلەن قاراپ قويۇپ ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئاستا نېرى كەتتى ...

يەپ ـ ئىچىش ، كۈلكە ـ چاقچاق خېلى ئەۋجىگە چىقتى . نازاكەت ئۆزى ئېلىپ كىرگەن VCD پلاستىنكىسىنى قويدى ، تېلېۋىزوردىن شوخ ، ئويناق ھىندى مۇزىكىسى ياڭرىدى . نازاكەت خۇددى تەنناز خېنىملاردەك سەيلانە قامىتىنى ئوينىتىپ ، قاس ـ قاس دەسسىگىنىچە مەيدانغا چۈشتى ـ دە ، مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ ، شاخ تاشلاپ يورغىلاشقا باشلىدى ...

نازاكەت ھەقىقەتەنمۇ ھېسسىيات بىلەن گۈزەللىكنىڭ قوشۇلمىسى ئىدى . ئۇنىڭ ناز ـ كەرەشمىگە تويۇنغان ئويناق كۆزلىرى ، كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان يۇمران لەۋلىرى ، لەيلىقازاقتەك زىلۋا قامىتى ، پىشقان ئارتىسلاردەك يېقىملىق خۇلقى ، شوخ كۈلكىسى ھەرقانداق ئەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت بولۇپ چېچىلاتتى...

جاي تارراق بولغاچقا ، ئۇ خوجايىن ـ بايۋەچچىلەرنىڭ ئەتراپىدىلا ئايلىنىپ ئوينايتتى ، ئۇلار تىنماي چاۋاك چېلىشاتتى ، كۈلكە ، قىيقاس ، شاۋقۇن ھەممە ياقنى كۆتۈرۈۋەتتى . بۇنداق ساز ، يېقىملىق كۈلكىلەر ئىچىگە خۇددى بىر خىل يالپۇزنىڭ ياكى لىمونىنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى يوشۇرۇنغاندەك ئىدى...

ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويىدىكى تالمەجنۇندەك نازۇك ، قاشكۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ قىز ئۇسسۇلنى شۇنداق ئوينىدىكى ، ھەممىسى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى ، نازاكەتنىڭمۇ قانلىرى ئۇرغۇپ ، ئىككى مەڭزى جىنەستىدەك قىد-

ـزاردى . نىپىز ، يۇمران لەۋلىرىدىن شەربەت سىزىپ تۇرغاندەك ، تاتلىق ھېسسىياتلارغا چۆمدى...

نازاكەت پىرقىراپ يۈرۈپ ، ھەربىر خوجايىنىنىڭ يېنىغا كەلگەندە بىر خىل غىلجىڭ ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئۇرۇناتتى . بۇ قېتىم ئۇ ، شېنجېنلىق خېلى كېلىشكەن ، كۆزلىرىدىن شەھۋەتپەرەسلىكى چىقىپ تۇرغان بىر بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، بېشىنى سىلكىپ چايقىدى ، توزغۇغان چاچلىرى يەلكىلىرىدە يەلپۈگۈچتەك يەلپۈنۈپ ، بىر بۆلىكى كۆكرىكى ئۇس- تىگە چۈشتى . چىرايلىق ، ئاق بوينى ئېچىلىپ ، ئەتراپقا خۇددى يامغۇر يۇيۇپ ئۆتكەن باغنىڭ بېھىسىدەك خۇشبۇي — ئەركەك زاتىنى مەست قىلىدىغان ، ھوشىنى ئوغرىلايدىغان ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ بىر ھىدلىمىسا بولمايدىغان «جەننەت» ھىدى تارقاپ كەت- تى . ھېلىقى خوجايىن ئۆزىنى تۇتالمىدى ، نازاكەتنىڭ بېلىدىن تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى ۋە ئۇنىڭ ئۇششاق ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار چاقناپ تۇرغان بېغىرداقىنى قايرىپ ، ئىچىگە يۈز يۈەنلىك پۇل- دىن بىرنەچچىنى تىقىۋەتتى ، ئاندىن نازاكەتنىڭ ئوچۇق يەلكىسى- گە ، ئاپئاق بويىنىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن بىرنەچچىنى سۆيۈپ قويدى . نازاكەت بەللىرىنى ئېگىپ ، ساغرىسىنى تولغاپ ، راسا بىر ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ...

خىسلەت كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇنداق غەلىتە ، ھاياسىز قىلىقلارنى كۆرۈپ ، ھەددىدىن تاشقىرى ئۇيۇلۇپ ، نومۇس قىلىپ كەتتى ، ئۇنىڭ تېخى ئىپلاس ـ شەرمەندىلىكلەرنى كۆپ كۆرمى- گەن يۈرىكى قاتتىق خورلانغاندى . نەزىرىدە ، ھەممە نەرسىنى بىر يولى ۋەيران قىلىۋەتكەن پەۋقۇلئاددە بىر ھادىسە روي بەرگەن- دەك ۋە بۇنىڭغا ئۆزىمۇ ئەيىبلىكتەك بىلىنىپ كەتتى !...

راست ، تەبىئەت بەكمۇ مەسخىرىۋاز ئىكەن ! ئۇ شۇنچە ياخ- شى ئادەملەرنى يارىتىپ قويۇپ ، يەنە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۈلە-

دىكەن ، ئۇلارنىڭ بېشىغا تورلۇك ـ تومەن قىسمەتلەرنى سېلىپ ئازابلايدىكەن !…
بۇ دەھشەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە نەپرەت ۋە قورقۇش بىلەن نەزەر تاشلىدى ، تىترىگەن لەۋلىرىدە ئاللىقانداق سوغۇق بىر ھىجىيىش پەيدا بولدى ، ئۇ كۆزلىرىنى دەرھال يەرگە تىكتى…
نازاكەت بىرنەچچە ئۇسسۇل ئويناپ هاردى ، ئاخىرقى مۇزىكا توختىشى بىلەن بايىقى شېنجېنلىق بايۋەچچە ئۇنى يېنىدا ئولتۇر-غۇزۇۋالدى .
ئەمدى نۆۋەت جەننەتكە كەلگەنىدى . ئۇ دەسلەپ ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتتى ، ناخشىنىڭ ئۇدارى يېنىك ، رىتىمى شوخ ، ئاھاڭى يېقىملىق ئىدى . ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى ھېسسىياتلىق ، تە-سىرچان ئىككى ـ ئۈچى جايىدا ئولتۇرالماي ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى ، ئۇلار قوللىرىنى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ تاشلاپ ، غەلىتە ، كۈلكىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزلىرى خۇش قىلىشىۋاتاتتى . جەننەت كېيىن ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ئۆگەنگەن خەنزۇچە مۇھەببەت ناخشىلىرىدىن بىرنەچچىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېيتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن تاتلىق ، قۇلاققا يېقىشلىق ئىدى . ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان چاغدىكى ھالى-تى ، ھەرىكەت ـ قىلىقلىرى تولىمۇ نازاكەتلىك ھەم لاتاپەتلىك ئىدى ، ئۇنىڭ قاراشلىرى مەستانە ، تولۇپ كېلىۋاتقان خۇش پىچىم گەۋدىسىدە ئەركەك زاتىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاللىقانداق بىر سېھىر بار ئىدى .
ئۇنىڭ ناخشىسىغا مەھلىيا بولۇپ ئولتۇرغان جوخەيلىك بىر بايۋەچچە ئاشۇ جەننەتنى — بوغداي ئۆڭ ، غۇنچە بوي ئوماق قىزنى ياقتۇرۇپ قالدى . بۇ قىز شۇ كۈنلەردە ، ھەقىقەتەنمۇ ھەممە جەھەتتىن تولغانىدى : لەۋلىرى تولغان ، كۆكسى تولغان ، ساغرى-سى تولغان… ئىشقىلىپ ، قىز زاتىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەۋزەل-

لىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بار ئىدى .
جۇخەيلىك بايۋەچچە ئورنىدىن تۇرۇپ ، بىر قولىدا فرانسىيە ۋىسكىسىدىن بىر رومكا تۇتقىنىچە جەننەتنىڭ ناخشا ئېيتىپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇردى . ناخشىمۇ تۈگىدى ، تام ـ تورۇسلاردىن شوخ ، يېقىملىق باركاللا سادالىرى ياڭرىدى . شۇ چاغدا ، بايۋەچ-چە جەننەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، قولىدىكى رومكىنى تەۋەززۇ بى-لەن ئۇنىڭغا تۇتتى ، جەننەت دەسلەپ ئۆزرە ئېيتتى ، ئەمما باي-ۋەچچىنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن هاراقنى تەستىرەك ئىچىۋەتتى . شۇ هامان داڭلىق ئۇزۇم هارىقىنىڭ شېرىن كەيپى ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقان مەنزىرىلىرىگە شائىرانە بىر تۈس بېغىشلىدى...
بايۋەچچە يەنە بىر قەدەھ هاراق قۇيدى ۋە يەنە جەننەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، قولىدىكى رومكىنى ئۇنىڭ لېۋىگە ئارقا ـ ئارقى-دىن ئۈچ قېتىم تەگكۈزۈپ ، خۇددى ئۇنى تاتلىقىنە بىر سۆيگەن-دەك ئىشارىنى بىلدۈردى ، جەننەتنىڭ يۈزى هۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى ، بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە تېخى هايا ، گۈزەللىك دېگەن نەرسى-لەرنىڭ ئاز ـ تولا بارلىقىنى بىلدۈرەتتى ...
شۇ ئارىلىقتا ، خىسلەت بىر بايۋەچچىنىڭ ئىشارىسى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىكى بوش پىيالىغا چاي قۇيۇپ بېرىۋاتقاندا ، بايۋەچچە هېسسىياتىنى باسالماي ، قوپاللىق بىلەن خىسلەتنىڭ ساغرىسىنى سىلىۋىدى ، خىسلەت گويا نىجاسەتكە دەسسىۋالغاندەك سەسكى-نىپ ، ئۆزىنى چەتكە بۇرىدى ، قۇيۇۋاتقان چاي دەسلەپ داستىخان-غا ، ئاندىن هېلىقى بىزەڭ بايۋەچچىنىڭ يېنىدىكى شياڭگاڭلىق سۇڭ خوجايىننىڭ شىمىغا تۆكۈلۈپ كەتتى . سۇڭ خوجايىن «ۋاي» دەپ يوتىسىنىڭ كۆيگەنلىكىنى بىلدۈردى . شۇ چاغدا ، ئەمدىلا بۇ يەرگە كىرىپ تۇرغان شياڭ دىرېكتور چاچراپ كې-لىپ ، خىسلەتنى ئەدەپلىمەكچى بولۇۋىدى ، سۇڭ خوجايىن ئارىغا چۈشۈپ ، خىسلەتنى قۇتقۇزۇپ قالدى . ئەمما بۇ خورلۇق خىسلەت-

نىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەپ ، جان ـ جىنىدىن ئۆتۈپ كەتتى .

شۇ تاپتا ، بۇ يەردىكى خوجايىن ـ بايۋەچچىلەرنىڭ كۆڭلى كىر ، خىيالى پاراكەندە بولۇپ كەتكەندى . هارغىنلىق ، هاراق ـ شاراب ، زورۇقۇش ئۇلارنى تېخىمۇ بەتتەر بىر كەيپىياتقا سالغانىدى . دىمىسىمۇ ، ئۆزىنى تۇتالماسلىق ، مەيخورلۇق ، شەهۋەتپەرەسلىك — بۇلارنىڭ هەممىسى بىر بولۇپ ، ئادەمنى هەر كويلارغا سېلىشى مۇمكىن ئىدى !

شۇ تاپتا ، يەپ ـ ئىچىپ ، قىيامىغا يەتكەن بۇ بىرنەچچە پۇلدار ، زەردارلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ، كەيپىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن بۇ ئۈچ قىز بەئەينى تەڭدىشى يوق ئۈچ جانان — بىرى قۇياش ، بىرى ئاي ، بىرى يۇلتۇز ئىدى !

* *

خىسلەت بەك چارچاپ كەتتى . كىچىك بالىدەك خەقىشى كۆپ ، چىپىلغاق مۇشۇكتەك قىلىقى سەت بۇ مېهمانلارنى كۈتمەك ئۇنىڭغا هەقىقەتەنمۇ ئېغىر كەلگەنىدى . ئالاهازەل ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقاندا ، ئۇ پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ ياتىقىغا قايتىپ كەلدى . نازاكەت بىلەن جەننەت تېخى كەلمىگەنىدى ، خىسلەت قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا ، ئۇلارنى شىر كەيپ بولغان ئىككى بايۋەچچە بويۇنلىرىغا گىرە سېلىپ ئەچىقىپ كەتكەندى . شۇ چاغدا ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان خىسلەتنىڭ يۈز ـ چىرايىدە ناهايىتى تەشۋىشلىك ئالامەتلەر ئىپادىلەنگەن ۋە ئۇنىڭدا قانداقتۇر ئۆزگىچە خاس ، پەۋقۇلئاددە بىر غۇرۇر ئەكس ئەتكەنىدى . ئۇنىڭ قولى ئىشتا بولسىمۇ ، كاللىسىدا ئاجايىپ خىياللار ، سوئاللار هۆكۈمران ئىدى : ئۇلارنىڭ قىزلىق ئىپپىتىنى ، هايانى ، ئانىلىق بەخت ـ سائادىتىنى پۇلغا سېتىپ ، مۇشۇ

هالغا چۈشۈپ قېلىشىغا كىم ئەيىبلىك ! ؟ تىرىكچىلىكنىڭ ئې-
غىرلىقىمۇ ، يا ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ كۆچىيىپ كەتكىنىمۇ ! ؟
ياكى ئۆزىنى ھەممە نەرسىگە — ھەتتا خوتۇن ـ قىزلارنىڭ
ئىپپىتىگىمۇ خوجايىن ھېسابلايدىغان ئاشۇنداق پۇلدار بايۋەچچە-
لەرنىڭ ياۋايى ئىستەكلىرىمۇ ! ؟ ...
خىسلەت ياتاقىا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ، ھاياجىنىنى
باسالماي ، يالغۇزلۇقتا غېرىبسىنىپ ، يەنە چوڭقۇر ئويغا چۆمدى .
ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بەختسىز ، شور پېشانە قىز ـ جۇۋانلارنىڭ
تەقدىر ـ قىسمىتىنى ئويلاپ ، بۇنىڭ ئەيىبدارىنى ئىزدەۋەردى :
ئاياللارنىڭ ئەخلاقسىز بولۇپ ، بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا
زادى كىم ئەيىبلىك ، كىم ! ؟ ياكى ئۇلارغا ئارتۇقچە
ھۆرلۈك ـ ئەركىنلىك بېرىلىپ كەتتىمۇ ؟ ! ياكى ئەرلەردە ھىما-
يەت قالمىدىمۇ ! ؟...
ئويلاۋېرىپ خىسلەتنىڭ بېشىغا ئاغرىق كىرىپ كەتتى . شۇ-
ڭا ، بۇنداق ئايىغى چىقماس چىگىش خىياللارنى كاللىسىدىن
چىقىرىۋەتمەكچى بولدى . ئەمما ئۇلار خۇددى بىزەڭ چىۋىنلاردەك
يوپۇرۇلۇپ كېلىۋېرەتتى... ۋاي خۇدايىم ، ئايال كىشىگە شۇنچە
قىيىن ئىكەن ـ دە ! ؟ مانا ، ئۆزى ئىناق ، بەختلىك بىر ئائىلى-
نىڭ ئەتىۋارلىق قىزى ئىدى ، ھاياتتىن نالىمايتتى ، تۇرمۇشتىن
رازى ئىدى . ئەمما تەقدىر ئۇنى ئۆز قاينىمىغا تاشلاپ ، قىرغاقلار-
غا ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ، بۈگۈنكى ناتىۋان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى .
نېمىشقا ئەمدى ھەممە ئەيىبنى تەقدىر ـ قىسمەتكە دۆڭگەش
كېرەك ! ؟... بەلكى ئۇ ، ئاشۇ ھېيىزەم پار ـ پار ، ھۇسەيىن
پاقىغا ئوخشاش بەتنىيەت ، ياۋۇز ئادەملەر تەرىپىدىن تۇتقۇن قى-
لىنىپ ، سېتىۋېتىلمىگەن بولسا ، ھازىر ئاتا ـ ئانا ، يارۇ بۇرا-
دەرلىرى بىلەن شاد- خۇراملىق ئىچىدە ياشىماسمىدى ! ؟ ...
ئاھ ، بۇ دۇنيادا ئاياللار نېمانچە بىچارە ـ ھە ! ؟ ئۇلار دەردسىز ،
ئارمانسىز ، تەشۋىشسىز ياشىيالمايدىكەن ! قايسىبىر شائىر-

نىڭ : «بەختىيار قىزمەن ، زەررىچە يوق ئارمىنىم ! ...» دېگەن-دەك تاتلىق گەپلىرى يالغان ئوخشايدۇ ! ...

ئىشىكنىڭ يەڭگىل چېكىلىشى خىسلەتنى ئەندىكتۇرۇپ ، خىيالدىن سەگىتتى . ئۇ ئىشىك چەككۈچىنىڭ ۋاڭ ئانا ئىكەنلى-كىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئىشىكنى دەرھال ئاچتى .

ياتاققا ۋاڭ ئانا بىلەن شياڭ دىرېكتور كىردى ، ۋاڭ ئانىنىڭ قولىدىكى كۈمۈش پەتنۇستا ئىككى پاچكا ئالىي تاماكا بىلەن بىر قۇتا گېرمانىيىنىڭ قارا پىۋىسى تۇراتتى .

شياڭ دىرېكتور ھىجىيىپ ، يۇمشاق قۇرتتەك مۈلايىملىق بىلەن خىسلەتكە مۇنداق دېدى :

— سۇڭ خوجايىن شياڭگاڭلىق خېرىدار ، بىزنىڭ تىللا قاقىدىغان دەرىخىمىز . ئەمما سەن بۈگۈن ئۇنى رەنجىتىپ قويـ-دۇڭ . ھېلىمۇ ياخشى ، ئۇ ئالىيجاناب ئادەمكەن ، ئۆزى ئارىغا چۈشۈپ سېنى قوغداپ قالدى ، بولمىسا سەن بۈگۈن بىزنىڭ قائىدە - نىزامىمىز بويىچە قاتتىق جازالىناتتىڭ ! سەن ھازىر ئۇن بەشىنچى قەۋەتتىكى ئالتىنچى ئۆيگە چىقىپ ، سۇڭ خوجايىن-نىڭ ئالدىغا ماۋۇ نەرسىلەرنى قويۇپ ، ئۆزرە سوراپ چۈشكىن . شۇنداق قىلساڭ ، سەن گۇناھىڭنى يۇيغان بولىسەن ، سۇڭ خوجا-يىنمۇ بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ !

خىسلەت بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى ، ۋاڭ ئانا ھوشيارلىق بىلەن ئۇنى گەپ قىلماسلىققا ئىشارە قىلدى . خىسلەت نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى ، ئۇنىڭ يۈرىكىدى-كى قورقۇش ، ئەندىشە شۇ ھامان چىرايىغا تەپتى . بۇنى كۆرگەن ۋاڭ ئانا ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى :

— ھېچ گەپ يوق ، قىزىم ! قورقماي چىقىۋېرىڭ ، سۇڭ خوجايىن ياۋاش ، سەمىمىي ئادەم ، مەن سىز بىلەن بىللە چىقىمەن !

بۇ گەپ بىلەن خىسلەتنىڭ يۈرىكى سەل - پەل ئىزىغا

چۈشتى ، ئۇ ۋاڭ ئانا بىلەن بىللە بولسىلا ، ئۆزىنى ھەممىشە ئازادە ھەم بىخەتەر سېزەتتى . شۇڭا ئۇ ، ئىككىلەنمەيلا ۋاڭ ئانىغا ئەگە-شىپ لىفىتقا چىقتى ، ۋاڭ ئانا لىفتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ ، خىسە-لەتكە خۇددى ئۇنى تونجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ، ئاجايىپ بىر قاراش بىلەن ئۇزاق تىكىلدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ، قانداقتۇر تەشۋىش ، قىيالماسلىق ۋە ئاللىقانداق غەزەپ ـ نەپرەتكە ئوخشاش ئەبجەش تۇيغۇلار ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . خىسلەت ئۇنىڭ چىھرىدى-كى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇنى ئازابقا سېلى-ۋاتقان ئاللىبىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى . شۇڭا ئۇ ، ساددىلىق بىلەن سورىدى :

— ۋاڭ مامى ، سىزنىڭ بالىڭىز بارمۇ ؟

— بار ، بىر قىزىم بار ... ،— دېدى ئۇ مەيۇس ئاۋازدا .

— نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ — قىزىقىپ سورىدى خىسلەت .

— ئوقۇيدۇ ، بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە چىقتى ...

— مۇنداق دەڭ ... قۇرداش ئىكەنمىز ،— دېدى خىسلەت كۆڭلى يېرىم بولۇپ ،— بۇ يىل مەنمۇ ئالىي مەكتەپكە چىقىپ ئوقۇماقچىدىم ...

شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ ، خىسلەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيار-سىز لۆممىدە ياش ئېقىپ كەتتى . بۇ ياش گويا ۋاڭ ئانىنىڭ يۈرىكىگە سەپچىگەندەك ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قوي-دى ! ...

— قىزىم ... ،— دېدى ئۇ لىفت ئون بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ توختىغاندا ، — بۈگۈن بېشىڭىزغا ھەرقانداق ئىش كەل-سىمۇ ، ئۆزىڭىزنى قوغداڭ ، ئاسراڭ ! ... مەن سىزگە ھەمدەم بولالمەن ...

ۋاڭ ئانىنىڭ ئاۋازىدىكى تىترەك ، ھولۇقۇش ۋە ھاياجاندىن ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلىش ئۈچۈن ، قانچىلىك غەيرەتكە ، ئىرادى-گە ۋە قارامىلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى .

— كىرىڭ قىزىم ، كىرىۋېرىڭ ··· ،— دېدى ۋاڭ ئانا قولـ ـدىكى پەتنۇسنى خىسلەتكە بېرىۋېتىپ ،— مەن سىزنى مۇشۇ يەردە ساقلايمەن ··· غەيرەتلىك بولۇڭ ! ···

خىسلەت پەتنۇسنى ئالدى ، دېمىنى رۇسلاپ ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇردى ، كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ھەرخىل خىياللار ئۆتتى . ھەر ھالدا ، بۇ بايۇەچچە بىلەن ئۇچراشقان چاغدا ئوتتۇرىدا نېمە ئىشلار بولۇشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى ، ئەمما بۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆرۈشكە ھەرىكەت قىلاتتى ۋە شۇ ھامان يۈرىكى ۋەھىمە بىلەن تولاتتى···

ئۇ كۆڭلىدىكى دېلىغۇللۇقنى بېسىپ ، كىرىش قارارىغا كەلـ ـدى ، ئۇنىڭغا كارىدوردا ساقلاپ تۇرغان ۋاڭ ئانا مەدەت بولغانـ ـدى . ۋاڭ ئانىنىڭ بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆز خاھىشـى ئەمەس ، بەلكـى شياڭ دىرېكتورنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى . شياڭ دىرېكتور ئۇنىڭغا : «خىسلەتنى گەپكە كىرگۈزۈپ ، سۇڭ خوجايىننى رازى قىلىش ، ئەگەر خىسـ ـلەت بەڭۋاشلىق قىلىپ ، ياتاقتىن قاچماقچى بولسا ، ياتاقنىڭ ئىشىكىنى سىرتتىن تاقىۋېلىش ··· » ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى . لېكىن ھازىر ۋاڭ ئانا قانداقتۇر شياڭ دىرېكتورنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۆز بالىسىدەك ياقتۇرۇپ قالغان ئاق كۆـ ڭۈل ، مەسۇم بىر قىزنىڭ ئار ـ نومۇسنى ، ھاياتىنى ، كېلەچەـ ـكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ، ئانا قەلبىنىڭ خاھىشى بىلەن ئانىلىق ۋىجدانىنىـڭ بۇيـرۇقىنـى ئورۇنـداش نىيىتىگـە كەلـ ـگەنىدى !···

ئىشىك چېكىلدى ، ئىچىدىن «مەرھەمەت» دېگەن تەكەللۇپ بىلەن بىللە يېنىك شىپىرلىغان ئاياغ ئاۋازى كەلدى ۋە ھايال بولمايلا ئىشىك ئېچىلدى . سۇڭ خوجايىن ئېسىل ئۇخلاش كىيىـ ـمىدە ئىدى ، ئۇنىڭ بويىدىن فرانسىيە ئەتىرىنىڭ خۇشبۇي ھىدى چېچىلىپ تۇراتتى . ئۇ خىسلەتنى قوش قوللاپ ئىچكىرىگە تەكـ

لىپ قىلدى ، خىسلەت قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ ياتاققا كىردى ، ئۇنىڭ تەقدىرگە تەن بەرگەن كۆزلىرىدە يەنىلا قورقۇش — دەھشەتلىك بىر ۋەھىمە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ياتاق ئىچكىرى- تاشقىرى بولۇپ ، ناھايىتى ھەشەمەتلىك ھەم ئازادە ئىدى . ئەمما دېرىزە پەردىلىرى ھىم تارتىلىپ ، ئاسما چىراغلار ئۆچۈرۈۋېتىل- گەنلىكتىن ، ياتاقتا بىر خىل سۈرلۈك كەيپىيات بىلەن ئېغىر تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ، خىسلەتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ ، پىكىرلىرى چەلكەشلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ھەممە نەرسە خۇددى چۈشكە ئوخشاپ كەتكەنىدى...

سۇڭ خوجايىن خىسلەتنى خۇرۇم دىۋانغا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى چاي شىرەسىگە پۈتۈنلەي چەت ئەلنىڭ كەمپۈت - شاكىلات ، پېچىنە - پىرەنىكلىرىنى تۆكۈۋەت- تى ، ھەرخىل مېۋىلەرنى تىزدى ، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى كەل- تۈردى . ئەمما خىسلەت ھېچ نەرسىگە قول ئۇزاتمىدى ، سۇڭ خوجايىننىڭ شۇنچە مۇلايىم زورلاشلىرىمۇ ئۇنىڭغا كار قىلمىدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا «بۇ نەرسىلەردىمۇ ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پىكىر ھۆكۈمران ئىدى ، بۇنىڭ دەردى- نى كۆپ تارتقان خىسلەتنىڭ قەلبى ھەمىشە ئويغاق ھەم سەزگۈر ئىدى !

سۇڭ خوجايىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭغا بىرنەرسە يېگۈ- زەلمىدى ، ئەمدى ئۇ گەپ بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ ، شۇ جەرياندا بۇ ياۋا قىزغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئويلىماقچى بولدى ، شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرى بىرئاز تاقفا - تۇققا ئىدى ، بىردەم شياڭگاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ھەققىدە سۆزلىسە ، بىردەم ئامېرىكىنىڭ ئەركىن ، باياشات تۇرمۇشى ھەققىدە سۆزلەيتتى ، ئەمما ئۇنىڭ گەپلىرىنى يېرىم - يارتا چۈشىنىپ ئولتۇرغان خىسلەتنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى بۇ سۈر باسقان يەردىن تېزرەك

چىقىپ كېتىشتە ئىدى . شۇڭا ئۇ ، پات ـ پات سائىتىگە قارايت-
تى ، كۆزلىرىدىن ، چىرايىدىن بىر خىل ئەنسىزلىك بىلەن
دەككە ـ دۈككە چىقىپ تۇراتتى . سۇلۇڭ خوجايىن ئۇنىڭ بۇنداق
ئەندىكىپ تۇرغان ئوركەك تۇرقىغا قاراپ ، بۇنىڭدىن ئىككى سا-
ئەت ئىلگىرى ، شىياڭ دىرېكتورنىڭ ئالدىغا مىلىڭ ئامېرىكا دوللى-
رىنى قويۇپ ، خىسلەتنىڭ بىر كىچىلىكىنى سورىغاندا ، خۇشال-
لىقتىن كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن شىياڭ دىرېكتورنىڭ : «بولدى-
دۇ ، بولىدۇ ! مەن چوقۇم ياتاققا كىرگۈزۈپ بېرىمەن . ئەمما
بۇ قىز تېخى ياۋا ، تورگۇنرەك ، كۆڭلىڭىزنى دېگەندەك ئالالماس-
مىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن ! » دېگەندە ، ئۆزىنىڭ : «ئۇنچىلىك
نېزىقاش يۈزى ئېچىلمىغان ھەرقانداق قىزدا بولىدۇ ، يۈزىنى
ئېچىۋەتسەكلا ھەممە ئىش تۈگەيدۇ ! ... » دېگەنلىكىنى ئويلاپ ،
بۇ قىزغا تولىمۇ يەڭگىل باھا بېرىپ قويغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئىپ-
پەت ئېڭىنىڭ تولىمۇ كۈچلۈك ، جۈپتى ھالاللىققا ئىنتىلىدىغان
شەرم ـ ھايالىق قىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئەمما بولغۇلۇق
بولغان ، پۇلمۇ تۆلەنگەن ، بۇ قىزمۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى .
ئۇنىڭ نەزىرىدە ، بۇ قىز ھەرقانچە ياۋا ، تورگۇن بولسۇن ، ھامان
بىر كۈنى مۇشۇ يەردە ، ھامان بىرىنىڭ قولىدا قىزلىق ئىپپەت
ـ نومۇسىنى يوقىتاتتى ، بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا ئىدى .
شۇڭا ، كۆزى چۈشۈپ ، كۆڭلىگە ياققان بۇ چىرايلىق قىزدىن
باشقا بىرىنىڭ ھۇزۇرلىنىپ كېتىشىنى ئۇ ھەرگىز راۋا كۆرمەيت-
تى...

شۇ خىياللار بىلەن سۇلۇڭ خوجايىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ،
دەرھال مەقسىتىگە يېتىش نىيىتىگە كەلدى . ئۇ ناھايىتى سەمى-
مىي ۋە تەبىئىي قىياپەتتە خىسلەتكە : «بۇ يەرگە كىرىڭە ، خاز-
قىز ! مەن سىزگە ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسىنى كۆرسىتەي ،
ئەگەر خالىسىڭىز مەن سىزنى ئەتىلا شياڭگاڭغا ئەكېتىد-
مەن !... » دەپ ، ئۇنى ئىچكىرىگە باشلىدى . خىسلەتنىڭ كاللى-

ـسىدا «ئەتىلا بۇ نەس باسقان يەردىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغان ئوخشاي-
مەن» دېگەن ساددا پىكىر پەيدا بولۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا سوڭ
خوجايىنىنىڭ ئارقىسىدىن ھوجرا ئۆيگە كىردى. كارىۋاتنىڭ يې-
نىغا كەلگەندە، سوڭ خوجايىن ناھايىتى چاققان ھەرىكەت بىلەن
خوددى قوزىچاقنى باسماقدىغان قېرى بۆرىدەك، ئۇنى تۇيۇقسىزلا
كارىۋاتقا بېسىۋالدى ۋە خىسلەتنىڭ قارشىلىق قىلىۋاتقان نازۇك
قوللىرىنى قايرىپ، ئىپىز كىيىملىرىنى يىرتىپ - يىرتىپ سال-
دۇرۇۋەتتى. ئۇ شۇ تاپتا، گويا قان كۆرمىگەن سالجىدەك،
خىسلەتكە مەھكەم چاپلىشىۋالغانىدى. خىسلەتنىڭ يۈز - كۆزى
ئوت ئېلىپ لاۋۇلداپ، ئەت - ئېتى چىڭقىلىپ «پاڭگىدە» يېرى-
لىپ كېتىدىغاندەك كۆبجۇپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆزىگە
ئۇتتۇق كۆرۈندى، ئۇتتۇق گويا «مېنىڭ مۇھەببىتىم!» دەپ ۋار-
قىراۋاتقاندەك بىلىندى! مانا شۇ تۇنجى، پاك مۇھەببەت ئۇنى
چاقىرىۋاتاتتى، مۇھەببەت ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتاتتى،
مۇھەببەت ئۇنى گۈلگۈن سۆيگۈ دالاسىغا باشلاپ، ئاشۇ قۇدرەتلىك
سۆيگۈنى كۈچ قىلىپ خەتەرلىك ئەگىملەردىن، تىك چوققا،
مۇدھىش ھاڭـلاردىن جاسارەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىشكە دەۋەت
قىلىۋاتاتتى!...

سوڭ خوجايىن كۈچىگە، بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىغا تايىنىپ،
خىسلەتنى خېلى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ،
پۈتۈن جىسمى تەسىرچان سىملاردىن توقۇلغاندەك، شۇنداق ھايا-
جانلىق، ھېسسىياتلىق ھەم كۈچلۈك ھالەتكە كەلگەنىدى. ئۇ،
ئاستىدا تېپىرلاپ ياتقان خىسلەتنى تېخىمۇ قاتتىق بېسىپ، ئېمە-
لەرنىدۇر سۆزلەۋاتقان چىرايلىق ئاغزىغا سۆيمەكچى بولۇپ تۇم-
شۇقىنى سوزۇۋىدى، غەزەپكە كەلگەن خىسلەتنىڭ چىڭ ۋە بېجى-
رىم چىشلىرى ئۇنىڭ ئاستىنقى كالپۇكىنى شۇنداق قاتتىق چىش-
لىدىكى، مېغىزدەك بىر پارچە گۆش بىلەن شىلىمشىق ئىسسىق
قان ئۇنىڭ ئاغزىغا تولدى. سوڭ خوجايىن قاتتىق ئىڭرىغىنىچە

كارىۋات ئۈستىدە تولغاندى ۋە بىرنەچچە قېتىم تولغىنىپ ، ئاخىرى تۇۋىدىن ھەرە سالغان كۆتەكتەك گۈپپىدە يەرگە چۈشتى…

خىسلەت ئورنىدىن تۇرۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ، ئۇنىڭ ئەڭنىدە تېخى سالدۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن كالتە ئىشتاندىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . ئۇ كىيىمنى كىيىشكىمۇ تاقەت قىلمىدى ، ئەمەلىيەتتە كىيگۈدەك كىيىممۇ يوق ئىدى ، ھەممىسى يىرتىلىپ ، ساڭگىل - سۇڭگۇل بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ نېمىنىدۇر ئىزدىدى ، ئاخىر كارىۋاتتىكى بىر پارچە ئاق كىرلىكنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە ، بەئەينى ھىندى قىزلىرىدەك بەدىنىنى ئوراپ ، ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى…

خىسلەت ئىشىكنى شىددەت بىلەن ئاچتى - دە ، غەزەپتىن تىترىگەن ھالدا ، قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي بوسۇغىدا تۇرۇپ قالدى . شۇ چاغدا ، نەدىندۇر يۈگۈرۈپ چىققان ۋاڭ ئانا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى :

— ھەرنېمە بولسا قۇتۇلۇپ چىقىپسىز ، قىزىم ! — دېدى ئۇ خىسلەتنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — تېز بولۇڭ ، قېچىڭ !…

ۋاڭ ئانا خىسلەتنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ، لىفتنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى لىفتقا چىقىرىۋېتىپ تاپىلىدى :

— بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپلا ، زالدىن ئۆزىڭىزنى سىرتقا ئېتىڭ… سىرتقا چىققاندىن كېيىن ، ئوڭ قولىڭىزنى بويلاپ ئۈچ يۈز مېتىردەك ماڭسىڭىز ، بىر ساقچىخانىغا بارىسىز … ساقچىلارنى تېپىڭ ، ئۇلار سىزنىڭ يۇرتقا كېتىشىڭىزگە ياردەملىشىدۇ… خەيرخوش ، قىزىم !…

— ۋاڭ مامى ، سىز … ،— خىسلەت ياشلىق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئۇنىڭغا قارىدى .

— مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ ، قىزىم ! — دېدى ۋاڭ ئانا ئۇنى تېز مېڭىشقا دەۋەت قىلىپ ، — گۇاڭجۇ مېنىڭ ئۆز يۇرتۇم... نەدە بولمىسۇن جېنىمنى جان ئېتەلەيمەن !...

«ياخشى كۆكۈل — سۇزۇك بۇلاق» دېگەندەك ، خىسلەت ۋاڭ ئانىنىڭ ئىشلىرىدىن ئانا قەلبىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىللىق ۋە مېھرىبانلىقىنى ، دېڭىزدەك كەڭ ۋە بىپايانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى...

لىفت غىرىلداپ تۆۋەنگە شۇڭغىدى ، خىسلەت ھەش - پەش دېگۈچە بىرىنچى قەۋەتتىكى ھەيۋەتلىك زالدا پەيدا بولدى . ئۇنىڭ بەختىگە ، بۇ يەر تىنچ ، ئادەمسىز ئىدى ، چىراغلىرىمۇ غۇۋا يورۇتۇلغانىدى ، پەقەت بىر قوغداش خادىمى يوغان ئەينەكلىك ئىشىكنىڭ يېنىدىكى ساپادا مۈگدەپ ئولتۇراتتى . خىسلەت پۈتى-نىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى ، شۇنچە ئاۋايلى-سىمۇ ئىشىكتىن يەنە ئازراق غىچىرلىغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى ، مۈگدەپ ئولتۇرغان قوغداش خادىمى چۆچۈپ ئويغىنىپ ، كۆزلى-رىنى يېرىپ ئاچتى ، ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئەرۋاھتەك بىر نەرسىگە قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى . چۈنكى ، خىسلەت-نىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتى ، چۇۋۇلغان چېچى ، ئاپئاق كىرلىككە ئورالغان بەدىنى ئۇنى خۇددى كېپەنگە ئورالغان مۇردىدەك ئاشۇن-داق سۇرلۇك ھەم سىرلىق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى...

شۇ ئەسنادا ، لىفتتىن ئىگراپ ، ۋايساپ سۇڭ خوجايىن چىقىپ كەلدى ، ئۇمۇ ئۇخلاش كىيىمىدە ئىدى ، كىيىمىنىڭ ياقا ، يەڭ دېگەندەك خېلى يەرلىرىگە قان تېگىپ ، بۇلغىنىپ كەتكەنى-دى . سۇڭ خوجايىن تېخىچە بىر قولىدا ئاغزىنى تۇتۇپ گەپ قىلالمايتتى ، ئۇ قول ئىشارىتى بىلەن قوغداش خادىمىغا «ئۇنى قوغلا ، تۇت !» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۇقتۇردى ، قوغداش خادىمى-مۇ ئەمدى بىر نەرسىلەرنى چۈشەنگەندەك ، ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا يۈگۈردى...

بۇ چاغدا ، خىسلەت چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا يېرىپ بول-
غانىدى . ئۇ ۋاڭ ئانىنىڭ دېگىنى بويىچە ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ
كېتىۋېتىپ ، قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ، بىردەم ئۈيغۇرچە ، بىر-
دەم خەنزۇچە : «مېنى قۇتقۇزۇڭلار !» دەپ ۋارقىرايتتى . كوچى-
دا پەقەت ئادەم يوق ، ماشىنىلارمۇ ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ تۇراتتى .
ئىككى ـ ئۈچ ماشىنا ئۇنىڭ ۋارقىرىشىغا پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ
كەتتى . بەلكىم شوپۇرلار ئۇنىڭ تۇرقىدىن «ساراڭ ، ئەرۋاھ»
دەپ قورققان بولۇشى مۇمكىن ئىدى . قوغداش خادىمىمۇ ئۇنىڭغا
يېقىنلىشىپ قالدى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۆڭ خوجايىن لوكۇل-
داپ كېلىۋاتاتتى . خىسلەت بىر تەرەپتىن ئالدىغا يۈگۈرۈپ ، بىر
تەرەپتىن ۋارقىراپ ، ئاندا ـ مۇندا ئۆتۈپ تۇرغان ماشىنىلاردىن
ياردەم تەلەپ قىلاتتى .
شۇ ئارىلىقتا ، بىر ماشىنا ئۇنىڭ يېنىدىن ۋاشىشىدە ئۆتۈپ
كېتىپ ، يىگىرمە ـ ئوتتۇز مېتىر ماڭغاندىن كېيىن ، ئاستا
ئارقىسىغا يېنىشقا باشلىدى . خىسلەتمۇ بار كۈچى بىلەن : «مېنى
قۇتقۇزۇڭلار !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاشۇ ماشىنا تەرەپكە ئۆزىنى
ئاتتى . بۇ چاغدا ، قوغداش خادىمى بىلەن خىسلەتنىڭ ئارىلىقى
بىرنەچچە قەدەملا قالغانىدى . بايىقى ماشىنا ئارقىچە كېلىپ ،
خىسلەتنىڭ يېنىدا توختىدى ، ماشىنىدىن ئىككى ئۈيغۇر يىگىتى
چۈشتى ، ئۇلارنىڭ بىرى تەمبەل ، پالۋان قامەت ئىدى . ئۇ يۈگۈ-
رۈپ كەلگىنىچە خىسلەتكە ئېسىلغان ھېلىقى قوغداش خادىمىنى
بىر تېپىپ بىلەن يولنىڭ چېتىدە ياتقۇزۇپ قويدى . ئاڭغىچە
خىسلەتمۇ ماشىنىغا چىقىپ ئۈلگۈردى ، ماشىنا قوزغالدى . سۆڭ
خوجايىن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ، ماشىنا ئاللى-
قاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى...
خىسلەت ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىككى يۈرتدىشىدىن
شۇنداق مەمنۇن بولدىكى ، ئۇلارنى يەتكۈزگەن ئاللانىڭ شاپائىتى-
گە چىن دىلىدىن رەھمەت ـ تەشەككۈرلەرنى ئېيتتى ، شۇنىڭ

بىلەن بىللە ، ئۆزىنىڭ كىيىمسىز يېرىم ـ يالىڭاچلىقىدىن شۇنداق ئۇيۇلۇپ كەتتىكى ، ماشىنىغا كىرىپلا تۈگۈلۈپ يېتىپ يىغلاپ كەتتى...

ماشىنا شەھەرنىڭ ئاۋات ، رەڭگارەڭ كوچىلىرىدىن چىقىپ ، كەڭ بوشلۇققا ئورالغان ئازادە يولدا كېتىپ باراتتى . بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىمۇ ساپ ھەم سالقىن ئىدى . ئۈچ ناتونۇش مۇساپىر ئۆز تىلىدا ، ئۆز دىلىدىكىنى كەڭ ـ كۇشادە سۆزلىشىپ مېڭىشتى . ئانا تىل ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىدىن يۈرەكلەرگە قاراپ يول ئالغاندى . مانا شۇنىڭ بىلەن ، ئۇزۇندىن بېرى خىسلەتنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ ياتقان چېقىر تاش بىردىنلا غۇلاپ چۈشكەندەك بولدى ـ دە ، ئۇ بىردىنلا «ئۇھ» دەپ يەڭگىل تارتتى .

ئىككى يىگىتنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار بۈگۈن ئەتىگەن سودا ئىشى بىلەن جۇخەيگە بېرىپ ، شۇ يەردىن قايتىشى ئىكەن . ھازىر گۇاڭجۇنىڭ سەل چەت ، خىلۋەت يېرىدىكى تۇرار جايىغا قايتىدىكەن ، ئۇ يەر چەترەك بولسىمۇ ، ئەمما تىنچ ، خاتىرجەم ئىكەن . ئەگەر خالىسا ، خىسلەتنى بىرنەچچە كۈن شۇ يەردە تۇرغۇزۇپ ، ئاندىن يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويىماقچى بولۇشتى . خىسلەت خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، خۇشال بولدى ، ئۆز يۇرتداشلىرىنىڭ ياخشى ، ئىمانلىق ئادەملەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ، ئۆزىنى سىڭلىسىدەك كۆرۈپ ، يۇرتقا يولغا سېلىپ قويسا ، كېيىن بۇ خالىس ياخشىلىقنى چەندان ھەسسە ياخشىلىق بىلەن قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆز يېشى قىلدى...

ئىشقىلىپ ، ئۇ ھازىر يىغلىسىمۇ ، كۈلسىمۇ كۆڭلى خۇشال ، ئۆزى ئەركىن ، ئازاد ئىدى . ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر تاسادىپىي ئەھۋالدا «قۇياشلىق ئارال ئارامگاھى» دىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ، يۇرتداشلىرىغا ئۇچراپ قېلىشىمۇ بىر مۆجىزە ئىدى !...

ئادەم بۇ دۇنيادىكى ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتقۇچى ، شۇنداقلا ، بەزىدە ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۆجىزە !

مانا ، خىسلەت بۇ ئالتۇن قەپەستىن ، ياق ، تۇرمىدىن… ياق - ياق ، بىر دوزاختىن ئاخىر قۇتۇلۇپ چىقتى !…

## 4

خىسلەت ئاجايىپ بىر چىرايلىق قىرائەت ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى . بىردەم ئېغىناپ ، راھەتلىنىپ ياتتى . قىرائەت ئاۋازى ئۇنى بارغانسېرى ئۆزىگە رام قىلدى . ئۇ ، مۇنداق يېقىملىق ئاۋازنى ئۆز ئۆيىدە پات - پات ئانىسىدىن ئاڭلاپ تۇراتتى . ئانىسى ھەمىشە بامدات نامىزىدىن كېيىن ، جايناماز ئۈستىدە ئاپئاق رومالغا ئورىنىپ ، بەئەينى پەرىشتىدەك ئولتۇرۇپ ئەنە شۇنداق ئادەم ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىدىغان دىل تارتار ئاۋازدا قىرائەت قىلاتتى . بۈگۈن ئۇ ، خېلىدىن بېرى ئاڭلىمىغان بۇ خۇش ئاۋازنى بۇنداق يىراق ، بىگانە يەردە تاسادىپىي ئاڭلاپ ، دىل بەھرى ئېچىلىپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ دىيانەتلىك ، ئىمانلىق ياخشى ئادەملەرگە ئۇچراپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى . ئەمدى ئۇ ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولاتتى ، خۇددى بۇرۇن ئۆزى ئويلىغاندەك ، بۇ دۇنيادا ياخشى ئادەملەر ، ياخشى ئىشلار كۆپ ئىدى… مانا شۇ ئادەملەر شاپائەت قولىنى سوزۇپ ، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنى يۇرتىغا يولغا سالىدۇ ، ئۇ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۆزىنى يۇرتىنىڭ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىدا كۆرىدۇ ، ئۇتتۇقىنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىدۇ ، بۇرۇنقىدەكلا ئەركىن ، بەختىيار تۇرمۇشىنى باشلايدۇ !…

شۇ تاپتا ، خىسلەت خۇددى پەرۋازغا ئىنتىلگەن كەپتەردەك ، يۇرتقا ، ئاتا - ئانىسىغا ، ئۇتتۇققا تەلپۈنەتتى ، قىز قەلبىدە قوزغالغان بۇ كۈچلۈك تەلپۈنۈش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېنىك ، سەلكىن بىر دولقۇن پەيدا قىلدى . ئۇ دەسلەپ ئۆز - ئۆزىگە مەيۈس

تەبەسسۇم قىلدى ، كېيىن شوخ ۋە قىۋۋناق كۈلۈۋەتتى . مانا بۇ ، خىسلەتنىڭ بىرەر ئايدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئىچ - ئىچىدىن چىقىرىپ خۇشال كۈلۈشى ئىدى !

قىرائەت داۋام قىلىنىۋاتاتتى ، خىسلەت ئورنىدىن تۇردى ، ئۇلار ئاخشام بەرگەن ئەرەنچە كۆڭلەك بىلەن شىمنى كىيىپ ، بەئەينى ئوغۇل بالىدەك كالامپاي قىياپەتكە كىرىپ قالدى ، ئەمما بىر پارچە گۆھەر قەيەردە ساقلانمىسۇن ، ئۇ ساندۇقتىن بۇ ساندۇققا يۆتكەلسىمۇ ، ئۇنىڭ گۆھەرلىك قىممىتى يوقالمىغاندەك ، خىسلەت نېمىلا كىيمىسۇن ، هامان ئۇنىڭ قىزلىق نازاكىتى بىلەن لاتاپىتى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى .

ئۇ ئۆزى ياتقان كىچىككىنە هۇجرىنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ ، قىرائەت ئاۋازى كېلىۋاتقان ئۇدۇلدىكى مېهمانخانىغا قارىدى ، مېهمانخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى ، ئۇ يەردە ئاخشامقى ئىككى يىگىتنىڭ بىرى — يىگىرمە سەككىز ياشلارغا كىرگەن ، بۇرنى گۆشلۈك ۋە پۇچۇقراق ، ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان موللاجى سىمونت يەر ئۈستىگە سېلىنغان بىر پارچە رەخت ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ، قۇرئان قىرائەت قىلىۋاتاتتى . يىگىتلەرنىڭ «هېيت ئاغماق» ئىسىملىك يەنە بىرى تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان بولسا كېرەك ، مېهمانخانىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدىن يەڭگىل خورەك ئاۋازى كېلىۋاتاتتى .

خىسلەت ئۇلارغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ، ئاخشامدىن بېرى ئۆزىگە ئىسسىق ماكان بولغان بۇ هۇجرىغا يېڭىۋاشتىن سەپسالدى : بىر كارىۋات بىلەن كىچىككىنە بىر چاي شىرەسى سىققان بۇ ئۆيدە كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك هېچقانچە بىسات يوق ئىدى ، تاملىرىنىڭمۇ هاكلىرى ئۇركۈپ ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا ئۆمۈچۈك تور سالغانىدى . خىسلەت ئاخشام ياتقان كونا كارىۋاتتا بىر پارچە ماز كۆرپە بىلەن بىر سامان تەكىيە ۋە كونىراپ كەتكەنلىكتىن چەت - چۆرىلىرى پۇچۇلغان

گۈللۈك چايشاپ بار ئىدى . قارىغاندا ، بۇ ئۆي كارۋانلار
كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان يول بويىدىكى ئۆتەڭلەرگە ئوخ-
شايتتى . گەرچە ھۇجرا كىچىك ، مەينەت ، كۆرۈمسىز بولسىمۇ ،
ئەمما خىسلەت ئۈچۈن شۇنداق ئازادە ، شۇنداق مېھرى ئىسسىق
بىلىنىدى . چۈنكى ، ئۇ بۇ يەردە ئۆزى خان ، ئۆزى بەگ ئىدى .
ھېچكىم ئۇنى باشقۇرمايتتى ، پېيىگە چۈشمەيتتى ، خورلىمايتتى .
ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ يەر ئۇ تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ چىققاندا
ئۇنىڭغا ئەسقاتقان تۇنجى ئىللىق ماكان بولغانىدى !...

خىسلەت ھۇجرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى داتلىشىپ كەت-
كەن دېرىزىنى تەستە ئاچتى . ئۆيگە غۇررىدە سالقىن ، خۇشبۇي
ھاۋا كىردى . بۇ خۇشبۇيلۇق ئىچىدىن خىسلەتنىڭ بۇرنىغا رەيھان
ھىدى ئۇرۇلۇپ ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى . بالىلىقىدىن ۋۇجۇدىغا
سىڭگەن ، ئەمما ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان قەدىردان پۇراق . بۇ پۇراق
ئۇنى بىردىنلا ئۆز يۇرتىغا ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھويلىسىغا ئېلىپ
كەتتى . ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى ئانىسى ھەممىشە سۇغىرىپ - پەر-
ۋىشلەپ ئۆستۈرگەن تەشتەك - تەشتەك رەيھانگۈللىرى ئەتىياز-
دىن كۈزگىچە پۈتۈن ھويلىنى خۇش پۇراققا تولدۇراتتى ، خىس-
لەت ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئاشۇ چىرايلىق
غۇنچىلىغان رەيھانگۈللىرىنى ئوچۇملاپ پۇراشنى ياخشى كۆرەت-
تى . بۇگۈنكى بۇ پۇراقمۇ ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك ئانا ھىدىنى ، يۇرت
ھىدىنى ئېلىپ كەلگەندەك يېقىملىق تۇيۇلدى . خىسلەت ئۆزىنى
ھەممىشە شۇ قەدىمىي شەھەر ۋە شۇ قەدىناس كوچىلارنىڭ ئىگىسى-
دەك ، تەبىئەتنىڭ شۇ يەردىكى ئەركە قىزىدەك ھېس قىلاتتى .
مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنى بۇ شەھەر ۋە بۇ كوچىلاردىن تولىمۇ
يىراقتا ، قانداقتۇر بىر مۇدھىش جىمجىتلىق ئىچىدە تۇرغاندەك
سېزىشكە باشلىدى . بىردىنلا تېنى شۈركۈندى ، ھايات نىشانى يوق
تاشلاندۇق بىر ئارالدا يالغۇز ئۆزى قالغاندەك يۈرىكىنى ۋەھىمە
باستى ! ...

لېكىن ئۇ ، تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ، ئۆزىنىڭ هازىرقى قانداقتۇر سىرلىق ھەم سۇرلۇك «قۇياشلىق ئارال ئارامگاھى» دا ئەمەس ، بەلكى ئەركىن نەپەس ئېلىپ ، ئەركىن ھەرىكەتلىنەلەيدىغان ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتالايدىغان ئۆتكۈنچى بىر پاناھگاھتا تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ، يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى .

ئۇ دېرىزىدىن بويۇنداپ سىرتقا قارىدى ، يىراقلاردا ياپيېشىل ئېكىنزار ، باغ - ۋاران ۋە زومچەك - زومچەك دېھقان ئۆيلىرى بىلەن تۇرخۇنلىرىدىن ئاقۇچ ئىسى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كىچىك زاۋۇتلار كۆرۈنگەندەك بولدى . ئۇيەر - بۇيەرلەردە كۆرۈنگەن بىنالارمۇ ئانچە ئېگىز ئەمەس ، كونا ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇشلار ئىدى . خىسلەت ئۆزى تۇرۇۋاتقان بىنانىڭمۇ تۆت قەۋەتلىك كونا بىنا ئىكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ تۆتىنچى قەۋەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، بۇ يەر شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان تىنچ ۋە خىلۋەت بىر يەرگە ئوخشايتتى...

موللاجىنىڭ ئاۋازى ئۇنى دېرىزىدىن ئىشىك تەرەپكە قاراتتى :

— خىسلەت قىز ، تۇردىڭىزمۇ ؟

— تۇردۇم ! — خىسلەت ئىتتىك كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى .

يەگاھدا دەسلەپ موللاجى ، كېيىن ھېيت ئاغماق پەيدا بولدى . خىسلەت ئاخشامقى پالۋان قامەت ، نوچى يىگىتنى مانا ئەمدى يېقىنلا يەردىن ئوچۇق كۆرۈپ تۇراتتى .

ھېيت ئاغماق ئوتتۇز ياشلاردىن ھالقىغان ، چىناردەك بەستلىك ، ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتمايدىغان دېۋەڭ ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ قاشلىرى قويۇق ، ئۇيۇم قاپاق ، كۆزلىرى يىلاننىڭكىدەك سۇرلۇك ئىدى . بىر مەزگىللىك قاتتىق چېنىقىش ئۇنىڭ بولجۇڭلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان بولۇپ ، گورەنلىرى بۇقىنىڭ يەلكىسىدەك بۆرتۈپ چىققان ، پۇت - قوللىرى ئېيىق شاپىلىقىد-

ـدەك يوغان ۋە قوپال ئىدى . ئاللا ئۇنىڭغا گەرچە ئاشۇنداق سېخىيلىق بىلەن بېجىرىم تەن ۋە ھايۋانىي كۈچ ئاتا قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئەقىل جەھەتتە سەل بېخىللىق قىلىپ قالغاندى . شۇڭا ئۇ ، بەزى چاغلاردا قورسىقى تويغاننى بېسىپ بېقىپ بىلمىدىغان ، ئالدىنى قاياققا قىلىپ قويسا ، شۇ ياققا قاراپ كېتىۋېرىدىغان ھاماقەتلىكلەردىن خالىي بولالمايتتى . بەزىلەر ئۇنىڭ نار تۆگىدەك بوي - بەستىگە ھەۋەسلىنىپ : «بۇ ئۆزى ئايۋان - سارايغا جەگە بولغۇدەك ئادەمكەن جۇمۇ !» دەپ قويايتتى .

نېمە ئۈچۈندۇر ، خىسلەتكە ئۇنىڭ تاپتاقىر قىردۇرۇلغان خاپان بېشى بىلەن ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىكى گىجىك ساقىلى ياقمىدى . بۇ كۆرۈنۈش ئۇنىڭ خىيالىغا بەزى كىنولاردىكى يامان ، زوراۋان ئادەملەرنىڭ خۇنۇك قىياپىتىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى . ئەمما ئۇ ، شۇ ھامان ئۆز خىيالىدىن ئۆزى خىجىل بولغاندەك ، يۈزى ۋىللىدە قىزاردى : ئەگەر ئاخشام ھېبىت ئاغىماقنىڭ ئاشۇنداق ئەلپازى ، ئاشۇنداق كۈچ - جاسارىتى بولمىغان بولسا ، ئۆزىنىڭ قايتىدىن تۇتقۇنلۇققا چۈشۈپ ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر كۈنلەرگە قېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدىغۇ !...

— مانا ماۋۇ نان بىلەن ئازراق پىششىق گۆش ، — دېدى موللاجى قولىدىكى تۈگۈنچەكنى خىسلەتكە ئۇزىتىپ ،— ئاشخانىدا مىنېرال سۇ بار ، ناشتا قىلىڭ . بىز سىرتقا چىقىپ كەتتۇق ، ئازراق ئىشىمىز بار ، پۈتتۈرۈپ چۈشكىچە قايتىپ كېلىمىز . ئاندىن سىزنىڭ ئىشىڭىزنى مەسلىھەتلىشەيلى ، بولامدۇ ؟

— بولىدۇ ،— دېدى خىسلەت مۇلايىم ئاۋازدا ، — ئەمىسە ، سىلەرنى ساقلايمەن .

— ھە ، راست ... ،— دېدى ھېبىت ئاغىماق چىقىپ كېتىۋېتىپ ،— سىزگە كىيىم ئالغاچ كېلەيلى ، قانداق رەڭ ، قانداق نومۇرنى كىيىسىز ؟

خىسلەت خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپ پەس ئاۋازدا دېدى :

— سىلەرنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، ئوتتۇراھال نومۇر، قانداق رەڭدە بولسا بولۇۋېرىدۇ … ، — خىسلەت ئىچىدە ئۆلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكىگە، ھەممىسىگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ـ تەشەككۇر ئېيتتى، ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلارغا بىرنى ئون قىلىپ قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىگە ئەھدۇپەيمان قىلدى.

— مۇشۇ ئۆيدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى موللاجى ئالاھىدە تاپىلاپ، — ئۇياق ـ بۇياقتا دوقۇرماڭ! مېھمانخانا تەرەپكە ئۆتمەڭ، ھەممىسى ئۆزىڭىزنىڭ بەختەرلىكى ئۈچۈن!…

بۇ گەپلەر خىسلەتكە غەلىتىرەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، بۇنى يەنىلا ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلى دەپ چۈشەندى. دېمىسىمۇ، ئۇ ھازىر قىلىنىڭ ئۈستىدە، بىرنەچچە خوجايىن، بايۋەچچىلەرنى داغدا قويۇپ قېچىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ تەرەپكە ـ تەرەپكە قويۇۋەتكەن كۆز ـ قۇلاقلىرىنى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ موللاجىنىڭ دېگىنى توغرا، بەختەرلىك ئۈچۈن بىر ـ ئىككى كۈن شەپە چىقارماي، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرغىنى تۈزۈك!…

خىسلەت ئازراق نان يەپ، مىنېرال سۇ ئىچىپ ناشتا قىلدى. ئاندىن موللاجىنىڭ دېگىنى بويىچە، دېرىزىنىمۇ مەھكەم ئېتىپ، كارىۋاتقا چىقىپ جىممىدە ياتتى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇنداق جىممىدە يېتىش ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىشقا باشلىدى، ۋاقىتمۇ بەك ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىندى. ئەمدى ئۇنى خىيال باستى، خىياللاردىن خىيال تۇغۇلدى، بۇ خىياللار ئاخىر بېرىپ ئۆتۈقنى تاپتى. بۈگۈن خىسلەتنىڭ كۆڭلى توق، خۇشال بولغاچقا، ھە دېسىلا خىيالىغا ئۆتۈق بىلەن ئۆتكەن مۇھەببەتلىك دەقىقىلىرى كېلىۋېلىپ، ئۇنى شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمدۈردى…

ھېلىمۇ ئېسىدە، شۇ كۈنى ئۆتۈق ئۇنىڭدىن شېئىر ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ چىڭ تۇرۇۋالدى. خىسلەتنىڭ كۆزلىرى ئوت بولۇپ ياناتتى، چېھرى ئىلھام ۋە ھاياجاندىن تېخىمۇ گۈزەللە-

شىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئاخىر ناھايىتى تاتلىق ئاۋاز بىلەن ئالدىنقى كۈنى يازغان ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئوقۇدى :

ئەي دوستلار ، شۇ قەدەر شېرىن ئىكەن بۇ ھايات ،
نە ھەسەلگە ، نە قەنتكە ، نە ھالۋىغا بار ھاجەت !

ئۇ چىرايىنى زادىلا ئۆزگەرتمەستىن ، سىپايە مەسۇم ۋە ساددا بىر ھالەتتە ئوقىدىكى ، شېئىرنىڭ ئۆزىدە راستى بىلەنمۇ ئەينى شۇ ھېس ـ ھاياجان يېزىلغان دەپ ئويلاش مۇمكىن ئىدى .

— ئۆزۈممۇ قايىل ، غەزەلنىڭ مەزمۇنى ئاددىي ، پىكىر يالىڭاچ ،— دېدى ئۇ كەمىنە ھالدا ،— ئەمما ئارۇز ۋەزنىدە سىناپ باقاي دېدىم …

لېكىن ، ئۇتتۇق ئەكسىچە ئۇنى ماختىدى ، شېئىردىكى ھاياتقا بولغان سەمىمىي ، ساددا مۇھەببەتنى ، شېئىردىكى چىرايلىق ئوخشىتىش ، سىلىشتۇرۇشلارنى ناھايىتى جايىغا چۈشكەن دەپ مەدھىيىلىدى … ئۇلار ئەنە شۇنداق لىرىك شېئىرلارنى ئوقۇپ ، رومانتىك ھېكايىلەرنى ئېيتىشىپ ، ۋاقىتنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى ، شۇ چاغدا خىسلەت ئەندىكـ كەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ : «ئۇتتۇق ئاكا ، ئەمدى قايتسام بولارـ مىكىن ؟» دەپ سورىدى . قىزنىڭ ئاۋازىدا نازدىن كۆرە ، ئەدەپكە ئوخشاش ئاللىقانداق بىر نىدا بار ئىدى . ئۇتتۇق ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ : «خىسلەت !» دېدى ئاجايىپ بىر تۇيغۇلۇق ئاۋازدا ، قىز يالت قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى ، يۈرىكى قاتتىق سوـ قۇپ كەتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، شۇ تاپتا پۈتۈن بارلىق يوقلۇققا قاراپ چېكىنىدى ، «ھايا» ، «نامەھرەم» دېگەن چۈشەنچىلەر بىر دەقىقە ئۆز مەنىسىنى يوقاتتى . يىگىت ئىختىيارسىز ھالدا قىزنى ئۆزىگە تارتىپ باغرىغا تاڭدى ، ھەممە نەرسە ئۇنتۇلدى ، يەرۇـ كۆك ، زامانۇ ماكان يوقلۇق قەرىگە سىڭىپ كەتتى ، زار ـ

ئىنتىزار قەلبلەر بىر ـ بىرىنى زىيارەت قىلىش، تەشنا لەۋلەر شەربەت تالىشىش بىلەن بەند بولۇپ كەتكەندى...

خىسلەت ئويلاپ، ئەسلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئىش گويا ھازىر يۈز بېرىۋاتقاندەك، يۈزى ئوت چاچقاندەك جىمىرلاپ، كۆزلىرى ئۇياتتىن قىسىلىپ كەتتى...

خىيالمۇ توگىدى، سوزۇلۇپ يېتىپمۇ چارچىدى. ئىچى پۇشقان خىسلەت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ تار كارىدورىغا چىقتى، ئۇ يەردىن ئاشخانىغا كىردى، ھېچ يەردە ئۆزگە ئەمەك بولغۇدەك بىرەر نەرسە يوق ئىدى. ئۇ ئاشخانىدىن چىقىپ، مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە تۇرۇپ قالدى. «بۇ ئۆيدە نېمە باردۇر؟ — ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ھەرخىل خىياللار كەچتى، — ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسى بارمىدۇر ياكى باشقا نەرسىسىمىدۇر؟ ئۇلار ئەجەب مېنى بۇ يەرگە كىرىشتىن چەكلىدىيا؟ !...»

ئىنسان تەبىئىتى چەكلەنگەن نەرسىگە ھېرىس كېلىدۇ. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىمۇ دەل ئەنە شۇ ھېرىسلىك تۈپەيلى جەننەتتىن قوغلانغان ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولغان خىسلەتمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس! ئۇنىڭدا تۇرۇپلا ئۆزى ئۇچۇن تېخى يوچۇن، بىگانە بۇ ئادەملەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. بۇ ئۆي ئۇنىڭ ئاشۇ ئىستىكىنى قاندۇرىدىغان سىرلىق ئاچقۇچتەك بىلىندى. ئەمما مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنغانىدى. خىسلەت خۇددى بىر تارتىپلا قۇلۇپنى ئېچىۋېتەلەيدىغان سېھىرگەردەك، ئىختىيارسىز ھالدا قۇلۇپنى تۇتۇپ تارتىپ باقتى. توۋا، راستتىنلا ئۇنىڭ قولىدا سېھرىي كۈچ باردەك، قۇلۇپ شىلىققىدە ئېچىلىپ كەتتى. خىسلەت قۇلۇپنى قولىغا ئېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ يالغاندىن سېلىپ قويۇلغان بۇزۇق قۇلۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇنىڭ مېھمانخانىغا بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشتى، ئۇ ئىشىكنى ئاستا

ئېچىپ ئۆيگە كىردى ، تۆت تەرەپكە ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى .
لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچقانداق ئالاھىدە بىرنەرسىلەر كۆرۈنمە-
دى ، بۇ ئۆيمۇ ئۆزى ياتقان ھۇجرىدەك ئاددىي ۋە بىسەرەمجان
ئىدى . بۇلۇڭدىكى ئېگىز پۇتلۇق قوش كىشىلىك كارىۋات بىلەن
ئۇنىڭ يېنىدىكى تۆت چاسا نىمكەش شىرەدىن باشقا ، كۆزگە
چۈشكۈدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى . ئۆينىڭ ھاۋاسى بۇزۇلۇپ
كەتكەنىدى ، قانداقتۇر سۈيدۈك ئارىلاش بىر خىل بەتبۇي پۇراق
دىماغنى ئېچىشتۇراتتى . خىسلەت ئۇدۇلدىكى دېرىزىنى ئېچىۋەت-
تى ، ئاندىن شىرە ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە خەنزۇچە گېزىت
بىلەن مۇقاۋىسىنىڭ يېرىمى يىرتىلىپ كەتكەن كونا بىر ژۇرنالنى
كۆرۈپ ، شۇنى بولسىمۇ ۋاراقلاپ ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش
ئۈچۈن كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ژۇرنالدىكى ھەرخىل رە-
سىملەرنى كۆرۈشكە باشلىدى . رەسىملەرنىڭ بەزىسى شەھۋانە
تۈس ئالغاچقا ، ئۇنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرۈپ قويدى ، ئۇ ئەزەل-
دىن بۇنداق چاكىنا ، پەسكەش نەرسىلەرنى كۆرسە ، كۆڭلى بىر
قىسما بولۇپ ، تېنى غىجىناتتى . ئۇ ژۇرنالنى پاققىدە تاشلاپ
قويۇپ ، گېزىتكە قول ئۇزاتتى ، شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر ئىش يۈز
بەردى : خىسلەت قورققىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ ، يۈزلىرى
تاتىرىپ ، جىمىمىدە ئولتۇرۇپ قالدى ، كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن
چىققان بىر نەرسە ئۇنىڭ پاچىقىنى دەسلەپ يەڭگىل ، كېيىن
قاتتىقراق تۇتتى . خىسلەت ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاتتىقراق نەپەس
ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى . ھېلىقى نەرسە ئۇنىڭ پۇتىنى ،
پاچىقىنى ئىككىنچى قېتىم يەنە تۇرتۇپ ، نوقۇدى ، بۇ قېتىم
تۇرتۇش بىلەن بىللە زەئىپ ئىڭرىغان ئاۋازمۇ ئاڭلاندى...
خىسلەت لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ، دەرھال كارىۋاتتىن
يىراقلاشتى ، كۆڭلىدىكى قورقۇنچنى زورغا بېسىپ ، كارىۋاتنىڭ
ئاستىغا قاراش ئۈچۈن بېشىنى ئەگدى ، ئەمما ھېچنېمىنى كۆرەل-
مىدى ، چۈنكى كارىۋاتقا يېپىلغان يىپ چايشاپ يەرگىچە ساڭگى-

لاپ ، ھەممە يەرنى توسۇۋالغانىدى . شۇ ئارىلىقتا ، كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن يەنە ئىڭرىغان ، بىر نەرسىلەرنى غىچىرلاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى . بۇ قېتىم خىسلەت تازا زەن قويۇپ ، بۇ نالىكار ئاۋاز-نىڭ قانداقتۇر بىر كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ ئەمدى خېلى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ، يۈرىكىمۇ ئىزىغا چۈشكەنىدى . شۇڭا ، قورقماي كېلىپ ، كارىۋاتتىن ساڭ-گىلاپ تۇرغان چايشاپنى قايرىدى ، قايرىدىيۇ ، ئۇ يەردە ياتقان بىر بالىنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايىنى كۆرۈپ ، ئىختىيارسىز ئارقىغا داجىدى . بالىنىڭ ئاغزى پلاستىر بىلەن يەملەنگەن ، ئىككى قولى بىر غۇلاچ زەنجىر بىلەن كارىۋاتنىڭ ئارقا پۇتىغا باغلانغانىدى ، يەقەت كىچىككىنە شويىنىدا چېتىپ قويۇلغان پۇتىلا ئانچە - مۇنچە ھەرىكەت قىلالايتتى...

خىسلەت بىردەم دېمىنى رۇسلاپ تۇرۇۋالدى ، ئاندىن غەي-رەتكە كېلىپ ، بالىنى باغلاقتىن بوشىتىپ چىقتى...

خىسلەت بۇ ناتونۇش بالىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . ئىچ - ئىچىدىن دەرد ئۇرۇپ كەتكەن ئون ئىككى ياشلاردىكى بۇ ئۆسمۈر ئۆز - ئۆزىدىن ناھايىتى ناتىۋان ئىدى ، خۇددى دەرەختىن شىل-دىرلاپ تۆكۈلگەن سارغۇچ ياپراققا ئوخشايتتى . ئەمما ئۇنىڭ كىچىككىنە چوغدەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى بىلەن ئاق سۇزۇك ، سىپتا يۈزىدىن ئۇنىڭ خېلى ئەقىللىق ، قەيسەر ، غۇ-رۇرلۇق بالا ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . دېمىسىمۇ ، ئۇ تولىمۇ قىزغىن ، ئىنتىلىشچان بالا ئىدى ، ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىلەر-گە تەئەججۈپ بىلەن قارايتتى . گەرچە يېشى كىچىك بولسى-مۇ ، ئەمما ھەمىشە ئۆز ئەقلى ۋە غورۇرى بىلەن ياشاشقا ئىنتىلەتتى...

— ئىسمىڭ نېمە ، ئۇكام ! — سورىدى خىسلەت ئۆز ئىنىسى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بۇ بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ .

— نەزەر ! — دېدى بالا خىسلەتكە مۆلدۈرلەپ قاراپ .

— بۇ يەرگە قانداق كەپ قالدىڭ ، ئۇكام ؟— ئىچى ئاچچىق بولغان خىسلەت نەزەرنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەكچى بولدى ،— بۇ زادى نېمە ئىش ! ؟...

نەزەر لەۋلىرى تىترىگىنىچە خىسلەتكە كۆيۈپ - پىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇ شىكايەت قىلدى ، داتلاندى ، بېشىدىن ئۆتكەن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ھېكايە قىلىپ بەردى ...

ئۇنىڭ ھېكايىسىدىن خىسلەت شۇنى چۈشەندىكى ، نەزەر يوسكاملىق ئىكەن ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىكەن . ئۇلار ئۈچ بالا بولۇپ ، نەزەر كەنجىسى ھەم بىرلا ئوغۇل ئىكەن . بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن مەكتەپتىن يالغۇز كېلىۋاتقاندا ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم ئالداپ تۇتقۇن قىپتۇ ۋە ئون نەچچە كۈن ئىچىدە ئىككى ئادەمنىڭ قورقۇتۇپ ، قاتتىق باشقۇرۇشى بىلەن بىرنەچچە بالا بىللە پويىزدا بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ ، ھاشىم توقۇناق ئىسىملىك بىرى باللارغا بىرنەچچە كۈن ئوغرىلىق ، يانچۇقچىلىق قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپتۇ . ئەمما نەزەر زادىلا ئۆگەنمەپتۇ ، تاياق يەپ تۇرسىمۇ بويۇنتاۋلىق قىپتۇ . ئۇنىڭ بۇنداق دىيانەتلىك ، ئىرادىلىك بولۇشىدا دادىسىنىڭ تەربىيىسى مۇھىم رول ئويناپتۇ ...

نەزەرنىڭ دادىسى ھەم ئىلىمدا ، ھەم دىندا خېلى يېتىلگەن ئادەم ئىدى ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەيتتى . نەزەرنى مەكتەپكە بەرگەن تۇنجى كۈنىدىن باشلاپ ، ئۇنىڭغا بولغان ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيىنى بوشاشتۇرمىدى ، ھەمىشە ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ : «بالام ، بېشىڭغا قىلىچ تەڭلىسىمۇ يالغان سۆزلىمە ، راستچىل ، سەممىمىي بول ! ئۆزۈڭنى ، قولۇڭنى ، كۆزۈڭنى ، نەپسىڭنى ھارامدىن نېرى تۇت ، ھارام نەرسە ئادەمنىڭ ئەقلىنى بۇلغاپ ، ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ !» دەيتتى .

كىچىك بالا پاك بولىدۇ ، ھارامنى ھەزىم قىلالمايدۇ ! نەزەر تېخىمۇ شۇنداق ، كىچىكىدىن شۇنداق تەربىيىلەنگەن ، ھارامدىن

ھەزەر ئەيلەپ ئۆگەنگەن . شۇڭا ئۇ : «باشقىلارنىڭ ھالال ھەققىنى ئوغىرىلاپ جان باققاندىن ، كىسەك چىشلەپ يۈرگىنىم ئەۋزەل !» دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە ئەھدە قىلغاندەك ...

ئەمما ، ئۇ بۇنداق «گەدەنكەش» لىكى ئۈچۈن ، نۇرغۇن بەدەل تۆلەپتۇ : تاياق يەپتۇ ، تورۇستىكى شامالدۇرغۇچقا ئېسىپ قويۇلۇپتۇ ، بەدەنلىرى تاماكا ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈلۈپتۇ ، ئاچ قاپتۇ ... شۇنداقتىمۇ ، نەزەر كۆزلىرىنى مىت قىلماستىن بۇ ئازابقا ، داۋاسىز دەردكە بەرداشلىق بېرىپ كەپتۇ ...

ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى مىسكىن تۇرقىنى ، چالا پوكان ئۆتتۈۋاتقان غۇربەت تۇرمۇشىنى ، غەم - قايغۇ باسقان بىچارە ئەپتىنى كۆرگەن ھەرقانداق كۆزى ئوچۇق ئادەم ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر بەختى قارا ، ئەمما ئەقىللىق ، غەيرەتلىك بالا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ...

خىسلەت ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ھېچ نەرسە دېيەلمىدى ، لېكىن نەزەرنىڭ ئەندىكىپ ، ئۇھسىنىپ ئېيتىۋاتقان نالىكار سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى ، سۇنۇق چىراي بىلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى ۋە نەزەر يەنە نالە قىلىشقا باشلىسا ، خۇددى شىكايەت قىلىۋاتقاندەك مۇڭلۇق يىغلىسا ، خىسلەت شۇ ھامان ئۇنىڭ بېشىنى ، يۈزىنى سىلاپ ، بەئەينى خەقىشلىك بوۋاقنى ئاۋۇتقاندەك ئاۋۇتاتتى ، يوپۇتاتتى ...

خىسلەت تېخى نەزەرنى باللىق دۇنياسىدىن تارتىپ ئالغان ، ئۇنى چوڭلاردەك خىيال سۈرۈشكە ئۆگەتكەن تېخىمۇ كۆپ خورلۇقلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى ...

— مېنى بازارغا مەجبۇرىي ئەچىقىپ ، ئوغرىلىققا سالماقچى بولغان يەردىن ئاخىر قاچقانىدىم ،— دېدى نەزەر ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ،— ئەمما ھېلىقى موللاجى دېگەن غالجىر ئىت ئارقامدىن قوغلاپ يۈرۈپ ، يەنە بىر كوچىدا تۇتۇۋالدى ... مانا ، تۈنۈگۈندىن بېرى مېنى مۇشۇ يەرگە قاماپ ، ئەدىپىمنى بېرىۋاتى-

دۇ !— نەزەر چوڭقۇر بىر ئۇھسىنىپ ، ئاندىن مۇھىم بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك ، خىسلەتتىن ئالدىراپ سورىدى ،— ئاچا ، سىز بۇ يەرگە قانداق كەپ قالدىڭىز ؟ بۇ يەردىن دەرھال كەتمىسە- ڭىز ، ئۇلار سىزنىمۇ بوش قويمايدۇ… ئۇلار ئاخشام خوجايىنى بىلەن قول تېلېفوندا سۆزلەشتى ، ئىسمى نېمىدى… چو ، چوڭام… ئۇنىڭغا سىزنىڭ ناھايىتى كېلىشكەن ، چىرايلىق ئىكەن- لىكىڭىزنى ئېيتتى… خوجايىنى ئۇلارغا سىزگە چېقىلماسلىقنى ئېيتتى بولغاي ، ئۇلار غۇدۇراپلا كېتىشتى… بولمىسا ، بۇ ھايۋان- لار سىزنى بوزەك قىلاتتى !…

دەرۋەقە راست ، خىسلەتتەك بۇنداق كېلىشكەن بەست - قامەتنى ، بۇنداق گۈزەل چېھىر - رۇخسارنى كۆرگەندە ، يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ چاڭگىلىدا تۇرغاندا ، ئۇلارنىڭ بۇنداق كەڭ قورساقلىق ، ئالىيجانابلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ ؟ ! مۇشۇكنىڭ بەزگە تويغىنى نەدە بار ! ؟ يەنە كېلىپ ، بۇنداق يىرتقۇچ ، ئوغرى مۇشۇكلەرنىڭ !…

خىسلەت مانا شۇندىلا ، بۇ ئۆيىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنداق مېھرى ئىسسىق ، باغرى كەڭ ، ھىممەتلىك ئۆي ئەمەسلىكىنى ، بەلكى ئۆي ئىگىلىرىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى دىيانىتى ئىچىگە يوشۇ- رۇنغان بەتنىيەتلىكنى ، رەھىمدىللىك ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئاللى- قانداق ياۋۇزلۇقلارنى تونۇپ يەتتى . خىسلەت ئاخىر چۈشەندى : بۇ يەر قانداقتۇر ساخاۋەتچى - شاپائەتچىلەرنىڭ ماكانى ئەمەس ، بەلكى بىر ئوچۇم زوراۋان - قارا نىيەتلەر بىلەن ئادىمىي ھايۋان- لارنىڭ دۇنياسى ئىكەن !…

خىسلەت ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ، «ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ ، قاراقچىغا تۇتۇلغان» لىقىنى بىلدى ، بۇ ئىش ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق زەربە ۋە ئەلەم بولدى !

خىسلەت بىلەن نەزەرنىڭ تېخى ناھايىتى كۆپ گەپلىرى بار ئىدى ، ئىچلىرىدە قالدى . لېكىن بۇ گەپلەرنى ئۇلارنىڭ دىللى-

رى، كۆزلىرى ئېيتتى، كۆزلىرىگە قويۇلۇپ كېلىپ، كىرپىكلىرىدە ھالقىلىنىپ، ياڭاقلىرىدىن دۇردەك دومىلاپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرى ئېيتىپ بەردى. ئۇلار ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشتى، ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ ھەسرەتلىنىشتى...

— ئاچا، بۇ يەردىن تېزرەك كەتمىسەك بولمايدۇ! — دېدى نەزەر يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ.

ئۇنىڭسىزمۇ شۇ تاپتا، پەۋقۇلئاددە بىر ئىستەك خىسلەتنىڭ پۈتۈن ئىرادىسىگە ھاكىم بولۇپ قالغانىدى.

— كېتىمىز، چوقۇم كېتىمىز! — دېدى ئۇ نەزەرنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنچ بىلەن قاراپ، — ئەمما قانداق كېتىمىز؟! ھەممە يەر مەھكەم تاقالغان تۇرسا، سېنىڭ ئامالىڭ بارمۇ، ئۇكام؟

— بار! — نەزەر ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ۋە ئۇچۇق دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ داۋام قىلدى، — مۇشۇ دېرىزىدىن چۈشۈپ كېتىمىز. بۇ يەردە سوغۇق بولمىغاچقا، سۇ تۇرۇبىلىرىنىڭ ھەممىسى بىنانىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن، شۇنىڭغا يامىشىپ چۈشۈپ كېتىمىز!

خىسلەت دېرىزىنىڭ سىرتىغا قارىدى، دېگەندەك، كىچىك بالىنىڭ يوتىسىدەك چوڭلۇقتىكى تۇرۇبىلار دېرىزىنىڭ يېنىدىكى بۇلۇڭغا بويلىتىپ ئورنىتىلغانىدى، ھەتتا ئۇنىڭ بىرەر مېتىر ئارىلىقىغا بىردىن ھالقا بېكىتىلگەچكە، بۇ ھالقىلار دەسسەيدىغان دېيەكنىڭ رولىنى ئوينايتتى.

— مەنغۇ يامىشىپ چۈشۈپ كېتىمەن، — دېدى نەزەر خىسلەتكە سوئال نەزىرىدە قاراپ، — سىز چۈشەلەمسىز، ئاچا؟

— باشقا كەلگەندە باتۇر بولىدىغان گەپ! — دېدى خىسلەت كۆڭلىدىكى دېلىغۇللۇقنى بېسىپ، — ئاۋۋال سەن چۈش ئۇكام، ئاندىن ساڭا قاراپ مەن چۈشەي...

نەزەر بەئەينى مايمۇن بالىسىدەك چەبدەسلىك بىلەن دېرىزە تەكچىسىگە چىقتى ۋە ئۇ يەردىكى بىر غۇلاچ ئارىلىقتىن يامىشىپ

ئۆتۈپ ، بۇلۇڭدىكى تۇرۇبىنى قۇچاقلىۋالدى . ئەمدى ئۇ بەخىرا-
مان ھالدا ، خۇددى ئۆز ۋاقتىدىكى قۇشقاچ چاڭگىلىرىنى تېپىش
ئۈچۈن ، ئېگىز دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ ، سىيرىلىپ چۈش-
كەندىكىدەك چاققان ، تەبىئىي ھەرىكەتلەر بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈش-
كە باشلىدى . خىسلەت ئۇنىڭ قول ۋە پۇت ھەرىكەتلىرىنى كۆزى-
تىپ ، بىرمۇبىر كۆڭلىگە پۈكتى ، ئۇ گەرچە ئەزەلدىن بىرەر
دەرەخكە يامىشىپ چىققان ياكى بىرەر ئېگىزلىكتىن سىيرىلىپ
چۈشۈپ باقمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ھازىر شۇنداق قىلماي بولمايت-
تى ، ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ، «يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم» دەپ بولسىمۇ ،
بۇ يەردىن چۈشۈشى كېرەك . بولمىسا بۇ ناكەسلەرنىڭ قولىدا
بېشىغا تېخىمۇ ئېغىر كۈلپەتلەر كېلىشى مۇمكىن !...

ئۇ غەيرەتكە كەلدى ، توۋا ، خۇدا مەدەت قىلسا ، ئالدى بىلەن
ئادەمگە غەيرەت ، جاسارەت ئاتا قىلىدىغان ئوخشايدۇ ! ئۇ ئىككى-
لەنمەي ، قورقماي دېرىزە تەكچىسىگە ئاسانلا چىقتى ، ئۇ يەردىن
پۇتىنى يۆتكەي دەپ تۇرۇۋىدى ، مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى جالاقىدە
ئېچىلىپ ، ئۆيدە ھېيت ئاغماق بىلەن موللاجى پەيدا بولدى . بۇ
تويۇقسىز ئۆزگىرىشتىن خىسلەتنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بو-
لۇپ ، تىلى تاڭلىيىغا يېپىشىپ قالدى ، ھەتتا ئالاقزادىلىكتىن ،
بىر پۇتى دېرىزىنىڭ سىرتىدا ساڭگىلاپ قالدى...

بۇ چاغدا ، نەزەر پەسكە چۈشۈپ ، خىسلەتنىڭ چۈشۈشىنى
كۈتۈپ تۇرغانىدى ، ئۇ خىسلەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى غىل - پال
كۆرۈپ ، «قورقۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى ئەتىمالىم :

— ئاچا ، قورقماڭ ، ھېچنېمە بولمايسىز ، تېز
چۈشۈڭ !— دەپ ۋارقىرىدى .

شۇ چاغدىلا ، خىسلەت ئېسىگە كېلىپ ، ئۆزىنى رۇسلىدى
ۋە تۆۋەنگە قاراپ ئەندىككەندەك ئاۋازدا توۋلىدى :

— ئۇكام ، تېز قاچ ! ماڭا قارىما ، تېز بېرىپ ساقچىغا
مەلۇم قىل ! ...

نەزەر بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سەزگەندەك ، ئارقىغا قاراپ ـ قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى ۋە تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى ...

— ھۇ ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان جالاپ ! — دېدى موللاجى ۋە خىسلەتكە قاراپ دىكىنىپ كەلدى ، خىسلەت ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى غەزەپ بىلەن تىكتى . موللاجى بۇ كۆزلەردىكى چاقنىغان ئوتقا بەرداشلىق بېرەلمەي ، بىرنەچچە دەقىقە لاپسىيىپ قالدى ، كېيىن ئېسىنى يىغىپ ، سەت تىللار بىلەن تىللاشقا باشلىدى ...

5

نەزەرنىڭ كۆز ئۆڭىدە ئەجەب بىر مەنزىرە پەيدا بولدى : بىر تەرەپتە بۈككىدە ئورمانلىق پەس تاغ ، بىر تەرەپتە بولسا ، سىمابتەك يالتىراپ تۇرغان ئەزىم دەريا ...

ئۇنىڭ ئۇچۇن بۈگۈن تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق مۇشكۈللىرىمۇ راھەتتەك بىلىنەتتى . چۈنكى ، ئۇ بۈگۈن ئەركىن — ئەنە ئاۋۇ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قۇشلاردەك ئەركىن ـ ئازادە ! ئىنسان ئۆزى تەشنا بولغان نەرسىسىگە ئېرىشەلىسە بەختلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ . ئۇ بۈگۈن مانا شۇ بەخت قوينىدا ، خۇددى ئانا باغرىدىكى بوۋاقتەك يايرىماقتا ، بەخت ئۇنىڭ قېنىدا ، يۈرىكىدە ، روھىدا كۆۋەجىمەكتە !...

ئۇ ئىككى ئايدىن بېرى مۇشۇنداق بىر يېقىملىق سېزىمدە بولۇپ باقمىغانىدى . ئۇنىڭ تاياق ـ توقماق زەربىدىن كۆۋۈشكەن تەنلىرى بۈگۈن بىر خىل ئازادە ـ ئاسايىشلىق ئىچىدە يايرىدى ، خورلۇق ـ ھاقارەتتىن خەستىلەنگەن دىلى بۈگۈن بىر خىل ھۆرلۈك ئىچىدە ئارام تاپتى ...

نەزەر توختىماي ماڭدى ، ماڭغانسېرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شەھەر مەركىزىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلىرى نامايان بولدى : بۇ شەھەر نېمىدېگەن كاتتا ـ ھە؟... بۇ خەقنىڭ كىيىنىشى ، يۈ-

رۇش ـ تۇرۇشىدىن قارىغاندا ، ھەممىسى باي ئوخشايدۇ... خۇدايىم ھەممە نامراتلىقنى بىزنىڭ يۇرتقىلا بېرىپتىكەن... لېكىن ، بۇلار ـ نىڭمۇ گادايلىرى بار ئىكەن ، ئەنە ئاۋۇ خالتا كۆتۈرۈۋالغان چاچ ـ لىرى ئۆسۈك ، كىيىملىرى سالپا ـ سۇلپا ئادەم ئەخلەت ساندۇق ـ لىرىدىن بىر نېمىلەرنى تېرىپ يۈرىدۇ... ئاۋۇچۇ ، كىچىك بالى ـ سىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، ئالدىغا كونا قاچىنى قويۇۋالغىنى تىلەم ـ چى ئوخشايدۇ . توۋا ، بۇ يەرنىڭ تىلەمچىلىرى غەلىتىكەن ، ھە ـ دەپ بېشىنى ئېگىپ ، پېشانىسىنى يەرگە دوقۇسلىتىپ ئۇرۇپ تۇرىدىكەن... بىزنىڭ يۇرتتىكى تىلەمچى ـ دىۋانىلەرنىڭ ئىنساپ ـ لىقلىرى ساپايى سوقۇپ ، بېيىت ئېيتىپ ، نەرە تارتىدۇ ، ئەسكى ـ لىرى بولسا ، ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇپ بىزەڭلىك قىلىدۇ . بۇ يەردىكىلەر بولسا ، تـوختىماي بېشىنى يەرگە ئۇرىدىكەن ، بۇ ئۆلارنىڭ «سەدىقە بەرمىسەڭ بېشىمنى يەرگە ئۇرۇپ ئۆلۈپ بېرى ـ مەن» دېگىنىمىكىن ـ يە ! ؟...

ھازىر نەزەرگە ھەممە نەرسە يېڭى ، ھەممە نەرسە قىزىق ، شۇنداقلا ھەممە نەرسە بىگانە كۆرۈنەتتى ...

ئۇ ھازىر بېشى قايغان ، پۇتى تايغان ئادەمدەك ، كۆڭلى قاياقنى خالىسا ، شۇ ياققا باراتتى . ئۇ ئالدى تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قىرىق نەچچە قەۋەتلىك بىر بىناغا قىزىقىپ ، كۆككە تىكىلگەن كۆزلىرىنى ئۇ يەردىن ئۈزەلمەي قالدى . بىنا ھەقىقە ـ تەنمۇ ھەيۋەتلىك ، جەزىبدار ئىدى ، ئەڭ ئۈستىدە قۇببىسى بار ئىدى . كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرغان كۈمۈش رەڭلىك بۇ قۇببە ئۇنىڭغا يۇرتىدىكى كاتتا مازارلارنىڭ كاھىشلىق ئېگىز گۈمبەز ـ لىرىنى ئەسلەتتى . ئۇنى يەنە بۇ يەردىن سەل يىراقتا — ھېلىقى ئېگىز بىنا بىلەن ھۆسن تالىشىپ تۇرغان ساپسېرىق پارقىراق بىر بىنا ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى . بۇ كاتتا بىنا ئۇنىڭ كۆزىگە گويا مۇشۇ زېمىنىنىڭ تەكتىدىن قايناپ ، تاغدەك كۆتۈرۈلۈپ چىققان ھەيۋەتلىك ئالتۇن ئۆيۈتمىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى ، تىكىلەش ـ

كەن قۇياش نۇرى بۇ ئالتۇن ئۇيۇتمىسىدىن ئاجايىپ ئۆتكۈر ، يارقىن نۇرلارنى چاقنىتاتتى…

ساقچى پۇشتىكىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى نەزەرنى چۆچۈتۈۋەت-تى . ئۇ كۆكتىن كۆزىنى ئېلىپ ، ئەتراپقا قارىدى . بايا پۇشتەك چالغان ساقچى ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى ، ئۇ ، ساقچىنى كۆرۈش بىلەن خىسلەتنىڭ : «ئۇكام تېز قاچ ، ساقچىغا مەلۇم قىل ! » دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى ـ دە ، دەرھال ھېلىقى ساقچىنىڭ يېنىغا كەلدى ، ئەمما نىمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى . پەقەت خەنزۇچە «مەن… ئاچام… » دېگەن گەپلەرنى تەكرارلاپ ، قولى بىلەن بىر يەرلەرنى ئىشارە قىلدى ، ساقچىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى ۋە بىر ھازادىن كېيىن «بەلكىم بۇ بالا ئاچىسىنى يوقىتىپ قويغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ، سول تەرەپتىكى يان كوچىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ ، شۇ يەرگە بار ، دېگەندەك ئىشارىنى قىلدى . ئەسلىدە ئۇ ، يان كوچىدىكى ساقچىخانىغا بېرىشنى ئۇق-تۇرماقچى ئىدى . ئەمما ، نەزەر ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمى-دى . شۇ تاپتا ئۇ ، تىل بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ھەم گاچا ، ھەم گاس ئىدى ، تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ مەكتەپتە خەنزۇچىنى ياخشى-راق ئۆگەنمىگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن ئۆكۈندى . ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ، ھېلىقى ساقچى كۆرسەتكەن يولغا ماڭدى . بۇ ، چاغ-راق بىر رەستە بولۇپ ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا دېڭىز مەھسۇ-لاتلىرىنى ساتىدىغان بىرنەچچە ئاشپۇزۇل بار ئىدى . بۇ يەرگە كېلىش بىلەن نەزەرنىڭ بۇرنىغا بەئەينى يۇرتىدىكى سازلىقنىڭ سېسىق پۇرىقى ئۇرۇلغاندەك ۋە يەنە قانداقتۇر دەريا بويىدىكى لاي- لاتمىلاردىن تارىلىدىغان بېلىق ، پاقا سېسىقى پۇرىغاندەك بولدى . ئۇ ئاشپۇزۇللارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تىزىلغان ئەينەك ئىدىشلارغا قىزىقىپ قارىدى . سۇ توشقۇزۇلغان ھەر خىل شەكىل-دىكى بۇ ئىدىشلاردا خىلمۇخىل بېلىق ، يىلان ، تاشپاقا ، قۇلۇلە

دېگەندەك جانىۋارلار قىملداپ ، ئويناپ يۈرەتتى . يەنە ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ، ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان ئاجايىب - غارايىپ جانلىقلارنى تاماشا قىلدى… ئاۋۇ باشمالتاقتەك چوڭلۇقتىكى قوڭۇر نەرسە بەئەينى ئېشەك قۇرتىغا ئوخشايدىكەن ، ئاۋۇچۇ ، ئېگىز ، ئىنچىكە پۇتلىرى بىلەن بەئەينى سۆڭگىچى چىقىپ كەت- كەن تەخەيدەك قىيسىيىپ ماڭىدىكەن ، قىسقۇچپاقا دېگىنى شۇ ئوخشىمامدۇ ؟ ئەمدى ئاۋۇچۇ ، خۇددى يۇرتىدا ئۆزى تۇتۇپ ئوي- نايدىغان موزايۋېشىنىڭ نەخ ئۆزى . ئەمما ، موزايۋېشى سارغۇچ جىگەررەڭ كېلەتتى ، بۇ بولسا ئاقۇچ ، سۇزۇك ئىكەن . يەنە ئاۋۇچۇ ؟ ئۇ نېمىدۇر ؟ ۋاي - ۋۇي… ئۇنىڭ بىلمەيدىغانلىرى كۆپ ئىكەن… نەزەر كۆرۈپ تۈگىتەلمىدى ، بەزىلىرىگە قاراپ كۆڭلى ئاينىسا ، بەزىلىرىگە قاراپ تېنى شۇركۈندى… ۋاي خۇدا- يىمەي ، مۇشۇلارنى ئادەملەر يەيدۇ - ھە ؟ ! ئادەملەر نېمىدېگەن رەھىمسىز ، ئاچ كۆز… بۇ دۇنيا مۇشۇنداق ۋاپاسىز ، شەپقەتسىز دۇنيا ئىكەن ! بىر مەخلۇقنىڭ ياشىشى ، ئۆمۈر سۈرۈشى ئۈچۈن ھەر كۈنى مىڭلاپ باشقا مەخلۇقلار قۇربان بولۇپ كېتىدىكەن . مۇبادا ، بۇنـداق قۇربانلىـق بولمىسا ، ھاياتلىق يوقىلىدىغان ئوخشايدۇ ؟ !…

نەزەر ئۆزى ئۈچۈن تېخى ناتونۇش بولغان بۇ قايناق ، سىر- لىق دۇنياغا بەزىدە ئەجەبلىنىپ ، بەزىدە قىزىقىپ ، بەزىدە ئەندى- كىپ نەزەر سالغىنىچە بىرنەچچە رەستىلەردىن ئۆتۈپ ، بىرنەچچە ئەگىملەردىن ئايلىنىپ ، ئاخىرىدا يوللىرى ئازادە چوڭ بىر كو- چىغا چىقتى . بۇ يەردىكى دەرەخلەر ئۈنىڭغا بەكمۇ چىرايلىق ، قىزىق تۇيۇلدى . بەزى دەرەخلەر گويا قول بىلەن ياساپ قويغان- دەك ، ئاستى تۈز ، سىپسىلىق ، ئەڭ ئۈستىدە بولسا ، بەئەينى كۈنلۈكتەك كەڭ ئېچىلغان شاخ - يوپۇرماقلىرى بار ئىدى . بەزى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا تېخى قىزىل ، سېرىق ، بىنەپشە گۈللەر ئېچىلىپ ، ئادەمنىڭ كۆزىگە گويا كۆكتە پەيدا بولغان ساماۋى

گۈلزارلىقتەك كۆرۈنەتتى...
كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا چوڭ تاللا بازارلىرى بىلەن ئالىي مېھمانسارايلار بار ئىدى. نەزەر ئۆزىنى بايىقىدىن سەل ئازادىرەك ھېس قىلدى. ئۇ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن ئۈچ چاسا گۈللۈكنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، گۈللۈك-نىڭ ئاخىرىدىكى بوش يەردە تۇرغۇن ئادەمنىڭ يىغىلىپ، كۈلۈ-شۈپ، بىرنەرسىنى تاماشا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. توپلاشقانلار ئىچىدە ئۆزى دېمەتلىك باللار كۆپ ئىدى. نەزەرمۇ قىزىقىپ ئىختىيارسىز غولغۇنىنىڭ ئىچىگە كىردى، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كۆرگىنى مايمۇن ئويۇنى بولدى. ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئادەم قولىدىكى لاتا قامچىسىنى شىلتىپ، ئۈچ سېرىق مايمۇننى ئويۇنغا سېلىۋاتاتتى. قارىغاندا، مايمۇنلار بىر جەمەت — ئەڭ چوڭى ئەركەك، ئۇنىڭدىن چاغراقى چىشى، ئەڭ كىچىكى بولسا، ئۇلار-نىڭ بالىسىدەك قىلاتتى. ئۈچ مايمۇن ئۈچ يەردە — ئەركىكى مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىككى قولى بىلەن بىر تال خىشنى بېشىغا قويۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، ئەپتىدىن ئۇ جازاغا تار-تىلغاندەك قىلاتتى. چىشى مايمۇن مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىغا بىر ئەسكى شەپكىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن، ئارقىغا چېتىلغان قولى شۇ يەرگە تىكلەنگەن بىر تال بادرا ياغاچقا باغلانغان ھالدا تۇراتـ-تى. قارىغاندا، ئۇنىڭ گۇناھى ھەممىدىن ئېغىر. جازا بۇيرۇقىـ-نى كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. كىچىك مايمۇن بولسا، كىمدۇر تاشلاپ بەرگەن پۇچۇق باناننى تۇتقىنىچە بىردە دادىسىغا، بىردە ئانىسىغا قاراپ ھودۇققاندەك، ئەندىككەندەك ھالەتتە پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇراتتى. مايمۇن ئويناتقۇچى ئەسكى خالتىسىدىن ئويۇنچۇق تاپانچىسىنى ئېلىپ، ھېلىقى جازا كۈتۈپ تۇرغان چىـ-شى مايمۇننىڭ ئارقا تەرىپىدىن قارىغا ئالدى ۋە «بىر، ئىككى، ئۈچ» دېگەن ساناقنى ئۇنلۇك ساناپ بولۇشى بىلەن تەڭلا سول قولىدىكى تاياقنى سېمونت يەرگە تاڭڭىدە قىلىپ ئۇرۇۋېدى،

چىشى مايمۇن بەئەينى ئوق تەگكەندەك يەرگە ماككىدە چۈشۈپ
جىم ياتتى . ئەتراپتىكى باللار خۇشاللىقىدىن چىرقىرىشىپ كەت-
تى . مايمۇن ئويناتقۇچى يەرگە چاپلىشىپ ياتقان چىشى مايمۇننى
ئىككى قولىدىن تارتىپ ئۆره قىلىۋىدى ، ئۇ زادىلا ئۆره بولماي ،
يەنىلا ئۆلگەن قىياپەتتە يېتىۋالدى ، باللار تېخىمۇ كۈلۈشۈپ
كەتتى . نەزەرمۇ بۈگۈن تۇنجى قېتىم چىن كۆڭلىدىن خۇشال
بولۇپ كۈلدى ، كۈلگەندىمۇ راھەتلىنىپ كۈلدى . مايمۇن ئوينات-
قۇچى ئەمدى كىچىك مايمۇننى ئوينىتىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ بوينى-
دىكى چۇلۇۋۇرىدىن تارتىپ ، قامچا بىلەن ھەيۋە قىلدى ، قامچى-
نىڭ قارسىلدىغان ئاۋازىدىن قورققان بالا مايمۇن پىلدىرلاپ ،
بىردەم ئىگىسىنىڭ يەلكىسىگە ، بىردەم بېشىغا سەكرەپ چىقىپ
كەپسىزلىك قىلدى . ئىگىسى ئۇنى گەپكە كىرگۈزمەكچى بولۇپ ،
لاتا قامچا بىلەن بىر - ئىككىنى ساۋىۋىدى ، بالا مايمۇن
ئۇياق - بۇياققا يۇلقۇنۇپ ، چىرقىراپ كەتتى . بۇ چاغدا ئەركەك
مايمۇن قولىدىكى خىشنى تاشلاپ ، يەردىكى تاياقنى ئېلىپ ، ئى-
گىسىگە ھۈرپىيىپ كەلدى ، ھېلىقى «ئۆلگەن» چىشى مايمۇنمۇ
دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، بالىسىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ،
ئاغزىنى كالچايتىپ ، چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە ئىگىسىگە قاراپ
خىرىس قىلدى...

قىزىق ئويۇن ئارىسىدا يۈز بەرگەن بۇ قىسقىلا كۆرۈنۈش
بىردىنلا نەزەرنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويدى ، ئۇنىڭ بايىقى
خۇشاللىقى بىردىنلا قايغۇ بىلەن ئالماشتى ! مانا ، بىر تىلسىز ،
ئەقىلسىز ھايۋان چېغىدا بالىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ، ئۇنى
ھىمايە قىلىپ ، قوغدىماقچى بولۇۋاتىدۇ . ھەتتا ئۆزلىرىگە ئاش-
نان بەرگەن ، پاناھ بولغان ھەقدار ئىگىسىگىمۇ قارشى چىقماقچى
بولۇۋاتىدۇ ! ئاشۇ كىچىك مايمۇن نېمىدېگەن بەختلىك ، نېمىدې-
گەن غەم - قايغۇسىز - ھە ! ؟ چۈنكى ، ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنى
قوغدايدىغان ، ئۇنىڭغا يار - يۆلەك ، باشپاناھ بولىدىغان دادىسى ،

ئانىسى بار . نەزەرنىڭچۇ ؟ نەزەرنىڭ نىمىسى بار ؟ ! ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى هازىر ئۇنى قوغداش ، باشپاناھ بولۇش تۇگۇل ، ئۇنىڭ تېخى نەدىلىكىنى بىلمىسە ! كىم بىلىدۇ ، ئۇلار هازىر كۆزىنىڭ قارىچۇقىغا دەسسىتىپ چوڭ قىلغان ئاشۇ بىرلا ئوغلىنىڭ بىر-دىنبىر يۈرەك پارىسىنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنلىكىدىن زار - زار يىغلاپ ، قاقشاپ ، يۈرىكى زېدە بولۇپ ، دەرد - ئەلەم بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىمۇ تېخى !...

نەزەر مايمۇن ئويۇننى كۆرىمەن دەپ ، ئاخىر ئۆزىنى مايمۇن ئويۇنىغا سېلىۋاتقان بۇ رەھىمسىز تەقدىر - قىسمەتلەردىن ئاغرىنغىنىچە بۇ يەردىن يىراقلاشتى ...

كەچ كىرىشكە باشلىدى . نەزەر يىراقتىكى كەچكى قۇياشنىڭ قان رەڭلىك نۇرى بىلەن تېخىمۇ سۇرلۇك ، ھەيۋەتلىك بولۇپ كەتكەن «ئاق بۇلۇت »[1] تاغلىرىغا نەزەر سالدى . بۇ تاغلار يېشىل ، بۈككىدە ئورمانلىق ئىدى . ئەمما ، نەزەرنىڭ يۇرتىدىكى تاغلار بۇنىڭغا ئوخشاشمايتتى . بۇنداق پەس ، يېشىل ، يۇمران ئەمەس ، بەلكى نەيزىدەك تىك چوققىلىرى ئاسمان كۆكسىنى يارغان ، چوققىلاردىكى ئاق قارلار كۈمۈشتەك يالتىراپ ، يان باغرىلاردىكى هال رەڭ ، ئەت رەڭ قىيا تاشلار مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ ئىختىيارسىز يۇرتىدىكى ئاشۇ ھەيۋەتلىك قارىقۇرۇم تاغلىرىنى ئەسلەپ قالدى . ئاھ ، ئۇ تاغلار ! ئۇنىڭغا «ئوغلۇم ، بالام» دەپ نام بېرىپ ئۆستۈرگەن ، ئۇنىڭغا يىگىتلىك قەلب — يۈرەك بەرگەن ئەزىم تاغلار !...

كەچ كىرگەنسېرى نەزەرنىڭ كۆڭلىنى غەشلىك قاپلىدى . ئۇ ئەمدى نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرۇشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى . قەيەرگە قارىسا ئېگىز بىنا ، قەيەرگە قارىسا رەڭگارەڭ چىراغ ، قەيەرگە قارىسا ، ئۆز ئىشى بىلەن ھەلەك بولۇپ يۈرگەن ئالدىراش ئادەملەر ... نەزەر بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ،

---

① گۇاڭجۇدىكى بەييۈن تېغى

ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويمايدۇ ، گويا ئۇ بۇ دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىنىۋېتىلگەن قەدىر ـ قىممەتسىز بىر نەرسە ! شۇ تاپتا ، ھەتتا ئۇنىڭ قۇرت ـ قوڭغۇزلاردەكمۇ قەدرى يوق ! ...

تۇرۇپلا ، ئۇنى بىر خىل غېرىبلىق ، خورلۇق چۇلغىۋالدى ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ياش قۇيۇلدى...

«دادا ، ئانا ! سىلەر قەيەردە ؟ — ئۇنىڭ پاك ، سەبىي قەلبى نىدا قىلدى ، — مەن قورقۇۋاتىمەن ، مەن بىر دوزاختىن قېچىپ چىقىپمۇ يەنە بۇ ئازابتىن قۇتۇلالمىدىم ! دادا ـ ئانا ، مېنى ئەكېتىڭلار ! مەن ئەمدى نەگە بارىمەن ، ئانا ؟ ! مەن سىلەرنى نەدىن تاپىمەن ! ؟ مەن بەك ھېرىپ كەتتىم... »

شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ قەلبى نىدا قىلاتتى . يۈرىكى يىغلايتتى ، پۇت ـ قوللىرىدىن مادار كەتكەنىدى...

نەزەرنىڭ بۇ گۈزەل ، ۋاپاسىز دۇنياغا كۆز ئاچقىنىغا ئەمدى ئون ئىككى يىل بولغانىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ چېچەن ، بىغۇبار كۆزلىرى بۇ رەھىمسىز ھاياتقا مەيۈس ، بىگۇناھ نەزەر بىلەن قارايتتى !...

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى . نەزەر ئۆزگىرىپ باشقىچە بولۇپ قالدى . بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدا پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى . ئۇ يەنە رەڭگى ـ روھى ئاقارغان ، ھارغان ، ئازاب چەككەن ۋە ھاياجانلانغان ھالدا كېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ تىزلىرى تىترەيتتى ، كۆكەرگەن لەۋلىرىدە مەۋھۇم ۋە ئېسەنكىرىگەن تەبەسسۇم يېيىلغانىدى...

ئۇ ئاستا كېتىۋېتىپ ، تۇيۇقسىز يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدىكى ئېگىز بىنانىڭ ئۈستىدىكى گۈمبەزگە كۆزى چۈشۈپ قالدى . يېقىنراق كېلىپ سەپسېلىۋىدى ، تېخى گۈمبەزنىڭ ئۈستىدىكى ئاي ـ يۇلتۇزنىڭ بەلگىسىنىمۇ كۆردى . بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇغاندەك بولدى ، بۇ يەر گويا ئۇنىڭغا يۇرتىدىكى مازار ، جامەلەردەك تونۇش تۇيۇلدى ، ئۆزىچە ، مۇشۇ يەردىن بىرەر

ئۆرۈق - تۇغقان ياكى تونۇش - بىلىشلىرى چىقىپ قالىدىغاندەك يېقىملىق ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى...

ئۇ ، ئاستا كېلىپ بىنانىڭ ئالدىدىكى يېشىل چىملىقتا ئول-تۇردى . خېلى ۋاقىت ئۆتتى ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە بىرەر تونۇش چىراي كۆرۈنمىدى ، بۇ يەرگە كىرىپ - چىقىۋاتقانلار يەنىلا شۇ مۇشۇ يەرنىڭ بايۋەچچىلىرى بىلەن ئاندا - ساندا چەت ئەللىك ئەرەب ، نېگىر ۋە تۈركلەر ئىدى . بۇ بىنا ئەسلىدە ، نىڭشالىق خۇيزۇلار ئاچقان «مۇسۇلمانلار رېستورانى» بولۇپ ، ئىشىك - دېرىزىلەردىن ھەرخىل قورۇمىلار بىلەن قوي گۆشى كاۋىپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى تارقاپ ، ئەتراپنى بىر ئالغانىدى . بۇ پۇراق بىردىنلا نەزەرنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاپ ، ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈۋەتتى . ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىگەنىدى ، ئۇس-سۇزلۇقنى گۈللۈكلەردىكى فونتان سۈيى بىلەن قاندۇرغان بول-سىمۇ ، قورساققا كەلگەندە ، شۆلگىيىنى تامشىپ ئامالسىز يۇر-دى . ئۇ ، قاچىدىغان چاغدا ئاچلىق ، ئۇسسۇزلۇق دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . مۇشۇ دوزاختىن قۇتۇلۇپ چىقسامىلا ، ئەركىنلىككە ، بەختكە ئېرىشىمەن دەپ ئويلىغانىدى . نەدىكىنى ، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان دوزاخلار يەنە بار ئوخشايدۇ . يۇرتتىكى چاغدا ، ئۇ خەقلەردىن «يەتتە دوزاخ بار» دەپ ئاڭلىغانىدى . لېكىن ئۇ ، قايسى گۇناھى ئۈچۈن بۇ دوزاخلارنىڭ ئازابىنى تارتى-دۇ ؟ ! ئۇنىڭ بىلىشىچە ، دوزاخ دېگەنگە گۇناھى بار يامان ئادەم-لەر چۈشەتتىغۇ ! نېمە ئۈچۈن ، چوڭقام ، ھېيت ئاغماق ، موللاجى-غا ئوخشاش ئەسكى ئادەملەر چۈشمەي ، تېخى بۇ دۇنيانىڭ خوۋلۇ-قىنى كۆرمىگەن ، ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان نەزەر ، ئەنۋەر ۋە خىسلەتكە ئوخشاش پاك باللار تاشلىنىدۇ ؟ !...

ھەي !... شۇنىڭغا قارىغاندا ، راستىنىلا بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق ئىكەن ، ئەدلى - ئادالەت دېگەنلەرمۇ چېكىتسىز جىڭغا ئوخ-شاش تۇراقسىز ئوخشايدۇ !...

ئىسسىق بىر قولنىڭ بېشىغا تېگمىشى بىلەن نەزەر خىيالدىن سەگىدى .

ئۇنىڭ ئالدىدا تىكىنەك ساقاللىق ، قېرىسال ، ئەمما كۆزلىرى نۇرلۇق ، بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن ، كۆك كۆڭلەكنىڭ تۈگمىلەنگەن يېرىدىن مەيدىسىدىكى يۇڭلىرى چىقىپ تۇرغان بويلۇق ، ئورۇق بىر ئادەم تۇراتتى . ئۇ كىچىك بىر قول هارۋىسىنى سۆرىۋالغان بولۇپ ، هارۋىدا ياڭاق ، ئۈزۈم ، چىلان دېگەندەك قۇرۇق مېۋىلەر بار ئىدى .

ئۇلار ئۆز تىلى ، ئۆز گېپى بىلەن تونۇشتى ، باققال بوۋاينىڭ ئىسمى قاسىماخۇن ئىكەن . ئەمما كىشىلەر ئۇنى «قاسىم كاززاپ » دەپ ئاتايدىكەن . گەرچە ئۇنىڭ لەقىمى سەت بولسىمۇ ، ئەمما شۇ تاپتا ، نەزەر گويا خىزىرغا يولۇققاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى ، قاسىم باققال ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى . ئۇلار بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، قاسىماخۇن ئۇنى ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى ياتىقىغا ئېلىپ باردى . ئۇنىڭ ياتاق دېگىنى ئېگىز بىر ئولتۇراق بىنانىڭ يەر ئاستىدىكى دېرىزە - تۈڭلۈكى يوق كىچىككىنە بىر ئۆي ئىدى . ئۆيدە بىر يىغما كارىۋات بىلەن قاسماقلىشىپ كەتكەن بىر قۇر يوتقان - كۆرپە بار ئىدى ، بۇلۇڭدا بىرنەچچە چىپتا - قاپلارنىڭ ئىچىدە يېرىم - يارتا قاچىلانغان ياڭاق ، يېمىش ، قاق دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى .

قاسىماخۇن كىچىك توك ئوچاقتا چاي قاينىتىپ ، قېتىپ كەتكەن نان بىلەن بىر ئوچۇم يېمىشتە نەزەرگە چاي بەردى ، ئۆزىمۇ تەرلەپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى ، ئاندىن راسا بىر پىنەك نىشە چېكىپ خۇمارى قانغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى ، نەزەر ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلىدى .

ئەتىسى ئاددىيلا ناشتىدىن كېيىن ، قاسىماخۇن كۆڭلىدىكىنى ئېچىپ نەزەرگە مۇنداق دېدى :

— بالام ، هازىر سودا ياخشى ئەمەس ، پۇلسىز قالدىم . ئاز ـ تولا جاھاندارچىلىق قىلايلى . مەن ئارقاڭدىن قاراپ تۇردىمەن ، سەن قورقماي يانچۇقىقا قول سىلىۋەر… پۇلىمىز كۆپەيسە ، ئاندىن ھەر ئىككىمىز يۇرتقا بىللە كېتەيلى ، قانداق ؟

— ياق ! — دېدى نەزەر كېسىپلا ، — مەن ئۇنداق قىلمايمەن !

— نېمىشقا ؟ — قاسىم كاززاپ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ سورىدى ، — پۇل تاپقۇڭ يوقمۇ ! ؟

— خەقنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل مېنىڭ بولمىسا ، ئۇنى نېمىشقا ئوغرىلايمەن ، — دېدى نەزەر يۇرىكىدىكىنى ئاددىيلا چۈشەندۇرۇپ ، — مەن شۇنداق قىلمايمەن دەپ ، خوجايىنىنىڭ قولىدىن قېچىپ چىققان .

— ھە … مۇنداق دېگىن ! — قاسىم كاززاپ قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ ، كۆزلىرىنى ئويناتتى ، ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر شۇملۇقىنىڭ سوغۇق ئەلەڭگىسى ئەگىپ ئۆتتى .

— يارايسەن ، ھالال بالا ئىكەنسەن ! — دېدى ئۇ ئاخىرىدا نەزەرنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن گەپلىرىگە باشقىچە تۈس بېرىپ ، — مەن سېنى سىناپ باققانىدىم ، كۆڭلۈم تىندى ، ئەمدى بىز بىللە تىجارەت قىلىمىز ! — ئاندىن ئۇ نەزەرنىڭ باشلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ تاپىلىدى ، — سەن ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇپ تۇر ، مېنىڭ سىرتتا بىرەر سائەتلىك ئىشىم بار ، تۇنۇگۈن بىرىگە ساتقان مالنىڭ پۇلىنى ئەكىلىۋالاي ، ئاندىن ھارۋا سۆرەپ بىللە سودا قىلىمىز ، قولۇمغا ئازراق پۇل چۈشكەندىن كېيىن مەن سېنى يۇرتقا يولغا سەپ قويىمەن . ھازىر سىرتقا زادى چىقما ، خوجايىنىڭنىڭ ئادەملىرى ئىزدەپ يۈرگەن بولسا ، يەنە قولغا چۈشۈپ قالىسەن ، ئۇقتۇڭمۇ ؟…

قاسىم كاززاپ ئەنە شۇنداق چۈشەندۇرۇپ ، تاپىلاپ چىقىپ كەتتى . ئىشىكنى سىرتىدىن تۇيدۇرماي ئېتىپ قويدى .

نەزەرنى تونۇگۇنكى بازار سەيلىسى خېلى ھارغۇزۇپ قويغا-
نىدى . ئۇ قاسىم كاززاپنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ، خاتىرجەم
ھالدا كارىۋاتقا چىقىپ سوزۇلدى ۋە ئۇزۇنغا قالماي ئۇيقۇغا
كەتتى…

قاسىم كاززاپ تېخى ئەللىك ياشتىن ئەمدىلا ئاشقان بولسى-
مۇ ، ئەمما ساقال - بۇرۇتمنى قويۇپ ، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن بىر
ناكەس ئىدى . ئۇ بەش يىلنىڭ ئالدىدا ، نىشە چېكىش ، قىمار
ئويناش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىپ بىر مەزگىل ئەمگەك
بىلەن ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان بولسىمۇ ، ئەمما تۈرمىدىن چىققان-
دىن كېيىن ، قىلمىشىغا تۆۋە قىلماي ، يەنە شۇ كەيپ - ساپا
يولىدا مېڭىۋەردى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە
كىرىپ چىققان بىرىدىن ، ئىچكىرىدىكى ئېرىقلارنىڭ بىرسىدە
ئالتۇن ئاقسا ، بىرسىدە كۈمۈش ئاقىدۇ دەپ ئاڭلاپ ، بىر كېچى-
دىلا يۇرتتىن چۇراپ چىقىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئىچكىرىگە كەلگەن
تۆت - بەش يىلدىن بېرى ، كۆرۈنۈشتە باققالچىلىق قىلىپ جان
بېقىۋاتقاندەك قىلسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق ئۇيەر - بۇيەردىن
قېچىپ چىققان ، ئېزىپ - تېزىپ يۇرگەن يۆلەكسىز باللارنى
تېپىۋېلىپ ئوغرىلىققا سالاتتى ۋە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن
خېلى كۆپ پۇل تېپىۋېلىپ ، ئۇلارنى يەنە باشقا بىرىگە سېتىۋېتەت-
تى ، بۇ پۇللارغا بولسا ، يەنىلا شۇ نىشە چېكىپ ، قىمار ئويناپ ،
كۈنلىرىنى خاكسار ئۆتكۈزەتتى . ئۇ بىر يەردە ئۇزۇن تۇرمايتتى ،
بىردەم گۇاڭجۇدا بولسا ، بىردەم جۇخەي ، شېنجېنلاردا يۈرەتتى .
بۇ يەرلەرنىڭ ئارىلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ، گويا يۇرتىدىكى يۇقىرى
مەھەللە بىلەن تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ ئارىلىقىدەكلا يېقىن ھەم
راۋان ئىدى …

ئىشىكنىڭ جالاقلاپ ئېچىلىشى بىلەن نەزەر ئۆندەرەپ تۇ-
رۇپ كەتتى . ئۆيگە دەسلەپ قاسىم كاززاپ ، ئارقىدىن موللاجى
كىرىپ كەلدى . ھەر ئىككىسىنىڭ ئەلپازى بۇزۇق ، كۆزلىرىدىن

يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ كۆزىدىكىدەك سوغۇق نۇر چاقناپ تۇراتتى .

— سەن تېخى ئۆزۈڭنى قېچىپ قۇتۇلدۇم دەپ ئويلىدىڭما ، شۇمتەك ! — دېدى موللاجى نەزەرنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ ، — ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ! سېنى نە - نەلەردىن ئەكېلىپ ، ئىككى ئايدىن بېرى باققانغا ئاز پۇل كەتمىدى ، سەن ھېچبولمىغاندا ، ساڭا خەجلەنگەن ئاشۇ پۇللارنى ئۆسۈمى بىلەن تۆلىمەي تۇرۇپ ، ھېچ يەرگە بارالمايسەن !

نەزەر يىغلىمىدى ، ھەتتا شاپىلاق تېگىپ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنىمۇ سىلاپ قويمىدى ، بەلكى نەپرەت ئۇچقۇنداپ تۇرغان چېچەن كۆزلىرىنى بىردەم قاسىم كاززاپقا ، بىردەم موللاجىغا تىكىپ :

— مەن سىلەرگە پۇل خەجلەپ بېرىڭلار دېمىگەن ! — دېدى ئەلەمزىدىلىك بىلەن ، — مەن ھېچكىمگە قەرزدار ئەمەس ، بەلكى سىلەر ماڭا قەرزدار !...

— ۋاھ - ۋاھ ! ... ،— دېگىنىچە نەزەرنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى موللاجى ، — ماۋۇ شۇمتەكنىڭ گەدەنكەشلىكىنى ! ھېلى باكا ۋالاقشىغان ئاغزىڭنى قان قىلىۋەتمەي يەنە ! — ، ... ئۇ قولىنى كۆتۈرۈۋىدى ، قاسىم كاززاپ ئىشىنىڭ چوڭىيىپ كېتىدشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ۋە :

— كىچىك بالا بىلەن تەڭ بولماڭ ، موللاجى ! — دېدى سۇۋاقچىلىق قىلىپ ، — بالا — قىلغان ئىشى چالا دېگەن شۇدە !

موللاجى ئاچچىقىغا ھاي بەردى ، قاسىم كاززاپ ئۇنىڭغا «سودىمىز پۈتتى» دېگەندەك تەمە بىلەن قارىدى ، موللاجى يېنىدىن يۈز يۈەنلىكتىن بەشنى چىقىرىپ قاسىم كاززاپقا بەردى ، قاسىم كاززاپ پۇلنى يانچۇقىغا سالدى ۋە نەزەرنى پايلاپ ، سىرتتىكى ماشىنىنىڭ يېنىغىچە بىللە چىقتى...

نەزەر يەنە قولغا چۈشتى ، ئەمما ئۇنىڭ روھى چۈشمىدى ، ئۇنىڭ ئىرادىسى ، جاسارىتى خۇددى چېقىر تاشلارغا بىلىنىۋېرىپ

ئىتتىكلىگەن تىغدەك تېخىمۇ چىڭىدى . خوجايىنلارنىڭ نەزىرىدى-
مۇ ، ئۇنىڭ مۇشۇ روھى قەدىرلىك ئىدى . ئەگەر ئۇنى ئۆز
مۇددىئالىرى بويىچە تەربىيىلەپ ، يانچۇقچىلىق يولىغا كىرگۈزە-
لىسە ، ئۇ ئاجايىپ قەيسەر ، قاپ يۈرەك ، ئۇستا يانچۇقچى بولۇپ
يېتىشىپ چىقاتتى . ئۇلار ھەمىشە : «بىر بالىنى بېقىش بىر
رېستوران ئاچقانغا تەڭ . ئۇلار ھەر كۈنى چىقىمسىز كىرىم قىلا-
لايدۇ ! » دەپ قارايتتى . شۇڭا ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەپ بولسى-
مۇ ، نەزەرنى قولدىن چىقارماي ، ئۆزلىرىنىڭ ئىزىغا دەسسىتىش-
كە ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتاتتى !

## 6

بۇ يەر دىمىق ، مەينەت ئىدى . ئاللىقانداق سېسىق پۇراقلار-
دىن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاينىيتتى . بۇگۈن مانا شۇنداق بۇرۇقتۇر-
مىلىققا تولغان ئىپلاس زېمىندا ئاجايىپ پاكىز ، گۈزەل بىر
چىراي پەيدا بولدى . بۇ چىرايدا چوڭقۇر نەپرەتكە تولغان ، ئەمما
سېغىنىش ئۇچقۇنلىرى يالتىراپ تۇرغان بىر جۈپ بۇلاق كۆز
چاقناپ تۇراتتى . بۇ — يېڭى تۇتقۇن خىسلەت ئىدى !

بۇ قاراڭغۇ ، زەي ئۆيدە خىسلەتنىڭ ئۇكىسى دىمەتلىك سەك-
كىز بالا بار ئىدى ، بۇنىڭ ئىككىسى قىز ئىدى . ئۇلارنىڭ
ھەممىسى گويا ئاپتاپتا ئەركىلەپ شوخلۇق قىلىۋاتقان مۇشۇك
باللىرىغا ئوخشايتتى .

يارەببىم !··· باللارنىڭ ھەممىسى خىسلەتنىڭ كۆزىگە بىر-
دىن خاكسار ۋە ناتىۋان ، پېقىر ۋە غېرىب كۆرۈنۈپ كەتتى .
ئۇلارنىڭ قىسمەتلىرى ئۆمۈربويى شۇ دەرگاھتا ئولتۇرۇپ ، شۇ
دەرگاھتا قېرىپ ـ چىرىپ تۈگەيدىغاندەك ئىدى ! ئۇنىڭ نەزىرى-
دە ، بۇ باللارنىڭ ھەممىسى گويا دائىما بىرگە بولۇش ، بىرگە
نەپەس ئېلىش ۋە بىرگە ۋەيران بولۇش ئۈچۈن تۇغۇلغاندەكلا

كۆرۈنۈپ كەتتى ! ...
بۇ يەر كونا بىر تۇرالغۇ بىنانىڭ يەر ئاستى ئۆيى بولۇپ ، ئۆي خېلى كەڭرى ئىدى ، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلارغا چوڭ ـ كىچىك نىمكەش كارىۋاتلاردىن بىرنەچچىسى قويۇلغان ، كارىۋات ئۈستىگە ھەرخىل رەڭ ، ھەرخىل ئۆلچەمدىكى سىلىنچا ، يېپىنچا دېگەن-دەك بىساتلار قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغانىدى . ئۆينىڭ ئوڭ بۇلۇ-ڭى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى پەنەركە بىلەن توسۇلغان بولۇپ ، بۇ يەر قىزچاقلارنىڭ خاس ھۇجرىسى ئىدى . ئۇلار كەچكىچە بازار چۆرگىلەپ ، رەستىمۇ رەستە ، دۇكانمۇ دۇكان ئارىلاپ ، نۇرغۇن ئادەملەرنى قاقشىتىپ ، ئۆزلىرىمۇ ھالىدىن كېتىپ ، كەچتە قايـ-تىپ كەلگەندە ، مۇشۇ ئۆينىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۆزىنى تاشلاپ ، ئاسلانلاردەك پىشىلداپ ئۇخلىشاتتى . ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى كۆپرەك چوڭ بازارنىڭ ئارقا كوچىسىدى-كى «تەنھا تۇرنا» ناملىق كىچىك ئاشخانىدا بولاتتى . بۇ ئاشخا-نىمۇ «چوڭام» نىڭ ئىلكىدە بولۇپ ، ئاساسەن مۇشۇنداق باللار بىلەن ئۇلارنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ تاماق يەيدىغان ، ئۇچرىشىدىغان ھەم ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىغان پاناھگاھى ئىدى...
بۇ بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتلىرىدە ، ھېيىت ئاغماق ، موللاجى ، ھاشىم توقۇناق ، ھۇۋقۇش تاز دېگەندەك يېشى چوڭلار تۇراتتى . بۇلار ئاشۇ كىچىك «شوركا» لارنى باشقۇرىدىغان «قۇش» لار ئىدى .
بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھېيىت ئاغماقتىن ھەممىسى تەپ تارتاتـ-تى . چۈنكى ئۇ ، «چوڭام» نىڭ ئەڭ يېقىنى ، شۇنداقلا ، بىر پەشۋا ياكى بىر مۇشت بىلەن خېلى ـ خېلى ئادەملەرنى تىك موللاق چۈشۈرىدىغان نوچى ئىدى . «چوڭام» ئۇنى بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم ناھىيە بازىرىدا ھاراق ئىچىپ ، جېدەل تېرىپ يۈرگەن يېرىدىن تېپىۋالغانىدى . ھېيىت ئاغماق ئەسلىدە ، ناھىيىلىك «يەرلىك ماللار شىركىتى» دە ئىش-

چى ئىدى . بۇ شىركەت ۋەيران بولغاندىن كېيىن ، ئۇ كىچىككىنە تۇرمۇش پۇلى بىلەن ئىشسىز قالدى . شۇڭا ، ھەدېسىلا ئاچچىقىنى ھاراقتىن چىقىرىپ ، كوچا ـ كويلاردا نوچىلىق قىلىپ يۈرەتتى . بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئۇچرىشىشتا ، «چوڭشام» ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قىزىقىپ قالدى . چۈنكى ، ئۇ چىناردەك بەستلىك ، تەتۈر ئۇستىخان ھەم قارام ئىدى . «چوڭشام» غا دەل مۇشۇنداق ئادەم كېرەك ئىدى ، شۇڭا ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل ۋەدە قىلىپ ، ئۆزى بىلەن بىللە ئىچكىرىگە ئېلىپ كەلدى ۋە بىر يىل لوياڭ شەھىرىدىكى «شاۋلىن ئىبادەتخانىسى» دا گۇمپا مەشىق قىلدۇر- دى . ھېيىت ئاغماقمۇ «چوڭشام» نىڭ نىيىتىگە يارىشا ، جامبازلىق- نى ياخشى ئۆگىنىپ ، «چوڭشام» نىڭ بىرنەچچە قېتىملىق «بازار تالىشىش» ، «شوركا تالىشىش» ۋە «ئىناۋەت تالىشىش» دىن ئىبارەت «رەقىبلەر جېڭى» دە ئاجايىپ كۈچ كۆرسەتتى . كۆر- گەنلەرنىڭ ھەيرەت بىلەن ئېيتىشىغا قارىغاندا ، ئۇ پۈت گۇمپىسى بىلەن بىر ئادەمنىڭ بىقىنىغا تېپىپ ، ئۈچ قوۋۇرغىسىنى چورتلا سۇندۇرۇۋەتكەن ...

كېيىن «چوڭشام» خوتەنلىك رەقىبلىرىگە جەڭ ئېلان قىلغاند- دا ، ھېيىت ئاغماق ئون نەچچە ئادەمنى شىنجېندىكى «چىمەنتاغ» دا بىرنەچچە كۈن مەشىق قىلدۇرغان ، ئۇلارنىڭ جەينەك قىسمىغا نېپىز پولاتتىن قالقان كىيگۈزۈپ ، ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگەتكەن ، شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۆزى سەپنىڭ ئالدىدا «چوڭشام» تەقدىم قىل- غان ئون مىڭ يۈەنلىك ياپون قىلىچىنى كۆتۈرۈپ «جەڭگە» كىرىپ ، «جەڭ» نىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈر- گەن...

شۇ ئىشلاردىن كېيىن ، ھېيىت ئاغماقنىڭ نامى يۇرتداشلار ئارىسىدا يىراق ـ يېقىنغا تاراپ ، بەزى نادانلار ئۇنى تەپ تارتماس- تىن : «زامانىمىزنىڭ سادىر پالۋىنى ، سېيىت نوچىسى» دەپ تەرىپلەيدىغان بولۇشتى ! بۇ قارا قورساق ئەخمەقمۇ بۇنداق گەپ-

لەرنى ئاڭلىغاندا، ئۆزىچە كىرىلىپ «يەردە ماڭايمۇ، ئاسماندىمۇ» دىگەندەك ئەخمىقانە تۇيغۇدا بولۇپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەمىشە «ئىچىمدىكىنى ئۆزۈڭ تاپ» دەيدىغان ھاڭۋاقتى نوچىلاردىن ئىدى، ئەمما نىمە ئويلىغانلىقىنى ھىچكىم، ھەتتا ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، مىڭ يىرگە پىچاق كىرسە، بىر يىرىدىن قان چىقمايتتى...

مانا شۇ قاپاق نوچى ھىيت ئاغماق بۇ يەردىكى «قۇش» ۋە «شوركا» لار بىلەن «چوڭام» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر ۋاستىچى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋەھىي - پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئىشەنچلىك ئەلچىسى ئىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھاشىم توقۇناق يىگىرمە بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان، بويلۇق، چاچلىرى قارامتۇل ۋە جىڭگىلەك، ئەمما تەقى - تۇرقى بەئەينى جەسەتتەك سەت ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئۇچىبۇرجەك سۇرلۇك كۆزلىرى بىلەن يۇپقا لەۋلىرىدىن ھەمىشە مەنمەنلىك بىلەن بىر خىل زەھەرخەندە تەبەسسۇم ئىپردىمەيتتى. ئۇ خۇددى روچىۋىندەك ھەممە يەردە نىجاسەت ئىزدەپ، پۇت - قولىنى بۇلغاپ يۈرەتتى، كۆڭلىمۇ قارا ھەم تەلۋە ئىدى... ئۇ «شوركا» لارنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل ئىدى. يىڭىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ كەلگەن باللار دەرھال ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلاتتى، ئۇ تولىمۇ رەھىمسىز، قوپال ئىدى. باللاردىن ئازراقلا بىخۇدلۇق، سەۋەنلىك كۆرۈلسە، قاتتىق جازالايتتى. ئۇنىڭ باللارغا يۈرگۈزىدىغان جازا تۈرىنى تەرتىپ بويىچە تىزغاندا، كاچات، مۇشت، تىپىك، سىمتاناب بىلەن ئۇرۇش، پۇت - قولىنى باغلاپ، كۈنلەپ ئاچ - ئۇسسۇز قويۇش، شامالدۇرغۇچقا ئىسىپ پىرقىرىتىش، بەدىنىگە تاماكا يىقىش، پىيىنى كىسىش قاتارلىقلار ئىدى...

نەزەر يىڭى كەلگەن ۋاقتىدا، بۇنداق قىيناشلارنىڭ ھەممىسىگە بەرداشلىق بەرگەنىدى. بۇنداق بەرداشلىق ئاساسلىقى

ئۇنىڭ ياش ھەم تېنىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىدىن ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ ھەمىشە بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشنى ، يۇرتىغا قايتىشنى ، ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈشنى ئويلايتتى ، بۇ ئۇنىڭغا كۈچ بەرگەن ، جاسارەت ئاتا قىلغانىدى ! ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇتقۇن قىلىنىپ كەلگەن ئەنۋەر بىلەن ئادىل بۇنداق قىيناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمىدى ، ھاشىم توقۇناقنىڭ زوراۋانلىقى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ روھىنى نابۇت قىلىۋەتتى...

ھاشىم توقۇناقنىڭ «شوركا» لارنى مەشىق قىلدۇرۇشى كۆپ بولسا بىر ھەپتە داۋام قىلاتتى . ئۇ ئالدى بىلەن بىر قاچىدىكى قىزىق سۇغا بىر پارچە سوپۇننى سېلىپ قويۇپ ، بالىلارغا ئۇنى ئىككى بارمىقى بىلەن قىسىپ ئېلىشنى بۇيرۇيتتى . مۇبادا ، بالىلار چاققانلىق بىلەن قىسىپ ئالالمىسا ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ قولى كۆيەتتى ، يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق شاپىلاق يەيتتى . بۇ ئىش كالامپايلىق قىلغان بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا كېلەتتى . ھاشىم توقۇناق يەنە چوڭ ئادەملەرنىڭ يانچۇقىغا ئوشۇق تەڭگىنى سېلىپ قويۇپ ، بالىلارغا ئۇنى تېز ۋاقىتتا قىسىپ ئېلىشنى مەشىق قىلدۇراتتى ، ئۇلار چاققانلىق ، ھوشيارلىق بىلەن تەڭگىنى ئالالمىسا ، يەنە تاياق يەيتتى ، مۇبادا كىمدە - كىم تۇيدۇرماي قىسىپ ئالالىسا ، ئىككى - ئۈچ كوي بىلەن مۇكاپاتلىناتتى . بۇنداق چاغدا ھاشىم توقۇناق ئاغزى بېسىلماي :

— قۇشخانىغا ھەيدەپ كېلىنگەن قوي - قوزىلاردەك تىترەشىسەنغۇ ! ؟ جەررا تۇرۇش ! كۆزۈڭ يانچۇقتا بولسۇن ، قولۇڭنى چاققان قىل ، چاپاننىڭ پېشىنى تارتىپ تۇرۇپ قول سال !... تاپىنىڭنى يەرگە تەگكۈزمە ، پۇتۇڭنىڭ ئۇچىدا ماڭ ، يۈرەكلىك بول ! سەنلەرگە باتۇرلۇقنى ، چېۋەرلىكنى بىرەر غىتمەك ئۇسسۇلچى ئەمەس ، بەلكى يۈرەكنىڭ ئۆزى ئۆگىتىدۇ ، مانا مەن شۇنداق ئۆگەنگەن... ئوغۇل بالا دېگەندە ئىككى يۈرەك بولىدۇ : بىرسى ، ئوغۇللۇقى ، يەنە بىرسى ، باتۇرلۇقى !... ، — دەپ

ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى .
بىرەر - ئىككى كۈن يۇقىرىقىدەك مەشىق قىلدۇرغاندىن كېيىن ، ئەمدى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تانا تارتىپ ، تانىغا ھەرخىل شەكىلدىكى — قولدا تۇتىدىغان ، يەلكىگە ئاسىدىغان ، سىيرىتمىلىق ، تۇگمىلىك ··· سومكىلارنى ئاساتتى ۋە تانىنىڭ ئىككى بېشىغا كىچىك ، زىل قوڭغۇراقتىن بىرنى بېكىتىپ ، ئاندىن بالىلارغا ئاشۇ سومكىلارنى چېۋەرلىك بىلەن تېز ئېچىشنى بۇيرۇيتتى . ئەگەر كىمدە - كىم ھەرىكەتتە قوپال بولۇپ ، ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ قالسا ، شۇ ھامان قوڭغۇراق جىرىڭلاپ كېتەتتى ، بۇ چاغدا ھېلىقى بالا تاياق يەيتتى ۋە قايتا - قايتا مەشىق قىلىشقا بۇيرۇلاتتى . شۇنداق قىلىپ ، تاكى ئۇلار سومكىدىكى پۇل ياكى يانفونلارنى تۇيدۇرماي ئېلىشنى ئۆگەنگىچە مەشىق قىلاتتى ، بۇ جەرياندا چىدىغۇسىز قىيناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزەتتى ، ھەتتا بەزىلەر بۇ دۇنياغا تۆرەلگىنىگىمۇ پۇشايمان قىلىپ كېتەتتى ! ···
ئەمما ، ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا ، ھاشىم توقۇناق ، ھېيت ئاغماق ، موللاجى ، ھۆۋقۇش تازدەك كونا ئۇستىكار ئوغرىلارنىڭ قورقۇتۇشى ، چىلىڭ تۇتۇشى ، تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ، خېلى پىششىقان ، چېۋەر يانچۇقچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقاتتى ! ···
تام تېشەر ئوغرىلار ، خۇنخور قاراقچىلار ھۈنەرلىرىنى كىچىكىدە تۇخۇم ۋە چۈجە ئوغرىلاشتىن باشلايدۇ . بۇ بىر ھەقىقەت . ئۇلار ئەنە شۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ بولغانلار ، ئۇلار ھازىر خۇددى تۆشۈككە كىرىۋالغان يىلاننى قۇيرۇقىدىن ھەرقانچە تارتىسىمۇ چىقمىغاندەك ، بۇ تۇيۇق يولغا بېشىچە كىرىپ بولغانلار ! شۇنداق ، بۇلار ھازىر پۇل ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشتىن ، ھەتتا ئادەم ئۇرۇپ قان تۆكۈشتىن يانمايدۇ ، ئۇلار پۇلغا شۇنداق ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەنكى ، پۇل دېسە ئۆزلىرىنى تامدىن تاشلايدۇ ، پۇلنى كۆرسە ، كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىدۇ ! ···

ئۆزلىرى تېخى ئانا سۈتى ئاغزىدىن كەتمىگەن بالا ، لېكىن ھەمىشە ئوغرىلىق ، يانچۇقچىلىق قىلىش كويىدا ! ...

ئۇلارنى بۇ كويغا زادى كىم سالدى ؟ ! كىم زادى ئۇلارنى بۇ تۈيۈق ھالاكەت يولىدا مېڭىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ ! ؟ ...

بۇ ئادەمنى بالىلار تېخى بىلمەيتتى ، كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدى . بەزىلەر «چوڭام» دەپ ئاتايدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ بەئەينى سىلىق بېلىققا ئوخشايتتى ، زادىلا تۇتقۇق بەرمەيتتى .

ھۆكۈمرانلىق شېرىن نەرسە ! ھەممە نەرسىنى بۆلۈشۈش مۇمكىن ، ئەمما ھۆكۈمرانلىقنى بۆلۈشۈشنىڭ ئىلاجى يوق . چۈنكى ، ھۆكۈمرانلىق مۇتلەقلىق ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ ، مۇتلەقلىقنى ياخشى كۆرىدۇ . شۇڭا ، بۇ يەردە «چوڭام» ھەممىگە ھۆكۈمران ئىدى . «تۆمۈرچىنىڭ قولىدا تۆمۈر ئىمان ئېيتىدۇ» دېگەندەك ، «چوڭام» نىڭ ئالدىدا ھەممىسىنىڭ پېيى سىرقىرايتتى ، ھەممىسى يەتتە پۈكۈلۈپ تۇراتتى ، قاتتىقراق نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى ، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى دۇر - جاۋاھىر ئورنىدا قوبۇل قىلاتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەمىشە ئەنە شۇنداق «خوش» ، «لەببەي» دەپ يۈرگەن ھېيت ئاغماق ، موللاجى ، ھاشىم توقۇناق ، ھۇۋقۇش تازغا ئوخشاش ئالتە - يەتتە نادان ، ئاچ كۆز ، تەلۋە سالپى - ساياقلار بۇ روھى مەرەز خوجايىنغا بەئەينى نىجاسەتكە يېپىشقان بىزەڭ چىۋىنلاردەك باغلىنىپ كەتكەنىدى...

«چوڭام» نىڭ ئەسلى ئىسمى ئەزەم بولۇپ ، تونۇش - بىلىشلىرى دەسلەپ ئەزەم دۇمباق ، كېيىن ئەزەم تاتۇق ، ئاندىن ئەزەم چوڭ دەپ ئاتاشتى .

ئۇ ، ئون بەش ياش چېغىدا ، ئاكىسى سايىم قاپاقتا ئەگىشىپ ، دەسلەپ لەنجۇ ، شىئەن ، كېيىن بېيجىڭ ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا تىجارەت قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەندى ، ئۇ ئون يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ئاكىسى شاڭخەيدە چوڭ بىر خىرۇئىن

دىلوسىغا چىتىلىپ قولغا ئېلىنىدى ۋە مۇددەتسىز قاماققا ھۆكۈم قىلىنىپ ، پۈتۈن مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدى . ئەزەم پۇل-سىز ، ھىمايىسىز قالدى . شۇ چاغدا ئۇ ، ئاكىسى بىلەن بولغان جۇدالىققا ۋە مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈككە چىدىماي ، خىروئىنغا ۋە خىروئىن سودىسىغا قاتتىق نەپرەتلىنىپ ، ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى . شۇڭا ئۇ ، كېيىنكى تۇرمۇش يولىدا خىروئىن دېگەن بۇ مەرەزگە زادىلا يېقىن يولىمىدى ، بەلكى ئاكىسىدىن قالغان ئازغىنە پۇل بىلەن ئادەم سودىسىغا كىرىشىپ كەتتى . بىرنەچچە يىل يىراق ، نامرات رايونلاردىكى باللارنى ئالداپ تۇتقۇن قىد-لىپ ، باشقىلارغا سېتىپ ، ئوتتۇرىدىن نۇرغۇن ھايان ئالدى . كېيىن پۇلى كۆپەيگەنسېرى ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇش ئىستىكى كۈچەيدى ، ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ ، كىچىك گۇرۇھ شەكىللەندۈر-دى ، بۇ گۇرۇھنىڭ كۈچى بىلەن بىرنەچچە قېتىملىق «بازار تالىشىش» ، «ئادەم تالىشىش» جېڭىدە غەلىبە قىلىپ ، دەسلەپ شاڭخەيدە ، كېيىن گۇاڭجۇدا خېلى ئوبدان يىلتىز تارتىپ قالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئەزەم چوڭ بۇ بىر توپ ئاچ كۆز ، تەلۋىلەر-نىڭ كاتتىسى ، باشقۇرغۇچىسى ۋە چوقۇنغۇچىسى بولۇپ قالدى . باشقىلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى ، ئۇنىڭ ئەمرىگە ، پەرماند-غا غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلماي شەرتسىز بويسۇناتتى… ئايلار ، يىللار ئەنە شۇنداق ئۆتتى ، كېيىن پىچاقنىڭ يېنىغا ئالدامچىلىق ، رە-زىللىك ، ۋەھشىيلىك قوشۇلدى ، ئۇلار ئۆز پەرزەنتىدەك سەبىي قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ، ھەقگۇي ، ساددا ۋە سەمىد-مىي تۇيغۇلىرىنى ئەمەككە ئايلاندۇردى ، ھەممە ـ ھەممىسىنى پۇلغا ئالماشتۇردى ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن ، قاراڭغۇ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى ئەۋزەل كۆردى…

شۇنىڭدىن كېيىن ، ئەزەم چوڭ ئەتراپىدىكى بىرنەچچە سادىق «قۇش» لارنىڭ قولى بىلەن «شوركا» لارنى تۇتۇش ، «شوركا» لارنىڭ قولى بىلەن بازارنى تۇتۇشتەك ئەپچىل چارىنى قوللى-

نىپ ، تېزلا ئۇنۇمىنى كۆردى . ئۇ ، نۇرغۇن كۆز ياش ۋە ئازاب – ئوقۇبەت بەدىلىگە كەلگەن مانا شۇ هارام پۇللار بىلەن هېچ نەرسىنى پەرۋايىغا كەلتۈرمەي ، راهەت – پاراغەت ئىچىدە ياشاشقا باشلىدى . بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ قولى شۇنداق ئۇزاردىكى ، گۇاڭجۇدا تۇرۇپ ، شاڭخەيدىكى رەقىبلىرىنىڭ كانىيىدىن ئالا-لايتتى . ئۇ ، بۇنداق قان تۆكۈپ باي بولۇشنى كىچىك چېغىدىلا ئاكىسى سايىم قاپاقتىن ئۆگەنگەنىدى . بۇ كۈنلەردە ئۇ ، ئەڭ سۇربەت ، ئەڭ تەكەببۇر ، ئەڭ چاكىنا ، ئەڭ ئاچ كۆز ۋە ئەڭ رەهىمسىز ئادەملەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغانىدى . شۇنداق ئادەم-لەرنىڭ پۈتۈن خۇي – پەيلى ئۇنىڭدا ئەكس ئېتەتتى ، ئۇ ئۆزىگە تەمەننا قويغان ۋە ئۆز ئىشىدىن ناهايىتى پەخىرلىنىدىغان ئادەم-لەرنىڭ تىپى ئىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭدا نە قەلب ، نە ئەقىل ، نە غايە دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى !...

گەرچە ئەزەم چوڭ كەيىپ – ساپا ، ئەيش – ئىشرەت ئىچىدە خامۇش بولغىنى بىلەن ئەتراپىدىكى چاپارمەنلىرى سەگەك ئىدى ، ئۇنىڭ هەرقانداق بۇلۇڭ – پۇچقاقتىكى شىۋىرلىغان گەپلەرنى ئاڭلىيالايدىغان قۇلاقلىرى ، كېچىلەردىمۇ مىت قىلغان نەرسىلەر-نى كۆرەلەيدىغان كۆزلىرى بار ئىدى . ئۇنىڭ بۇنداق سەگەك «كۆز» ۋە «قۇلاق» لىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك بىرى هۇۋقۇش تاز ئىدى .

هۇۋقۇش تازنىڭ ئەسلىي ئىسمى خالمەت بولۇپ ، ئەزەم چوڭنىڭ قولىغا كىچىك چۈشكەنىدى . ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن ، ئوتتۇرا بوي ، قارىقۇمچاق ، بەشىرىسى ئوچۇق بۇ يې-گىت سول پۇتىنى سۆرەپ ماڭاتتى ، ئۇنى توققۇز ياش ۋاقتىدا يۇرتتىن تۇتقۇن قىلىپ شاڭخەيگە كەلگەن بىرى ئەزەم چوڭغا سېتىۋەتكەنىدى . ئۆز ۋاقتىدا ئەزەم چوڭ ۋەدە قىلغان بايلىققا ، ئابرۇيغا باشلاش يولى هەقىقەتەنمۇ جەلپكار ، مەپتۇنكار ئىدى ، شۇڭا ئۇ خالمەتنى بارغانسېرى ئۆزىگە تارتىپ كەتكەنىدى . شۇ

چاغلاردىن تارتىپ ، ئەزەم چوڭنىڭ ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىختىيارىنى ، ئەسلىي ـ ۋەسلىنى ئۇنىڭغا ئاتىۋەتكەن بىرنەچچە ئاتارمەن ـ چاپارمەنلەر بار ئىدى ، ئۇلار ئەزەم چوڭغا شەرتسىز بويسۇناتتى . ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى تۇتىيا قىلىپ ، ئاغزىدىن چىققان ھورنىمۇ زايە قىلمايتتى . خالمەتمۇ ئۇنىڭ قولىغا چۈش- كەن ئون بەش يىلدىن بۇيان ، ئەنە شۇنىڭغا كۆنگەن ، ئادەتلەنگە- نىدى . بۇنداق «خۇدايى قۇل» چىلىقتا ئادەتلەنگەن ، گەرچە كۆدەكلەرچە ئىشىنىۋېرىشكە ئۆگىتىلگەن كىشىلەر ئاخىرقى ھېسابتا نادانلىق- نىڭ ، جاھالىيەتنىڭ قۇربانلىرى بولۇپ كېتىۋېرەتتى . خالمەت- نىڭ سول پۇتىنىڭ ناكار بولۇپ قېلىشىمۇ ئەنە شۇ «خۇدايى قۇل» چىلىقنىڭ يادنامىسى ئىدى . ئۇ بىر قېتىملىق «گۇرۇھ جېڭى» دە كالتەك يەپ ، سول پۇتىنىڭ ئوشۇقى سۇنغانىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ مۇھىم ئىشلارغا سېلىنمىدى ، پەقەت «شوركا» لارغا كۆز ـ قۇلاق بولغاچ ، ئەپچىلگىنە كاۋاپدانىنى كۆتۈرۈپ ، بازارلاردا كاۋاپچىلىق قىلاتتى ...

ھۆۋقۇش تاز ئەسلىدە ، ئاق كۆڭۈل ، سەممىي بالا بولسى- مۇ ، ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ ياشىغان ناچار ، بېكىنمە مۇ- ھىت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاستا ـ ئاستا مۇكەممەل ياۋايىلىق بىلەن ئەسەبىيلىكنى يېتىلدۈرگەنىدى .

بۇنىڭدىن سەككىز ئاي بۇرۇن ، ئەزەم چوڭ ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئۆزۈن يىللىق ئەقىدە ـ ئىخلاسىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ قولىدىكى ئون يەتتە ياشلىق يانچۇقچى قىز گۈلپەرىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ قويدى . ھۆۋقۇش تاز دەسلەپ بۇنىڭ- غا قوشۇلمىدى ، چۈنكى ئۇ ، گۈلپەرىنىڭ ئىككى يىلدىن بېرى ئەزەم چوڭنىڭ قوينىدا يېتىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى . گەرچە گۈلپەرى ئاشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلانغان گۇناھسىز بولسىمۇ ، لېكىن ھۆۋقۇش تازنىڭ نەزىرىدە ، ئۇ بەرىبىر ناپاك ئىدى ، ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى كۆتۈرمەيتتى . ئەمما ، ئەزەم چوڭنىڭ

قايتا ـ قايتا زورلىشى ، چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئاخىر بۇ نىكاھتىن باش تارتالمىدى . چۈنكى ، ھۆۋقۇش تاز كىچىكىدىن تارتىپ ئۇنى كۆڭلىگە يېقىن تۇتۇپ ، سۆزىنى يىرماي ، ئۆزىنى ئاكا ، ئۆچكىدىسىنى تاكا دەپ ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدى . ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن ، ھېيت ئاغماق ھەيران بولۇپ ئەزەم چوڭدىن :

«گۈلپەرىنىڭ مېھرىدىن كېچەلەمسەن ؟ !» دەپ سورىغاندا ، ئەزەم چوڭ قىلچە ئىككىلەنمەي مۇنداق دېگەنىدى :

«مەندىن ئەنسىرىمە ، گۈلپەرى مەن ئۈچۈن بىر قېتىم يەپ بولغان تاماق . شۇڭا ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن جاھانسازلىق قىلىپ ئۆتىمەن ، خالاس ! بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭمۇ ۋارىسلىرى بولۇشى كېرەك . ھۆۋقۇش تاز بىلەن گۈلپەرى سىناقتىن ئۆتكەن ، ئىشەنچلىك ! ئۇلاردىن تۇغۇلغان بالىمۇ چوقۇم بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ۋارىسى بولىدۇ !...»

ئاخىر نىكاھ ئوقۇلدى ، نىكاھنى بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دىنىي ساۋاتتىن خەۋىرى بار موللاجى ئوقۇپ ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى :

«مۆمىن مۇسۇلمانلار مۇنداق بەش ئىشنى ئىرادە قىلماقلىرى ۋاجىپتۇر : رىزىق غايىب ، سەپەر غايىب ، نىكاھ غايىب ، تەقدىر غايىب ۋە گۇناھ ـ كەبىر ، ئىزگۇ ـ ساۋاب غايىبتۇر !... »

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ، ئىككى يېتىم ـ مۇساپىرنىڭ بېشى قوشۇلۇپ ، ھالال جۈپكە ئايلاندى . ئۇلارنىڭ تويى ھەشەم ـ دەرەمسىز ئاددىيلا ئۆتتى ، تويىنىڭ يارىشىقى دېيىلىدىغان نەغمە ـ ناۋا ، ئۇسسۇل ـ ساما دېگەندەك نەرسىلەرمۇ بولمىدى . شۇنداقتىمۇ ، گۈلپەرى خۇشال ئىدى ، ئۇزۇن يىل قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ يۈرگەن بۇ شورلۇق قىزنىڭ كۆكسىگە ئايتاپ تېگىدىغان كۈنلەر كەلگەنىدى !...

شۇ كېچىسى ھۆۋقۇش تاز گۈلپەرى بىلەن بىر ئۆيدە يالغۇز

قالدى . ئۇنىڭ ئوماق ، چىرايلىق يۈز - كۆزلىرىگە سۆيدى ، يۇمران بەدىنىدىن قۇچاقلىدى... ئۇ ئاشۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئايال زاتىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئادەمنى سۆيۈندۈرۈپ ، ھاياجىنىنى قوزغايدىغان دىل - ئارامنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى !...

راستىنى ئېيتقاندا ، تەقدىرنىڭ بۇنداق تاتلىق ، يورۇق كۆ-چىلىرىغا كىرىشى ھۇۋقۇش تازنىڭ يەتتە ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىر-مىگەنىدى ، ھەتتـا ئاسمانـدىنمـۇ كەڭ خىيـال دېڭىزلىرىدا ئېزىپ - تېزىپ يۈرگەن چاغلىرىدىمۇ بۇنداق بەختلىك ، لەززەت-لىك كۈنلەر خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى !

مانا ئەمدى گۈلپەرى ئاياللىقنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىش — دۇنياغا يېڭى بىر ئىنسان ھەدىيە قىلىش ھارپىسى-دا تۇراتتى . بۇنىڭـدىن ھۇۋقۇش تـاز تېخىمـۇ خۇشاللىقتا چۆم-مەكتە ، ئاتا بولۇش ئىپتىخارى ئۇنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزمەك-تە ئىدى !...

خىسلەت بىرنەچچە كۈندىن بېرى مانا شۇنداق ھەرەڭ - سەرەڭ ئادەملەر توپلاشقان سىرلىق ماكاندا چىشىنى چىشلەپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى . ئامال قانچە؟ ئىشىك پاكار بولسا ، باشنى ئېگىپ كىرىدىغان گەپ . بولمىسا كېشەككە ئۇسۇۋېلىپ بىھۇدە ئەدەپ يەپ قالىدۇ ، ئادەم ! ئەمما ، خىسلەت ئۆزىنى قەيەردە بولمىسۇن ، شۇنداق گۈزەل ، شۇنداق سىپايە ، شۇنداق ئەقىللىق ، شۇنداق غالىب ۋە شۇنداق مەغرۇر تۇتۇشقا ئادەتلەنگەنىدى ، بۇ ھالەتلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق ماس كېلەتتى ، يارىشاتتى . شۇغىنى-سى ، بۇ قېتىم ئۇ كۆرۈنۈشتە شۇنداقتەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمەلى-يەتتە قانداقتۇر بىر خىل قورقۇش ، ۋەسۋەسە ۋە يەنە ئاللىقانداق روھىي بېئاراملىقلار بىلەن ئىچ - ئىچىدىن ئاداپ تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى . پەقەت شۇ كۈنلەردە ، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم بىر ھۇجرىدا بىللە يېتىپ - قوپۇۋاتقان (بۇنداق ئالاھىدە ئىمتىياز ئۇلارغا «چوڭخام» نىڭ قىلغان ئىلتىپاتى ئىدى ) «خۇماركۆز»

ئىسىملىك بىر قىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ، دەردىگە ھەمدەرد بولىدىغان بىردىنبىر تەسەللى ئىدى .

خۇماركۆز يېشى ئون ئىككىدىن سەللا ئاشقان ، ئاق سېرىق كەلگەن ، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن زېرەكلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئوماق قىز ئىدى . ئۇنىڭ ئىلتىپاتقا تولغان تەبەسسۇمى تولىمۇ نازۇك ۋە يېقىملىق ئىدى . كۆرۈنۈشىدىن قۇۋناقلىقى ، ئادەم خۇمارلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن يەنە قاراشلىرى ئاللىقانداق ئۆتكۈر ۋە سىناشچان ئىدى . يېشىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇنىڭ قاپقارا خۇماركۆزلىرىدىكى شوخ جىلۋە بىلەن سېھرىي كۈچمۇ ئاشماقتا ئىدى...

خىسلەت ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىپ ، سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغان تۈنجى كۈنى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى . ئۆزىدىن ئالتە ياش كىچىك بىر سەبىي قىز بالىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن شۇنچە كۆپ خورلۇق ، كۈلپەتلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتە-ۋەتكەنىدى . شۇ كېچىسى چىدىغۇسىز ئازابتىن گويا بىر ئىچكى جاراھەت ئۆزلۈكىدىن قانىغاندەك بولدى . ئۆزى ۋە ئۆزىدىن كى-چىك نارەسىدىلەرنىڭ بېشىغا ئۈستى - ئۈستىلەپ كېلىۋاتقان دەرد - ئەلەملەر ، جاۋابى يوق ئاچچىق سوئاللار ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجىلاپ ، دات دېگۈسىنى كەلتۈرگەنىدى...

خۇماركۆزنىڭ خىسلەتنى ئازابقا سالغان كەچۈرمىشلىرى ھە-قىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى :

تۆت ياش ۋاقتىدا نامەلۇم بىر جادۇگەر ئايال تەرىپىدىن ئىككى تال كەمپۈت بىلەن ئالدىنىپ ، تۇتقۇن قىلىنغان بۇ قىز يۇرتمۇ يۇرت ، شەھەرمۇ شەھەر خاكسار يۈرۈپ ، سەككىز يىللىق ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى . ئۇنىڭ بۇ سەككىز يىللىق ئۆمرى ئۆمۈر ئەمەس ، بەلكى چۈشكە ئوخشايتتى . گويا ئۇ ئەقلىگە كەلگەن - كەلمىگەن بىر ۋاقىتتا ، بىرى كۈچلۈك ئۇيقۇ دورىسى ئىچكۈزگە-نى ، ئۇ چۈش كۆرۈپ يۈرىۋەرگەن : بەزىدە شېرىن ، بەزىدە قابا-

ھەتلىك چۈش . چۈشىدە ئاشۇ بىرى قاياققا سۆرىسە ، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىۋەرگەن ، نېمە قىل دېسە ، بويۇن تولغىماي قىلىۋەرگەن… مانا ئەمدى ئويغىنىپ قارىسا ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىگە تەئەللۇق ھېچنېمە قالمىغان…

ئۇ ، ئون ياشقا كىرە ـ كىرمەي ، قىزلىق ئىپپىتى يوقىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەملىك غۇرۇرى پايمال بولدى ، ئاندىن ئەركى يوقىدى ، ئارزۇ ـ تىلەكلىرى كۆپۈككە ئايلاندى . قىسقىسى ، ئۇ بىر ماشىنا ئادەمگە — مۇكەممەل بىر قۇلغا ئايلىنىپ كەتتى !…

بۇ سەككىز يىلدا ئۇنىڭ ئىنچىكە مىترىق قەدىمى شۇنچە چوڭ ۋەتەننىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقتى ، خۇددى خاكسار ئىتتەك قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ، بىر ـ بىرىدىن بەتتەر خوجايىن تەلۋىلەرنىڭ ئىشىنى قىلدى . بۇ جەرياندا ، ئۇنىڭ كىچىككىنە سەبىي يۈرىكى يوغىناپ ، قارىداپ ، قىلتىرىقتەك نازۇك بارماقلىرى تېخىمۇ سەزگۈر ، تېخىمۇ ئەۋرىشىم بولۇپ ، سىپى ئۆزىدىن «ئۇستا يانچۇقچى» غا ئايلاندى . ئۇ كۆزىگە ئىلىنغان نەرسىنى ئالماي قويمايتتى ، ئۇنىڭ قولى شۇنداق چاققان ، چېۋەر ئىدىكى ، گويا بارماقلىرى ماگنىت سۈيىدە سۇغىرىلغاندەك ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە خەقلەرنىڭ يانچۇقىدىكى ، سومكىسىدىكى تۇتام ـ تۇتام پۇللار ئۇنىڭ چاڭگىلىغا كىرىپ بولاتتى ! ئۇنىڭ بويى رەستە ئارىلاپ يۈرگەن بازارچىلارنىڭ يانچۇقى ياكى مۈرىسىگە ئاسقان سومكىلىرىنىڭ بويى بىلەن تەڭ بولغاچقا ، ئۇنىڭغا ئېگىلىش ياكى يىراقتىن سەپسىلىش كەتمەيتتى !…

خۇماركۆز ئەزەم چوڭىنىڭ قولىغا چۈشكەندە ، توققۇز ياشتا ئىدى . شۇ چاغدىمۇ ئۇ ، ئۆز ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيتتى ، بىلمەيتتى ئەمەس ، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغان مەسۇم ئەقلى ھەممىنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەنىدى ،

زادىلا ئەسلىيەلمەيتتى ، پەقەت ئەزەم چوڭ ئۇنىڭ بولاقتەك چىد-
رايلىق كۆزلىرىگە قاراپلا ، «خۇماركۆز» دېگەن ئىسمىنى قويۇپ
قويغانىدى...

خىسلەت خۇماركۆزنى ياقتۇرۇپ قالدى ، تېخى كىچىككىنە
تۇرۇپلا مۇشۇنداق ئېغىر دەرد - ئەلەملەرگە مۇپتىلا بولغان بۇ
شور پېشانە قىز ئۇنىڭ يۈرىكىدە چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلەن
قېرىنداشلىق مېھرىنى ئويغاتقانىدى .

ئۇنىڭ نەزىرىدە ، خۇماركۆز ، جەننەت ، نەزەر ۋە ئۆزىگە
ئوخشاش بىر تالاي ئادەملەر بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان بۇ خورلۇق ،
بۇ تەقدىر - قىسمەتلەر بۇ دۇنيادىكى بارلىق بەتبەختلىكلەردىن ،
بارلىق قىيناق - ئازابلاردىن ، بارلىق يىرگىنچلىك ۋابا - ماخاۋ-
لاردىن ، قىسقىسى ، ئۇ دۇنيادىكى جەھەننەم — دوزاخنىڭ بارلىق
ئازابلىرىدىنمۇ قاتتىق ۋە مۇدھىش ئىدى . لېكىن ئۇلار بۇ ئازاب-
لارنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل يۈرەككە قۇۋۋەت بېرىدىغان ، ئۇلار-
نى ئۈمىدلەندۈرىدىغان ۋە باغلاپ تۇرىدىغان ، ھايات بولاقلىرىنىڭ
تىنىپ قېلىشىغا يول قويمايدىغان بىر خىل پىكىر تۈپەيلى
يېڭىپ كېلىۋاتاتتى ، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىپ ، چىداپ
كېلىۋاتاتتى !...

بىر كۈنى خىسلەت خۇماركۆز بىلەن دەردلىشىپ يېتىپ ،
ئۇنى ھازىرقى يامان يولدىن قايتۇرۇش نىيىتىدە شۇنداق نازۇك
ۋە شۇنداق خۇداگۇي بىر پىكىرنى ئېيتتى :

— سىڭلىم ، بوۋاقنىڭ تۇنجى قېتىم ۋىلىقلاپ كۈلگىنىنى
كۆرگەن ئانا قانداق خۇشال بولسا ، گۇناھكار بەندىسىنىڭ چىن
دىلىدىن تۆۋە قىلغانلىقىنى كۆرگەن خۇدامۇ شۇنداق خۇشال بولى-
دۇ ! سەن ئەمدى بۇ يولدىن قايتقىن ، سىڭلىم ! سەن تېخى
كىچىك ، تەربىيە ئېلىشىڭ ، ساغلام چوڭ بولۇشۇڭ ، ئانا بولۇ-
شۇڭ كېرەك !...

بىر ھازادىن كېيىن ، خۇماركۆز ئېرەنسىزلا مۇنداق دېدى :

— ئاچا ، مەن نېمە ئىش قىلىمەن !؟ مەن ئەمدى مۇشۇ ئىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايمەن . مەن بۇنىڭغا كۆ-نۈپ ، ئۆگىنىپ كەتتىم ، خەقلەرنىڭ يانچۇقىغا قول سالمىسام ئىچىم پۇشىدۇ… مەن بۇنىڭدىن باشقا ئىشقا يارىمايمەن ، ئۆزۈمنۇ خالىمايمەن !…

خىسلەتنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ ، تۇرۇپلا قالدى ۋە باشقا ھېچ نەرسە دېيەلمىدى…

ئۇ ، بىرنەچچە قېتىم خۇماركۆزنى تۇيۇق يولدىن قايتۇرۇشقا پۇتۇن ۋەسلى بىلەن ئۇرۇنۇپ كۆردى ، كېچە - كېچىلىرى قىز-نىڭ يېنىدا ئۆز ئاچىسىدەك يېتىپ ، سىردىشىپمۇ كۆردى . لې-كىن خۇماركۆز ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىدىن پەرۋايى پەلەك ئىدى . خىسلەت ئاخىر شۇنى چۈشەندىكى ، ئۇزۇن يىل قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا يېتىلىپ ، ئۇنى ھالاكەت گىردابىغا سۆرەپ كېتىۋاتقان ياۋايى ئىستەكنى يېڭىشكە ئۇ ئاجىز كەلگەنىدى !…

7

خىسلەت بۈگۈن كۈن قىزىلى بولغاندا ، بېشى ئاغرىپ ، خىيالى چېچىلىپ غەلىتە بىر كەيپىياتتا ئويغاندى . نېمە ئۈچۈن-دۇر شۇ تاپتا ئۇتتۇقنى ناھايىتى كۆرگۈسى كەلدى ، ئۇنىڭ بىلەن نېمە ھەقتە بولمىسۇن ئۇزاق ئولتۇرۇپ گەپلەشكۈسى كەلدى . بۇ بەلكىم ئاخشامدىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە تۇغۇلغان شېئىر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر ! ئۇ ، يېقىندىن بېرى قەلبىنى ئېزىپ ياتقان قايغۇ - ئەلەملىرىنى ، سۆيگۈ - مۇھەببەتكە تولغان سېغىن-ىش - پىراقلىرىنى شېئىرىي مىسرالارغا تىزغانىدى . ئۇ كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىلغان ئەنە شۇ شېئىرنى ھازىر ئاستا پىچىرلاپ ئوقۇشقا باشلىدى :

پەرۋانىمەن، قاناتلىرىم كۆيۈپ ـ كۆيۈپ،
ئۇچالمايمەن، ئۇچالمايمەن!…
سەن يىراقتا… يۈرەكلىرىم تويۇپ ـ تويۇپ،
قۇچالمايمەن، قۇچالمايمەن!…

خىسلەتنىڭ قەلبىنى ئاللىقانداق مەۋھۇم بىر غەشلىك قاپلىۋالدى. ئۇ، بۇرۇن ئۇتۇقنى ئويلىسا، سېغىنسا، بۇ ئۇنىڭغا گۈزەللىك، بايلىق ۋە كۈچ ـ قۇدرەت بولۇپ تۇيۇلاتتى، ھازىر بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە، بېسىمغا ۋە قارا ھىجرانغا ئايلىنىپ كەتكەندى…

خىسلەت ئېغىر تىندى، ئۇھ تارتتى، ئازاب ئىچىدە تولغىنىپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىدى. مانا، قىسقا بولسىمۇ، ئۇتۇق بىلەن ئۆتكەن بەختلىك، مەنىلىك كۈنلەرنىڭ ھەممىسى ئېسىدە تۇرۇپتۇ! شۇ تاپتا، ئۇنىڭ خىيالىدا قانداقتۇر بىر گۈلزارلىق، توغرىراقى، ئاشۇ گۈلزارلىق ئىچىدىكى چىرايلىق بىر شىپاڭ گەۋدىلەنگەندەك بولدى. ئۇ دائىم شۇ يەرنى ئەسلەشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇ يەردە تۇرۇپ ئۆزىگە تۇنجى سۆيگۈ ئاتا قىلغان دوختۇرخانىنىڭ ئاشۇ ئاپئاق ئۆيلىرىگە، يىراقتا خىرە ـ شىرە كۆرۈنگەن قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىپتىدائىي مەنزىرىسىگە، زەڭگەر ئاسمانغا، بوزامتۇل بۇلۇتلارغا، ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرگە قاراشنى ياخشى كۆرەتتى. ئاھ…، قېنى ئەمدى شۇ يەرلەر!؟ ھازىر شۇ يەرلەردە بولۇپ قالسا، يۈرەكلىرى ئويناپ كەتمەسمىدى!؟ لېكىن، ھازىر ئۇ يەرلەر پەقەت ئۇنىڭ خىيالىدىلا ياشاۋاتىدۇ، ئۇ يەنە بىر ئۆمۈر شۇ ھەقتە خىيال سۈرۈشكە رازى! چۈنكى، تۇنجى سۆيگۈ لەززىتى ئەنە شۇ يەردە ھېچقانداق رومانتىك تۇيغۇلارسىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرگەنىدى. باشقا قىزلار ساڭىرى گۈلۈ گۈلزارلار، بېيىتۇ غەزەللەر ئۇنىڭ ئىشقىغا ئوت تاشلىمىغان، بەلكى ئۇ، ئاڭ بىلەن، ئەقىل بىلەن سۆيگەنىدى.

بۇ خىل سۆيگۈ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەمنىڭ باغرىنى ئۆر-
تەيدۇ ، ئارمانلىرى دىلدا ساقلىنىدۇ ، ئۆمۈردە بىر قېتىمغىنە
بولىدىغان مۇنداق پاك ئىشقىي تۇيغۇ ، ساپ ھېسسىيات ئۆمۈرۋا-
يەت ئادەمنىڭ يادىدا تۇرىدۇ ، تاكى ئاخىرقى نەپىسىدىمۇ يۈرەك
تارلىرىنى چىرتىپ ئۆتىدۇ !...

خىسلەتنىڭ ئازاب ئىچىدىكى شېرىن خىياللىرىنى ئاستىنقى
قەۋەتتىن ئاڭلانغان قانداقتۇر تونۇش ، ئەمما ۋەھىمىلىك بىر
ئاۋاز چالغىتىۋەتتى . ئۇ ، زەن سېلىپ تىڭشىۋىدى ، ھاشىم توقۇ-
ناق بىلەن موللاجىنىڭ كىمدۇر بىرىنى سەت تىللار بىلەن ئەدەپ-
لەۋاتقانلىقىنى بىلدى ، يەنە تۇرۇپلا ، بۇ ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە ئۇ-
نىڭغا تېخىمۇ تونۇش بولغان نەزەرنىڭ زىل ، يېقىملىق ئاۋازى
ئاڭلانغاندەك بولدى - دە ، ئۇ دەرھال پەسكە چۈشۈش ئۈچۈن
ئىشىكنى ئاچماقچى بولدى ، ئەمما ، ئىشىك سىرتىدىن قۇلۇپلان-
غاچقا ئېچىلمىدى ، خۇماركۆز ئەتىگەندە «بازار ئويۇنغىلى» چىد-
قىپ كەتكەندىن كېيىن ، بۇ يەردىكى «قۇش» لارنىڭ بىرى
ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويغانىدى . خىسلەت ئاچچىقى بىلەن ئىشىكنى
جالاقلاتتى ، تەپتى ، ۋارقىرىدى . بىر چاغدا ، موللاجى پەيدا بول-
دى .

— خوش... خېنىم ، نېمە گەپ ؟ ! — دېدى ئۇ خۇشياقمى-
غاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ .

— ئىشىكنى ئېچىڭلار ! — دېدى خىسلەت زەردە بى-
لەن ، — مەن ھاجەت قىلىمەن ، يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ ناشتا
قىلىمەن !

موللاجى ئىشىكنى ئاچتى ، خىسلەت ئىشىكتىن چىقىپلا تۆ-
ۋەنگە — يەر ئاستى ئۆيگە چۈشتى . ئۆي ئەتىگەندىلا ئوت بولۇپ
كۆتۈرۈلگەن قۇياش تەپتىدىن ئىسسىپ ، تونۇردەك ھۆپۈلدەپ
كەتكەنىدى .

خىسلەت ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان نەزەرگە ھەيراز-

لىق بىلەن قارىدى ۋە بىر دەقىقىچە خۇددى يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنى ئەسلىگەندەك ھالەتتە تۇرۇپ قالدى . ئۇ ھەممىنى ئەسلەپ مۇلاھىزە قىلىۋېتىپ ، بىردىن قاتتىق ھاياجانغا چۈشتى .
— نەزەر… ئۇكام ، ساڭا يەنە نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدىكى ھاياجىنىنى سەل - پەل بېسىپ ، — يەنە بۇ نەس باسقان يەردە تۇرىسەنغۇ ؟ !
— مېنى… مېنى — ، … دېدى نەزەر ئاچچىقىدا دۈدۈقلاپ ، — قاسىم دېگەن بىر كاززاپ قېرى سېتىۋەتتى !…
موللاجى ئۇنى قاسىم كاززاپنىڭ ياتىقىدىن ئېلىپ چىقىپ ، ئۇدۇل ھېلىقى ئۆيگە ئاپىرىپ سولىغان ۋە ئىككى كۈنگىچە قاتتىق - يۇمشاق ئۇسۇللار بىلەن ئەدەپلەپ ، بۈگۈن ھاشىم توقۇناقنىڭ مەشىقلەندۈرۈشى ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەكەلگەنىدى .
— ھەممىسى سىزنىڭ كاساپىتىڭىز ! — دېدى موللاجى خىسلەتكە قاراپ غۇدۇراپ ، — سىز بۇ گەدەنكەش شۇمتەكنى قاچۇرۇۋېتىپ ، بىزنى بىرمۇنچە پۇلغا زىيانغا ئۇچراتتىڭىز !
— مەن يەنە قاچىمەن ! — دېدى نەزەر جاھىلانە قىياپەتتە موللاجىغا قاراپ .
— يەنە قاچامسەن ! ؟ — موللاجى ئۇنىڭ گەپلىرىگە پىسەنت قىلمىغاندەك مىيىقىدا سوغۇق كۈلدى ، — قېنى ، قاچساڭ قاچ ! بۇ شەھەردە قېچىپ نەگە بارالايسەنكىن ! ئاخىر بىر كۈنى پىت بېسىپ ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا يەنە قايتىپ كېلىسەن !
نەزەرنىڭ بويۇنتاۋلىقى ، جاھىللىقى باياتىندىن بېرى بىر چەتتە تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ ئولتۇرغان ھاشىم توقۇناقنىڭ زىتىغا تەگكەندەك بولدى . ئۇ ئەلپازى بۇزۇلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۆينىڭ كىچىككىنە دېرىزە تەكچىسىگە يۆلەپ قويۇلغان يېرىم غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ كالتەكنى ئېلىپ ، نەزەرنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە پوپوزا قىلماقچىدەك ، كالتەكنى ئۇنىڭ بېشىدا ئوينىتىپ تۇرۇپ :

— سىڭىلىڭ خورىكىڭ نىمانداق يوغىناپ كەتتى ، هارامزا-
دە ! — دېدى ھەيۋە بىلەن ، — بايا نىمە دېدىڭ ؟ يەنە بىر دەپ
باقە ؟ يەنە قاچامسەن ! ؟

نەزەر ئەپتى - ئەڭگىزى يىرتقۆچ ھايۋاندەك سۆرلۆك كەل-
گەن بۇ ئادەمنىڭ قارام ، تەلۋە چىرايىغا قاراپ ، كۆڭلىدە ئويلى-
غان ئاللىقانداق ئەلەملىك ، ئىزتىراپلىق بىر گەپنى تىلىغا چىقى-
رالماي قىينىلىۋاتاتتى . ئەمما ، ئىچىنى چوغ بولۇپ كۆيدۇرۇۋات-
قان بۇ گەپ ئاخىر بوغۇزىدىن ئېتىلىپ چىقتى :

— قاچىمەن ! ...

— راستما ! ؟

— راست ، قاچىمەن ! بۇ يەردە ھەرگىز تۇرمايمەن ، بۇ
مېنىڭ ئۆيۈم ئەمەس ! ...

ھاشىم توقۇناقىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن ئېيتىلغان بۇ قەدەر
كەسكىن ۋە شىددەتلىك سۆز ئۇنى ھەيرەتكە سالدى ۋە قاتتىق
غەزىپىنى كەلتۈردى . «قىرىق ئادەم بىر سايان ، قىرىق ئادەم
بىر سايان» دېگەندەك ، ئۇنىڭ قارام ، چىدىماس ، چاچقۇن مىجە-
زى ئاخىر ئۇنى يامان كويغا سالدى : ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ ،
شالىنى چاچرىتىپ : «قاچە ! قاچىدىغان پۇتۇڭ مۇشۇمۇ ! مانا
قاچە ! ... » دېگىنىچە قولىدىكى كالتەكنى نەزەرنىڭ پۇتىغا شىل-
تىدى ، قىزىل ياغاچنىڭ تۆمۈردەك قاتتىق ، ۋەزىنلىك كالتىكى
نەزەرنىڭ تېخى سۆڭىكى قاتمىغان يۇمران پۇتلىرىغا تېگىش بىلەن
ئوڭ پۇتىنىڭ ئوشۇقىنى چېقىپ ، سول پۇتىنىڭ قىڭراق سۆڭى-
كىنى زەخىملەندۈردى . ھاشىم توقۇناق نەزەرنىڭ شۇ بىر ئېغىز
گېپى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاللا - توۋىسىنى چىقاردى . كالتەك زەربى-
سىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ ، يۈزلىرى تاتاردى ،
ئۆزىمۇ ئىككى پۈكلىنىپ ، داق يەردە ئىڭراپ يېتىپ قالدى .
خىسلەت يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلىدى ۋە ھاشىم توقۇناق بىلەن
موللاجىغا قاراپ :

— سىلەرنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ ! ؟ — دېدى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ ، — كىچىككىنە بالىنىمۇ مۇشۇنداق ئۇرغان بارمۇ ؟ ! ئۇنىڭ نېمە گۇناھى ئۇچۇن مۇنداق ئازابلايسىلەر ! ؟

— ئۇنىڭ گۇناھى جىق ! — دېدى ھاشىم توقۇناق ھېچ ئىش بولمىغاندەك قولىدىكى كالتەكنى ئوينىتىپ تۇرۇپ ، — ئەڭ چوڭ گۇناھى بىزگە بويسۇنمىغانلىق ! بىزگە بويسۇنغانلار ئوبدان ياشايدۇ ، بويسۇنمىغانلار مانا شۇنداق جاجىسىنى يەيدۇ !...

ھاشىم توقۇناق بۇ سۆزنى خىسلەتكىمۇ دارتىملاپ ئۆتكەندى .

خىسلەت ئۇنىڭ ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— بۇ ئادەمگەرچىلىك ئەمەس ، رەھىمسىزلىك ، ۋەھشىيلىك !

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى ، ئەمما نەزەرنىڭ ئاغرىق دەردىدە ئىڭراپ ، تولغىنىپ كېتىشى ئۇنىڭ سۆزلىشىگە يول قويمىدى . بىردىنلا نەزەرنىڭ بايا تاتارغان يۈزىگە قان تەپتى . لەۋلىرى كۆكەردى ، يۈزى تىنىمسىز تىترەشكە باشلىدى . كۆتۈلمىگەندە ، ئۇ ئەندىكىپ ، شۈركۈنۈپ كەتتى ۋە بېشى ئاستا خىسلەتنىڭ قولىغا شىلىقلاپ چۈشتى...

خىسلەتنىڭ كۆزلىرى نەملىنىپ ، بوغۇزىغا ئاچچىق بىر نىدا تىقىلغاندەك بولدى ـ دە ، ئەلەم بىلەن ۋارقىرىۋەتتى :

— نەزەر ! ... جېنىم ئۇكام ! ...

نەزەر ھوشىدىن كەتكەندى . خىسلەت ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى ، ئۇزاق سىلىدى ، كېيىن پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى . نەزەر يۈزىگە ئىسسىق ياش تامچىلىرى چۈشۈۋاتقانلىقىنى خىرە ـ شىرە سەزدى ، ئەمما كۆزىنى ئېچىشقا مادارى يەتمەيتتى .

خىسلەت غەزەپ ۋە ئەلەمدىن چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ھاشىم توقۇناق بىلەن موللاجىغا تىكىپ ۋارقىرىدى :

— دوختۇرخانىغا ئاپارماي قاراپ تۇرىسىلەرغۇ ! ؟ بۇ بالىنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلماقچىمۇسىلەر ؟ !...

ئىككى «قۇش» بىر - بىرىگە دەلدۈشلەرچە قاراپ قويۇشتى ، ئۇلار ھازىر نېمە قىلارىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەي قالغانىدى .

بىر ھازادىن كېيىن نەزەر ھوشىغا كەلدى ، لېكىن ئۇ ، يەنىلا ناتىۋان ، زەھەر - زوقۇمغا تولغان يىلان ئاغزىدا بىر - ئىككى چايىنىلىپ ، سۆڭەكلىرى مىجىقلانغان چۈمچۈقتەك ماجالسىز ئىدى !...

8

ئۈتۈقنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغىنى تەبىئەت بىلەن تەسەۋۋۇردىن پەيدا بولغان كاتتا ئالەم ئىدى ! بىقىياس مۆجىزىلەرگە تولغان رەڭگارەڭ بۇ ئالەمگە قاراپ ، ئۇنىڭ بەھرە دىلى ئېچىلغاندەك بولدى...

ئەتراپتا شۇنچىلىك گۈزەل ، يېقىملىق نەرسىلەر كۆپكى ، يولدىن ئېزىپ قالغان گاراڭ ئادەممۇ ئۇلارنى كۆرگەندە كۆزلىرى شادلىنىپ كېتەتتى . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ سەبىي بالىغا قاراڭ ، پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قاراڭ ، كۆككە بوي سوزۇپ ئۆسۈۋاتقان گۈل - گىياھلارغا قاراڭ ، سىزگە قىزىقىپ ، ھەيرەتتە تىكىلىۋاتقان كۆزلەرگە قاراڭ...

بۇلارغا قارىسىڭىز ، تېخى بايىلا كۆزىڭىزگە تار بولۇپ كۆرۈنگەن دۇنيا كېڭىيىپ كېتىدۇ ، قەسىردەك بىنالارنىڭ كۆركەم ھەيۋىتى دىققەت - ئېتىبارىڭىزنى جەلپ قىلىپ ، ھايات توغرىسىدىكى ناخۇش چۈشەنچىلىرىڭىزگە بىردەملىك نۇر چاچقاندەك بولىدۇ . يولىڭىزنى داۋام قىلىسىز ، كوچا - رەستىلەردە ئادەم ئۇلغىيىشقا باشلايدۇ ، غاۋۇر - غۇۋۇر كۆچىيىدۇ ، بىرى كىمنىدۇر چاقىرىپ ، نېمىنىدۇر ماختايدۇ ، بىرى بوغۇلۇپ ۋايسايدۇ ،

يەنە بىرى مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن خەير - ئېھسان تىلەيدۇ ، بىرى كۈلىدۇ ، بىرى يىغلايدۇ ، بىرى ئېسىل كىيىنگەن ، بىرى جۇل-دۇر كىيپەن… ئۇدۇلىڭىزدىكى چوڭ ئالامان خۇددى يوغان بىر كۆل سۈيىدەك چايقىلىدۇ — شۇندا سىز قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن بازارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىسىز !…

بازار — ئاجايىپ مۆجىزىلىك دۇنيا . ئۇ بارنى يوق ، يوقنى بار قىلالايدۇ ، بازارنى ئاۋاتلىق ، باياشاتلىق شاۋقۇنى ئەۋج ئالغان دولقۇنلۇق دەرياغىمۇ ، ئىمانىنى بەند قىلىدىغان كىشەنگىمۇ ئوخ-شىتىش مۇمكىن . ئۇ يەردە پۇل بالىلايدۇ ، دىيانەت گۆرۈگە قويۇلىدۇ !…

شەھەرنىڭ بۇ مەركىزىي كوچىسىنى گويا مەلىكىلەر بىلەن شاھزادىلەر باسقاندەك ، شۇنداق شادىمان ، ئالىپتە ئىدى . رەڭگا-رەڭ ئېسىل كىيىملەرگە ئورالغان قىز - جۇۋانلار ، بىر - بىرلىرىنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكۈدەك قولتۇقلىشىپ يۈرگەن ئاشىق - مەشۇقلار توزدەك تاۋلىنىپ ، شېرىن - سۇخەن سۆزلەر بىلەن سىرداشقىنىچە رەستىلەرنى كېزىپ يۈرەتتى . شۇ تاپتا ، گويا ئۇلار ئۇچۇن دۇنيادا ئادەمنىڭ قەددىنى پۈكۈپ ، يۈزلەرگە قورۇق سالغۇچى هايات تەشۋىشى بىگانە ئىدى . پەقەت ئۇتۇقلا بۇ غولغۇن ئىچىدە غېرىبسىنغان هالدا ، مەيۈس كېتىپ باراتتى…

ئۇنىڭ گۇاڭجۇغا كەلگىنىگە مانا بۇگۈن هەش - پەش دېگۈچە هەپتە بولۇپ قالدى . «دۆ غېرىبىنى ئوراپتۇ ، ئۆمۈچۈك مۇساپىر-نى » دېگەندەك ، ئۇنىڭ ئىشلىرى تازا يۈرۈشمىدى . ئۇ ، بىر هەپتىدىن بېرى بۇ كاتتا شەھەرنىڭ خېلى كۆپ يەرلىرىنى ئايلان-دى . قولىغا خىسلەتنىڭ بەش سۇڭلۇق ئۆلچەملىك رەسىمىنى ئېلىۋېلىپ ، ئۇچرىغان يۇرتداشلارنىڭ هەممىسىگە كۆرسەتتى ، هەتتا بەزى مېھمانسارايلارغا بېرىپ سۈرۈشتە قىلدى . شۇنداق چاغدا ئۇ ، گويا خىسلەتنىڭ گۈزەل چىرايى ئاشۇنداق كۆپ ئى-شىك- دېرىزىلەرنىڭ بىرەرىدىن پاللىدە كۆرۈنۈپ قالىدىغاندەك

ياكى ئۇنىڭ نازۇك قامىتى گويا قايناق كوچا ـ رەستىلەرنىڭ بىرەر دوقمۇشىدىن لەپپىدە چىقىپ قالىدىغاندەك تاتلىق ، ئۇمىدلىك تۇيغۇلاردا بولغانىدى . لېكىن ئۇنىڭ ئۇمىدلىرى ئارقا-ئارقىدىن كۆپۈككە ئايلاندى ، تاتلىق تۇيغۇلارمۇ بارغانسېرى سۇسلاشتى...

ئۇتۇق ئىزدەۋېرىپ ھاردى ، چارچىدى ، كۆڭلىنى قورقۇنچلۇق بىر پىكىر — دۇنيادا ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىشىكلەر تاقالغاندەك ، مەشۇقىنىڭ دىدارىنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغاندەك چۈشكۈن ، مۇدھىش بىر پىكىر چۇلغىماقتا ئىدى . لېكىن ئۇ ، يەنە تورۇپلا ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى ، ئۆزىنى ئىشەنچكە ، جاسارەتكە چاقىراتتى . دۇنيادا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىشىكلەر تاقالغان تەقدىردىمۇ ، بىر مۇقەددەس ئىشىك — پاك مۇھەببەت ئىشىكىنىڭ دائىم ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ئىچ ـ ئىچىدىن سېزىپ ، كۆڭلى كۆتۈرۈلەتتى ، يېڭىۋاشتىن كۈچ ـ قۇدرەتكە تولاتتى !...

ئۇتۇقنىڭ يۈرىكى سېزەتتى : بۇ كاتتا شەھەرنىڭ ئاسمىنىدا ، زېمىنىدا ، ھەتتا بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى ھاۋاسىدىمۇ خىسلەتنىڭ پۇرىقى ، ھىدى ، تىنىقى بار ئىدى !...

ئۇتۇق نەچچە كۈندىن بېرى ، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن سەپەر توقچى ، تالقان ۋە قورۇغان گۆشلەرنى ئوزۇق قىلىپ كېلىۋاتاتتى ، بەزى كۈنلىرى ئۆزى ياتقان «ھاۋاي» مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە بىر خۇيزۇ ئاشخانىسىدا سۇيۇق ـ سەلەڭ نەرسىلەرنىمۇ ئەتكۈزۈپ ئىچكەندى . بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ بۇرنىغا لەڭمەن ، پولۇ دېگەندەك نەرسىلەر پۇراپ ، زادىلا ئارامىنى قويمىدى ، ئىشتىھاسىنى قوزغىۋەتتى . ئۇ نەچچە كۈن ئىلگىرى شىنجاڭلىق تىجارەتچى باللاردىن بۇ شەھەرنىڭ بىر يېرىدە «ئوغۇزخان» ناملىق كاتتا بىر رېستوراننىڭ بارلىقىنى ، ئۇنى يارمەمەت ئىسىملىك بىر باينىڭ ئاچقانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئادرېسىنى بىلىۋالغانىدى . بۈگۈن ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ ، بىر تەرەپ-

تىن يۈرتنىڭ تامىقىنى يېيىش ، يەنە بىر تەرەپتىن ، رېستوران خوجايىنى بىلەن تونۇشۇپ ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ باقماقچى بولدى . ئۇ يانچۇق دەپتىرىگە يېزىۋالغان ئادرېس بويىچە ، بىرنەچ- چە ئاپتوبۇسقا ئالمىشىپ ، شەھەرنىڭ خېلى ئاۋات يېرىگە جايلاش- قان «ئوغۇزخان» رېستورانىنى ئانچە قىينالمايلا تاپتى .
ئۇتۇق كەلگەن ۋاقىت دەل كەچلىك تاماق ۋاقتى بولغاچقا ، رېستوران قايناق ھەم چاپچاپ ئىدى . ئەزەلدىن يېمەك ـ ئىچمەك- كە ئېتىبار بېرىدىغان گۇاڭجۇلۇقلار بۇ يەرنىڭ قويي گۆشىدىن قىلىنىدىغان مەززىلىك ، تەڭۋا تائاملىرىغا ئوبدانلا كۆنۈپ كەتكە- نىدى .
ئۇتۇق چىرايلىق بېزەلگەن ، ئازادە تاماق زالىغا كىردى ، زالدا لىق دېگۇدەك خېرىدار بار ئىدى . زالدىن ئۆتكەندىن كې- يىن ، ئىچكىرى تەرەپ پۇتۇنلەي ئايرىمخانىلار بولۇپ ، ئۇ يەردىن ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ناخشا ـ مۇزىكىلار لەرزان ئاڭلىنىپ تۇراتت- تى ، ئۇ يەرگە كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارنىڭمۇ ئايغى ئۈزۈلمەيتتى . ئۇتۇق زالنىڭ بىر بۇرجىكىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن تېپىپ ئولتۇردى . بىردەمدىن كېيىن ، بېشىغا زەر دوپپا ، ئۇچىسىغا ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن مۇلازىم قىز بىر ئىستاكان پەمىل چاي بىلەن تاماق ـ قورۇمىلارنىڭ تىزىملىكى يېزىلغان خروم تاشلىق بىر دەپتەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ كەتتى . ئۇتۇق دەپتەرگە قاراپمۇ قويمىدى ، ئۇ نېمە يېيىشنى بىلەتتى . ئۇ ئىستاكاندىكى پۇراقلىق چاينى ئوتلىغاچ ، چىشىنى چىشىغا باسقىنىچە ئولتۇراتت- تى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭغا ھازىر ئىككى دۇنيا بىردەك ، ھېچ نەرسىنىڭ كېرىكى يوقتەك ئىدى . پەقەت… پەقەتكىنا يېنىدا بىر ئېغىز تەسەللى سۆز ئېيتىدىغان ، ئۇنىڭ دەردلىرىنى ، ئىزتىد- راپلىرىنى ئازراق بولسىمۇ ئۆزىگە ئالىدىغان ھەمدەرد كىشىسى بولسا ئىدى ، ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى تەسكىن تاپقان بولاتتى !…
ھېلىقى مۇلازىم يەنە كەلدى ، ئۇتۇق دەپتەرگىمۇ قارىماي ،

لەگمەن بىلەن پولۇ بۇيرۇتتى .
— يېرىممۇ پۇتۇن ؟ — سورىدى قىز قولىدىكى قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرمەي .
— يېرىم بولمامدۇ ! — ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا غۇدۇراپ سالدى ئۇتتۇق ، — ئىككى قاچا پۇتۇن تاماقنى يەپ ئىچىمگە دىۋانە كىرىۋالمىدى ، مېنىڭ !
مۇلازىم قىز بىر دەقىقە جىممىدە تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ ، ياڭاقلىرىغا قىزىل داغلار يېيىلدى . قىزنىڭ يۈزىدىكى ئوڭايسىزلىق بىلەن بىئاراملىقنى كۆرگەن ئۇتتۇق ئۆزىنىڭ بىرئاز ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ئەتىمالىم ، دەرھال ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىغاندەك :
— كەچۈرۈڭ ، سىڭلىم ! كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس ، خىيالىم چېچىلىپ قاپتۇ ... ، — دېدى مۇلايىم تەلەپپۇزدا .
— ھېچقىسى يوق ! — دېدى قىزمۇ ئۇتتۇقنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك چىراي ئېچىپ .
تاماق خېلى كېچىكىپ چىقتى ، ئۇتتۇقمۇ سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى . بىر ھازادىن كېيىن ، ئۇ ئىككى خىل تاماقنى ھۇزۇرلىنىپ يېدى ، يەپ بولۇپ راھەتلىنىپ كېكەردى . ئۆيدىن ئايرىلغاندىن بېرى بۈگۈنكىدەك ئاغزى تېتىپ غىزا يېمىگەنىدى . شۇڭا ، تەنلىرى يايراپ ، ئىشتىھاسى قانائەت تاپتى . ئۇ ، تاماقتىن كېيىن قىزىق دەملەنگەن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى ، ناتونۇش بىرى يېنىدا پەيدا بولدى . بۇ چاغدا رېستورانمۇ خېلى پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدى .
— شىنجاڭدىن يېڭى كەلگەن ئوخشىمامسىز ، مېھمان ؟ — سورىدى ناتونۇش ئادەم ئۇتتۇقنىڭ روبىروسىدا ئولتۇرۇۋېتىپ .
— شۇنداق ، بىرەر ھەپتە بولدى ، — دېدى ئۇتتۇق ۋە سۆھبەتدىشىنىڭ باش - ئايىغىغا قارىدى .
ئۇ ، يېشى ئەللىكتىن ھالقىغان ، خۇش پىچىم ، خېلى قامەت-

لىك ، بەشىرىسى ئوچۇق ئادەم ئىدى . ئەڭنىدە دەزماللانغان كالتە
يەڭ يىپەك كۆڭلەك ، قىرى بۇزۇلمىغان كۆل رەڭ شىم ، پۇتىدا
يالتىراق خروم كەش بار ئىدى .

— ئىسمىم يارمەمەت ، مۇشۇ رېستوراننىڭ ئىگىسى بولى-
مەن ، — دېدى ئۇ ئادەم رەسمىي تونۇشلۇق بېرىپ ، — ئەسلىي
يۇرتۇم قەشقەر پەيزاۋات ، بۇ تەرەپلەرگە چىقىپ تىرىكچىلىك
قىلىۋاتقىنىمغا يىگىرمە يىلدىن ئېشىپ كەتتى . ھازىر رېستورانى-
نىڭ ئىشىنى ئاساسەن ئوغلۇم ئۆركەشكە بېرىپ ، ئۆزۈم كۆپرەك
شىركەتنىڭ ئىشى بىلەن مەغۇل بولۇۋاتىمەن…

— سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمغا خۇشالمەن ، يارمەمەت
ئاكا ! — دېدى ئۇتۇقمۇ تەكەللۇپ بىلەن ، — بىرنەچچە كۈننىڭ
ئالدىدا يۇرتداشلاردىن تەرىپىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم ، مانا بۈگۈن يۈز
كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولدى . مەن قەشقەر شەھىرىدىن ، خەلق
دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيمەن .

— دوختۇرمەن ، دەڭگا ! — دېدى يارمەمەت خۇشال
بولۇپ ، — ياخشى كەسىپ ، خەقنىڭ دەردىگە داداۋا ، رەنجىگە
شىپا بولىدىغان ياخشى خىزمەت ! — ئاندىن ئۇ قىزىقىپ
سورىدى ، — بۇ تەرەپلەرنى كۆرۈپ باقاي دەپ ، ساياھەتكە چىقىپ-
سىزدە ؟ ھەقىقەتەنمۇ كۆرگۈچىلىكى بار ياخشى يەرلەر ، مېھرى
ئىسسىق ، باغرى كەڭ ! ئەمما ئەقىللىق ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئېيت-
قاندەك ، بۇ يەردىمۇ «قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» ، كەڭگە كەڭ
دۇنيا ، تارغا تار دۇنيا !…

ئۇتۇق ئۇنىڭ سۆزىدىكى چوڭقۇر مەنىنى چۈشەندى . ئۇنىڭ
چۈشىنىشىچە ، ئادەم نەگە بارمىسۇن ، نېمە ئىش قىلمىسۇن ،
ھامان «ياخشىغا يىپەك يېپىشاتتى ، يامانغا تىكەن !»

ئۇتۇق سۆھبەتدىشىغا ئۆزىنىڭ بۇ تەرەپلەرگە ساياھەت
ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى مۇھەببەت يولىدا سۆيگۈ ئىزدەپ كەلگەنلى-
كىنى ، ئەمما بۇ قېتىمقى سەپەر بىلەن مۇساپىرچىلىقنىڭ تولىمۇ

مۇشكۇل ۋە نەتىجىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كۆڭلى يېرىم بولدى . يارمەمەت ئۇنىڭغا سەمىمىي ھېسداشلىق بىلدۈردى ، تەسەللى بەردى :

— سەۋر قىلىڭ ئۇكام ، سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن ، دېگەن گەپ بار ! ئاللا ياخشى نىيەتلىك بەندىلىرىنى چوقۇم نىيىتىگە يەتكۈزىدۇ ! سىزنىڭ بۇ سەپىرىڭىز گەرچە مۇشكۇل بولسىمۇ ، ئەمما تولىمۇ خاسىيەتلىككەن . بۇنداق خاسىيەتلىك ئىش ئۈچۈن ، بىزمۇ ئەجىر سىڭدۈرۈشكە تەييار !...

— رەھمەت ، يارمەمەت ئاكا ! ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت ! — دېدى ئۇتتۇق مۇساپىرچىلىقتا ئۇچرىغان تۇنجى دىلكەش ئادىمى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ .

ئاندىن ئۇلار ئىشخانا تۇسىنى ئالغان سالقىن ، يورۇق بىر ئۆيگە كىرىپ ، ئېسىل قەھۋە ئىچكەچ ، يېقىنلىشىشتىن يەنە پاراڭغا چۈشتى . بۇ قېتىم يارمەمەت ئۇتتۇقنىڭ تەلىپى بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن يىگىرمە نەچچە يىللىق ئىشلارنى ھەم تەپسىلىي ، ھەم قىزىقارلىق ھېكايە قىلىپ بەردى :

يارمەمەت ئەسلىي پەيزاۋات مىشالىق دېھقان بالىسى ئىدى . ئوتتۇرا مەكتەپنى يېزىدا پۈتتۈردى . تولۇق ئوتتۇرىنى ناھىيە بازىرىغا كېلىپ ئوقۇغان بولسىمۇ ، ئەمما يېرىم يىل ئوقۇپلا توختاپ قالدى . چۈنكى ، سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆپى ئەمەلدار ، كادىر ۋە تىجارەتچى - سودىگەرلەرنىڭ بالىلىرى بولغاچقا ، كىيىنىشى پۇزۇر ، يەپ - ئىچىشى ئالىي ، گەپ - سۆزلىرى ھاكاۋۇر ئىدى . كىچىكىدىن غۇرۇرلۇق چوڭ بولغان بۇ ئۆسمۈر ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەمسىتىلگەندەك ، قورۇنغاندەك ھېس قىلىپ ، ئازادە بولالمىدى ، كاج تەلەي دېھقان دادىسى ئۇنىڭغا بىر يىلدا ئاران بىر قۇر كىيىم قىلىپ بېرەلەيتتى ، قىشتا كىيگەننى يازغا كەلگەندە پاختىسىنى چىقىرىۋېتىپ يەنە كىيىۋېرەتتى ... شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ بۇ يەردە داۋاملىق

ئوقۇشقا غۇرۇرى يول قويمىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئوقۇش راس-
خوتلىرىغىمۇ ئائىلىسى تەڭ كېلەلمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر
قېتىملىق قىشلىق تەتىلدە يېزىغا كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى ،
يازغا چىققاندا ، ئاز - تولا پۇل تېپىش كويىغا چۈشتى ۋە شۇ
كوي بىلەن ئۆيىنىڭ يان تېمىغا يۆلەپ ، داڭگال - كېسەكلەر
بىلەن كىچىككىنە بىر دۇكان قوپاردى ، ئۇنىڭغا ئاران بېقىپ
سەمرىتكەن بىر قوينى سېتىپ ، ناھىيىدىن مىلىچ مال ئەكېلىپ
سالدى . يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر بۇنى «ئېگىز ئېرىق مەھەل-
لىسىدىكى تونجى ماگىزىن» دەپ ئاتاشتى . بۇ ئىشمۇ خېلى
ئەپلەشتى ، ناھىيە بازىرىغا بارالمايدىغان دېھقانلار ئۇششاق -
چۈشەك لازىمەتلىكلىرىنى مۇشۇ دۇكاندىن خەج قىلىشتى . ئەتى-
گەن - ئاخشىمى دۇكان ئالدى خەقلەر يىغىلىپ پاراڭ سالىدىغان
ئاۋات سورۇنغا ئايلاندى ، بۇ يەردە نېرىسى بېيجىڭدىن تارتىپ ،
بېرىسى قوشنا مەھەللىدىكى يېڭىلىقلارغىچە سۆزلىنەتتى . بىر
كۈنى بىرى گەپ ئارىسىدا : «دېھقان بالىلىرىدىن شاڭخەي ،
گۇاڭجۇلارغا بېرىپ پۇل تاپقانلار توغرىسىدا سۆزلەپ قالدى . بۇ
گەپ قۇلىقىغا كىرگەن يارمەمەت شۇ ئىشنى ئويلاپ بىر كېچە
ئۇخلىمىدى ، ئۇنىڭ كۆڭلىگىمۇ بىر ئىشتىياق چۈشتى . كىچىك
دۇكان ئۇنىڭدا خېلى چوڭقۇر تىجارەت ئېڭىنى يېتىلدۈرگەنىدى .
ئۇنىڭ ئۇستىگە ، مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئۇ ھېساب دەرسىگە ئام-
راق ، ھېسابقا ماھىر ئىدى . شۇڭا ، دۇكان تىجارىتىدىكى ئىشلى-
رىمۇ ناھايىتى ھېسابلىق ، ئىدىتلىق ماڭغانىدى .

ئاخىر ئۇ بەل باغلىدى ، پۇڭلاپ ، تېيىنلاپ يىغقان مىڭ
يۈەنگە يېقىن پۇلىنى ئىشتانىنىڭ لەپىزىگە تۈگدى - دە ،
«يارەببىم !» دەپ يۇرتتىن چۇراپ چىقىپ قەشقەرگە كەلدى ،
قەشقەردىن قارا ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە ، ئۈرۈمچىدىن ئەرزان
پويىزغا ئولتۇرۇپ شاڭخەيگە كەلدى ، كەلدىيۇ ، خۇددى بىرى
بىرەر يۈزنى پىرقىرىتىپ ، ئاندىن ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلى-

ۋەتكەن ئادەمدەك گاڭگىراپ قالدى . ئادەملىرى مىغ - مىغ ، چەت - چۆرىسى كۆرۈنمەيدىغان بۇ كاتتا ئەزىم شەھەر گويا ئۇنى ئىچىگە دەم تارتىپ ، يوق قىلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا قورقۇنچلۇق ھەم بىگانە ئىدى . ئۇ ھودۇقتى ، قورقتى ، غېرىبسىندى !... قىسقىسى ، سەھرادا ھاڭرىغان ئېشەك شەھەردە ھاڭرىيالمىغاندەك ئىش بولدى ! بۇ كۆنلەردە ، يارمەمەت يالغۇزلۇقنىڭ ، مۇساپىر- چىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى . توۋا ، ھاياتتا مىڭلاپ ئادەم بىلەن يانمۇيان ياشايسەنۇ ، ئەمما بىرەرسىنىڭ پۇچۇق يارماقتەك قەدرى يوق ، ھەممىسى ئۆز دەردى ، ئۆز غېمى ، ئۆز ھەلەكچىلىد- كى بىلەن ئالدىراش !... بۇنداق ئىشلارنى بېشىغا كەلمىگىچە بەندىسى بىلمەيدىكەن !...

لېكىن ، ئادەم دېگەن يەنىلا ھۆل ، ئەۋرىشىم نەرسە ! قەيەرگە تىكسە كۆكلەيدۇ ، يىلتىزى سۇدا بولسىلا قۇرۇپ قالمايدۇ . گەر- چە قورقۇش ، گاڭگىراش ، غېرىبسىنىش ئۇنى بىر مەزگىل ئازاب- لىسىمۇ ، ئەمما پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋېتەلمەيدۇ . ئۇ يەنىلا ئازاب ئىچىدىن خۇشاللىقنى ، مۇشكۈللۈك ئىچىدىن راھەتنى تېپىشقا قادىر ، پەقەت شۇ كىشىدە ئىرادە ، جاسارەت ۋە ئىزدىنىش بولسى- لا !...

يارمەمەت ئەسلىي دېھقان بالىسى بولغاچقا ، لېيى چىڭ ، خېمىرتۇرۇچى كۈچلۈك ئىدى . ئۇ ئۇزۇنغا قالماي ئۆزىنى ئوڭ- شىۋالدى ، مارالۋېشىدىن چىقىپ قالغان ئۆزىگە ئوخشاش بىر مۇساپىر بىلەن تېپىشىپ ، ھاياتلىق يولىنى ئىزدەشكە باشلىدى . تىرىشىپ ئىزدىۋىدى ، بۇ يولمۇ تېپىلدى . ئىككىسى بىرلىشىپ ، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئۇدۇم بولغان كاۋاپچىلىق قىلىش نىيىتىگە كەلدى . شۇ نىيەتتە شەھەرنىڭ چەت ياقىلىرىدىكى تاشلاندۇق نەرسىلەر ئارىسىدىن پارچە - پۇرات تۆنىكىلەرنى يىغىپ ، چاققاد- غىنە كاۋاپداندىن بىرنى ياسىدى . يەنە شۇ ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر ئارىسىدىن كونا ۋېلىسىپىت چاقلىرىنىڭ سىملىرىنى

يىغىپ ، قوم قەغەز بىلەن داتلىرىنى تازىلاپ ، بولقا بىلەن ئۇچ-
لاپ ، بىرەر يۈز دانە زىخ تەييارلىدى ، خالتىلارغا قاچىلاپ ساتىدى-
غان ئوتۇن كۆمۈرنىمۇ تاپتى . ئەمدى گۆش ئېلىش كېرەك
ئىدى . ئەمما ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ، بۇ شەھەردە
بىر كۈندە بىر ئائىلىگە بەش جىڭ كالا گۆشى نورما ئىدى . بۇنىمۇ
خېلى ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئالغىلى بولاتتى . ئىككى مۇساپىر
تاڭ يورۇماستا گۆش دۇكىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆچىرەت ئىگى-
لەپ ، ئىككىسى ھەر كۈنى ئون جىڭدىن گۆش ئالدى ۋە بىر جىڭ
گۆشتە قىرىق زىخ كاۋاپ ئۆتكۈزۈپ ، يېڭى تىجارەتنى تەنتەنىلىك
باشلىدى...

ئۇلارنىڭ بىرى زىخقا گۆش ئۆتكۈزەتتى ، بىرى كاردون
قەغەزنى يەلپۈگۈچ قىلىپ ، كاۋاپ پىشۇراتتى . ئۇلار نەدە ئادەم
كۆپ ، نەدە بازار قايناق بولسا ، كاۋاپدانىنى كۆتۈرۈپ شۇ يەرگە
باراتتى . كىملەردىندۇر ئۆگىنىۋالغان بىرنەچچە ئېغىز خەنزۇچە
گەپنى قەشقەر تەلەپپۇزى بىلەن : «ئالمىساڭمۇ تېتىپ باق ، ياغ
چاينا ، گۆش چاينا ، بەررى كاۋاپ !... » دەپ ئاۋازى پۈتكۈچە
توۋلايتتى...

«يوللۇقنىڭ يولى كەڭرى» دېگەندەك ، بۇ ئىشمۇ ئەپلىد-
شىپ ، يۈرۈشۈپ كەتتى . زىرە ، پىياز ، تۇزلار بىلەن تەمى تەڭ-
شىلىپ پىشقان مەززىلىك كاۋاپ شاڭخەيلىكلەرنىڭ ئاغزىغا تې-
تىپ قالدى ، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ سېھرىي كۈچ - قۇدرىتىنىمۇ
بىلىپ قالدى . شۇنداق قىلىپ ، بارا - بارا بىر كۈندە ئون جىڭ
گۆشتە قىلىنىدىغان تۆت يۈز زىخ كاۋاپ يەتمەيدىغان ، ئۇلارنىڭ
ئالدىدىن كېچە - كۈندۈز خېرىدار ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ
قالدى...

كۈنلەر ، ئايلار ، يىللار ئەنە شۇنداق ئالدىراشچىلىق ، چاپ-
چاپچىلىق ئىچىدە ئالدىراش ئۆتتى ، شۇنىڭغا يارىشا ، «تاما - تاما
كۆل بولار» دېگەندەك ، بۇ ئىككى مۇساپىرمۇ بېيىشقا باشلىدى...

بەش يىلدىن كېيىن، يارمەمەت شېرىكىدىن دۇكان ئايرىپ،
گۇاڭجۇغا كەلدى ۋە بۇ يەردە بىر ئاشخانا ئاچتى. تىجارىتىنىڭ
تۇغۇندىسى بولغان كاۋاپچىلىقنىمۇ قوشۇپ قىلدى. دەسلىپىدە،
تۇرمۇش جاپالىق، ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، ئەمما
يارمەمەتنىڭ تېزلا بۇ يەرگە مەرى چۈشۈپ قالدى. يەنە شۇ
بۇرۇنقىدەك ئىرادە، جاسارەت بىلەن تىرىشتى، تىرماشتى.
ئۇزۇنغا قالماي، ئۇنىڭ ئاشخانىسى بىلەن كاۋاپخانىسى يىگىرمە
نەچچە ئادەم ئىشلەيدىغان خېلى قايناق سورۇنغا ئايلاندى...

مانا ھازىر ئۇ ئەزەلدىن قار ياغمايدىغان بۇ شەھەردە «قار
دىيارى» ناملىق بىر شىركەت قۇرۇپ، يېمەك - ئىچمەك مۇلازى-
مىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. شېنجېندا يەنە بىر ھەشەمەتلىك
رېستورانى بار... يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا، ئىشتىنىنىڭ لەپىزىگە
تۈگۈپ چىققان مىڭ يۈەنگە يېقىن ھالال پۇلى ھازىر نەچچە
مىليوندىن ئېشىپ، ئۆز ۋاقتىدىكى كىچىككىنە كېسەك دۇكان
خوجايىنى ھازىر كاتتا شىركەت خوجايىنىغا ئايلانغانىدى ...

ئاللا يارمەمەتكە ئۈچ پەرزەنت ئاتا قىلدى. شاڭخەيدە تۇغۇل-
غان تۇنجى ئوغلى ئۆركەشنى بۇ يەردە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈر-
گەندىن كېيىن، «ئانا تىل بىلەن ئانا يۇرتنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن»
دەپ شىنجاڭدا ئوقۇتتى. ئۆركەش يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا، مالىيە
ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، گۇاڭجۇغا قايتىپ كەلگەنىدى...

يارمەمەت ھېكايىنى تۈگىتىپ، ئاخىرىدا سۆزگە يەكۈن يا-
سىغاندەك مۇنداق دېدى:

— جاپا بىلەن راھەت قوشكېزەك ئىكەن. جاپا تارتماي
راھەت كۆرىمەن دېيىش — تىرىكتاپ، ئاچ كۆزلەرنىڭ ئىشى!
مەن بۇ يەرلەردە ھالال ئىشلەپ، ھالال پۇل تاپتىم. ئەڭ مۇھى-
مى، يۈز - ئابرۇي تاپتىم. ئەمدى مەن قولۇمدىكى پۇللىرىمنى
ئۈچ پەرزەنتىمنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن مەبلەغ قىلىپ سېلىۋاتى-
مەن. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ كېلىچىكىمىز، كېلەچەكتىكى بىز-

نىڭ ۋەكىللىرىمىز! مىللىتىمىزنىڭ روناق تېپىش - تاپالماسلىقى ئەنە شۇ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ساپاسىغا، نىيەت - ئىقبالىغا باغلىق!

سۆھبەتدىشىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئۇتۇقنىڭ يۈرىكىنى ئىللىتتى. ئۇتۇق ئويلاپ قالدى: بۇ ئاددىي، ئەمما پۇلدار ئادەمنىڭ ئىچىدىن چىققان بۇ سەممىي پىكىرلەر ئېقىنى ھاياتىمىزدىكى نادانلىق، جاھالەت غەلدە - غەشلىرىنى پاك - پاكىز ئاققۇزۇپ كېتەلىگەن بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!؟...

لېكىن، بۇ ئېقىن تېخى ئۇ دەرىجىدە كۈچلۈك، ئۇ دەرىجىدە شىددەتلىك ئەمەس ئىدى، قاچانكى، بۇ ئېقىن نۇرغۇن تارام - تاراملاردىن يىغىلىپ، قۇدرەتلىك بىر قىيانغا ئايلانغاندا، ئاندىن نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ يىلتىزىغا بەرھەم بېرەلىشى مۇمكىن ئىدى! ...

## 9

ئادەم ئۈمىدسىزلىككە تولغاندا ھايات مەنىسىز، ئىستىقبال قاراڭغۇ بىلىنىدۇ. روھى چۈشكۈن ئادەم يىراق ھايات مەنزىلىنى يالغۇز ماڭسا تېخىمۇ غېرىبسىنىدۇ، تېخىمۇ مىسكىنلىشىدۇ. ئەگەر كۆڭۈلدىكى بىرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولسا، مۇنداق مۈشكۈل ھايات مەنزىلى ھەرگىز ئېغىر بىلىنمەيدۇ، زۇلمەت ئىچىدىن يورۇقلۇق ئىزدەشتە ئىشەنچكە، تايانچقا ئىگە بولىدۇ!...

ئۇتۇق ئەنە شۇنداق كۆڭۈلدىكى ھەمراھلارغا ئۇچراپ، ئۇلار بىلەن قەدىناس بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ بىرى، يارمەمەتنىڭ ئوغلى ئۆركەش؛ يەنە بىرى، گۇاڭجۇ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ۋاڭ باۋ ئىدى.

ئۆركەش يىگىرمە ئۈچ ياشلارغا كىرگەن، مەزھەپچى كەڭ، يىگىتلىك غۇرۇرى ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، قەلبى مۇرۇۋۋەتكە تولغان قەيسەر يىگىت ئىدى. ئۇ، يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچىدىكى مالىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، دادىسىنىڭ تەلپى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ھازىر «ئوغۇزخان» رېستورانىنىڭ ئاساسلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، زامانىۋى تىجارەت يوللىرىنى ئۆگىنىۋاتاتتى.

ۋاڭ باۋ ئوتتۇرا ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، بويلۇق، يۈزىنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل كەلگەن، كۆزلىرى ئويچان، تەمكىن يىگىت ئىدى. ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى، «ئوغۇزخان» رېستورانىنىڭ پولۇ، لەڭمەن، كاۋاپلىرىغا كۆنۈپ كەتكەچكە، بۇ يەرنىڭ دائىملىق چۆپقىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئىككى كۈندە بىر بۇ يەرنى خۇمارداپ كېلىپ تۇراتتى ۋە شۇ جەرياندا ئۆركەش بىلەن تونۇشۇپ، بۇ دىلكەش يىگىت بىلەن خېلى يېقىن بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇتتۇقمۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى بۇ يەرگە كېلىپ ـ كېتىپ يۈرۈپ، ئۇلار بىلەن تونۇشتى، سىرداشتى ۋە ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى...

بۇگۈنمۇ بۇ ئۈچەيلەن كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، خالىي بىر ئايرىمخانىدا بىللە ئولتۇرۇپ غىزالاندى، سوغۇق ئىچىملىك ئىچىشتى، كېيىن ئۆركەشنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئىلى پادىشاھى» دىن بىرنەچچە رومكىدىن ئىچىپ، كەيپىنى كۆتۈرۈشتى، ئەمدى ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ تەبىئىي يۈرۈشۈپ كەتتى.

— ۋاڭ باۋ ئاغىنە، مەن بىر نەرسىگە ھەيران! — دېدى ئۆركەش تەئەججۇپ بىلەن ۋاڭ باۋغا قاراپ، — سىلەر گۇاڭجۇ ساقچىلىرى بەك يۇمشاق قولمۇ قانداق؟ نېمە ئۈچۈن ئەزەم چوڭ، ھاجى قۇۋاندەك ئادەملەر تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىماي، ئۆزى

خان ، ئۆزى بەگ يۇرۇيدۇ ؟ ! ئۇلار يۇرتتىن نۇرغۇن قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارنى ئالداپ ، تۇتقۇن قىلىپ ئەچىقىپ ، بۇ يەردە ئاپئاشكارا يانچۇقچىلىققا سېلىپ ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ، كېلەچەكىنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ ، چىرايلىق قىزلىرىمىزنى ئىشرەتخانىلارغا ئاپىرىپ سېتىپ ، ئۇلارنىڭ نامىنى بۇلغاۋاتىدۇ ! — ئۆركەش ھولۇقماي ، خۇددى ئىغىر ئويغا پاتقان ئادەمدەك تەمكىنىلىك بىلەن ئاستا سۆزلەيتتى ، — بۇ بىزگە نېمە ئاھانەت ، نېمە خورلۇق ! پۈتۈن بىر شىنجاڭلىق ، پۈتۈن بىر مىللەت ئاشۇ بىر ئوچۇم پېسەندە مۇناپىقلارنىڭ ئەسكىلىكى تۈپەيلىدىن ئاھانەتكە قالسا ، شەنىگە داغ چۈشسە قانداق بولىدۇ ؟ ! ھازىر گۇاڭجۇلۇقلارنىڭ بەزىلىرى بىزدىن خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قاچىدىغان ، نىجاسەتنى كۆرگەندەك سەسكىنىدىغان بولۇپ كەتتى ! ئوچۇقتىن - ئوچۇق ، يۈزىمىزدىن يۈزىمىزگە «شىنجاڭلىق ئوغرىلار» ، «ئۇيغۇر يانچۇقچىلار» دەپ دوق قىلىدىغان بولۇۋالدى... بۇ ئاشۇ ۋىجدانىنى ئىت يەپ كەتكەن ناكەسلەرنىڭ كاساپىتى ئەمەسمۇ ! مەن بەزىدە ئۇلار بىلەن يۇرتداش ، مىللەتداش ، دىنداش بولۇپ قالغانلىقىمدىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم !...

ئەلەم ۋە ئاچچىقتىن ئۆركەشنىڭ يۈزى قىزىرىپ ، ئېسىلىپ ، چىشلىرى گەز - گەز بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ھاياجىنىنى بېسىش ئۈچۈن ، ھاراقتىن بىر رومكا قۇيۇپ ، بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى .

ئۆركەشنىڭ سۆزلىرى ئۈتۈقنى ئويلاندۇرۇپ قويدى . ئۇ گۇاڭجۇغا يېڭى كەلگەن ۋاقتىدىكى بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ ، ئىچئىچىدىن خورلۇق ھېس قىلغاندەك ، شۈركۈنۈپ كەتتى . ئۇ ، شىنجاڭدىن كەلگەن كۈنى تاكسى كەچ كىرگۈچە بىرنەچچە مېھمانسارايغا بارغان بولسىمۇ ، ئەمما بىلەت كەسكۈچى قىزلارنىڭ ئۇ-

نىڭ تەقى ـ تۇرقى بىلەن ئەپىت ـ ئەڭگىزىگە قاراپ : «كەچۇ۔ رۇڭ ، ياتاق توشۇپ كەتتى» دېگەن گەپلىرى بىلەن ئورۇنلىشال۔ مىغانىدى . بىر قېتىم ئۇ ، ئۆزىگە ياتاق بەرمەي ، ئارقىدىن كەلگەن بىرىگە ياتاق بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن ، ھەتتا شۇ ئاچچىقتا مۇلازىم قىز بىلەن سوقۇشماقچىمۇ بولغان ، لېكىن يەنە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە مۇساپىرلىقىنى ، يالغۇز۔ لۇقىنى ئويلاپ ، ئاچچىقىغا ھاي بەرگەنىدى . كېيىن ناھايىتى تەسلىكتە ، يان كوچىدىكى «ھاۋاي» ئىسىملىك ئىسمى ئۇلۇغ ، سۇپرىسى قۇرۇق بىر مېھمانخانىدىن كىملىكىنى ، دوختۇرلۇق كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ يۈرۈپ ، ئاددىي بىر ياتاق ئالغانىدى . بۇنى ئاز دېگەندەك ، ئەتىسى چوڭ رەستىدىكى ماگىزىنلارغا كىر۔ سە ، ئەتراپتىكى خەقلەر ئۇنىڭ بېشىدىكى چىمەن دوپپىسىغا ، بۇرنى ئاستىدىكى قاپقارا ، چىرايلىق بۇرۇتىغا قاراپ ، خۇددى بۆرىنى كۆرگەن قوي توپىدەك ئۈركۈشكەن ، بىر ـ بىرىگە ئىما۔ ئىشارە قىلىشىپ ، ئۇنىڭ يېنىدىن يىراقلاشقانىدى . بۇ ئىشلار گەرچە ئۇنىڭ خورلۇقىنى كەلتۈرۈپ ، ئىززەت ـ نەپسىگە قاتتىق تەگكەن بولسىمۇ ، ئەمما سەۋەبىنى بىلەلمەي ئىچىنى پۇشۇرغانىد۔ دى . مانا بۈگۈن ئۈركەشنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ھەممىنى چۈشەند۔ دۈردى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى «شىنجاڭلىق» ، «ئۇي۔ غۇر» دەۋالغان ئاشۇ بىر ئوچۇم رەزىل مۇناپىقلارنىڭ كاساپىتى ، ئاشۇ روھى مەرەزلەرنىڭ كىشىلەر قەلبىگە سالغان جاراھىتى ئىكەن !...

— ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقاتقان بىر مىللەتنىڭ ، ئىز۔ زەت۔ ھۆرمىتىنى يوقاتقان بىر شەخسنىڭ جەمئىيەتتە ، ئەل ئارد۔ سىدا ئورنى بولامدۇ ؟ ! — ئۇتتۇق خۇددى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلە۔ ۋاتقاندەك بىر خىل ئىچكى تۇيغۇ بىلەن ، — ياق ـ ياق ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق يەردە ئورنى بولمايدۇ ! ... دەرھەقىقەت ، بابا ئۆركەش

توغرا ئېيتتى ، بالىلار بىزنىڭ كېلەچىكىمىز ، بىز مېڭىپ تۈگـ-
ەلمىگەن يوللارنى ئۇلار ماڭىدۇ ، بىز سۆرىيەلمىگەن هارۋىلارنى
ئۇلار سۆرەيدۇ ، بۇ هايات قانۇنى ! نارەسىدە قىزلىرىمىزمۇ شۇند-
اق ، ئۇلار كەلگۈسىدە ئانا بولالايدىغانلىقى بىلەن تېخىمۇ ئۇلۇغ !
ئەمما ، ئۇلارنىڭ هاياتىنى ، تۇرمۇشىنى ، ئىستىقبالىنى نابۇت
قىلىش — چوڭ جىنايەت ! بۇنداق جىنايەتكارلار كىم بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر قاتتىق جازالىنىشى كېرەك !

ئۆركەش بىلەن ئۇتتۇقنىڭ سۆزلىرى خۇددى ۋاڭ باۋغا قارد-
ىتىلغاندەك ، ئۇ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىكتەك بىر ۋەزد-
يەت شەكىللىنىپ قالدى ، ۋاڭ باۋنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى هېس قىلد-
ى . شۇڭا ، ئۇ قولىدىكى تاماكىنى كۈلدانغا مىجىپ ئۆچۈرۈۋې-
تىپ ، دەسلەپ ئۆركەشكە ، ئاندىن ئۇتتۇقا قاراپ ، ئۆز تەبىئىتى
بويىچە تەمكىن سۆزلەشكە باشلىدى :

— بۇ ئىشلارنىڭ سىلەرگە ئەلەم قىلىۋاتقىنى توغرا ، ئاغد-
ىنىلەر ! تىت - تىت بولۇۋاتقىنىڭلارمۇ ، ئالدىراۋاتقىنىڭلارمۇ
هەق ! ئەمما ، بەزى ئىشلار سىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي
ئەمەس ، قانۇن تەرتىپلىرىمۇ بەزىدە ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقماي-
دۇ ! — ۋاڭ باۋ بىرئاز تۇرۇۋالدى ، ئاندىن ئۇدۇل ئۆركەشكە
قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — سەن بايا ئىسمىنى ئاتىغان
ئادەملەرنى بىز بىلمەيمىز ئەمەس ، بىلىمىز ، بەزىدە هەتتا پېيىد-
گىمۇ چۈشكەن . ئەمما ، ئۇلارنى ئەيىبلەپ ، قولغا ئالغۇدەك جىنا-
يى پاكىتلارغا ئېرىشەلمىگەن . سەنمۇ بىلىسەن ، قانۇن پاكىتنى
تونۇيدۇ ، پاكىت ، دەلىل - ئىسپات تولۇق بولمىسا ، هېچكىمنى
جازالىغىلى بولمايدۇ . لېكىن بۇ ئادەملەر ناهايىتى قۇۋ ، هىيلىد-
گەركەن ، خۇددى دەريادا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بېلىقنىڭ سۇدا ئىزى
قالمىغاندەك ، ئۇلار ئۆز ئىشلىرىدا ئىز قالدۇرمايدىكەن . مەن
ساڭا ئېيتسام ، ئۇلار ئادەم سودىسى قىلىپ ، هەربىرى ئون -

يىگىرمىدەك كىچىك بالىنى ئىگىلەپ ، ئوغرىلىققا ، يانچۇقچىلىققا سېلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما بالىلار ئۆزىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان ئۇ ئادەمنى ھەرگىز تونۇمايدۇ ، ئۇ باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق بالىلارنى ئىشقا سالىدۇ ، ئۆزلىرى بولسا ، يۆتكىلىپ تۇرىدۇ ، ھەممە ئىشنى يىراقتىن كونترول قىلىدۇ . مۇبادا ، ئۇنىڭ قولىدىكى «شوركا» بالىلارنىڭ ھەممىسى تۇتۇلۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، ئۇ يەنە پۇل خەجلەپ ، شىنجاڭدىن يېڭى «شوركا» لارنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ . بىزنىڭ ساقچىلىرىمىز بەزى بالىلارنى يانچۇقچىلىق قىلىۋاتقان نەق مەيداندا تۇتتى ، سوراق قىلدى ، ئاخىرقى ھېساباتا ئۇنىڭغا جىنايەت بېكىتىلمەي ، قىرىق سەككىز سائەت ئىچىدە قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى . مېنىڭچە ، قەبىھ كۈچلەر بىلەن ھەرقانداق چاغدا ئېلىشىۋەرگىلى بولمايدۇ ، بەزىدە كۈتۈشكە ، بەزىدە سەۋر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ خىل دېلولار-نى بىر تەرەپ قىلىشتا ، بىزنىڭ ساقچىلىرىمىز يەنە تىل مەسىلە-سىدە قىينىلىدۇ ، بۇ بالىلار قولغا چۈشكەندە پۈتۈنلەي تىل بىلمەس قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ ، ئەڭ يامىنى ، ئۇلار قولغا چۈ-شۈش خەۋپى تۇغۇلغاندا ، يېنىدا ساقلاپ يۈرىدىغان بىرىنىۋا پار-چىسى بىلەن يۈز - كۆزىنى تىلىپ ، قان ئارقىلىق باشقىلارنى ۋە ساقچىلارنى قورقىتىدۇ ، ئۇلار ئاشۇنداق تەربىيىلەنگەن . بۇن-داق چاغدا ، پۇل - پۈچەكلىرى ئوغرىلانغان دەۋاگەرمۇ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ ، ساقچىلارغا ماسلاش-ماي ، يوقاتقان نەرسىسىنى بولدى قىلىپ كېتىپ قالىدۇ . ساقچى ئورۇنلىرىنى يەنە بىر تەڭقىسلىققا سالىدىغان نەرسە — يانچۇقچىلارنىڭ ياش چەكلىمىسى بىلەن مىللەتلەر سىياسىتى چەكلىمىسى ! دەل مانا شۇ يوچۇقتىن جەزخور خوجايىنلارمۇ ، كىچىك «شوركا» لارمۇ پايدىلىنىدۇ . بۇ يەردە مىللىيلار ناھايى-تى ئاز بولغاچقا ، مىللىي سىياسەت خېلى ئەۋزەل ئورۇنغا چىق-

قان ، هـەر ساھـە ، ھـەر تەبىقـە بۇنىڭغـا ئالاھـىدە دىققەت قىلىدۇ !... بىزنىڭ بۇ يەردە ، ئامانلىق ئىشىنى قوغداشتا يەنە بىر ئەمەلىي مەسىلىمۇ بار . سىلەرگە مەلۇم ، گۇاڭجۇ چوڭ ھەم قەدىمىي شەھەر . سەككىز رايون ، ئىككى ناھىيىسى بار ، ھەربىر رايون ئادەتتىكى ئۆلكىلەردىكى بىر شەھەردەك كېلىدۇ . گۇاڭجۇ-نىڭ تۇراقلىق نوپۇسى سەككىز مىليوندىن كۆپ ، ھەر كۈنى كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان ئاقما نوپۇسمۇ بەش يۈز مىڭدىن ئاشىدۇ . ئەمما ، دۆلەت ساقچىلارنى پەقەت تۇراقلىق نوپۇس سانى بويىچە سەپلەپ بېرىدۇ . شۇڭا ، بۇ يەردە ساقچى كۈچى يېتىش-مەسلىك مەسىلىسى ئېغىر . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، جىنايەت سادىر قىلغانلار ئاسانلا ئۇ يەردىن - بۇ يەرگە يۆتكىلىپ ، دېلو ئېنىقلاش-قا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ . گۇاڭجۇنىـڭ يېنىدىكـى نەنخەي ، فوشەن قاتارلىق قوشنا شەھەرلەر بەزىدە ئۇلارنىڭ پاناھگاھىغا ئايلىنىپ قالىدۇ !...

ۋاڭ باۋنىڭ بۇنداق تەپسىلىي ۋە ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشى ئۆركەش بىلەن ئۇتۇقنى ئويلاندۇرۇپ قويدى . بولۇپمۇ ، ئۆركەش ئاغىنىسىنىڭ بۇ سۆزىدىن مۇھىم بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەندەك بولدى . بۇ ھەقىقەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى يېڭىۋاشتىن كۈچ ۋە جاسا-رەتكە تولدۇردى ، ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ ، ئادىمىي غۇرۇرىغا ، ئىززەت - نەپسىگە ئازار بەرگەن خورلۇق ۋە ئاھانەتلەرگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىشقا چاقىردى ۋە بۇ ھەققانىي جەڭدە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ ، خەلق ۋە مىللەت ئالدىدىكى قەرزىنى تۆلەشكە دەۋەت قىلدى .

— توغرا ئېيتتىڭ ، ۋاڭ باۋ ! — دېدى ئۇ ئاخىر كۆڭلىدى-كىنى ئىزھار قىلىپ ، — بۇ ئىش يالغۇز سىلەر ساقچىلارنىڭلا ئىشى ئەمەس ، ھەممىمىزنىڭ ۋىجدانىي ئىشى ! بۇ بىر ئۇچۇم ياۋۇز ئەبلەخلەر پۈتۈن مىللەتنىڭ نامىغا داغ چۈشۈرۈپ ، كەلگۈ-

سى ئەۋلادلىرىمىزنى نابۇت قىلىپ ، خەلقىنىڭ ، مىللەتنىڭ مەنپە-
ئىتىگە زىيان سالغانىكەن ، ئۆزىنى خەلقپەرۋەر ، مىللەتسۆيەر دەپ
بىلىدىغان ھەممە ئادەم ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ قارا ئۇۋىسىنى بۇزۇپ ،
زەھەرلىك قولىنى كېسىشكە تەڭ ئاتلىنىشى كېرەك ! مەن ھازىر
شۇ قارارغا كەلدىم ، ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشۈپ ، سىلەرنى تولۇق
دەلىل ـ ئىسپات بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشىمەن ! بۇ يولدا ھەرقاند-
چە رىيازەت چەكسەممۇ ، ھەرقانچە زىيان تارتساممۇ مەيلى !...

— رەھمەت ساڭا ، ئۆركەش ! — دېدى ۋاڭ باۋ خۇشال
بولۇپ ، — بۇ پىداكار روھىڭ ماڭا ئىلھام بولدى .

بۇ گەپلەرگە ئۇتتۇقمۇ ئارىلىشىپ ، ئۆركەشكە مەدھىيە ئوقۇ-
دى :

— بىر دانىشمەن : «قولۇڭدىن كەلسە بىراۋدىن ياخشىلى-
قىڭنى ئايىما ، قولۇڭدىن كەلمىسىمۇ ئورۇنۇپ كۆر . ئادەتتە
ياخشىلىققا يامانلىق قايتىدۇ ، شۇنى بىلىپ تۇرۇپ ياخشىلىق
قىلساڭ ، دېمەك ، ھەقىقىي ئىنسانسەن !» دېگەنىكەن . بۇرادىرى-
مىز ئۆركەشنىڭ بۇ روھى ھەقىقەتەنمۇ غەرەزسىز ، خالىس ،
ھىممەتكە باي روھ بولدى !

— رەھمەت ئاداش ! — دېدى ئۆركەش سەل ـ پەل ئوڭاي-
سىزلانغاندەك ، — ئەمما بۇ گەپلىرىڭىز بىلەن ئادەمنىڭ نەرخىنى
بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىزغۇ دەيمەن !

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتتىم ، ئۆركەش ! — دېدى ئۇتتۇق
سەمىمىي ھالدا ، — چۈنكى ، مەنمۇ ئاشۇنداق قارا نىيەت ، قارا
كۆڭۈل ئەبلەخلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ، سەرسان بولۇپ
يۈرگەنلەرنىڭ بىرى ! ئۇلار بىر كۈن مەۋجۇت بولىدىكەن ، بىزمۇ
بىر كۈن خاتىرجەم بولالمايمىز ! ئۇلارنىڭ دەستىدە كىچىككىنە
قىز ـ ئوغۇللىرىدىن ئايرىلىپ ، يۈرەك ـ باغرى قانغا تولغان ،
خانۇ ۋەيران بولغان ئاتا ـ ئانىلار ئازمۇ !؟ — ئۇتتۇق دېمى

سىقىلغاندەك بىر دەقىقە تۇرۇۋالدى ، بىر خىل ئىچكى دەردتىن ئۇنىڭ يۈزى قارىداپ ، كۆزلىرى چاقناپ كەتكەندى ، ئۇ تازا بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — مانا مەن ئاشۇنداق بىر بىقۇۋۇل ئاتا - ئانىنىڭ ئاھۇ زارىغا چىدىماي ، ئۆزۈمنىڭمۇ بەختىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلدىم ! مۇبادا ، خىسلەت-نى تاپالىسام ، ئۆزۈمگىمۇ ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغىمۇ يۈز كې-لەلمەيمەن . لېكىن... لېكىن ، شۇنچە كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭ ئۆزى تۇگۇل ، سايىسىنىمۇ كۆرەلمەيۋاتىمەن !...

ئۇتۇق تولىمۇ چۈشكۈن قىياپەتتە بېشىنى تۆۋەن سالدى ، ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئۆزگىرىش بىردەمدە ئىچىدە روي بەردى : يۈرى-كى سىقىلغاندەك بولدى ، جاۋابى يوق ئاچچىق سوئاللار ، باش - ئاخىرى يوق چىگىش خىياللار يۈرىكىنى قارماپ ، ئىچ - ئىچىنى ئازابلىماقتا ئىدى . دېمىسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىشلىرى تازا يالجىمىدى ، خۇددى قارىغۇ شام ياقسا شامنى زايا قىلغاندەك ، ئۇنىڭ جىمى تىرىشچانلىقلىرى ، ئىزدىنىشلىرى كۆپۈككە ئايلانغانىدى...

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ، ئاداش ! — دېدى ئۆركەش ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ، — خىسلەتنى چوقۇم تاپىمىز ، بۇ دۇنيا-دا ئاخىرى چىقمايدىغان ئىش يوق !

— شۇنداق ، بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى ! — دېدى ۋاڭ باۋمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ، — ھامان ياخشى ئىشنىڭ مۇكاپا-تى ، يامان ئىشنىڭ جازاسى بولىدۇ ! لايىقىڭىز گۇاڭجۇدىلا بولى-دىكەن ، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالايمىز .

— مېنىڭچە ، مۇنداق قىلايلى ، — دېدى ئۆركەش مەسلىھەت بېرىپ ، — بۇ يەردە خالمەت ئىسىملىك بىر كاۋاپچى بار ، بەزىلەر ئۇنى «ھۇۋقۇش تاز» دەيدۇ ، ئۇنىڭ كاۋاپچىلىق قىلىپ بارمايدى-غان يېرى يوق ، قولىقى ئۇزۇن ، يۇرتتىن كەلگەنلەرنىڭ ئىشلى-

رنى بىلىدۇ . مەن ئۇنىڭ بىلەن خېلى يېقىن ، بۇ يەرگە پات ـ پات كېلىپ تۇرىدۇ . بىز شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ياردەم سورايلى ، ئۇ بىزگە چوقۇم خىسلەتنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ بېرىدۇ ، ھېچبولمىسا ، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ !

ئۇلار شۇنداق كېلىشتى ، خىسلەتنى تېپىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىپ باقماقچى بولدى .

ياتاققا كېتىۋېتىپ ، ئۇتۇقنىڭ كۆڭلى يەنە يېرىم بولدى . راستىنى ئېيتقاندا ، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە ، يۈرىكىگە غۇلغۇلا چۈشۈپ قالغانىدى . «خىسلەت ھاياتمىدۇ ؟ ! ساقمىدۇ ! ؟ نەدىدۇ ! ؟ …» دېگەنگە ئوخشاش مۇدھىش سوئاللار ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلغاپ ، كۆڭلىگە ئارام بەرمەيتتى . قانداقتۇر ياۋۇز قوللارنىڭ بۇ ياش غۇنچىنى نابۇت قىلىۋېتىش ياكى ئۇنىڭ ئار ـ نومۇسىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىۋېتىش مۇمكىنچىلىكىنى ئويلىغاندا ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى گويا بېشىغا تۇيۇقسىز چاقماق چۈشكەندەك لەرزىگە كېلەتتى ، يۈرىكى شاكىراب چاچقاندەك ئېچىشاتتى…

بۇنداق چاغدا ، ئۇ خىسلەت بىلەن ئۆتكەن قىسقا ، ئەمما تولىمۇ شېرىن ، گۈزەل چاغلىرىنى ئەسلەپ ، ئازابلىق كۆڭلىگە تەسكىن بېرەتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، خىسلەت شۇنداق نازاكەتلىك ، شۇنداق نازۇك پىكىرلىك قىز ئىدى . ئۇنىڭ ئون سەككىز يىللىق ھاياتى باشتىن ـ ئاخىر كىر قونمىغان پاك ، سەمىمىي ۋە قىزغىن ھايات ئىدى . ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق غۇرۇر بىلەن ياشىيالايدىغانلىقىغا ، ئۆزىنىڭ ئار ـ نومۇسىنى ئىسسىق قان بىلەن قوغدىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ! …

ئۇتۇق يۈرىكىگە ۋەھىمە سالغان ۋەسۋەسىلەرنى نېرى قوغلىدى ، كۆڭلىگە ئاستا ـ ئاستا ئاراملىق چۈشۈپ ، ئاچچىق تۇيغۇلىرىنى سۇسلاشتۇردى…

# 10

ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى قويىدىغان بىرەرى بارمىدۇر بۇ
ئالەمدە؟ ! بولسا ، ئۇنىڭ جېنى قانچىدۇر ! ؟
قامەتلىك ، ئەپتىدىن نوچىلىق چىقىپ تۇرىدىغان ، قاراشلى-
رى سۇرلۇك ، ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان ، گەپ قىلسا ئاۋازى
غۇدۇرۇڭ چىقىدىغان بۇ ئادەم ھەمىشە ئۆزىنى سۇرلۇك ، سالاپەت-
لىك تۇتۇشنى ياخشى كۆرەتتى . ئەمما ئۇنىڭ ئوڭ يۇزىدىكى
ئۇزۇن تاتۇق خېلى كېلىشكەن ، چىرايلىق چىرايىغا خۇددى جانان
چىنىنىڭ يۇزىگە چۈشكەن قاداقتەك كۆرۈمسىز سايە تاشلىغان-
دى . بۈگۈن ئۇ ، ئۇچىسىغا سۇجۇدا ئىشلەنگەن ناۋات رەڭ يىپەك
كۆڭلەك ، ئاستىغا ئامېرىكىنىڭ «ئالما» ماركىلىق ئەت رەڭ
شىمىنى كىيىپ ، تېخىمۇ مەدەنىي ، تېخىمۇ سۆلەتلىك بولۇپ
كەتكەنىدى . چەپ بارمىقىدىكى يېشىل ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن
ئۈزۈكى كۈن نۇرىنى كۆرسىلا يالت - يۇلت قىلىپ شولا
چاچاتتى…

يېشى قىرىقلارغا يېقىنلىشىپ قالغان ، ئۇيغۇرچە خەتنى ھە-
جىلەپ ئوقۇيدىغان ، ئەمما گەپكە كەلگەندە زۇۋاندىراز ، خەنزۇچى-
نى قاتۇرۇپ سۆزلەيدىغان ، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىش كۆ-
رىدىغان ، بەزى ھاللاردا مەككار ھەم شەپقەتسىز بۇ ئادەم ئەزەم
چوڭ ئىدى ! ئۇ ، مۇشۇ يېشىغا كەلگۈچە ئۆي - ئوچاقلىق بولمى-
دى ، پەرزەنت يۇزى كۆرمىدى ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ ئىشلار
ئادەمگە يوك ئىدى ، ئەركەكنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ قويىدى-
غان يوشۇرۇن كىشەن ئىدى ! ئۇنىڭ تۇرمۇش مىزانى : «قانغۇچە
يەپ - ئىچىش ، قانغۇچە ئويناپ - كۈلۈش ! چۈنكى ، ھېچكىم
تاپقان - تەرگىنىنى ئۇ دۇنياغا ئەكېتەلمەيدۇ ، دۇنيانىڭ مېلى
دۇنيادا قالىدۇ !» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى .

ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مانا شۇ ئەقىدە بىلەن ياشاپ

كېلىۋاتاتتى . ھەرخىل رەزىل ، پەسكەش يوللار بىلەن كەلگەن تالاي مال ـ دۇنيالار ، نۇرغۇن سەبىي ، نارەسىدە بالىلارنىڭ قان ـ تەرى ، ئاھۇ زارى ھېسابىغا كەلگەن تالاي ھارام پۇللار ئۇنىڭ ئاشۇ تويماس ، ھايۋانىي نەپسى ئۈچۈن ئېرىقتىكى لاي سۇدەك ئېقىپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنى راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشتۈ-رۈۋاتقان بۇ پۇللارنىڭ نەدىن ، قانداق كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيت-تى ، بىلىشنىمۇ خالىمايتتى ، ئۇ پەقەت پۇل دەيتتى ، پۇلنىلا تونۇيتتى !...

بۇ دۇنيادا ھەممىدىن كۆپ قولغا كېلىدىغىنىمۇ پۇل ، ھەم-مىدىن كۆپ قولدىن كېتىدىغىنىمۇ پۇلكەن ! مانا شۇ پۇلنىڭ دەردىدە ئەزەم چوڭنىڭ يۈرەك ـ باغرى زېدە ئىدى . پۇل تاپقانسې-رى دەسلەپ ئۇنىڭدا كىبىر ، دىماغ پەيدا بولدى ، كېيىن تەمەننا كۆچىيىپ ، نەپسى يوغىنىدى ، ئەمدى بولسا ، ھارام بايلىقتىن ئۇنىڭ يۈرىكى قارىداپ ، ھېچكىمدىن تەپ تارتمايدىغان ، ھېچنې-مىدىن يانمايدىغان شەپقەتسىز بىر تەلۋىگە ئايلاندى . ئىشقىلىپ ، ئۇ تولىمۇ نادان ، رەزىل ، پىلىكى ئاينىغان ئادەم ئىدى !...

بۈگۈن ئۇ گۇاڭجۇنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرىگە جاي-لاشقان «يېڭى دۇنيا» مېھمانسارىيىنىڭ ھەشەمەتلىك ياتىقىدا ھېيت ئاغماق بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى .

ئەزەم چوڭ بۇ مېھمانسارايغا تۈنۈگۈن ئورۇنلاشتى . ئۇنىڭ-دىن بۇرۇن ، شەھەرنىڭ يەنە بىر رايونىدىكى «ئاق قۇ» مېھمانخا-نىسىدا بىرنەچچە كۈن تۇرغانىدى . ئىشقىلىپ ، ئۇ بىر يەردە ئۇزۇن تۇرمايتتى ، كەيپ ـ ساپا ، ئەيش ـ ئىشرەت ، قىمار ئۈچۈن بولسىمۇ ، پات ـ پات يۆتكىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئاستىدى-كى «پاسات» ماركىلىق پىكاپ بىلەن يانچۇقىدىكى تۇتام ـ تۇتام پۇللار ئۇنى زادىلا تىنىم تاپقۇزمايتتى ...

بۈگۈن ئۇ ، ئەتىگەندىلا ھېيت ئاغماققا تېلېفون قىلىپ ، يېنىغا چاقىرتقانىدى . پەقەت ھېيت ئاغماقلا ئۇنىڭ بىلەن

پات ـ پات كۆرۈشۈپ ، ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىش سالاھىتىگە ئىگە ئىدى .

— ھېلىقى قىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ — سورىدى ئەزەم چوڭ توڭلاتقۇدىن مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئېلىۋېتىپ ، — ئىسمى نېمىتى ؟

— خىسلەت ! ... ،— دېدى ھېيىت ئاغماق قوپاللىق بىلەن ۋە داتخورلۇق ئېيتقاندەك غۇدۇردى ، — قويغىنا ئۇنى ، قېشى قۇندۇزدەك بولغىنى بىلەن ، قىلىقى توڭگۇزدەك بىر نېمىكەن ! ئۇنى دەرھال بىرەر ئىشرەتخانىغا سېتىۋېتەيلى ، مېنىڭچە ، باھاسى ئۆرە بولىدۇ...

ئەزەم چوڭ بىردەمدە چاي شىرەسىنىڭ ئۈستىنى ھەرخىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى . مېۋە ـ چېۋە ، پىچىنە ـ پىرەنىك ۋە سوغۇق ئىچىملىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەلنىڭ ئىدى .

— قانداق دەيسەن ؟ — سورىدى ئەزەم چوڭ قولىدىكى ئامېرىكىنىڭ ئۈزۈمىدىن بىر تال ئاغزىغا سېلىۋېتىپ ، — سېنى رەنجىتىپ قويغان ئوخشىمامدۇ ؟ ئۈزۈڭ قوپال ، ئەخمەق ! قىز بالا دېگەن نازۇك تال چىۋىققا ئوخشايدۇ ، ئەر خەق دېگەن ئۇنى ئاۋايلاپ ئېگىپ ، ئۆزىگە قارىتىشنى بىلىشى كېرەك ! ئەمما خىسلەتنى ئەمەس ، ئۇنى ئىشلىتىدىغان جاي بار ، يامان كۆز ، يامان قولدىن ساقلىمىساڭ بولمايدۇ !

— ھېلىمۇ كۆزۈمنىڭ قارىقىغا دەسسىتىپ ساقلاۋاتىمەن ، — دېدى ھېيىت ئاغماق تامىقىنى تامشىپ ، — بولمىسا ، ئۇنداق ساھىبجامالنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ ، ئەقلى قوشۇقلۇققا چىقىپ قالامدۇ !

— شۇنچە گۈزەلما ؟ — قىزىقىپ سورىدى ئەزەم چوڭ ، — كۆرۈپ باقسام بولغۇدەك ...

— بىرلا كۆرسەڭ مېھرىدىن كېچەلمەسسەنمىكىن ...

— ياق ئاغىنە ، — دېدى ئەزەم چوڭ دانالاردەك خىيالغا چۆككەن قىياپەتتە ، — بەزى ۋاقىتتا ھەرقانچە ئېسىل نەرسەڭنىڭمۇ مېھرىدىن كېچىشكە توغرا كېلىدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭ مېھرىدىن كېچەلمىسەڭ ، ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن ! مانا بۇ ، «جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن ھەقىقەت !

ئۇلار بىر پەس جىم بولدى ، ئىشتىھا بىلەن مېۋە يېدى ، سوغۇق ئىچىملىك ئىچتى . بىرئازدىن كېيىن ئەزەم چوڭ يەنە سورىدى :

— ھېلىقى نەزەر دېگەن شوركا بازارغا چىقىۋاتامدۇ ؟ گەپكە كىرگۈزدىڭلارمۇ ؟

ھېيت ئاغماق قاقشاپلا كەتتى :

— نەدىكىنى ! ئەمدى ئۇنىڭ بىزگە كېرىكى قالمىدى ، ئەزەم ! ئۇ ھازىر بەئەينى كىيگىلى بولمايدىغان جۇلجۇل چاپان دېگىنە !

ئۇ نەزەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى — ئوڭ پۇتىنىڭ ئوشۇقى سۇنۇپ پۇتۇنلەي كاردىن چىققانلىقىنى ، سول پۇتىنىڭ دېگەندەك دەسسىيەلمەيدىغانلىقىنى ، خىسلەتنىڭ زورى بىلەن ئىككى قېتىم شەخسىي دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تاڭغۇزغانلىقىنى ، ھازىر ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە پۇتۇنلەي يۈك بولۇپ قالغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى .

— بۇ ئىش ياخشى بولماپتۇ ! — دېدى ئەزەم چوڭ كايىغان تەلەپپۇزدا ، — ھاشىم توقۇناقنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ ! ؟ بىر بالىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەي ، ئاخىر بىزگە يۈك قىلىپ قويغىنى نېمىسى ! ؟ ... كۈچلۈك ئادەم باشقىلارغىمۇ كۈچ بېغىشلايدۇ ، يىغلاڭغۇ ئادەم قاقشاۋېرىپ ، باشقىلارنىمۇ ھالسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ . بۇ نەزەر دېگەن شۇمتەكنى دەرھال گۆش ياكى بەز قىلىپ ئايرىمىساق ، باشقا شوركىلارغا يامان تەسىر بېرىدۇ !...

— مېنىڭچە… ، — دەپ بىردەم تىلىنى چاينىدى ھېيت ئاغماق ، — مېنىڭچە ، بۇ شۇمتەكنى كوچىغا قويۇۋېتەيلى ، بىر بولسا ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ ، بىر بولسا ، بىرەر قۇتقۇزۇش ئورنىغا ئۇچراپ ، يۇرتقا قايتۇرۇلىدۇ…

ئۇنىڭ سۆزىنى ئەزەم چوڭنىڭ ئاچچىق ئارىلىغان غۇدۇدۇك ئاۋازى ئۈزۈۋەتتى :

— ساراڭمۇسەن !؟ ئۇنى ئىختىيارىي كوچىغا قويۇۋېتىش — ئۆزىمىزنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىش دېگەن گەپ ! — ئەزەم چوڭ بىردەم ئويلىنىپ يەنە داۋام قىلدى ، — مۇنداق بولسۇن : ھۇۋقۇش تاز ئۇنى ھەر كۈنى يۇدۇپ ئاپىرىپ ، بىرەر ئاۋات بازار بويىدىكى ئاسما كۆۋرۈك ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ تىلەمچىلىككە سالسۇن ، ئۆزى شۇ ئەتراپتا كاۋاپ ساتقاچ ، ئۇنىڭغا كۆز قۇلاق بولسۇن . تىلەمچىلىكتە چۈشكەن پۇلنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ كەم قىلماي ساڭا تاپشۇرسۇن . شۇنداق قىلساق ، ئۇ ھەم ئۆزىنى باقالايدۇ ، ھەم بىزگىمۇ پايدىسى تېگىدۇ …

مانا شۇ گەپ بىلەن نەزەرنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى پۈتۈلدى . بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھېيت ئاغماققىمۇ ياقتى . بۇ ئىشتا گەرچە ھۇۋقۇش تاز خېلى جاپا چەكسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلمايدىغانلىقىغا ھېيت ئاغماق ئىشىنەتتى .

ئۇلار خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى ، پاراڭنىڭ تېمىسى پات ـ پات يۆتكىلىپ ھەرخىل ئىشلار ئۈستىدە بولاتتى . ھېيت ئاغماق كېتەر ۋاقتىدا ، مۇھىم بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ، چىپپىدا توختاپ ، ئەزەم چوڭغا يۈزلەندى :

— قىل قايتمەن ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغىلى ، — دېدى ئۇ پېشانىسىنى سىلاپ ، — ھۇۋقۇش تازنىڭ ئېيتىشىچە ، يېقىندىن بېرى ئەتراپىمىزدا ئۇتۇق ئىسىملىك بىرى پەيدا بوپتۇ . ئۇ خىسلەتنىڭ بەش سۇڭلۇق سۈرىتىنى كۆتۈرۈپ ، تەرەپ ـ تەرەپتە ئۇنى ئىزدەپ يۈرەرمىش . كۈندە دېگۈدەك «ئوغۇزخان» رېستورا-

نىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ بالا خوجايىنى ئۆركەش ۋە ھېلىقى ۋاڭ باۋ
بىلەن مۇقۇلدىشىدىكەن ...

— بۇ مۇھىم خەۋەر ئىكەن ، خۇددى ئەسكى تامدىن جىن
چىققاندەك ، مۇنداق بىر ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ئىشلى-
-رىمىزنى چالغىتىشى مۇمكىن ! — دېدى ئەزەم چوڭ دەرھال
ھوشيار تارتىپ ۋە شۇ ھامان نېمە قىلىش لازىملىقىنى جىددىي
ئويلاپ ، ھېيىت ئاغماققا ئورۇنلاشتۇردى ، — مۇنداق بولسۇن :
سەن بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە كاڭ كېجاڭ بىلەن ئالاقىلەش-
-كىن ، بىز خىسلەتنى ھەدىيە قىلىش ھېسابىغا ئۇنىڭ ياخشىلىقلى-
-رىغا جاۋاب قايتۇرايلى .

— شۇنداق قىلىشقا ئەرزىمدۇ ؟ ! — دېدى ھېيىت ئاغماق
خىسلەتكە كۆزى قىيمىغاندەك تەلەپپۇزدا .

— ئەرزىيدۇ ، ئەخمەق ! — دېدى ئەزەم چوڭ يېرىم جىد-
دىي ، يېرىم سۇلھى ئاھاڭدا ، — ئۆزۈڭ بىلىسەن ، كاڭ كېجاڭ-
-نىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقى ئازمۇ ؟ بىرنەچچە قېتىم «بازار
ئويناۋاتقان» دا تۇتۇلغان شوركىلىرىمىزنى قويۇپ بەردى ، بىر-
نەچچە قېتىم تۇيۇقسىز ئۆي ئاختۇرىدىغان چاغدا ، بىزگە شەپە
بېرىپ ، ئاۋارىچىلىكتىن ساقلاپ قالدى . ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرى
ئالدىدا خىسلەتنىڭ بىرەر كېچىلىكى نېمىتى ! شۇڭا ، سەن مۇشۇ
بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ، بىر تەرەپتىن كاڭ كېجاڭ بىلەن ئالاقى-
-لىشىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، خىسلەتكە ئوبدان كۆز - قۇلاق
بول ! مەنمۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ، ھېلىقى ئۇتۇق دېگەن
بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ ، دەردىگە يېتىپ قوياي ! ...

ھېيىت ئاغماق ئۇجۇقۇپ كەتتى ، خىسلەتتەك نازىنىن قىز-
نىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن كاڭ كېجاڭغا سوۋغا قىلىنىشى ئۇنىڭ ئىز-
زەت - نەپسىگە تەگكەنىدى . ئۇ خېلىدىن بېرى خىسلەتنى بازلاپ ،
قانات سۆرەپ يۈرگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئەزەم چوڭنىڭ «ھېچكىم
چېقىلمىسۇن ، ئوبدان ساقلاڭلار » دېگەن بۇيرۇقى بىلەن قۇيرۇ-

قىنى قىسىپ ، دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەنىدى . بۇگۈنمۇ ئۇ ، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە خوجايىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا نارازى بولسىمۇ ، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرالمىدى ، چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ خوجايىنى سۇرلۇك ، تورگۈن ۋە تەلۋە ئادەم ئىدى . ئۇنى ئېيتقان سۆزىدىن قايتۇرۇش خۇددى بىتون تامغا قول بىلەن مىخ قاققاندىنمۇ تەس ئىدى !...

## 11

ئۇتۇق ھېرىپ ـ چارچاپ ، يولنىڭ بۇرۇلۇشىدىكى بوشلۇققا كېلىپ توختىدى . ھەممە يەر قاقرام ئىسسىقتىن ھۆپۆلدەپ كەتـ كەن ، قاغجىرىغان ئېرىق بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ ، ئادەمگە ئۆلۈك چىراي كۆرۈنەتتى ...

يېقىنلا يەردىن تارالغان مەززىلىك قورۇما پۇرىقى بىردىنلا ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلىدى . قوي گۆشى ، غول پىياز ۋە كەرەپشىنىڭ ئۆتكۈر ھىدى ئۇنىڭغا يۇرتىنىڭ ھاۋاسىنى ئېلىپ كەلگەندەك بولدى . شۇندىلا ئۇ ، قورسىقىنىڭ قاتتىق ئاچقانلىقىـ نى ھېس قىلدى ـ دە ، بەئەينى ئۆگىتىلگەن ئاپشاركىدەك ، ھېلىقى مەززىلىك پۇراقنى ھىدلاپ يۈرۈپ ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چاققانغىنە كەلگەن بىر خۇيزۇ ئاشخانىسىنى تاپتى . ئاشخانا خېلى ئازادە ھەم پاكىز ئىدى . چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەچكە ، خېرىدارلارمۇ شالاڭ ئىدى . ئۇتۇق ئۇزۇنچاق زالغا كىرىپ ، بۇلۇڭدىكى بوش ئورۇنغا چۆكتى ۋە ئىككى خىل قورۇما بىلەن بىر قاچا گاڭپەن بۇيرىدى ، تاماق كەلگۈچە مۇزدەك پىۋىدىن بىر بوتۇلكا ئەكەلدۈرۈپ ، ئالدىرىماي ئىچىشكە باشلىدى...

شۇ ئەسنادا ، ئاشپۇزۇلغا ئىككى قىز كىرىپ كەلدى . ئۇتۇق بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ شىنجاڭلىق ئۇيغۇر قىزلىرى ئىكەنلىكىنى تونىدى . تۇرقىدىن ئۇلار ئەمدىلا يىگىرمە بىر ـ يىگىرمە ئىككى

ياشلارغا كىرگەندەك قىلاتتى . قاپقارا ئۇزۇن چېچىنى بىرلا
ئۆرۈمە قىلىپ باغلىۋالغان ، بويلۇق كەلگەن بىرى ئەپتىدىن كې-
سەلمەندەك ۋە خېلى غەمكىن كۆرۈنەتتى ، لېكىن ئۆزى خۇش-
رويي ، قاراشلىرى مۇلايىم ئىدى ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىنلا ئۆزد-
ىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى خېلى چۈشىنىدىغان قىز ئىكەنلىكى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى . يەنە بىر دوغلاقراق كەلگىنىنىڭمۇ كۆزلىرد-
دىن خۇن قېچىپ ، چىرايى سولاشقانىدى...
ئۇلار ئۇتتۇققا سەپسالمىدى ، بەلكى ئاشخانىنىڭ بىر چېتىدە
ئۆرە تۇرغان پېتى بىر نەرسىلەرنى دېيىشتى ۋە سومكىلىرى بىلەن
يانچۇقلىرىنى كولاپ ، بىساتىدىكى بار - يوق پۇللارنى جەملىگەند-
دەك قىلىشتى . ئاخىر ئۇلار قولىدىكى پۇلغا بىرەر قاچىدىن ئاش
كېلىشىگە كۆزى يەتتى بولغاي ، تاماق ئۈستىلىگە ئولتۇردى ۋە
ئاق پوسما كىيىۋالغان مۇلازىم قىزنى چاقىرىپ ، ئىككى قاچا كالا
گۆشى ئۇگرىسى بۇيرۇتتى .
ئۇتتۇق بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە سەپسېلىپ ئولتۇردى ۋە
تۇيۇقسىز ئۇنىڭدا بۇ قىزلار بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش ئىستىكى
تۇغۇلدى . ھېلىقى ئېگىز بويلۇق قىز توساتتىن ئۇتتۇقنىڭ ئۆزلد-
رىگە مۇلايىم ۋە ئەركىن نىگاھ تاشلاۋاتقانلىقىنى ۋە ئورنىدىن
تۇرۇپ ئۇستەللەر ئارىسىدىن يېرىپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ ، دەرھال يۈزىنى چەتكە بۇرۇۋالدى .
ئۇتتۇق قىزلارنىڭ يېنىغا كەلدى ، كېلىپلا ئۇلاردىن قىزغىن
ھال سورىدى :
— ياخشىمۇسىلەر ، قىزلار ! شىنجاڭدىن قاچان كەلدىڭلار ؟
قىزلار دەسلەپ ھېيىقتى ، خۇددى «سۈتتىن ئاغزى كۆيگەن
قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچىدۇ» دېگەندەك ، يەنە قانداقتۇر بىرەر پالا-
كەتكە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ ، ئامال بار ئۇتتۇقتىن ئۆزلىرد-
نى قاچۇرۇشقا ئۇرۇندى . ئەمما ئۇتتۇقنىڭ سەمىمىي ، قىزغىن
مۇئامىلىسى بىلەن ئاستا - ئاستا دىدىللىشىپ ، ئۇنىڭ سوئاللد-

ـرىغا تومتاقلا جاۋاب بەردى .

— بىز بۇ يەرگە كەلگىلى خېلى بولغان ، ئەمدى قايتماقچىدۇق…

ئاڭغىچە ئۆتۈقنىڭ قورۇملىرى بىلەن قىزلارنىڭ ئۆگرىسى چىقتى . ئۆتۈق يەنە بىرنەچچە خىل تاماق بۇيرۇتتى . ئۇلار تاماق يەپ ، پىۋا ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، خېلى چىقىشىپ قالدى ، قىزلارنىڭمۇ قورقۇش ۋە قورۇنۇشلىرى تۈگىدى . ئۇلار ئەمدى كۆڭلىدىكى دىلكەش ئادىمىنى تاپقاندەك ، ئۈچ ئايدىن بېرى تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ھەسرەتلىك بىر ئەندىكىش ئىچىدە سۆزلەپ بەردى :

ئېگىز بويلۇق قىزنىڭ ئىسمى تاجىگۈل ، دوغىلاقىنىڭ ئىسمى رەيھانگۈل ئىكەن . ئۇلار يەكەنلىك بولۇپ ، بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇرۇمچى ئالىي تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ ، ئۆيدە خىزمەت كۈتۈپ ياتقانىكەن . بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا پۈزۈر كىيىنگەن ، سالاپەتلىك ئىككى كىشى پەيدا بوپتۇ ، ئۇلارنىڭ بىرى ئەر ، بىرى ئايال ئىكەن . ئۇلار ئۆزلىرىنى گۇاڭجۇدىكى «مىللەتلەر ئارا سەنئەت ئالماشتۇرۇش - تەربىيىلەش مەركىزى» نىڭ ۋاكالەتچىلىرى دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ ۋە شۇ نامدىكى كىنىشكا ، ھۆججەتلىرىنى كۆرسىتىپتۇ . ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىدىغىنى ، ناخشا - ئۇسسۇلدىن خەۋىرى بار ، رەڭگى - رويى ، تەقى - تۇرقى كېلىشكەن ، يىگىرمە بەش ياشتىن تۆۋەن قىزلار ئىكەن . ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە ، ئوغۇللارنى باشقا ناھىيىدىن قوبۇل قىلىپ بولغا سېلىۋېتىپتۇ ، بۇ قېتىم يەكەندىن پەقەت قىزلارنىلا قوبۇل قىلىدىكەن…

بۇ خەۋەر نۇرغۇن قىزلارنى ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ ، سەنئەت دېسە جېنى سۆيۈنىدىغان بۇ قىزلار ئادەمنى قىينايدىغان چوڭقۇر بىر قىزىقىش بىلەن ئۆزلىرىنى قويارغا جاي تاپالماي قاپتۇ…

بۇ دۇنيادا ھەرقانداق ھۆسلە - سۇلكەت غەرەزسىز بولماي-

دۇ ! ئىككى ناتونۇش «ۋاكالەتچى» نىڭ شېرىن - سۇخەن سۆز-لىرى ، جەلپ قىلىش كۇچىگە ئىگە تەسىرلىك چۈشەندۇرۇشلى-رى ، گۇاڭجۇدەك كاتتا شەھەر توغرىسىدىكى چىرايلىق تەرىپلى-رى ... بۇ ئاق كۆڭۇل ، هايات تەجرىبىسى كەمچىل ، ساددا قىزلارنى ئاجايىپ شېرىن خىياللارغا چۆمدۇرۇپتۇ ...

ھەي ! ... خىيالغا نېمىلەر كەلمەيدۇ ، دەيسىز ! ئۇنىڭ چېكى بارمىدى ؟ ئۇ ئادەمنى بىردەم ئاسماننىڭ قەرىگە ئاچىقىپ پەرۋاز قىلدۇرسا ، بىردەم يەرنىڭ تەكتىگە ئاپىرىپ مىخلىۋېتەلەيدۇ ؟ ! دۇنيادا خىيالدىنمۇ ئۇچقۇر ، خىيالدىنمۇ چەكسىز ، خىيالدىنمۇ شېرىن ، خىيالدىنمۇ ئاچچىق نەرسە بارمىدۇر ؟ ! ...

مانا شۇ ئۇچقۇر ، شېرىن خىيالنىڭ كۇچى بىلەن كېلىشكەن يەتتە قىز ناھايىتـى تەسلىكتە ئاتا - ئانىسىنىـڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ، يەنە تېخى ھېلىقى ئىككى «ۋاكالەتچى» گە مىڭ يۈەندىن رەنە پۇلى تاپشۇرۇپ ، گۇاڭجۇغا كەپتۇ . كەپتۇيۇ ، چوڭ شەھەر-نىڭ سىرلىق شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئۇلارنى يۇتۇپ كېتىپتۇ . ھېلىقى ئىككى نائەھلى بۇ قىزلارنى بىرنەچچە ئىشرەتخانىلارغا سېتىۋېتىپ ، كۆزدىن غايىب بوپتۇ . بەزى قىزلار بۇنداق بايا-شات ، رەڭگارەڭ تۇرمۇش قايىنىمىغا كۆنۇپ ، تېزلا غەرق بوپتۇ ، ئەمما بۇ ئىككىسى خۇددى قاپقانغا چۈشكەن ئاھۇدەك ئېچىنىشلىق بوزلاپ - بوزلاپ ، ئاخىر ھالىدىن كېتىپتۇ...

— ئاز - تولا ناخشا - ئۇسسۇل بىلگەنلىكىمىزنىڭ سازايىنى كۆردۇق ! — دېدى تاجىگۇل كۆزىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈر-تۈپ ، — ئەگەر بۇگۇن ئەتىگەن تۈيدۇرماي قېچىپ چىقمىغان بولساق ، بېشىمىزغا يەنە قانداق خورلۇق ، قانداق كۇلپەتلەر كې-لەتتىكىن - تاڭ !

ئۇ دەسلەپ غەلىتە بىر ئىپادىدە كۇلدى ، كېيىن بىردىن ئۇنىڭ پۇتۇن يۇزى ئۆزگىرىپ كەتتى : رەڭگى قۇمدەك ئاقاردى ، لەۋلىرى يىمىرىلدى ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى !...

قىزلارنىڭ ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى ئۇتۇقنى ھاياجان-لاندۇردى، ئۇنىڭ تومۇرلىرى كۆپتى، قانلىرى شۇۋۇلداپ مېڭى-سىگە ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئۇ ھايات، تۇرمۇش ۋە ئادەملەر توغرىسىدا چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى...

بۇ ھايات دېگەنلىرى بىر تېپىشماق ئىكەن - دە! «بىرى كەم دۇنيا» دېگەندەك، ھېچكىم ئۇنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم ياشىيالمايدىكەن! كىمگىدۇر ئارتۇقچە تۇ-يۇلغان نەرسە، باشقا بىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈرلۈك ئارمان بولۇپ قالىدىكەن. كىمىدۇر ئۆزىنى ھەق ساناپ، ناھەقلىككە يول قويىدىكەن!...

ھەي!... ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرغا قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆر-دۈڭلارمۇ؟! ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىنى تۇتقۇن قى-لىپ ئوغرىلىققا سېلىۋاتسا، قىزلارنى سېتىپ، ئائىلىلىق شەنىگە داغ چۈشۈرۈۋاتسا!... مانا شۇنداق بولغاندىكىن، يامان ئادەملەر-نىڭ كۆنى تۇغۇلىدۇ! بىز بىر - بىرىمىزنى يەيمىز، بىر - بىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمىز. بىز تېخى يەھۇدىيلار-دەك، ئىنگلىز، فرانسۇزلاردەك ئۆز - ئۆزىمىزنى ياخشى بىل-گەن، چۈشەنگەن، ئۆزلۈكىنى قەدىرلىگۈچى خەق ئەمەسمىز! بۇنىڭغا تېخى خېلى ۋاقىت بار ئوخشايدۇ!... زادى قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ شۇڭغىچە تۆلەيدىغان بەدىلىمىز بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسمۇ!؟ بۇنىڭدىن ئالتە - يەتتە يۈز يىل ئاۋۋال قۇل خوجا ئەھمەد يەسەۋى «دىۋان ھېكمەت» دېگەن كىتابىدا:

«توپلىشىپ بىرنەچچە بوينى يوغاننى،
ئورتىغا سالۇرلەر قىزيۇ - جۇۋاننى!»

دېگەنىكەن. بىز تېخى شۇ يولدا كېتىۋاتامدۇق!!!...

ئۇچى يوق چىگىش كاللەكنى يېشىمەن دەپ ئويلاۋېرىپ،

ئۆتۆقنىڭ مېڭىسىگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى ...
— سىلى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىلا ، ئاكا ؟ — رەيھانگۇلنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالى ئۆتۆقنى خىيالدىن سەگىتتى ، — سىلىمۇ بىرەر ئورۇننىڭ ۋاكالەتچىسىمۇ - يە ؟ !
ئاخىرقى سۆز ئۆتۆققا خېلى قوپال تۇيۇلدى ، ئەمما بۇ سۆزلەر قوپال بولسىمۇ ، بىر قېتىم يۈرەكئالدى بولغان قىزنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققان پەردازسىز ، سەمىمىي سۆزلەر ئىدى .
— خاتىرجەم بولۇڭ ، سىڭلىم ! مەن ھېچقانداق يەرنىڭ ۋاكالەتچىسى ئەمەس ، — دېدى ئۆتۆق مىيىقىدا كۈلۈپ ، — مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بىر دەردمەن ... ماۋۇ رەسىمگە قاراپ بېقىڭلار ، بۇ قىزنى بىرەر يەردە كۆردۈڭلارمۇ ؟
ئۆتۆق خىسلەتنىڭ رەسىمىنى قىزلارغا بەردى ، قىزلار بىر - بىرلەپ كۆردى ۋە مەيۇس قىياپەتتە باشلىرىنى چايقاشتى :
— ئەجەب چىرايلىق قىزكەن ، بىچارە ! كۆرمەپتۇق ...
ئۆتۆقنىڭ كۆڭلى خۇددى يىپ تاشلىغان لەگلەكتەك لەسسىدە بولدى ، چىرايى تۇتۇلدى ، ئەگەر خىسلەتمۇ مۇشۇ قىزلاردەك ، بۇ شەھەرنىڭ بىرەر بۇلۇڭ - پۇچقىقىدىن چىقىپ ، ئۇنىڭ ئالدىدا لوككىدا پەيدا بولۇپ قالسا ، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە ! ؟ ئۆتۆقنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ ، بېشى ئاسمانغا يەتمەسمىدى ! ... ھەي ، كاج پەلەك ، تەڭشەلمىگەن جاھان ! ...
ئۆتۆق رەسىمنى سومكىسىغا سېلىۋېتىپ ، قىزلاردىن سورىدى :
— ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچى سىلەر ؟
— كېتىمىز ! — دېدى ئىككىسى تەڭلا ، — يۇرتقا كېتىمىز !
— مەن ئۈچۈن بۇ ئۈچ ئاي ئۈچ يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى ! — دېدى تاجىگۇل ئۇھسىنىپ .
تاجىگۇل توغرا ئېيتتى : ئىنسان ئۈچۈن شان - شۆھرەتكە

تولغان بىر دەقىقە مەنىسىز ئۆتكەن نەچچە كۆنلۈك ھاياتتىن ئەۋزەل بولىدۇ !...

— يۇرتنى ، ئاتا - ئانىمىزنى بەك سېغىندۇق ! — دېدى رەيھانگۈلمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — خۇدايىم ياخشى كۆرگەن بەندىسىنى ئۆز يېرىدىن ئايرىمىسۇن !

دەرۋەقە شۇنداق ! بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىدىن يامغۇر ئەمەس ، ئۇنچە - مارجان ياغقان تەقدىردىمۇ ، ئۇلار ئۇچۇن يەنىلا ئاشۇ ئاسمىنىدىن توپا - تۇمان يېغىپ تۇرىدىغان ئانا يۇرتى ئەلا ئىدى ! ئادەم تۇگۇل ، كىچىككىنە قۇش چېغىدا ئالتۇن قەپەسدىن قۇرۇق يۇتاقنى ياخشى كۆرىدۇ ئەمەسمۇ ! ؟ ...

— قانداق كېتىسىلەر ؟ — زىغىرلاپ سورىدى ئۇتۇق ، — بايا قارىسام ، يېنىڭلارنى كولاشتۇرۇپ ئاران بىرنەچچە كوي تاپ- تىڭلار ، باشقا بىر يەردە پۇلۇڭلار بارمۇ - يە ؟

— سىلى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپلىدە ! — دېدى رەيھانگۈل ئۇتۇققا مەنىلىك قاراپ ، — راست ، پۇلىمىز يوق . بىز ئۇ يەردىن ھەممە نېمىمىزنى تاشلاپ ، جېنىمىزنىلا قۇتقۇزۇپ چىقتۇق . بۇ- گۈنلا پويىز ئىستانسىسىغا بارىمىز ، ياخشى ئادەملەر ئۇچراپ قالار . پەقەت بولمىسا ، بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمىتىنى تاپارمىز شۇ !

ئۇتۇق ھېچقانچە ئويلاپ تۇرمايلا مۇنداق دېدى :

— بۇنداق قاراملىق قىلساڭلار بولمايدۇ ، سىلەر دېگەن قىز بالا ، بىرىدىن قۇتۇلۇپ ، يەنە بىرىگە تۇتۇلۇپ قېلىشىڭلار مۇمە- كىن . ھازىر جەمئىيەت مۇرەككەپ ، ئادەملەرمۇ ئىشەنچسىز بو- لۇپ كەتتى . ھۆكۈمەتنى ئىزدەيمەن دېسەڭلار ، يول بىلمەيسى- لەر ، تىل بىلمەيسىلەر ، ئەڭ ياخشىسى ، مەن سىلەرنى يولغا سېلىپ قوياي ...

— سىلىنى ئاۋارە قىلساق قانداق بولىدۇ ؟ — دېدى تاجى- گۈل خىجىل بولغاندەك بېشىنى ئېگىپ ، — ئۆزىمىزنىڭ نادان ، ساددىلىقــى ئۇچۇن يەنە قانچىلــك جاپا تارتساقمــۇ ئازلــق

قىلىدۇ !...

— بولدى ، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەپ ، ئۆتكەن ئىشلارنى يۈك قىلمۇالماڭلار ! — دېدى ئۇتتۇق ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ ، — بۇ ئىشتا سىلەر ئەيىبلىك ئەمەس ، بەلكى ئادەم سىياقىدىكى ئاشۇ ۋىجدانسىز مۇناپىقلار ئەيىبلىك ! سىلەر بۇ ئىشلارنى ھاياتىڭلاردى-كى بىر قاباھەتلىك چۈش دەپ بىلىپ ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇر-مۇشۇڭلاردا ئاچچىق ساۋاق قىلىڭلار ! يۇرۇڭلار ، ھازىرلا پويىز ئىستانسىسىغا بارايلى ، مەن سىلەرنى يولغا سېلىپ قوياي !

— ئۇنداق بولسا ، سىلىگە رەھمەت ! — دېدى ھەر ئىككى قىز چوڭقۇر تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ ، — كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، سىلىنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى ھەسسىلەپ قايتۇرىمىز ، ئۇتتۇق ئاكا !

شۇ كۈنى كەچتە ، ئىككى مۇساپىر قىز ئۇتتۇق ئېلىپ بەرگەن بېلەت ۋە يوللۇق تۇتقان بىر مۇنچە يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن پويىزغا چىقتى . پويىز قوزغالغاندا ، ئۇلار نازۇك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ، ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ ، ئۇتتۇققا ئالەم-چە رەھمەت - تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ يۈرۈپ كەتتى ! ...

## 12

قىرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ، بەستلىك ، ئاقۇچ يۈزد-نى دانىخورەك باسقان بۇ ئادەم رايونلۇق ساقچى ئىدارىسى جەمئى-يەت ئامانلىقىنى قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كاڭ مىڭ ئىدى .

كاڭ مىڭ نۇرغۇن جەھەتتە ئەزەم چوڭغا باغلىنىپ قالغاند-دى . تەدبىركار ، ئاغزى چىڭ ، ئىچىدە سىر ساقلىيالايدىغان بۇ ئادەم بىلەن ئەزەم چوڭنىڭ خېلى چوڭقۇر ئالدى - بەردىلىرى بار ئىدى .

ھېيت ئاغماق ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ،

خوجايىنىنىڭ ئۇنىڭغا «ئىبىل ئىسۇە» بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقان ۋە خىسلەتنىڭ گۈزەللىكىنى ئىچى ئېچىشىپ تۇرۇپ تەرىپلەپ بەرگەنىدى . شۇ گەپ بىلەن ئىچىگە ئوت چۈشكەن كاڭ مىڭ بۇگۇن چۈشتە ھېيت ئاغماققا تېلېفون قىلىپ : «ئىسۇنى چۈشتىن كېيىن بەييۇن رايونىدىكى ‹يېڭى ئىرا › مېھمانسارىيىسىنىڭ 8 ـ قەۋەت 13 ـ نومۇرلۇق ئۆيىگە ئەكېلىش» نى ئېيتقانىدى .

ھېيت ئاغماقنىڭ خىسلەتنى تۇيۇقسىز بىر يەرگە ئېلىپ بارماقچى بولغانلىقى قىزنىڭ كۆڭلىگە غۇلغۇلا سېلىپ قويىدى . ئۇنىڭسىزمۇ يېقىندىن بېرى خىسلەتنىڭ ۋۇجۇدىنى زادىلا چۈشەندۈرۈپ ، ئىپادىلەپ بولمايدىغان بىر ۋەھىمە قارمىۋالغانىدى . ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزگەن ھېيت ئاغماق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ مۇنداق دېدى :

— بىز سېنى بىر يەرگە ئېلىپ بارىمىز ، سەن ئۇ يەردە يۇرتتىن كەلگەن بىر تونۇشۇڭ بىلەن كۆرۈشىسەن !

— كىمكەن ئۇ مېنىڭ تونۇشۇم ؟ — ھولۇقۇپ سورىدى خىسلەت .

— بارغاندا بىلىسەن …

— ياق ، ھازىر ئېيتىپ بەرمىسەڭلار بارمايمەن ! — دېدى خىسلەت قەتئىي ھالدا ، — ئۇنىڭ ئىسمى نېمىكەن ؟

— ھەددىڭ ئەمەس ! — دېدى ھېيت ئاغماق تەرىنى تۈرۈپ ، — بىز بار دېگەندىكىن بارىسەن ، كىملىكىنى بارغاندا كۆرىسەن !

— ياق ، بارمايمەن دېدىم ، بارمايمەن ! — خىسلەتمۇ بوش كەلمىدى ، — ئەگەر زورلاپ ئاپارماقچى بولساڭلار ، ماشىنىدىن ئۆزۈمنى تاشلايمەن !

— ماۋۇ… مېكىجىننى ! — ھېيت ئاغماق ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردىيۇ ، ئەمما شۇ پېتى توختاپ قالدى . «ئىبىل

نىسۋە» نىڭ تاياق زەربىدە بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقتى. ئۇ
ئەمدى «ئۇتۇق» دېگەن ئىسمىنى ئاغزىدىن چىقىرىپ، ئالداپ
ئايرىش قارارىغا كەلدى. بولمىسا، بۇنداق جاھىل، غۇرۇرى
كۈچلۈك قىزنى زورلۇق بىلەن ئايرىش قىيىنغا توختايدىغاندەك
قىلاتتى.

— مەن سېنى تونۇشۇڭ بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچراشتۇرۇپ،
ھەيرەتتە قالدۇراي دېگەنىدىم، — دېدى ھېيت ئاغماق ساختا
ھىجىيىش بىلەن، — ئۇتۇق دېگەن يىگىت بىلەن كۆرۈشكۈڭ
يوقمۇ؟!

— نېمە… ئۇتۇق؟ — خىسلەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— ھەئە، ئۇتۇق! — دېدى ھېيت ئاغماق ئۇنى تېخىمۇ
قىزىقتۇرۇپ، — سېنى ئىزدەپ كەلگەن ئاشىقىڭ ئۇتۇق!…

شۇ گەپ بىلەن خىسلەتنىڭ يۈزىگە ئىپادە قىلىپ بولمايدىغان
بىر ھاياجان كۈلكە سالدى، ئۇ قوللىرىنى بىر - بىرىگە قارسىل-
دىتىپ ئۇردى، كۆكرىكىدىن پەريادلىق بىر سادا ئېتىلىپ چىق-
تى: «ئۇتۇق! مېنىڭ ئۇتۇقۇم! سىز قەيەردە!؟…»

ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى، ئالدىرىدى، نېمىدۇر دېمەكچىدى،
لېكىن گەپ ئاغزىدا قالدى، خۇشاللىقتىن تىلى ئايلانمىدى…

پۇرسەتتىن پايدىلانغان ھېيت ئاغماق ئۇنى دەرھال ماشىنىغا
چىقاردى، ئۇنىڭ يېنىدا ھاشىم توقۇناقنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى
ماشىنىنى غۇيۇلدىتىپ ھەيدىگىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

ئالاھازەل يىگىرمە بەش مىنۇتلاردىن كېيىن، ئۇلار مەنزىلگە
يېتىپ كەلدى. خىسلەت تېخىچە شۇ ھاياجان بىلەن ھېيت ئاغماق-
نىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، ھەشەمەتلىك مېھمانساراينىڭ زالىغا
كىردى، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدى-
دا پەقەت سۈرەتتەك قېتىپ تۇرغان ئۇتۇقلا بار ئىدى. ئۇلار لىفت
بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، سەككىزىنچى قەۋەتكە چىقتى، مەنزىل يېقىن-
لاشقانسېرى خىسلەتنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى-

نى سىغىنىش ، سۆيگۈ ۋە ۋىسال تەشنالىقى ئىگىلەپ ئالدى . ئۇ ، ئون ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ئىختىيارسىز ھېيت ئاغماقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ، ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپلا ئۇتۇقنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولدى ۋە شۇ ئەلپازدا ئىشىك-نى ئاچتى . ئەمما ئۇ ، ياتاقتا كىرىپلا ئۇتۇقنى ئەمەس ، باشقا بىرىنى — بۇرنى قىزىل ، يۈزىنى دانىخورەك باسقان ، بوي - بەستى قوپال كاك مىڭنى كۆرۈپ ، تۇرغان جايىدا قېتىپ قالدى ، رەڭگى بوزدەك ئاقىرىپ كەتتى . ئۇ بىردەم كۆزىنى پارقىرىتىپ ، قورقۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ نەزىرى بىلەن بۇ يات ئادەمگە تىكىلىپ تۇردى ، شۇ تۇرۇشىدا ئۇ بەئەينى مومىياغا ئوخشايتتى . لەۋلىرى ئاللىقانداق مۇجمەل بىر ھالەتتە قىيسىيىپ كەتكەندى . كاك مىڭنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇشى گويا ئۇنىڭغا ئەقىل يەتمەيدىغان غەلىتە بىر نەرسە بولۇپ كۆرۈنگەندى…

شۇ ئەسنادا ، ھېيت ئاغماق كاك مىڭغا قانداقتۇر بىر كۆز ئىشارىسىنى قىلىپ ، ئىشىكنى گۈپپىدە يېپىپ قويدى . بۇ قوپال ئاۋاز خىسلەتنى ئېسىگە كەلتۈردى ، ئۇ ئۆيىنىڭ تۆت تەرىپىگە ئالاق - جالاق قاراپ ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتقىنىچە ئەسەبىيلەشكەندەك قاتتىق ۋارقىرىدى :

— ئۇتۇق قېنى ! ؟ ئۇتۇق ! …

بۇ كۈتۈلمىگەن ھالەت كاك مىڭنى تەمتىرىتىپ قويدى ، ئۇ خىيالىدا ياتاقتا كىرىپلا ئۆزىگە ھەشقىپىچەكتەك يۆگىشىپ كېتىد-دىغان شوخ ، ھېسسىياتچان بىر قىزنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدى . ئەمما ، ھازىر ئۆزىگە ئەشەددىي دۈشمەندەك قادىلىپ تۇرغان ، پۈتۈن تۇرقىدىن ئۆچمەنلىك قەھرى چىقىپ تۇرغان ئەسەبىي بىر قىياپەتنى كۆرۈپ ، ھودۇققىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى . شۇ تۇرقىدا خىسلەتنىڭ ئۇنى مەپتۇن قىلغان گۈزەل ھۆسن - جامالىمۇ بىردىنلا خۇنۈكلىشىپ كەتكەندەك بولدى !…

خىسلەت ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلدى ، يەنە بىر قېتىم

سېتىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئادەمگە ئەمەس ، بىر ئىبلىسقا ، تېخىمۇ يىرگىنچلىك ئىبلىسقا دۇچ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى . شۇڭا ئۇ ، هازىر ئەسەبىيلىشىپ ، هېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان ۋە هېچ نەرسىدىن يانمايدىغان قارام هالەتكە كەلگەنىدى .

— سىلەر زادى مېنى نېمە قىلماقچى ؟ ! — دېدى ئۇ سەس-كەنگەن ، چالۋاقىغان هالدا ۋارقىراپ ، — مەن سىلەرنى ، سىلەر-دەك قارا كۆڭۈل ياۋۇزلارنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن ، مەڭگۈ قارغايمەن !...

بۇ ئاۋاز ، بۇ سۆزلەرنى كارىدوردا كۆزەتچىلىك قىلىپ يۈر-گەن هېيت ئاغماق بىلەن هاشىم توقۇناقمۇ خىرە - شىرە ئاڭلى-دى . ئەمما ئۇلار ياتاققا كىرىپ ، ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ بې-رىشكە ئۈرۈنمىدى ، بەلكى كاڭ مىڭدەك كۆچلۈك ، تەجرىبى-لىك بىر ساقچىنىڭ بۇنداق بىر مېكىنجىنىنى بىردەمدە ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ ، ئاللا - توۋىسىنى چىقىرالىشىغا ئىشەندى .

دېگەندەك ، كاڭ مىڭ ياغلىما گەپ ، سىلىق - سىپايە هەرى-كەتلەر بىلەن خىسلەتنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە ، خۇددى شاش تاينى سىلاپ - سىيپاپ كۆندۈرگەندەك ، ئاستا - ئاستا كۆندۈ-رۈشكە هەرىكەت قىلدى . ئەمما خىسلەت زادىلا ئۇنىڭ دامىغا چۈشمىدى ، بەلكى تېخىمۇ قەهر - غەزەپ بىلەن :

— ئەگەر سىز هەقىقىي بىر ئادەم بولسىڭىز ، ماڭا يېقىن كەلمەڭ ، ماڭا چېقىلماڭ ! ئەگەر زورلۇق قىلماقچى بولسىڭىز ، ئىپپەت - نومۇسۇمنى قان بىلەن هىمايە قىلىمەن ! — دېدى ۋە هەر ئېهتىمالغا قارشى چېچىغا قىستۇرۇپ يۈرگەن ئۇزۇن تۆمۈر چازىنى قولىغا ئالدى .

شۇ گەپلەردىن كېيىن خىسلەت جىم بولۇپ قالدى ، ئەمما قەددىنى تىك تۇتۇپ ، كاڭ مىڭغا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان كۆزلىرى-نى تىكىپ ئۆرە تۇراتتى . ئۇ ئەزەلدىن ئەركەكلەرنى مەردلىككە ، جاسارەتكە ، هالاللىققا ئۈندەيدىغان قىزلار تائىپىسىدىن ئىدى ، ئۇ

قانداقتۇر ئاغزىدا سۆزمەنلىك قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئۆز روھى بىلەن ئۇندەيتتى...

كىچىككىنە قىزنىڭ بۇنداق روھىي قۇدرىتى، غۇرۇرى، نومۇسىنى قوغداشتىكى بۇنداق كۈچلۈك ئىرادە ۋە جاسارىتى كاڭمىڭنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ، نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەيش- ئىشرەتلىك تۇرمۇشىدا بۇنداق جىددىي دوقالغا دۇچ كەلمىگەنىدى. ئەمما، بۈگۈن ئۇ خۇددى راۋان كېتىۋاتقان بىر كېمە يوشۇرۇن خادا تاشقا ئۇرۇلغاندەك، قاتتىق بىر سىلكىنىش ئىچىدە ئېسىگە كەلگەندەك بولدى...

قىزىق، ئادەم تۇرمۇشنىڭ مۇشۇنداق جىددىي ئەگىم - دوقاللىرىغا دۇچ كەلگەندە، بۇ دۇنيا شۇنچە جەلپكار، شۇنچە جىلۋىدار كۆرۈنىدىغان ئوخشايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا تىزگىنسىز تايدەك بېشىڭنى كۆككە گىدەيتىپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭنىڭ بىردىنلا قەدرى بىلىنىپ، كۆرەلمەي قالغان نەرسىلىرىڭ، يۈرەلمەي قالغان يوللىرىڭ ھەققىدە ئويلايدىغان ۋە بەزىدە ئۆكۈنىدىغان ئوخشايسەن! ... ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇپتۇز يولدا كۆزۈڭ ئوچۇق تۇرۇپ مۇدۇرگەنلىرىڭ، ھاۋايى - ھەۋەسكە، بىمەنە غۇرۇرغا بېرىلىپ، ئاللىكىملەرنىڭ دىلىنى بىھۇدە ئاغرىتقانلىرىڭ... مانا شۇلار بىر - بىرلەپ خىيالىڭدىن ئۆتۈپ، سېنى سەگىتىدىغان ئوخشايدۇ! ...

شۇنداق، بۇ دۇنيادا ئىككى قوللاپ تۇتۇلغان نەرسىدىن ۋاز كېچىش قىيىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئادەم بولۇش قىيىن! ئادەم ئۆز تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى يېڭىپ، ھەقىقىي ئادەم بولۇش ئۈچۈن، جەزمەن ئۇزاق ۋاقىت ئىرادىسىنى تاۋلىشى كېرەك! ...

كاڭ مىڭ يالتايدى، ئەتىگەندىن بېرى ۋۇجۇدىدا قوزغىلىپ تۇرغان شەھۋانىي ھەۋەسمۇ پەسكويغا چۈشتى. خۇددى پىچاقنىڭ بىسى قاتتىق چېقىر تاشقا ئۇرۇلغاندەك، ئۇنىڭ ياۋايى ئىستەكلىـ

رى بىردىنلا سۇسلاشتى . بولۇپمۇ ، ئۇ خىسلەتنىڭ ئەلپازىدىن ، قەھر ـ غەزىپىدىن قورقتى . ئەگەر بىرەر پېشكەللىك يۈز بې-رىپ ، بۇ سەتچىلىك ئاشكارىلىنىپ قالسا ، ئۆزىنىڭ خەلقى ئالەم-دە شەرمەندە ـ شەرمىسار بولۇپ ، خەلق ساقچىسى دېگەن شەرەپ-لىك نامغا داغ چۈشۈرۈپ قويۇشىدىن قورقتى...

ئۇ ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى ، ئارقىدىن بايا ئەكەلدۈرۈپ قويغان فرانسىيىنىڭ قىزىل ئۈزۈم ھارىقىدىن بىر رومكا ئىچىپ ، كەيپىياتىنى تەڭشىۋالدى ، ئاندىن ئىشكنى ئېچىپ ھېيىت ئاغماقنى تولىدى :

— بۇ قىزنى ئەكېتىڭلار ! — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا ، — نېسىۋە ماڭا تېگىل بولدى !

— نېمە ، بۇ مېكىجىن سىزنى رەنجىتىپ قويدىما ، كاك كېجاڭ ؟ — ئالدىراپ سورىدى ھېيىت ئاغماق ، — توختاڭ ، مەن ھازىرلا ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىپ ، ئايىغىڭىزغا باش قويدۇرىمەن !

— بولدى قىل ! — دېدى كاڭ مىڭ جىدىدىي قىياپەت-تە ، — ئەكەت دېگەندىكىن ئەكەت !

ھېيىت ئاغماق خىسلەتنى ئالدىغا سېلىپ ياتاقتىن چىقتى . خىسلەت بۇ قېتىممۇ قۇدرەتلىك بىر روھىي كۈچ بىلەن دوزاخنىڭ ئىچىدىن پاك چىقتى ، گەرچە ئۇ قاتتىق رىيازەت چەككەن ، خورلانغان بولسىمۇ ، ئەمما يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلاپ قالدى . بۇنداق جاسارەت ، بۇنداق ئىرادە ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ ، ئەلۋەتتە !...

## 13

كۈنچىقىش بىلەن ھەممە يەر قوقاس چاچقاندەك ئىسسىپ كەتتى . پىژغىرىم ئاپتاپ يول ياقىسىدىكى تاشلاردىن تارتىپ ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ مەرمەر تۇۋرۇكلىرىگىچە تەرلىتىشكە باش-

لىدى. ھاۋا خۇددى يېڭىلا ئوتى ئۆچكەن تونۇردەك دىمىق بولۇپ، ئاسمانمۇ بۇ ئۆرتىنىشتىن تۇتەكلىنىپ تۇراتتى...

بۈگۈن ئۇتۇقنىڭ سىرتقا چىققۇسى كەلمىدى، ئۇنى بىرخىل ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك چىرماپ ئالغانىدى. خىسلەتنى ئىزدەش يولىدىكى شۇنچە كۆپ ئۇرۇنۇش، شۇنچە زور تىرىشچانلىقلار بىكار كېتىۋاتاتتى. ئۆركەش كۈچىدى، ۋاڭ باۋمۇ ھەرىكەت قىلدى، لېكىن كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك نەتىجە يوق ئىدى.

ئۆركەش بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ھېلىقى كاۋاپچى ھۇۋقۇش تاز بىلەن ئۇتۇقنى تونۇشتۇردى، خىسلەتنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتى، ھۇۋقۇش تاز ناھايىتى خۇشپەسەنلىك قىلدى. كېيىن ئۆركەشنىڭ يۈزى ئۈچۈن: «مەن تىڭ ـ تىڭلاپ باقاي، بىرەر ئۇچۇر بولسا خەۋەر قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەنمۇ بولدى، ئۇتۇق ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، تەپسىلىي ئادرېسىنى يېزىپ بەردى، لېكىن ھازىرغىچە ئۇنىڭدىنمۇ خەۋەر يوق ئىدى...

ئۇتۇق دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاپتاپنىڭ بىنەپشە رەڭ نۇرلىرىدىن قاماشقان كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇزاق ياتتى. ئاپتاپ ئاستا ـ ئاستا دېرىزىدىن كارىۋات ئۈستىگە چۈشۈپ، كۆز چاقناتقۇدەك رەڭدار نۇر جىلۋىلەندى. كارىۋاتتا ئېزىلىپ ياتقان ئۇتۇقنىڭ كۆزى بىردىنلا كارىۋاتتىن بىر مېتىرچە يۇقىرىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئۆمۈچۈككە چۈشتى، ئۇتۇق ئويلاپ ئولتۇرماي، قولى بىلەن ئۆمۈچۈكنىڭ يىپىنى ئۈزۈۋەتتى. كىچىك ئۆمۈچۈك يەردىكى پالاسقا چۈشۈپ، يەنە تام تەرەپكە ئۆمىلەپ بېرىپ، پىلدىرلىغىنىچە تورۇسقا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ يەنە تورۇستىن يىپ تاشلاپ، ئۇتۇقنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇتۇق يەنە ئۇنىڭ يىپىنى ئۈزۈۋەتتى، ئۆمۈچۈك يەنە پىلدىرلىغىنىچە تام تەرەپكە ماڭدى... ئاپتاپ كەڭ دائىرىدە يېيىلغىچە ئۇتۇق بەش قېتىم ئۆمۈچۈكنىڭ يىپىنى ئۈزۈۋەتتى، ئۆمۈچۈكمۇ بەش قېتىم تورۇسقا چىقىپ يىپ تاشلىدى... ئالتىنچى قېتىم ئۇتۇق

ئۆمۈچۈكنىڭ يىپىنى ئۈزمىدى ، بەلكى قايىللىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلىدى : «مانا ئىرادە !... كىچىككىنە ئۆمۈچۈكنىڭ يىپىنى بەش قېتىم ئۈزدۈم ، ئۇ بەش قېتىم تورۇسقا كۆتۈرۈلۈپ يىپ تاشلىدى ، ئەگەر يەنە ئۈزسەم ، ئۇمۇ يەنە شۇنداق قىلىۋېرىدۇ !... ئەجەبا ، مەندە ئاشۇ كىچىككىنە جانىۋارچىلىك ئىرادە يوقمۇ ؟ !... »

شۇ چاغدا ، توساتتىن ئۇنىڭ ئېسىگە بىر نەرسە كەلدى . ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت تاشلاپ ، ۋۇجۇدىنى زوق ـ شوققا ، ھاياجانغا تولدۇرغان بۇ نەرسە ھازىرمۇ خۇددى قاراڭغۇ ئۆينىڭ روجەكلىرىدىن يېرىپ چۈشكەن ئىللىق نۇردەك ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇپ ، جىسمىغا كۈچ ۋە جاسارەت ئاتا قىلغاندەك بولدى ، بۇ نەرسە — خىسلەتنىڭ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىدىكى ئۇتۇققا سۆيگۈ ئىزھار قىلىنغان بىر كۇپلېت قەسىدە ئىدى :

«سەندىدۇر كۆزلىرىم ، سەندىدۇر كۆڭۈل ،
سەن ئۆمرۈم كۆكىدە پارلىغان قۇياش .
سەندىدۇر ئىشەنچ ، سەندىدۇر يۈرەك ،
سەن باركى ، كۆزلىرىمگە يولمايدۇ ياش !»

«توۋا ، مەن نېمە بولدۇم ـ ھە !؟ — ئۇتۇق ئۆز ـ ئۆزىگە ئاچچىق سوئال قويدى ، — خىسلەت ماڭا شۇنداق چىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقاد بىلەن ئىشەنگەن تۇرسا ، مېنىڭ شۇنچىلىك جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقۇپ بەل قويۇۋەتكىنىم نېمىسى !؟ ياق ـ ياق ! مەن ھايات تۇرۇپ خىسلەتنىڭ كۆزى ياشلانسا بولمايدۇ !... »

ئۇتۇقنىڭ ئەسەبلىرى چىڭ تارتىلدى ، كۆڭلى پەرىشان بولدى . شۇ تاپتا ئۇ ، يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشنى بەكمۇ خالايتتى . لېكىن ئۆزۈن ئۆتمەي ، يالغۇزلۇق يەنە جېنىغا تەگ ـ

دى : ئۆنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يېڭى بىر ئىنتىلىش ، يېڭى بىر ھاياجان چۇلغاپ ئالدى ۋە بىر دەقىقە بولسىمۇ جېنىنى قىيىنىغان زۇلمەتنى يورۇتۇۋەتكەندەك بولدى...

ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، باياتىندىن ھېچ ئىپادىسىنى تاپالماي تۇرغان مەۋھۇم پىكىر بىردىن ئايان بولۇپ ، مېڭىسىدە چاقناپ كەتتى . بۇ پىكىر مۇنداق ئىدى : خىسلەت قەيەردە بولمىسۇن ، ۋاقتىنچە يوشۇرۇن ھالەتتە يۈرگىنى بىلەن ، بەرىبىر ئەتمۇ ـ كەچمۇ ئۆنىڭ ھۇزۇرىدا پەيدا بولىدۇ ، ئۇنىڭ مۇشۇ شەھەردە ئىكەنلىكىنى بىلسىلا ، جېنىنى تىكىپ بولسىمۇ ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ !...

ئۆتۈق شۇنداق ئويلايتتى ۋە شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنەتتى . لېكىــن بۇ پىكىر بىرئاز كەمتــۈك ئىــدى : ئۆزىنىــڭ مۇشۇ شەھەردە — خىسلەت بىلەن بىر شەھەردە بىر قۇياشتىن بەھرىلىنىپ ، بىر ھاۋادىن نەپەسلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇنىڭغا قانداق بىلدۈرۈش كېرەك ؟ !...

توغرا ، بۇ ئىشنى يەنىلا ھۆۋقۇش تازدەك بۇ شەھەرنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى بىلىدىغانلاردىن ئۆتۈنۈش كېرەك !...

ئۆتۈق شۇ خىيال بىلەن چاپىنىنى يەلكىسىگە تاشلاپ ، كوچىغا ئېتىلدى ، كارىدور قاراڭغۇراق ئىدى ، ئۇ كېتىۋېتىپ : «ھۆۋقۇش تاز ھازىر مۇشۇ بۈرجەكتىن چىقىپ كېلىپ مېنى توختاتسا ـ ھە !» دېگەن پىكىر كاللىسىدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى . لېكىن ھېچكىم چىقمىدى ، ئۇ پەلەمپەيلەردىن گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ كوچىغا چىقتى ، شۇنداق ئىسسىقتىمۇ ئادەملەرنىڭ بازار ـ رەستىلەردە مىغىلداپ يۈرگەنلىكىدىن ھەيران قالدى...

ئۆتۈق كۆنىپىتىش تەرەپكە قاراپ يول ئالدى ، مۇساپىرخانىدىن يۈز قەدەمچە يىراقلىغاندا ، كىمدۇر ئۆنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى ۋە نەق قۇلىقىغا كېلىپ شىۋىرلىدى :

— ئۆتۈق ئاكا ، ئارقامدىن مېڭىڭ ، مۇھىم گەپ بار !

بۇ ھۆۋقۇش تاز ئىدى . قىزىق ، كىمنى خىيال قىلسا ، شۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ئۈتۈق خۇشال بولۇپ كەتتى ، خۇشال-لىقىدىن ھولۇققىنىچە ئۇنى بايىلا ياتاقتا قانداق ئويلىغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى .

— مەن مۇشۇ يەردە ئىدىم… ، — دېدى ھۆۋقۇش تاز بىر خىل سىرلىق قىياپەتتە ، — سىزنى بىرى بىلەن كۆرۈش-تۈرمەن… خىسلەت توغرىسىدا… ئەمىسە كەتتۇق !

ئۈتۈق خۇشال بولدى ۋە ھۆۋقۇش تازنىڭ گېپى ئۈستىدە ئويلىغاچ ، ئۇنىڭغا سەپسالدى . ئۇ يېرىم قەدەم ئالدىدا ھېچكىمگە قارىماي ، بىغەم ، بىپەرۋا ھالدا بىر پۇتىنى سۆرەپ كېتىپ بارات-تى .

ئۈتۈق قارىماققا خاتىرجەمدەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمما تېگى - تېگىدىن ئاللىقانداق ھاياجاندا ئىكەنلىكى ئېنىق سېزىلەتتى ، بۇ ھاياجان خىسلەت ھەققىدە بىرەر خۇش خەۋەر ئاڭلاش ئىستىكىدە بولۇۋاتقانلىقى ئۆزگىمۇ ئايان ئىدى …

ئەزەم چوڭ خىسلەتنىڭ كاڭ مىڭنى داغدا قويغانلىقىنى ئاڭلاپ ، دەسلەپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ، ھەتتا ئۆز قولى بىلەن بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرۇپ ، ئاچچىقىنى چىقارماقچىمۇ بولغانىدى . ئەمما ، كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ، باشقىچە چوت سوقتى . ھەتتا ھېيت ئاغماق بۇنداق «ئەركەكزەدەك» نى بىرەر ئىشرەتخانىغا سېتىۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەندە ، ئۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق مۇنداق دېگەنىدى : «ئۇ بىرىنچى قېتىم ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ، بۇ قېتىم كاڭ كېجاڭدەك ھاڭگىنىڭ قولىدىنمۇ قۇتۇ-لۇپ چىقىپتۇ . شۇنىڭغا قارىغاندا ، ئۇ ئاللانىڭ ماڭا بۇيرۇغان نېسىۋىسى ئوخشايدۇ . ئۇ ئۆزۈمگە قالسۇن ، ئۇنى شۇنداق ئەي-ۋەشكە كەلتۈرەيكى ، بەئەينى مەشۇت يىپتەك بوينۇمغا يۆگىشىد-غان بولسۇن ! … »

ئەمما ئۇ ، ئالدى بىلەن ئۈتۈقنى كۆرۈش نىيىتىگە كەپقال-

دى . ئۇتۇق بىلەن خىسلەتنىڭ رىۋايەتسىمان مۇھەببىتى ئۇنى قىزىقتۇرۇپ قالغانىدى . بۇگۈنكى دۇنيادىمۇ مۇشۇنداق ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئۇ زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، هازىرقى دۇنيادا قانداقتۇر قېرىنداشلىق ، دوستلۇق ، مېھرىبانلىق ۋە ئىنسانىي ھېسسىيات ، ۋاپا ، ساداقەت دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن . ھازىر پەقەت كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلارلا مەۋجۇت . كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بويسۇندۇ- رۇشقا ، ئىشلىتىشكە ، پايدىلىنىشقا ھەقلىق ! ...

شۇڭا ، ئۇتۇق بىلەن خىسلەتنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى ۋە تەقدىر ـ قىسمىتى ئۇنىڭغا باشقىچە تۇيۇلغان ، ھەتتا ئۇنى قىزىقتۇرۇپ ، ئۇتۇقنىڭ ئۆز ئاغزىدىن گەپ ئاڭلاپ بېقىشقا ئۇندىگەنىدى . ئۇ ئۇتۇقتەك پۇتۇن ـ سۇرۇك بىر يىگىتنىڭ نېمە ئۇچۇن خىسلەتتەك بىر تۇتقۇن قىزنى ئىزدەپ ، شەھەرمۇ شەھەر رىيازەت چېكىپ يۇرۇۋاتقانلىقىغا ئەقلى يەتمىگەنىدى . ئۇنىڭ خىيالىدا ئۇتۇق گويا نېرۋىسىدىن ئازغان بىر خوتۇن سارىڭى ، ئۇچىغا چىققان بىر ئەخمەق ئىدى !...

شۇڭا ئۇ ، بۈگۈن ئەتىگەندىلا ، مانا شۇ «ئەخمەق» نى ئال- داپ ، ئۆز ھۇزۇرىغا باشلاپ كېلىش ئۇچۇن ، ھۇۋقۇش تازنى ئۇنىڭ پېيىگە سالغانىدى ...

ھۇۋقۇش تاز ئۇتۇقنى باشلاپ ، ئالتە قەۋەتلىك كونا بىر بىنانىڭ ئىچىگە كىردى ، ئۇلار ئايلىنا ـ ئايلىنا ، بۇرۇلا ـ بۇرۇلا ، تۆت ـ بەش پەلەمپەيلىك تار كارىدوردىن چىقا ـ چىقا ئاخىر بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى . ھۇۋقۇش تاز ئەيمەنگەن ھالەتتە ئىشىكنى چەكتى ، ئىچكىرىدىن «كىرىڭەر» دېگەندەك بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى ، ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ، ئۇتۇقنى كىرىشكە ئىشارەت قىلدى ، ئۆزى بىردەم بوسۇغىدا تۇرۇپ ، ئاندىن ئىشىك- نى ھىم يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

ئۇتۇق بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، قامىتىنى تىك تۇتقانچە بۇ

ئۆينى ۋە ئۆيدىكى ئادەمنى قىزىقسىنىپ كۆزىتىشكە باشلىدى .
ئۆي كونا بولسىمۇ ، ئەمما يورۇق ، ئازادە ھەم تىنچ ئىدى . ئۇدۇلىدىكى تامكەش ساپادا بىرى كېرىلىپ ، سىرلىق قىياپەتتە ئولتۇراتتى . چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان ، ئەمما بوياپ پارقىرىتىۋالغان ، ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز ياسىتىپ ، ئالىپتە كىيىنگەن بۇ ئادەم ئەزەم چوڭ ئىدى . ئۇ كېيىنكى يىللاردا يول تېپىپ ، پۇل تېپىپ خېلى ئوبدان باش كۆتۈرگەندىن كېيىن ، ئۆزىگە مۇنداق بىر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مىزانىنى ئۆلچەم قىلىۋالغاندى : «باشقىلار ئۇچۇن قانچە كۆپ سىرلىق تۇيۇلساڭ ، ئۇلار سەندىن شۇنچە كۆپ ھېيىقىدۇ ، شۇنچە كۆپ ھۆرمەت قىلىدۇ !»
شۇڭا ئۇ ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان ئوتۇقنا مەڭسىتمىگەن نەزەر بىلەن قاراپ قويدى . ئەمما ، ئۇنىڭ كۆزى ئوتۇقنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ، گويا كۈچ سىناشماقچىدەك بىر دەقىقە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى . ئوتۇقنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ نۇرلۇق ئىدى ، بۇ كۆزلەردىن قانداقتۇر بىر خىل جاسارەت بىلەن يىگىتلىك ئىرادىسى چاقناپ تۇراتتى . ئەزەم چوڭنىڭ كۆزى ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمىدى بولغاي ، دەرھال نەزىرىنى باشقا ياققا يۆتكەپ ، ئوتۇققا سىپايە تەكەللۇپ قىلدى :
— كېلىڭ بۇرادەر ، ئولتۇرۇڭ ، ئىسمىڭىز ئوتۇقمىدى ، ياخشى ئىسمىكەن ... تونۇشۇپ قويايلى ، مېنىڭ ئىسمىم ئەزەم چوڭ !
ئوتۇق دەرھال سەگەكلەشتى ، بۇ ئىسىم گويا ئۇنىڭ قۇلىقىغا لەنەتلىك بىر نەرسىدەك سەت ئاڭلاندى ، ئۇ ئەزەم چوڭنىڭ خېلى كېلىشكەن بوي - بەستىگە قارىغانسېرى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بەئەينى قان ئىچەر بىر جاللاتنىڭ ، يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئىش تەۋرىتىدىغان سىرلىق بىر ئىبلىسنىڭ قىياپىتى گەۋدىلەنگەندەك بولدى . بۇنداق تۇيغۇ ، بۇنداق تەسىرات ئۇنىڭدا ئەزەم

چوڭنى كۆرمەستىن بۇرۇنلا ، ئۆركەش بىلەن ۋالڭ باۋنىڭ سۆزلى-
رىنى ئاڭلاپ غايىبانە پەيدا بولغانىدى . مانا بۈگۈن ئۇ ئاشۇنداق
بىر ئادەم بىلەن يەككە - يېگانە يۈزلىشىپ ئولتۇراتتى .
ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇۋقۇش تاز تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى بىلدى ،
بۇ يەرگە چاقىرىلىشىنىڭمۇ خەيرلىك ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس
قىلدى .
— ئاڭلىسام ، سىز يۇرتتىن بۇ يەرگە بىر قىزنى ئىزدەپ
كەپسىز ! — دەپ كۆڭلىدىكى گەپنى باشلىدى ئەزەم چوڭ ئۇتۇق
ئۇدۇلدىكى ساپادا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — شۇنداققۇ دەيمەن ،
ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمىدى ؟ سىزگە ئاز - تولا ياردىمىم تېگىپ
قالسا ئەجەب ئەمەس ! ...
ئۇتۇق سوغۇقلا جاۋاب بەردى :
— شۇنداق ، مەن گۇاڭجۇغا بىر قىزنى ئىزدەپ كەلدىم ،
ئۇنىڭ ئىسمى خىسلەت !
ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۆھبەت قىسقا - قىسقا سوئال - جاۋاب
بىلەن داۋام قىلدى :
— ئۇ قىز سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ ؟
— لايىقىم بولىدۇ !
— ھە ، مۇنداق دەڭ ، بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىكەن-
سىلەردە ؟
— شۇنداق ، ياخشى كۆرۈشىمىز ، يەنە كېلىپ قەۋەتلا !
ئەزەم چوڭ ئۇتۇقنىڭ گەپلىرىگە دەسلەپ ھىجايدى ، كېيىن
بەئەينى تاغ كەكلىكىدەك قېقىراپ كۈلدى .
— شۇنچە يىراقتىن بۇ يەرگە ئىشق - مۇھەببەت ئىزدەپ
كەلدىم - دەڭ ! — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى توختاتقاندىن كېيىن
گەپلىرىنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ ، — تەلىيىڭىز ئوڭ-
دىن كەلگەي يىگىت ! ئەمما ، مەن سىزگە بىر ھېكايە ئېيتىپ
بېرەي : بىر جاڭگاللىقتا ئاچ قېلىپ ھالىدىن كەتكەن بىر بۆرىگە

توساتتىن بىر قوچقار ئۈچراپتۇ ، بۆرە ئۇنى يېيىشكە شۇنچە تەقەززا بولسىمۇ ، ئەمما ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماپتۇ . چۈنكى ، قوچقار قاۋۇل ھەم سۈرلۈك ئىكەن . شۇ چاغدا بۆرىنىڭ كۆزى قوچقارنىڭ چاترىقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان قوش مۇشتتەك بىر جۈپ پوداقىقا چۈشۈپتۇ ۋە كۆڭلىدە : «ھە ، مېنىڭ نېسىۋەم ئاشۇ ئىكەن - دە ، ھېلى چۈشىدۇ ، شۇ چاغدا يەيمەن» دەپ ئويلاپ ، قوچقارنىڭ ئارقىدىن قارا كۆرۈنەر يەردە يۈرۈپتۇ ، يۈرۈپتۇ ... لېكىن ئۇ نەرسە قوچقاردىن ئاجراپ زادىلا چۈشمەپتۇ ، ئاخىر بۆرە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ...

ئەزەم چوڭ ھېكايىسىنى تۈگىتىپ ، ئۆز گېپىدىن پەخىرلەنگەندەك بەدىنىنى سىلكىپ ، ياپراپ كۈلۈپ كەتتى . يوغان ئېچىلغان ئاغزىدىن ياندىكى قۇرت يېگەن چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى .

— مەن دەيمەن يىگىت ، — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ نەسىھەتگويلۇق بىلەن ، — سىزمۇ ھېلىقى ئاچ بۆرىدەك بىتەلەي ئىكەنسىز . ئۇ قىز بۇنداق كاتتا شەھەرنىڭ ئەيش - ئىشرەت قاينىملىرىدا ئاللىقاچان غەرق بولۇپ كەتكەن بولماي ! مېنىڭچە ، سىز ئۇنى تاپىمەن دەپ ، مۇنداق ئۇزاق ، سىرلىق يوللارنى قانداق مېڭىپ تۈگىتەلەيسىز ! ؟ بۇ يوللارمۇ سىزگە ئۇنچىلىك شادلىق كەلتۈرمەيدۇ ! مەن كېسىپ ئېيتالايمەنكى ، سىز ئۇ قىزنىڭ ۋەسلىگە ھەرگىز يېتەلمەيسىز ! ئەڭ ياخشىسى ، قايتىپ كېتىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ !

— ھاي - ھاي ، ئاغزىڭىزغا قاراپ سۆزلەڭ ! — دېدى ئۇتتۇق كەسكىن تەلەپپۇزدا ، — گەپنى ئۇنداق كېسىۋەتمەڭ ! سۆيگۈ - مۇھەببەتنى چۈشەنمىگەن ئادەم ، ۋەسىل - ۋىسالنى قانداق چۈشىنىدۇ ! ؟ مەنمۇ سىزگە ئېيتىپ قوياي : جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ !

— قېنى كۆرەرمىز ! ... ، — دېدى ئەزەم چوڭ مىيىقىدا كۈلۈپ .

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا، سىز خىسلەت توغرىسىدا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟! — دېدى ئۇتۇق توساتتىن ئۇنىڭغا سوئال تاشلاپ، — ئەگەر بىلسىڭىز، ئاشۇ مەسۇم قىزنىڭ يىراقتىكى نىمجان بولۇپ ياتقان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاھۇ زارىنى ئويلاپ بولسىمۇ، ماڭا دەپ بېرىڭ، مەن سىزنى رازى قىلىمەن!

— ياق ـ ياق … ياقەي! — دېدى ئەزەم چوڭ سەل ـ پەل ھودۇققاندەك ئالدىراپ، — مەن نەدىن بىلەي، مەن پەقەت سىزنى ئويلاپ، سىزگە ئىچىم ئاغرىپ، دوستانە مەسلىھەت بەرگۈم كەل- دى شۇ…

— دوستانە مەسلىھەتىڭىزگە رەھمەت! — دېدى ئۇتۇقمۇ تەنە قىلغاندەك ئاۋازىنى غەلىتىرەك چىقىرىپ، — ئەگەر راستى- تىنلا ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىغان بولسا، ئۇنداقتا، قول ئاستىڭىزدى- كى ئادەملەرنى ئىشقا سېلىپ، خىسلەتنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئەپ بېرىڭ!

بۇ گەپ ئەزەم چوڭنى دەرھال سەگەكلەشتۈردى:

— مېنىڭ قول ئاستىمدا ئادەم بارلىقىنى سىز قانداق بىلدى- ىسىز؟ — سورىدى ئۇ چىرايىنى سەل ـ پەل ئۆزگەرتىپ.

— سىزنىڭچە، بۇ سىرمىتى؟! — قايتۇرۇپ سورىدى ئۇتۇق، — سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدا بىرنەچچە چوڭ ئادەم تو- گۈل، يەنە بىرمۇنچە «شوركا» بالىلارنىڭ بارلىقىمۇ سىر ئەمەس- كەن، بۇنى ھەتتا ساقچىلارمۇ بىلىدىكەنغۇ!؟…

ئۇتۇق بىر دەقىقىچە جىم بولۇپ قالدى، ئۇ شاھادەت بارمى- قىنى پېشانىسىگە تىرىگىنىچە نېمىدۇر مۇلاھىزە قىلاتتى. شۇ ۋاقىتتا رەڭگى گېزىرىپ، لەۋلىرى قىيسىيىپ كەتكەن ئەزەم چوڭنىڭ يۈزى ئۆزگەردى، ئاللىقانداق مۇغەمبىرانە تەنتەنە ئىپا- دىسى پەيدا بولدى.

— ھازىرقى تۇرمۇش شەپقەتسىز جەڭ مەيدانى، ئۇتۇق

ئەپەندى ! — دېدى ئۇ گەپلىرىنى دانە ـ دانە قىلىپ ، — ئادەملەر بىر ـ بىرىنى بېسىپ چۈشۈشكە ، بىر ـ بىرىدىن غالىب كېلىشكە ئالدىرايدۇ . ھەممە يەردە كۈچلۈكلەر غالىب ، ئاجىزلار مەھكۇم ! ئەمما ، سىز كۆڭلىڭىزدە قارىلاۋاتقان ئۇ ئىشلار ھازىرقى زامان- نىڭ مەنتىقىسى ! كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ، چوڭلار كىچىكلەرنى يۇتۇپ كېتىۋاتقان بۇ جاھاندا بىزگە مۇشۇنداق تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ياشىماي ئامال يوق . دۇنيادىكى نى ـ نى چوڭ ئىشلارمۇ ئەنە شۇنداق تەۋەككۈلچىلىكتىن ۋۇجۇدقا چىققان !...

— ئەمما ، سىز قىلىۋاتقان بۇ ئىشلار تەۋەككۈلچىلىك ئەمەس ، ئەزەم چوڭ ! — دېدى ئۇتتۇق ئەمدى رەسمىي كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتىپ ، — بەلكى تىرىكتاپلىق ، ئاچ كۆزلۈك ! دەرۋەقە ، بۇ دۇنيادا بايلىققا ئىنتىلمەيدىغان ئادەم يوق ! ئەمما ، قان- تەر تۆكمەي ، ئەقىل ـ پاراسەت ئىشلەتمەي ئېرىشكەن بايلىقنىڭ نېمە قىممىتى !؟ بۇ بۇلاڭچىلىق ، نەپسانىيەتچىلىك ئەمەسمۇ !؟

ئەزەم چوڭ مىيىقىدا كۈلدى ۋە كىنايە بىلەن مۇنداق دېدى :

— مەن ئېرىقتا لەببالەپ سۇ تۇرسا ، يامغۇرغا چېلەك تۇتى- دىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەس ! دۇنيا دېگەن شۇ : بىرىنىڭ ئىشقى ئاتقا چۈشىدۇ ، بىرىنىڭ ئىشقى چوتقا چۈشىدۇ . ئاتقا ئىشقى چۈشكىنى ئۇلاقچى بولىدۇ ، چوتقا ئىشقى چۈشكىنى ھېسابچى بولىدۇ . مانا مېنىڭ ئىشقىم چوتقا چۈشۈپتىكەن ، بۇمۇ تەقدىر ئىلاھى !...

ئوتتۇرىغا ناقولاي جىملىق چۆكتى ، ئالاھازەل بىرنەچچە مى- نۇتلاردىن كېيىن ، ئۇتتۇق نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلاپ ، يۈرى- كىگە سىغدۇرالماي يۈرگەن گەپلىرىنى ئۆزىنى تۇتالماي قويۇۋەت- تى .

— مەن سىزگە ئېچىنىمەن ، ئەزەم چوڭ ! — دېدى ئۇ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ، — بەزىلەر سىزنىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرى- ڭىزنى ماختاپ ، سىزگە خۇشامەت قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا ، يەنە

سىزنى غايىۋانە قارغاۋاتقان، كۆز ياشلىرى بىلەن خۇدادىن سىزگە زاۋاللىق تىلەۋاتقان ئادەملەرمۇ بار. مىڭ ئادەم ماختىسىمۇ، لېكىن بىر ئادەمنىڭ كۆز يېشىچىلىك بولمايدۇ! سىز بولسىڭىز شۇ ئاددىي خەلقنىڭ — ئۆز قان - قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ كۆز ياشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي كېرىلىپ يۈرۈپسىز! سىز ئويلاپ بېقىڭ: سىز تۇتقۇن قىلىپ، يانچۇقچىلىقتا، ئوغرىلىقتا سىلدۋاتقان ئاشۇ سەبىي باللار بىزنىڭ كېلەچىكىمىز، بىزنىڭ داۋاممىمىز: مىللەتنىڭ كېلەچىكى، مىللەتنىڭ داۋامى ئەمەسمۇ!؟ ئىنساپ — ئادەمنىڭ ھۆسنى دېگەن گەپ بار. ئەجەبا، ئاشۇ جاپاكەش دادىلارنىڭ نالىسى، ئاشۇ بىچارە ئانىلارنىڭ كۆز ياشلىرى سىزنىڭ دىلىڭىزنى ئېرىتمىسا! سىز ئاشۇ بىتەلەي ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇۋالىغا قېلىشتىن، ئاشۇ يۇمران باللارنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىدىن قورقمامسىز!؟ ئاخىر، بۇ باللارنىڭ ئىچىدىكى قىزلار بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئانىلىرىمىز؛ ئوغۇللار بولسا، بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ۋەكىللىرىمىز ئەمەسمۇ!؟ بىز ئاشۇ پەرزەنتلىرىمىزنى بىزنىڭ مېۋىمىز، بىزنىڭ ئۆچمەس چىراغلىرىمىز دەپ ئەييۇھەنناس سالىمىزۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ مېۋىلىرىمىزنى پەرۋىش قىلىش، ئۇ چىراغلىرىمىزنى نۇرلاندۇرۇش ئورنىغا، ئۆز قولىمىز بىلەن ئەيلەپ - چەيلەپ نابۇت قىلىۋاتىمىز!...

ئۇتۇق سۆزدىن توختىدى، ھاياجانلىق تىن ئېلىپ، يەنە خىيالغا پاتتى...

توغرا، ئۇتۇق ناھايىتى توغرا ئېيتتى: دېمىسىمۇ، ئىنساننى نابۇت قىلىدىغان نەرسىلەر ئىنساننىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققان نەرسىلەردۇر. ئالايلى، يامان نىيەت، ياۋۇزلۇق، ئەخلاقسىزلىق، ھىيلىگەرلىك، ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك ... قاتارلىقلار ئىنساننىڭ يۈرىكىدىن چىقىپ، ئىنساننى نابۇت قىلىدۇ! قايسىبىر دانانىڭ مۇنۇ مەسنەۋىسى بۇ پىكىرنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ:

«بىئەدەپ يالغۇز ئۆزى بولماس يامان ،
ھەممە ئالەمگە ئۇرار ئۇ ، ئوت ھامان !...»

— نېمانچە كۆچەيسىز ! — دېدى ئەزەم چوك ئۇتۇقنىڭ گەپلىرى تىتاڭ تومۇرىغا تەگكەندەك چىچاڭشىپ ، — ۋىتۋالاقنىڭ ئۆپكىسىنى يېگەندەكلا ۋالاقشىپ كەتتىڭىزغۇ ! ؟

— گەپتىن قاچماڭ ، ئەزەم چوك ! — دېدى ئۇتۇقمۇ بوش كەلمەي ، ئۇ بىرىدىن گەپ ئىشتىپ قەرزدار بولۇپ كېتىۋېرىدى-غانلاردىن ئەمەس ئىدى ، ھەممىشە نەق تۆلەپ كېتەتتى ، بۇ قېتىم-مۇ شۇنداق قىلدى ، — توغرا گەپتىن قاچقان ئادەم نامەرد بولىدۇ !

ئۇتۇق بىلەن ئەزەم چوك ئەمدى بىر - بىرلىرىگە نەپرەتلىد-رىنى يوشۇرماستىن تىكىلىشەتتى ، ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىد-نى شۇ تاپتا ناھايىتى يامان كۆرۈپ قالغانلىقتىن ، يۈرىكىدىكى ئەڭ ئاچچىق سۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئەپت - بەشىرىسىگە تۆكۈپ تاشلاشقا تەييار تۇراتتى . ئىككىنچىسى قانچىلىك سەۋدايى ۋە ئەسەبىي بولمىسۇن ، رەقىبىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان زەھەرلىك نەپرەتكە خاتىرجەم ، بىپەرۋا قاراپ تۇرالمايد-تى ، ئۇنىڭغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى . بۇنى ئاز دېگەند-دەك ، ئۇتۇق ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرماي ، ھەدەپ سۆزلىمەكتە ئىدى :

— يېقىندا گۇاڭجۇلۇق بىر تاكسى شوپۇرى ماڭا : «سىز شىنجاڭدىن كەپسىز - دە ! شەھەر كۆرۈپ ، ساياھەت قىلىپ يۈرەمسىز ؟ ! مېنىڭچە ، سىلەر مۇنداق شەھەرمۇ شەھەر لاغايلاپ يۈرمەي ، يۇرتۇڭلارنى ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، بۇ يەردە ئېقىپ يۈرگەن ئوغرى - يانچۇقچىلىرىڭلارنى ئەكېتىڭلار ، بىز ئۇلاردىن جاق تويدۇق ، بەكمۇ بىزار بولۇپ كەتتۇق !» دېۋىدى ، مەن بەكمۇ خورلۇق ھېس قىلدىم ، سىلەردەك بىر ئوچۇم ئادەملەر

پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ، پۈتۈن بىر يۇرتنىڭ يۈزىنى تۆكۈۋاتىسىلەر، شەنىگە داغ چۈشۈرۈۋاتىسىلەر! ...
ئۆتۈقنىڭ كۆيۈپ - پىشىپ ئېيتىۋاتقان بۇ گەپلىرى ئەزەم چوڭنىڭ قېتىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى، بەلكى ئۇ كىمگىدۇر رەددىيە بەرمەكچى بولغاندەك:
— ئېقىپ يۈرگەنلەر ھەممە يەردە بار! — دېدى پەرۋاسىز ھالدا، — بۇ يەردىكىلەر شىنجاڭغا، شىنجاڭلىقلار بۇ يەرگە ئېقىپ كېلىپ جان باقىدىغان گەپ! بەزىلەر شىركەت، گۇرۇھلارنى قۇرۇپ پۇل تېپىۋاتىدۇ، بەزىلەر گەزمالچىلىق، باققالچىلىق، ئاشپەزلىك بىلەن پۇل تېپىۋاتىدۇ، بىز بولساق، مانا مۇشۇنداق باللار بىلەن، ساھىبجامال قىزلار بىلەن پۇل تاپىمىز. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بار؟! ھەممىسى ئوخشاشلا سودا. مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ سودىنى چەكلىمىگەن!...
— ياق - ياق، ئەزەم چوڭ! بۇ گېپىڭىز پەقەتلا قاملاشمىدى! — دېدى ئۆتۈق قولىنى سىلكىپ، — بۇ گەپنى سەترەك گەپ بىلەن چۈشەندۈرسەك، پوقنى ئوسۇرۇق بىلەن يېپىش دېگەنلىك بولىدۇ. خەلقىمىز ھەرقانچە نامرات بولسىمۇ، ئەزەلدىن غۇرۇرنى، ئەخلاقنى، ئىززەت - ھۆرمەتنى يوقاتقان ئەمەس، نامراتلىقنى ھەرگىزمۇ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە تىرىكتاپلىق بىلەن يەڭگەن ئەمەس!...
— بولدى بۇرادەر، بۇنداق گېزىت - ژۇرناللاردىكى قۇرۇق گەپلەرنى قويۇڭ! — دېدى ئەزەم چوڭ قولىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ شىلتىپ، — مەن سىزگە بىر ھەقىقەتنى سۆزلەپ بېرەي: ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتقا باردىم، يېزىدىكى تۇغقانلارنى يوقلىدىم. مەن بارغان مەھەللىدىكى بىر دېھقان ئون ياشلىق ئوغلىنى مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ: «ئاڭلىسام، ئۆزلىرى ئىچكىرىدە جاھاندارچىلىق قىلىدىكەنلا، بۇ بالامنى سىلىگە تۇتتۇم، ئۆلۈكىمۇ - تىرىكىمۇ سىلىگە ھېساب، ئاتىغانلىرىنى بېرىپ ئەكەتسىلە، مۇ-

شۇ بالام بولسىمۇ كۇنىنىڭ سىرىقىنى كۆرسۇن !» دېدى . سۇرۇش-
تۇرۇپ كۆرسەم ، بۇ دېھقان پاتىڭىغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن
يالاڭتۆشكەن . ئەترەتتىكىلەر كېچە ـ كۇندۇز قەرز سۇيلەپ ئارام
بەرمەيدىكەن . ئاخىر ئۇ ، ئۇچ بالىسى بىلەن خوتۇنىنى ئۆيگە
سولاپ ، ئىشىكنى يوغان قۇلۇپتا قۇلۇپلاپ ، ئۆزى كۇندۇزى با-
زارغا كىرىپ مەدىكارچىلىق قىلىدىكەن . مەدىكار ئىشلەپ تاپقان
ئون نەچچە كوي پۇل بىلەن بەش جان ئادەم قورۇق نان يەپ ،
داغ سۇ ئىچىپ ئۆتىدىكەن !… مانا ، مەن كۆرگەن ، مەن بىلگەن
تۇرمۇش ! بۇ دېھقان ئۆزىنىڭ ۋە ئۆيىدىكى باشقا تىرىك جاننىڭ
ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن ، ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسىنى ماڭا
ساتتى ، مەن ئۇنى بەش مىڭ كويغا ئالدىم . ھازىر شۇ پۇلۇمنى
قايتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن ، ئۇنى ئىشقا سېلىۋاتىمەن… بۇنىڭ قەيە-
رى خاتا ! ؟ مەن تېخى بۇ بالىلارنى زاغرا نان بىلەن داغ سۇدىن
قۇتقۇزۇپ ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىۋاتىمەن !…

توۋا ، تۇرمۇشتا ئۆزىنى ئۇنتۇغۇدەك دەرىجىدە گاراڭ بولۇ-
ۋېلىپ ، ھەددىدىن تاشقىرى لەززەتلىنىپ تۇرۇپ يالغان گەپ
قىلىدىغانلار بولىدىكەن . لېكىن ئۇلار يالغاننى ھەقدارىغا يەتكۇ-
زۇپ ، بۇنىڭدىن ناھايىتى راھەتلىنىپ تۇرغان چاغلىرىدا ، باشقى-
لارنىڭ ئۆز گېپىگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى بەرىبىر سېزىپ تۇرى-
دۇ ، ئەزەم چوڭنىڭ مانا شۇنداق قارىسىغىلا سۆزلەيدىغان يالغاز-
چىلار تائىپىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇتۇق خېلى بۇرۇن بايقىغانى-
دى .

— ئۇنداق ئەمەستۇر ! ؟ — دېدى ئۇتۇق ئۇنىڭ گەپلىرىدىن
گۇمانلىنىپ ، — سىز بارغان يېزىلارغا بىزمۇ بېرىپ تۇرىمىز .
بەزى يەرلەردە گەرچە نامراتلىق بولسىمۇ ، ئەمما سىز دېگەندەك
دەرىجىدە ئەمەس ، ئۇنداق يەرلەرمۇ يىلدىن يىلغا ، ئايدىن ئايغا
ياخشىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ ، سىز بايىقى گەپلەرنى لەتىپە قىلىپ
توقۇدىڭىزغۇ دەيمەن ! ؟ …

— توختاڭ ـ توختاڭ! — دېدى ئەزەم چوڭ ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ، — راستىنلا لەتىپە ئاڭلىغۇڭىز كەلسە، مەن سىزگە بىر لەتىپە ئېيتىپ بېرەي: كوچىدا ئىككى ئاغىنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ: «ئەھۋالىڭ قانداق؟» دەپ سوراپتۇ بىرىنچىسى. «ئەھۋالىمۇ، تۇرمۇشۇممۇ ناھايىتى ياخشى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىككىنچىسى. «گېزىت ـ پېزىت دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرامسەن؟» دەپ يەنە سوراپتۇ بىرىنچىسى. شۇ چاغدا ئىككىنچىسى: «گېزىت ـ پېزىت كۆرمىسەم ئەھۋالىمنىڭ، تۇرمۇشۇمنىڭ ياخشىلىقىنى نەدىن بىلەتتىم!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مانا بۇنى لەتىپە دېسە بولىدۇ، بۇنىڭ مېغىزىنى ئۆزىڭىز چېقىۋېلىڭ، ئۇتۇق ئەپەندى!

ئۇ، شۇنداق دەپلا ئۆزىچە مەززە قىلىپ كۈلدى. كۈلۈشى غەلىتە، خۇددى ئادەمنى بىزار قىلىدىغان شاق ـ شاق كۈلكە ئىدى. ئەمما، ئۇتۇق تەمتىرەپ قالمىدى، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىدىغان، غۇرۇرى كۈچلۈك بۇنداق ئادەم بۇنچىلىك ئىش ياكى گەپلەردىن ئۈركۈپ كېتەمتى!

— ھازىر دەۋر ئۆزگەردى، ئەزەم چوڭ! — دېدى ئۇ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن، — ئىسلاھات ھەممە ئادەمگە ھەم پۇرسەت، ھەم رىقابەت ئېلىپ كەلدى. ئەزىمەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقتى، دۈلدۈللار بەس ـ بەستە كىشنەپ بەيگىگە چۈشتى! بەيگە ئىكەن، جەزمەن ئۇتىدىغانلار ھەم ئۇتتۇرىدىغانلار بولىدۇ. تۇرمۇش يولى ئەزەلدىن ئىككى خىل: بىرى، جاپا چەكمەي، راھەت ـ پاراغەت چۈشەپ تىرىكتاپلىق قىلىش؛ يەنە بىرى، جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدىن راھەت ـ پاراغەت ئىزدەپ ئىنسانىي ياشاش! يۇرتىمىزنى قويۇپ تۇرايلى، مەن بۇ تەرەپلەردىمۇ بىر مۇنچە سەممىمىي، ئاق كۆڭۈل، ھالال، ئۆز ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەملەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، باشقىلاردىن ئاڭلىدىم، گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ئوقۇدۇم. مەن ئۇلارنىڭ

سەرگۈزەشتىلىرىنى ، ئىش ـ ئىزلىرىنى ئاڭلاپ ، قانچىلىك لال ۋە شاد بولغانلىقىمنى سىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز ! شىنجىڭ ، گۇاڭجۇ ، شاڭخەيلەردە ئىگىلىك تىكلەپ ، نام چىقارغان خالمۇ۔ رات ، يارمەمەت ، ئىگەمباي ، مەخەتجان قاتارلىقلار ۋە يەنە ئامېرى۔ كىنىڭ ، ئەنگلىيىنىڭ ، ياپونىيىنىڭ ، تۈركىيىنىڭ خەلقئارالىق مەشھۇر شىركەتلىرىدە ئىشلەپ ، زامانىۋى ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىۋاتقان نەچچە ئون ئۇيغۇر ئوغلانلىرى ئەنە شۇنداق ئۆز كۈچى ، ئەقىل ـ پاراسىتى ، ھالال مېھنىتى بىلەن بايلىققا ئېرىشىپ ، شۆھرەت قازانغانلار !...

— ئەتىگەندىن بېرى كاسىلداپ ، دېمەكچى بولغانلىرىڭىز شۇ ئادەملەرمىدى ! ؟ — ئەزەم چوڭ ئاچچىق بىر ھەسەتتىن تولغانغان۔ دەك بولدى ، — مەن سىزگە دەپ قويay : سايدا ئاققان سۇ ھەرقاندىچە كۈچلۈك شارقىرىسىمۇ ، بەرىبىر ئۆزۈنغا بارالمايدۇ ! ...

توۋا ، دۇنيادا غەلىتە ـ غەلىتە ئادەملەر بولىدىكەن . بەزى۔ لەرنىڭ رەزىللىكىدىن ، ئالدامچىلىقىدىن غەزەپلىنىپ ، ئۆزۈڭنى قويارغا جاي تاپالماي قالىسەن ، ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىدىن دۇنيا كۆزۈڭگە قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ . زىغىردەك پايدا ، كىچىككىنە ئۈستۈنلۈك ئۈچۈن قېرىنداشلىرىغىمۇ ياۋۇزلۇق قىلىۋاتقانلارنى كۆرۈپ ، ئىنسان زاتىدىن كۆڭلۈڭ سوۋۇيدۇ ، ئەمما مانا مۇنداق خالمۇرات ، يارمەمەت ، ئىگەمباي ، مەخەتجانلاردەك پاك ، ساددا ، ھالال ۋە جاپاكەش كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە بولسا كۆڭلۈڭدىكى بايىقى غەشلىكلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك بولىسەن . ھەممىسى كۆ۔ زۈڭگە پەرىشتىدەك پاك ، چوملىدەك ياۋاش ، دانىشمەنلەردەك ئاقىل ، قەدىناس ئۇلپىتىڭدەك دىلكەش كۆرۈنۈپ كېتىدۇ ! يەنە تېخى چەت ئەلنىڭ گۇاڭجۇدىكى شىركەتلىرىدە ، مەسىلەن : ئامې۔ رىكىنىڭ «IBM » ، ئەنگلىيىنىڭ «BP » ، ياپونىيىنىڭ «TOTO » ، تۈركىيىنىڭ «TURANLAR » قاتارلىق مەشھۇر

شىركەتلەردە ئىلمىي خادىم ، ۋاكالەتچى ، ھەتتا دىرېكتور بولۇپ ئىشلەۋاتقان يىگىتلەرنى ئويلىغىنىڭدا ، كۆڭلۈڭ تېخىمۇ كۆتۈرۈ. لۈپ سۆيۈنۈپ كېتىسەن ! بۇلار ھەقىقەتەنمۇ ھاياتىمىزنىڭ ھۆس. نىگە ھۆسن قوشۇۋاتقانلار ، ئۆز ئەقلى ، ئىقتىدارى ۋە قان ـ تەرى بىلەن دۆلەتكە ، خەلققە ، مىللەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈ. ۋاتقانلار !... بۇلارنى قانداقمۇ ئەزەم چوڭ ، ھېيت ئاغماق ، ھاجى قۇۋاندەك ئادەملەرگە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن ! ؟ ئۇلارنىڭ بى. رى ، پايانسىز كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ، دۇنيانى نەزىرىدىن ئۆتكۈ. زۈۋاتقان جەسۇر شۇڭقارلار بولسا ؛ يەنە بىرى ، سېسىق قىغ دۆۋىسى ئارىسىدا يەر پۇراپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان يىرگىنچلىك قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا ئوخشايدۇ !...

— سىز يۇرتقا كېتىڭ ، دوختۇر ! — دېدى ئەزەم چوڭ خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن خامۇش قىياپەتتە ، — پېچىقىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىپ ، «قاسساپلىق» ھۈنىرىڭىزنى قى. لىڭ ! بۇ بالىلار سىزگە ئوخشاش تەلەيلىك ئەمەسكەن ، ئۇلارنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى شۇ ! يوقسۇزلۇق دېگەن تاشتىن قاتتىق ، ئۇنىڭ ئالدىدا نادانمۇ ، دانامۇ بابباراۋەر !

— ياق ـ ياق ، ئەزەم چوڭ ! — دېدى ئۇتۇق دەرھال ، — خاتالاشتىڭىز ، نادان بىلەن دانا ھېچقاچان بابباراۋەر ئەمەس ! دانا ئۆز قەدرىنى بىلىدۇ ، ئۆز ھەققىنى تونۇيدۇ . شۇڭا ، ئۇنى ئالداش ئاسان ئەمەس ! ئەكسىچە ، نادان ئادەم ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەيدۇ ، ئۆز ھەققىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدۇ . شۇڭا ، ئۇنى ئاسانلا ئالداپ كەتكىلى بولىدۇ . ئۇمۇ ئالدىنىۋېرىدۇ . سىز دەل مانا شۇ جاھالەتتە قالغان نادانلارنىڭ نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ كەتكەن ئادەم ! ...

ئەزەم چوڭ ئۇتۇقنىڭ كۆزىگە غەلىتە ، كايىغان نەزەر بىلەن تىك قارىدى ، لەۋلىرى ئاللىقانداق چۈشىنىپ بولمايدىغان ۋە پۈتۈنلەي ئورۇنسىز جىلمىيىشتىن قىيسىيىپ كەتتى ، شۇنىڭدىن

كېيىن ئۇنىڭ كەيپى ئۇچتى، كۆزلىرى قىسىلىپ، ياڭاقلىرىغا قىزىل داغلار يېيىلدى.

— بولدى، بەس! — دېدى ئۇ بىر خىل يوشۇرۇن تەھدىت بىلەن، — ئەمدى بۇ يەر سىزگە قالسۇن، ئۇتتۇق ئەپەندى! ئىككى پىچاق بىر غىلاپقا سىغمايدىغاندەك قىلىدۇ. سىزنىڭ كۆڭلىڭىز راھەتنى ئەمەس، مالامەتنى تارتىدىكەن!...

شۇنداق قىلىپ، سۆھبەتتىن پەيزى كەتتى، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە ئۆرىدەپ قارىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى. بۇنداق ھەققانىي، يوللۇق مۇنازىرە ۋە تارتىشىشلاردا ئەزەم چوڭ پىكىرگە، سۆزگە ناقىس ئىدى، جىددىي پەيتتە «لاپ» قىلىپ ياناتتىيۇ، ئارقىدىنلا «پۈس» قىلىپ ئۆچۈپ قالاتتى. شۇڭا، ئەمدى ئۇ ئۆز مەنتىقىسى بويىچە، زورلاۋاتلىقتا ئۆتكەنىدى!

ئۇتتۇقمۇ جىمىپ قالدى، بۇنداق بىغەرەز، كۆرەڭ ئادەم بىلەن داۋاملىق سۆزلىشىشنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. دەرۋەقە، بۇنداق نادان، يۈرىكى قارىداپ، مېڭىسى داتلىشىپ كەتكەن ئادەمنى گەپ بىلەن، قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى، ئۇنداقلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگۈچە ئادەمنىڭ ئانىسىدىن ئەمگەن ئوغۇز سۈتى ئاغزىغا كېلىپ قالاتتى...

ئەزەم چوڭ ئەسلىدە، ئۇتتۇقنى گەپ بىلەن قايىل قىلىپ، يۇرتقا كېتىشكە كۆندۈرمەن، دەپ ئويلىغانىدى. شۇنداق بولغاندا، خىسلەت ئۇنىڭغا ئوڭچە قالاتتى، ئەمما كۈتمىگەن يەردىن ئۇتتۇق ئۇنىڭ ئىزىغا دەسسىمىدى، نىيىتىدىن يېنىپ، يۇرتقا كېتىش تۈگۈل، بەلكى ئۇنىڭ ئەشەددىي رەقىبى چىقىپ قالدى. ئەزەم چوڭ ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن، گەپ - سۆزلىرىدىن كۈچلۈك بىر يوشۇرۇن تەھدىتنى ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىمىسە بولمايتتى، بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى بوش قويۇۋېتىش — بەئەينى غالجىرلاشقان يولۋاسنى تاغقا ئەركىن قويۇۋەتكەنگە ئوخشاش خەتەرلىك ئىدى!...

ئەزەم چوڭ قاشلىرىنى يىمىرىپ ، كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكـ.
كىنىچە جىددىي ئويلىدى ۋە ناھايىتى تېزلا بىر قارارغا كەلدى .
شۇ چاغدا ، ئۇتۇقمۇ ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى :
— ئەمدى كەتسەم بولار ؟ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆزـ.
لەشكۇدەك گەپمۇ قالمىغاندەك تۇرىدۇ...
— جىددەك تەخىر قىلىڭ ! — دېدى ئەزەم چوڭ لوڭگىدە
ئورنىدىن تۇرۇپ ، — مەن سىزنى بىرى بىلەن يولغا سەپ قوياي ،
بولمىسا تېنەپ قالىسىز !
ئۇ ، كارىدورغا چىقتى ۋە ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ قىيا ئوچۇق
ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى ، ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان
بۇ ئۆيدە ئۇچ ئادەم — ھۇۋقۇش تازنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاشقان ئايالى
گۇلپەرى بىر بۇلۇڭدا يىڭنە ئىشى قىلىپ ، ھۇۋقۇش تاز بىلەن
ھېيت ئاغماق كارىۋات ئۇستىدە قارتا ئويناپ ئولتۇراتتى . ئەزەم
چوڭنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپلا ، ھەممىسى قولىدىكى ئىشلىرىنى
توختىتىپ ، ئۇنىڭغا رايىشلىق بىلەن قاراپ تۇردى .
— ئۇ بىزنىڭ يولىمىزدىكى زەھەرلىك تىكەن ئىكەن ! —
دېدى ئەزەم چوڭ ئۇتۇقنى ئىشارە قىلىپ ، — ۋاقتىدا يۇلۇۋەتمەـ.
سەك ، ئۆزىمىزگە زەخمە يەتكۈزۈپ قويىدىغان ئوخشايمىز ! مەن
كەتتىم ، سىلەر ئۇنى يەر ئاستى ئۆيگە بەند قىلىۋېتىڭلار ! بىز
بىلەن ھەپىلەشكەن ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى
كۆرۈپ قويسۇن ! — ئۇ ئەمدى ھۇۋقۇش تازغا قاراپ قاتتىق
جېكىلىدى ، — سەن ئۇنىڭغا ئوبدان كۆز ـ قۇلاق بول . ئاشۇ
يەردە يېتىپ ، زىخلىرىڭغا كاۋاپ ئۆتكۈزۈپ بەرسۇن ! قانچىلىك
ئىش قىلسا ، شۇنىڭغا قاراپ ئاش ـ نان بەر ! قاچانكى ، تۆۋە
قىلىپ ، يۇرتقا كېتىش نىيىتىگە كەلسە ، ئۆز قولىمىز بىلەن
يولغا سەپ قويىمىز . بولمىسا ، پوق ـ سۇيدۇككە مىلىنىپ يېتىـ.
ۋېرىدۇ !...
ئەزەم چوڭ شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ چىقىپ كەتتى ،

ھېيت ئاغماق بىلەن ھۆۋقۆش تاز ئۆنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھورنى-مۇ زايا قىلمايتتى ، شۇڭا ئۆتۆقنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەڭلا ھورپەي-دى :

— يور ، ئارقىمىزدىن ماڭ !

— نەگە ماڭىمەن ؟ ! — سوريدى ئۆتۆق كۆڭلى بىر شۇم-لۇقنى تۇيغاندەك .

— ھەق جايىڭغا ! — دېدى ھېيت ئاغماق تۇمشۇقى بىلەن نەنىدۇر ئىشارە قىلىپ ، — بىلمەمسەن ، ئېرىق ياقىلاپ ماڭغان ئادەم لايغا دەسسىمەي قالمايدۇ ! ئەمدى بىزدىن خاپا بولما !

ئۆتۆق بېشىغا كون چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى . شۇڭا ئۇ ، «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دېگەندەك ، ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى . ئەمما ، ھېيت ئاغماقنىڭ جانبازلىق ھوند-رى مۇشت - تېپىككە گالراق بۇ يىگىتنى بىردەمدە ھالىدىن كەتكۈزدى . ئىككى مۇتتەھەم ئۇنىڭ گەجگىسىدىن سۆرىگىنىچە ئاستىنقى قەۋەتكە ئېلىپ چۈشتى - دە ، ئۆزلىرىگە تەۋە كىچىك-كىنە بىر ئېغىز يەر ئاستى ئۆيىگە ئاپىرىپ تاشلىدى...

ئۆتۆق خېلــى بىر ھازادىن كېيىن كۆزلىرىنــى ئاچتــى ، ئېغىرلاشقان بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىشكە تىرىشتى . ئۇ ئالتە قەۋەتلىك كونا بىر بىنانىڭ يەر ئاستىدىكى سوغۇق ، زەي بىر ئۆيگە نەزەربەند قىلىنغانىدى . ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يېرىم چامدام ، كەڭلىكى ئىككى چامدام كېلىدىغان بۇ ئۆيدە تورۇسقــا يېقىن يەردىكــى كىچىككىنە پەنجىرىدىن چۈشۈۋاتقان ئاجىز نۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ھاياتلىققا تەۋە ھېچ نەرسە يوق ئىدى...

ئۆتۆقنىڭ بۇنداق كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتنى كۆرۈپ جېنى چىق-تى . ئەزىبىرايــى... ئىرادىسىنــى قولغا ئالالمىغىنىدىن «ۋاي-جان !» دەپ ئىڭراپ تاشلاشقا ئاز قالدى . ئىچ - ئىچىدىن قاي-ناپ ، كۆپۈپ ، ئەزايى بەدىنىگە قۇيۇلغان ياۋايى شىددەت تەسىرىدە

بۇلۇڭدىكى تەرەت چېلەكنى يۆلەپ ئالدى ، بېشىدىن ئېگىز كۆ-
تۈرۈپ ئۆدۈل كەلگەن يەرگە ئاتتى !...

ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بوشاشتى ، قول - پۇتلىرى
سىرقىراپ ، بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا تىققىنىچە بىر
بۇلۇڭدا مۈكچەيدى...

«نېمە ئىش بۇ !؟ مەن زادى نېمە بولدۇم !؟... كىم مېنى
بۇ كۈلپەتلەرگە مۇپتىلا قىلىۋاتىدۇ !؟... بىر تۇتقۇننى قۇتقۇزدۇ-
مەن دەپ ، ئەمدى ئۆزۈم تۇتقۇن بولدۇممۇ !؟... بۇ دۇنيا نېمە
بولۇپ كەتتى - ھە !؟... ئادەملەر قاتارى ئويناپ - كۈلۈپ
يۈرۈش ، ئەركىن - ئازادە ياشاش شۇنچىلىك قىيىن بولۇپ كەت-
تىمۇ !؟... بۇ ئەزەم چوڭ دېگىنى زادى كىم؟ !... »

ئۇتتۇق خىياللىرى ئېقىمىغا قوشۇلۇپ ئاقتى ، ئېقىپ -
ئېقىپ... ئاخىر بىر سايازلىققا چىقىپ قالدى...

## 14

نەزەر ھازىر راھەت نېمە ، ئازاب نېمە ئۇنتۇپ كەتتى . ئۇنىڭ
يۇمران ، سەبىي تەنلىرى ؛ پاك ، غۇبارسىز كۆڭلى ئازابنى
تولا چېكىۋېرىپ ، ئازابنىڭ ئاچچىقىنى سەزمەس بولۇپ
قالغاندى !...

ئۇنى ھازىر تۇرمۇشمۇ ، ئەزەم چوڭمۇ تاشلىۋەتتى ، ئۇ بەئەي-
نى ئىگە - چاقىسىز ، قەدىر - قىممەتسىز بىر تىلەمچى قەلەندەر-
گە ئايلىنىپ قالدى . بۇ كۈنلەردە ، ئۇنىڭ رەڭگى سارغىيىپ ،
بوينى قىلتىرىقتەك بولۇپ قالغاندى .

ئۇنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ، ھۇۋقۇش تاز ھاپاش قىلىپ ،
ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇسىدىن ئىككى بېكەت نېرىدىكى چوڭ بازارغا
تۇتاشقان ئاسما كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە ئەچىقىپ ئولتۇرغۇزۇپ
قوياتتى . بۇ ئىش بۈگۈن ئەتىگەندىلا بۇرۇنقى يوسۇندا تەكرارلان-

دى : ھۆۋقۇش تاز بىر پۇتى كىرلەشكەن داكا بىلەن ئورالغان، بىر قولىدا قىسقا يانتاياقنى سۆرىۋالغان نەزەرنى كۆۋرۈكنىڭ تۆمۈر ۋادىكىگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى، ئالدىغا بىر پارچە قۇراق داستىخاننى يېيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تونۇگۇن چۈشكەن پۇللارنىڭ ئىچىدىن بىر يۈەنلىك، ئىككى يۈەنلىك، بەش يۈەنلىكتىن بىر-نەچچىنى ئايرىپ تاشلىدى، ئاندىن نەزەرنىڭ قولىغا شۆپۈكتەك نېپىز بىر نان بىلەن داغ سۇ قاچىلانغان بىر سۇلياۋ بوتۇلكىنى تۇتقۇزۇپ :

— سەنچۇ نەزەر، — دېدى تەنبىھ ئاھاڭدا، — بۇنداق چويۇن بۇتتەك زۇۋانسىز ئولتۇرماي، بىر نەرسىلەرنى دەپ خەق-لەرنى ئۆزۈڭگە جەلپ قىلغىن ...

— نېمە دەيمەن ؟! — سوغۇققىنە سورىدى نەزەر.

— نېمە دەيتتىڭ ! — ھۆۋقۇش تاز ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ئۆگەتتى، — بىر بولسا، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ : «مەن ئاجىزغا سەدىقە بېرىڭلار، سەدىقە ! ماڭا بەرگەن سەدىقەڭلار سىلەرنى ئۇدۇل جەننەتكە باشلاپ كىرىدۇ، جەننەتكە !» دەپ ۋارقىرا ! بىر بولسا، ئاۋۇ خەنزۇ تىلەمچىلەردەك، بېشىڭنى يەرگە دوقۇسلاپ ئۇرۇپ، خەقلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغا !

— ئۇنداق قىلمايمەن ھەم قىلالمايمەن ! — دېدى نەزەر كېسىپلا، — خەقنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلدا مېنىڭ نېمە ھەققىم بار ؟ !

— نېمانداق شۇم ئېغىز نېمىسەن !؟ — دېدى ھۆۋقۇش تاز جىلە بولغاندەك تەرىنى تۈرۈپ، — ئۆزۈڭنىڭ ئەسكىلىكىدىنغۇ شۇ كۈنگە قالدىڭ !

نەزەرمۇ بوش كەلمىدى، ئۇنىڭ ئىنكاسى تېز، ئاغزى ئىت-تىك ئىدى :

— مەن ئەسكىلىك قىلىپ نېمە قىپتىمەن !؟ — دېدى ئۇ ئىنچىكە بويىنىنى تولغاپ، — سىلەر مېنى ئاتا - ئانامدىن ئايرى-

دىڭلار ، يۇرتتىن ، مەكتەپتىن ئايرىدىڭلار ! يامان يولغا ماڭمايمەن دېسەم ، مۇشۇ كۈنگە قالدۇردۇڭلار ! يەنە سىلەر ئەسكى بولماي ، مەن ئەسكىمۇ ! ؟...

ھۇۋقۇش تاز نېمە دېيىشنى بىلمەي ، ئۇنىڭغا ئۇيقۇسى كەلگەن ئادەمدەك خامۇش قاراپ قويدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىۋېتىپ غۇدۇردى :

— نېمە قىلساڭ قىل ، ئىشقىلىپ پۇل تاپساڭلا بولدى !

ھۇۋقۇش تاز كەتتى ، كېتىۋېتىپ نەزەرنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى خېلى كۆپ پۇل تاپقانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلىدە خۇشال بولدى . ئۇ قانچە كۆپ پۇل تاپسا ، ھۇۋقۇش تازغىمۇ شۇنچە پايدىسى بولاتتى ، ئۇ ھېيت ئاغماققا ئۆتكۈزىدىغان چاغدا ، سانى ئېنىق ئەمەس بۇ پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى قايرىپ چۆنتىكىگە سالاتتى ، بۇنى تۇغۇلغۇسى بالىسىنىڭ رىزقى دەپ ئايرىپ قوياتتى...

نەزەر تىلەمچىلىك قىلغاندا ھېچ نەرسە دېمەي ، بەزىدە يىراقلارغا قاراپ خىيال بىلەن ، بەزىدە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ غەم بىلەن ئولتۇراتتى . ئەمما ، ئۆتكەن ـ كەچكەن كىشىلەر ئۇنىڭ مەسۇم ، سولغۇن ، ئەمما ئوماق چىرايىغا ، لاكاسلاپ قالغان ناكار پۇتىغا ، بىچارە تۇرقىغا قاراپ ، ئۈزۈلمەي پۇل تاشلاپ تۇراتتى ، «تاما ـ تاما كۆل بولار» دېگەندەك ، كەچكە يېقىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى قۇراق داستىخاندا تۇتام ـ تۇتام پۇللار پەيدا بولاتتى...

بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر نەزەرنىڭ جىسمى مادارسىز ، روھى خامۇش ئىدى . كېچىچە ئاتا ـ ئانىسىنى ، يۇرتىنى چۈشەپ ، كۆڭلى پەرىشانلىققا تولغانىدى . ئۇ ھەمىشە خورلانغان ، ئازابلانغان ۋاقىتلىرىدا يىراقتىكى يۇرتىنى ، ئۆزى ئويناپ چوڭ بولغان ئانا دەريا بويلىرىنى ئەسلەيتتى ، دەريانىڭ ئاشۇ راھەتبەخش دولقۇنلىرىغا چۆمۈلۈپ ، شۇ دولقۇنلار بىلەن بىللە ئاللىقاياقلارغا ئېقىپ بارغانلىقلىرىنى سېغىناتتى ، دەريانىڭ شېشىدەك تىنىق ، ئاسماندەك جىلۋىدار جامالىغا تويماي باققانلىرىنى ئەسلەيتتى ...

ئەسلەپ ـ ئەسلەپ كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى . باھار ۋاقتىدا قارلى-
غاچلارنىڭ سۇغا تۆش ئۇرۇپ ئۇچۇشلىرىنى ، سۇڭگۇچلەرنىڭ
قىرغاقتىكى تاشلارغا قونۇپ ، قۇيرۇقى بىلەن ئالىچىپار قاناتلى-
رىغا سۇ چېچىشلىرىنى ، دەريانىڭ يېشىل دالىلار ساداسىغا ھەم
ئاھاڭ شىلدىرلاشلىرىنى ، تاشقىن ۋاقتىدا ئۆركەشلەپ ، پۇشقۇ-
رۇپ ئېقىشلىرىنى ئويلاپ ، شۇ ياقلارغا قاراپ يۇگۇرگۇسى ،
قانات چىقىرىپ ئۇچقۇسى كېلەتتى…
بۈگۈنمۇ ئۇ ، شۇلارنى ئەسلەپ ، ئويلاپ كۆڭلى بىئارام بول-
دى ، پېژغىرىم ئىسسىقتا ئاپتاپقا يايغان قاقتەك قورۇلۇپ ئولتۇ-
رۇپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئاشۇ سالقىن ، راھەتبەخش دەريا بويلى-
رى تۇتىيادەك كۆرۈنۈپ كەتتى…
ياز ئايلىرىدا گۇاڭجۇدا ناھايىتى ئىسسىق ، يورۇق ۋە چىراي-
لىق كۈنلەر بولىدۇ . ئەتەي قىلغاندەك ، بۈگۈن ھاۋا ئەنە شۇنداق
ئىسسىق ، ئاتەش ئىدى . باش ئۈستىدە يېلىنجاپ تۇرغان كۈن
نۇرى خۇددى ھاك توزاڭلىرىغا ئوخشاش ، نەزەرنىڭ كۆزىنى كۆي-
دۈرۈپ ، دىمىنى سىقاتتى . كۈن تىكلەشكەنسېرى ، يەر ـ جاھان
كەڭرىپ ، ئۈپۈق چەمبىرىكى تېخىمۇ ئېگىزلەپ كېتىۋاتقاندەك
كۆرۈنۈشكە باشلىدى .
نەزەر ئىسسىقتا ھالىدىن كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن چىد-
شىنى چىشلەپ ، بوتۇلكىدىكى ئىلمان سۇدىن ئىچىپ ، بەرداشلىق
بېرىشكە تىرىشتى . لېكىن ، كۈن قايرىلىش بىلەن بولالماي قال-
دى ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ، بەدىنى جۇغۇلداپ ، ئۇيۇشۇپ
كەتتى . ئۇنىڭغا قاتتىق ئىسسىق ئۆتۈپ ، بەدەن ھارارىتى ئۆرلەپ
كەتكەنىدى . ئۇ ئاستا ـ ئاستا كۆۋرۈكنىڭ تۆمۈر ۋادىكىگە تاياذ-
غىنىچە قىيسىيىپ قالدى . ئالدىدىكى پۇللارنى يىغىشتۇرۇشقىمۇ
ماجالى يەتمىدى…
ھۇۋقۇش تاز ئەتىگەن تەييارلىغان كاۋاپلىرىنى سېتىپ بو-
لۇپ ، نەزەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە ، نەزەر يېرىم بىھوش ھالەتتە

ياتاتتى . ئۇنىڭ ئالدىدىكى قۇراق داستىخان قۇپقۇرۇق ئىدى ، ئۇنى قانداق رەھىمسىز ، بىگانە قوللار ئوغرىلاپ كەتتى ھېچكىم بىلمەيتتى . ھۇۋقۇش تاز نەزەرنى ئۇرۇپ ـ تىللاشنىمۇ ياكى ئىچ ئاغرىتىپ ھېسداشلىق قىلىشنىمۇ بىلەلمەي ، ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇق كۆزلىرى بىلەن تاتارغان يۈزىگە ، گىزەرگەن لەۋلىرىگە قارىغىنىچە ھەيرەتتە تۇرۇپ قالدى …

## 15

ئەزەم چوڭ خىسلەتكە زورلۇق ئىشلىتىشنى خالىمىدى . زورلۇق ئۇسۇلى بۇ ئاجىز قىزنىڭ پەقەت يۈرىكىنى ئېزىدىغانلىقىنى ، بۇنداق غۇرۇرى كۈچلۈك ، شەرم ـ ھايالىق قىزغا زورلۇق ئىشلەتكەندە ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى بولىدىغانلىقىنى ئۇ سېزىپ قالغانىدى . شۇڭا ئۇ ، سەۋر ـ تاقەت بىلەن سۈكۈت قىلىپ ، خۇددى بىر ساداقەتمەن ئىتتەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى ۋە ھەمىشە ئۇنىڭ چۈشىنىش تەس بولغان ھەرىكەتلىرى بىلەن چىراي ئىپادىلىرىنى كۆزىتەتتى …

ئەمما ، بۈگۈن ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى تولدى ، خىسلەتنى ئۈنچىلىك ئۇزاق كۈتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . بولۇپمۇ ، ئۇتتۇق بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ يۈرىكى تىنچلانمىدى . ئۇتتۇقنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆزىگە پۈتلىكاشاڭ بولىدىغانلىقىنى ، ۋاقتى كەلسە ، خىسلەتنى جان تىكىپ قوغدايدىغان مۇھەببەت سارىڭى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۇ خىسلەتنى ئۆز رايىغا قويۇپ ، ئاستا ـ ئاستا ئىندەككە كەلتۈرۈش خىيالىدىن ۋاز كەچتى ! …

بۈگۈن كەچقۇرۇن ، ئۇ بىرمۇنچە نازۇ نېمەتلەرنى كۆتۈرۈپ ، خىسلەتنىڭ ياتىقىغا كىردى .

ئەزەم چوڭ ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ، ئۇنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان

مېھمانخانىنىڭ ھەشەمەتلىك بىر ئۆيىگە گۈلپەرى بىلەن بىللە
ئورۇنلاشتۇرۇپ : «سىز شوركىلار بىلەن بىرگە تۇرسىڭىز بول-
مايدۇ ، ئۇ يەر سىزگە لايىق ئەمەس . مۇشۇ يەردە بىرنەچچە كۈن
ياخشى ئارام ئېلىپ ، ياخشى ئوزۇقلىنىڭ ! ئاندىن مەن سىزنى
شياڭگاڭ ، ئاۋمېنلارغا ئاپىرىپ كۆرستىپ كېلىمەن . بۇ يەردە
گۈلپەرى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىدۇ ! » دەپ ، ئۇنىڭ كۆڭ-
لىنى ئۇتماقچى بولغانىدى . ئەمما ، خىسلەت ئۈچۈن بۇ ئىككى
كۈن ناھايىتى تەستە ئۆتتى ، ھەشەمەتلىك بۇ ئۆي ئۇنىڭ كۆزىگە
خۇددى سورلۇك قەبرىستانلىقتەك كۆرۈنۈپ ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى-
نى ، روھىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتتى ، كەچكىچە غەم - غۇسسە
ئىچىدە ئۆتتى . تۇغۇتىغا ساناقلىق كۈنلەر قالغان گۈلپەرى ئۇنىڭ
خىزمىتىنى قىلىش تۇگۇل ، ئىنجىقلاپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ ھاجىتى-
دىن ئاران چىقاتتى . ئۇنىڭ قانداقتۇر خىزمەتچى ئەمەس ، بەلكى
قاراۋۇل ئىكەنلىكى خىسلەتنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى . شۇڭا ،
ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇرراق سىردىشىمۇ كەتمىدى...
بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ، ئەتىگەندىن باشلاپلا خىسلەتنىڭ
كۆڭلى بىسەرەمجان بولدى ، بۇنداق بىسەرەمجانلىقنىڭ سەۋەبىنى
ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . تۇرۇپلا يۈرىكى ئۆيگەندەك ، كۆڭلىگە
دەككە - دۈككە چۈشكەندەك بىر خىل روھىي ھالەت ئۇنى ئازابلى-
ماقتا ئىدى . ئاستا - ئاستا : بۈگۈن مېنىڭ ھاياتىمدا باشقىچە
ھادىسە يۈز بېرىشى مۇمكىن ، دېگەن پىكىر ئۇنىڭ كاللىسىغا
چوڭقۇر ئورنىشىپ ئالغانىدى...
ئەزەم چوڭنىڭ بۇنداق بىمەھەل ۋاقىتتا ياتاققا كىرىپ كېلى-
شى خىسلەتنىڭ كۆڭلىدىكى دەككە - دۈككىنى تېخىمۇ كۈچەيتى-
ۋەتتى .
ئەزەم چوڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى چاي شىرەسىگە قويدى ،
ئاندىن ساپادا يانتۇ يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان گۈلپەرىگە قا-
راپ :

— خالمەت مېنىڭ ياتىقىمدا قالدى ، — دېدى سىرتنى ئىشارە قىلىپ ، — چىقىپ كۆرۈشۈپ كىر ، ساڭا دەيدىغان گېپى باركەن .

گۈلپەرى ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى . يالغۇز قالغان خىسلەت نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى .

— بۇ يەرگــە كېلىــڭ خىسلــەت ، ئازراق بىــر نەرسە يەيلى ! — دېدى ئەزەم چوڭ چاي شىرەسى ئۈستىدىكى نازۇ نېمەتلەرنى چىنە - تەخسىلەرگە ئېلىۋېتىپ ، — مەن سىزنى دەپ بۇ نەرسىلەرنى نەلەردىن ئەكەلدىم ، بىلەمسىز ؟ مانا ماۋۇ ئىتالىيىنىڭ پىسا قاتلىمىسى ، مانا ماۋۇ كىنتاكېتى توخۇ گۆشى ، مانا ماۋۇ گېرمانىيىنىڭ قارا پىۋىســى ، مانا ماۋۇ ئامېرىكىنىــڭ ئۈزۈم ، گىلاسلىرى…

خىسلەت ئۇنىڭ گەپلىرى زادىلا قۇلىقىغا كىرمىگەندەك ، مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇرىۋەردى . ئەزەم چوڭ يەنە شۇ ياغلىما گەپلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىشكە ئۇرۇندى :

— ۋاي - ۋۇي … قارىڭە سىزنى ! نېمانچە تۇتۇلۇپ كەتكەن چىراي بۇ ؟ كېلىڭە ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئولتۇرايلى . «كۈلكە - چاقچاق تەنگە داۋا ، قايغۇ - ھەسرەت تەنگە جازا» دېگەن گەپ بار . قېنى بىر كۈلۈڭە !…

دەرۋەقە ، شۇنداق ! كۈلكە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ دۇنيا خۇشاللىققا ، جاسارەتكە ، قىزغىنلىققا تولغان . كىشىلەرنىڭ كۈلكىگە موھتاج بولۇشى گويا مەۋجۇداتنىڭ قۇياش نۇرىغا موھتاج بولغىنىغا ئوخشايدۇ !

ئەمما ، شۇ كۈنلەردە خىسلەت نېمىگە كۈلىدۇ ، نېمىگە خۇشال بولىدۇ ؟ ! ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇ كۈلگۈدەك ، ئۇ خۇشال بولغۇدەك ئىشلار بولدىمۇ ؟ ! ئۇ ھازىر تەبىئىي كۈلكە تۇگۇل ، ئىدىقلىسىمۇ كۈلەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى !…

خىسلەتنىڭ بۇنداق زۇۋانسىز، تۇتۇق چىراي قارشىلىقى ئەزىم چوڭنىڭ سەل ـ پەل زىتىغا تەگكەندەك بولدى. «قارا بۇنى! — دەپ ھارسىنغاندەك كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ، — ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى بىلمەيدىكەن، يىپەكتەك ئېشىلىپ كېلىپ بوينۇمغا ئېسىلىش ئورنىغا، بەزدەك كالچاراپ ئولتۇرۇشىنى!...»

— قىزچاق، بولدى ئەمدى! ئاچچىقىم كەلدى دەپ تاشنى تېپىپ يۈرمەڭ! — دېدى ئۇ بىر خىل نەسىھەتگۈيلۇق بىلەن، — پۇتىڭىزنى بىھۇدە زەخمىلەندۈرۈپ قويىسىز! ئوتمۇ يېنىپ ـ يېنىپ، ئاخىر كۈلگە ئايلىنىدۇ، سىزمۇ ھەرقانچە گۈرۈلدەپ يانسىڭىزمۇ، بەرىبىر ئۆچىسىز، كۈلگە ئايلىنىسىز!...

خىسلەت تۇيۇقسىز لىككىدە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەزىم چوڭنىڭ سۈرلۈك چىرايىغا شۈبھىلىك تىكىلىپ مۇنداق دېدى:

— سىز مېنى نېمە قىلماقچى؟! سىزمۇ مېنى باشقىلارغا ساتامسىز ـ يە؟!

ئەزىم چوڭ قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈلدى، خىسلەتنىڭ يۈرىكى سىرقىراپ كەتتى. ئۆمرىدە بۇنداق سوغۇق، ناساز كۈلكىنى ئاڭلىمىغانىدى. ياق، بۇ كۈلكە ئەمەس، بەلكى يىرتقۇچ كەسلەنچۈكنىڭ تاماق قېقىشىغا ئوخشىغان مۇدھىش بىر ئاۋۇش ئىدى!...

— نېمە دەيدىغانسىز، قىزچاق! — دېدى ئۇ كۆڭلىدىكى گەپنى ئاشكارىلاپ، — قولۇمدىكى مەززىلىك قىرغاۋۇل گۆشىنى باشقىلارغا سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا بەتتام ئۆچكە گۆشىنى ئېلىپ يەيدىغان ئەخمەق ئەمەسمەن!

بۇ سۆزلەرنى ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تەھدىت بىلەن ئېيتتى، ئاۋازىمۇ ئاللىقانداق كەسكىن، قاراشلىرىمۇ ناھايىتى باشقىچە — شەھۋانىي ئىدى.

خىسلەت بىردىنلا ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى ، شۇندىلا ئەتىگەندىن بېرى كۆڭلىنىڭ بىسەرەمجان ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەندى . ھەقىقەتەنمۇ ، ئۇنىڭ پاك ، كىرسىز كۆڭلى بولغۇسى مالامەتلەرنى ئالدىن تۇيغانىدى !...

— مەن ئۇچۇن ھازىر ھاياتمۇ ـ ئۆلۈممۇ بەرىبىر ! — دېدى خىسلەت ئەزەم چوڭغا مەردانە تىكىلىپ ، — چۈنكى مەن بېشىمغا كەلگەن بۇ تەقدىر قىمارىغا ئاللىقاچان جېنىمنى تىكىپ قويغانـ مەن !

ئەمدى ئەزەم چوڭمۇ ئەسلىـي قىياپىتىنـى ئاشكارىلىدى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قوتۇرغان ئاچ كۆزلۈك ، تەلۋىلىك ، شەھۋانىيـ لىق ئۇنىڭ ئىنسانغا خاس پەزىلەتلىرىنى ، ۋىجدان ، ئىمان تۇيغۇـ لىرىنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ ، ئۇنى شەپقەتسىز بىر ئادەمىي ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى !

— ھەي قانجۇق ، نېمانچە جاھىللىق قىلىسەن ! ؟ — دېدى ئۇ خىسلەتنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ ، — سەنمۇ بىر «ماقۇل» دەپ باقە ! بۇ دۇنيادا «ماقۇل» دېگەندىنمۇ چىرايلىق ، تاتلىق سۆز يوق ! ئۆز ۋاقتىدا ، ئاناڭ داداڭغا «ماقۇل» دېگەچكە ، بۇ دۇنياغا سەندەك چىرايلىق بىر مەلىكە تۇغۇلغان . بۈگۈن سەنمۇ ماڭا «ماقۇل» دېسەڭ ، بىزدىن يەنە بىر كېلىشكەن شاھزادە تۆرىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ! ...

— مەن قانجۇق ئەمەس ! — دېدى خىسلەت غەزەپ ۋە ئەلەم بىلەن ، — ساڭا ئوخشاش ، نەگىلا بارسا ئارقىسىدىن ئىت ئەگەشـ تۈرۈپ يۈرىدىغانلارنى قانجۇق دەيدۇ ! ...

كىچىككىنە قىزنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئەزەم چوڭنىڭ يۈـ رىكىنى ئوقتەك تېشىپ ئۆتتى ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا زىل ـ زىل چۈشكەن ئەزەم چوڭ ئۆز تىترىكىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ، خىسلەتكە تاشلاندى ۋە خۇددى چۈجىنى قاماللىغان قىرى سادەك ،

ئۆنى يۆلۆپ ئېلىپ كارىۋاتقا باستى .

بۇ قېتىم خىسلەت ئۆنىڭ كۆچلۈك چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىدى ، ۋارقىرىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچمۇىدى ، ئەزەم چوڭ ئالدىن تەييارلاپ قويغان ياغلىق بىلەن ئۆنىڭ ئاغزىنى ئەتتى ۋە تېپچەكلەپ ئارام بەرمەيۋاتقان قوللىرىنى ئىنچىكە تانا بىلەن چېتىپ ، كارىۋاتنىڭ بېشىغا مەھكەم باغلىۋەتتى...

خىسلەت پۈتۈن كۆچى بىلەن يۇلقۇناتتى ، تولغىناتتى ، تېپىرچەكلەيتتى . شۇ تاپتا ، ئۆنىڭ قۇدرىتىمۇ شۇ ، ئىسيانىمۇ شۇ ئىدى ! ...

ئەمما ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆرۈلگان تەستەك زەربىسىدىن ، قاتتىق تارتقۇشلاردىن ئۆنىڭ يۈزى قانتالاش بولۇپ ، كىيىملىرى تىتىلىپ كەتكەندى ...

خىسلەتنىڭ كۆز ياشلىرى ئېقىندەك ، يېشىندەك قۇيۇلۇشقا باشلىدى ، بۇ خورلۇق ، بەختسىزلىك ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ياشلىرى ئىدى ! ...

خىسلەتنىڭ دەسلەپ ئىچ ـ ئىچىدىن تىترەك كەلدى ، كېيىن قولىنىڭ بارماقلىرى مۇزلىغاندەك بولدى ، دەقىقە ئۆتمەي چىداپ بولماس ئاغرىقتىن بېشى يېرىلغاندەك بولدى . مۇدھىش ، ھېچ نەرسىگە قىياسلاپ بولمايدىغان ، چەكسىز بىر پەرياد كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىقتى ، مانا شۇ پەريادنىڭ ئادەمزات ۋۇجۇدىدىن چىققانلىقىغا ئىشىنىش قىيىن ئىدى !...

خىسلەتنىڭ قەلبى ئەسلىدە بىر ئىدىشتىكى تىنىق ، زىلال سۇدەك ھەممە نەرسىنىڭ سىيماسىنى ئەينەن كۆرگىلى بولىدىغان — ئادەمنىڭ چىرايىنى ، ئاينىڭ شولىسىنى ، يۇلتۇزنىڭ ئەكسىنى شۇنداق ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان ئەينەكتەك پاكىز ھەم سۈزۈك ئىدى . ئەمما ، ھازىر ئۆنىڭ قەلبى ئىدىشتىكى لېيىغان سۇدىن ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمىغاندەك لايلىنىپ ، خىرەلىشىپ كەتتى... بۇ خۇددى تەشتەكتىكى نازۇك ، خۇش

پۇراق غـۇنچىنى سـىبىق يـۇندى بىسـلەن سۇغارغاندەك ئىش بولدى !...

* *

«ئۆزۈڭگە سىغمىغان سىر ئۆزگىلەرگە سىغمايدۇ» دەيدۇ كونىلار .

دەرھەقىقەت ، خىسلەت شۇ كۈنلەردە ، ئۆزىنى بىر ئادىمى ھايۋاننىڭ چاڭگىلىدا نابۇت بولۇپ كېتىۋاتقان ناتىۋان بىچارىدەك ھېس قىلىپ ئازابلىناتتى . ئۆتكەن ئىشلار بەئەينى بىر تال دات باسقان مىختەك ئۇنىڭ جېنىنى ، يۈرىكىنى ئويۇپ ، قاراقان قىلىپ تاشلىغانىدى . ئۇ ئۆزىنى قانچە تۇتمىسۇن ، ئەقلى بىلەن ئۆزىنى قانچە كونترول قىلمىسۇن ، ھامان ئۆز پەيلىگە ئۆزى بەس كېلەلمەيتتى . ئۇ كۈنسېرى چاچقۇن ، سەپرا بولۇپ كېتىۋاتاتتى ، ھەتتا بەزىدە ئالىقانداق غەلىتە قىلىقلارنى چىقىراتتى . ئۇنىڭدا ھازىر كۆيگەن ، خورلانغان ، ھەممە نەرسە ئارىلاش - چۇرۇلاش بولۇپ كەتكەن سوغۇق بىر يۈرەك بار ئىدى ، بۇ يۈرەك ئالىقانداق غەلىتە ئەلەمزىدىلىككە ، ئالىقانداق باش - ئاخىرى يوق بىداۋا نەپرەتكە تولغانىدى . ئۇ كېچە - كېچىلىرى ئۇخلىماي يىغلايتتى ، ھىجران ئەلىمىدىن دەرد چېكەتتى ، بىۋاپا دۇنيا ئىشلىرىدىن نالايتتى ، خورلۇققا ، ئازابقا قارشى ئىسيانكار پەرياد قىلاتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۇ ، كۆپىنچە ئانىسىنى ئەسلەپ ، يېتىم قوزىدەك بوزلايتتى : «ئانا ، جېنىم ئانا ! ئېيتقىنە ، مەن ئەمدى قانداق قىلاي ! ؟ سەن ماڭا ساپ بول ، پاك بول دەيتتىڭ ! ئادەم بول دەيتتىڭ !... ئەمما ، مەندە ھازىر سەن كۈتكەن نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى قالمىدى ، مەن گۇناھقا پاتتىم !... ئەمدى مەن قانداق قىلاي ؟ ! ئاخىر دەرد - ھەسرىتىمنى كىمگە ئېيتىمەن ، ئانا ! ؟ بۇ يۈرەك قۇرغۇر زەھەر - زوقۇمغا ، زەردابقا تولۇپ -

توشۇپ كەتتىغۇ ! ؟… ئېيتقىنا ، ئانا ! سەندىن باشقا يېقىن كىشىم يوققۇ ، ئەمدى قانداق قىلاي ! ؟… »

خىسلەتنىڭ بەدىنى سوغۇق ئاي شولىسى ئاستىدا قىزىۋاتاتتى ، ۋۇجۇدى دەرمانسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى… ئۇ ئاستا – ئاستا ھالسىزلىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى ، لېكىن ئۇيقۇ بىلەن سەگەكلىك ئارىسىدا ئىدى ، ئۇ خىرە – شىرە چۈش كۆردى ، چۈشىدە ئانىسى ئەللەي ئېيتىۋاتقانمىش… «ۋاي ئاللا نېمىدېگەن يېقىملىق ، پاك… بەئەينى گۆدەكتەك پاك قوشاق بۇ !… بەلكىم گۆدەكنىڭ ساپ ۋە پاكلىقى مۇشۇ قوشاقتىندۇر ! بۇ قوشاق سېنىڭكى ، ئەمما ماڭا ئېيتىۋاتىسەن ، ئانا ! ئاي نۇرىغا يۇغۇرۇلغان بۇ قوشاق ئىنسانلارنىڭ ساپلىقىدىن ، بۇ ئالەمنىڭ پاكلىقىدىن سۆزلەۋاتىدۇ ! ئالەمدە ياخشى بار ، يامان يوق . دۇنيادا ئۇلۇغلۇق بار ، پاۋۇزلۇق يوق ! ئادەملەر ئاپئاق ، دۇنيامۇ شۇنىڭغا ماس !… كېيىن… كېيىن ئانا ، مەن بىردىنلا چوڭ بولۇپ قالدىم !… ئاھ ، ھايات نېمانچە لەززەتلىك ، ئادەملەرنىڭ باسقان ئىزىدىن ئۇلۇغلۇق يارالماقتا ، مۇھەببەت تارالماقتا… ئاپئاق تاڭلارغا ، يېقىملىق ئاھاڭلارغا تولغانغۇ بۇ ئالەم !… ئەمدى مەن چوڭلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلايمەن ، چوڭلارنىڭ ناخشىلىرىدىن ئۆزۈمنىڭ ناخشىسىنى ئىزدەيمەن ، ماڭا ئاق يول تىلە ، ئانا ! مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم… »

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىشىتكەن ئانىسى يۇم – يۇم ياش تۆكۈۋاتقانمىش … «بىلمىدىم بالام ، سەن بۇنداق چوڭ بولغىنىڭدىن كۆرە ، ئۆمۈر بويى گۆدەك بولۇپ قالساڭ رازى ئىدىم ! … » دەيمىش …

خىسلەت چۆچۈپ ، ئەندىكىپ ئويغىنىپ كەتكەندە ، جاھان زۇلمەت ئىچىگە چۆككەندەك تىمتاس ۋە خامۇش ئىدى . پەقەت كۆكتىكى سولغۇن ئاي دېڭىز يۈزىدىكى كېمىدەك ئاستا ئۈزۈپ باراتتى ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارمۇ سوغۇق جىمىرلايتتى ،

خىسلەتنىڭ جىسمىلا ئەمەس، روھىمۇ چىداپ بولماس بىر ئاغ-
رىقتىن قاقشايتتى ...

ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئۈمىدى قاچتى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ كۈتۈلمىگەن ئالىلىقاندىكى بىر ھېس پۈتۈن بارلىقى-
نى قارماپ ئالدى: ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئوتتۇق كەلگەنىدى، ئوتتۇق شۇ تاپتىلا ئۇنىڭ كۆزىدە، ئېڭىدا، يۈرىكىدە جانلىنىپ تۇراتتى...

خىسلەت ھەمىشە: «ئوتتۇقنىڭ ۋۇجۇدىدا مېنىڭ ياشلىقىم ياشايدۇ، ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ ياخشى، مەنىلىك بۆلىكى شۇ يىگىت-
نىڭ كۆكسىدە قالغان» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنەتتى. لېكىن ئەمدى بۇ سۆز ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى. خىسلەت ئەمدى ئۆز تەقدىرىنى پۈتۈنلەي بەربات بولدى، دەپ قارايتتى. ئۇ شۇ دەقىقىدە — ئاشۇنداق چۈشكۈن، پەرىشان ھالەتتە تۇرۇپمۇ، ئوتتۇق بىلەن ئۆتكەن گۈزەل، خۇشال پەيتلەر-
نى ئەسلەپ قالدى...

بىر قېتىم ئوتتۇق ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئوتلۇق، مەستانە بې-
قىشلىرى بىلەن قاراپ، مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگەن-
دى: «... شۇنداق بىر يىگىت ئۆتۈپتىكەن، ئەقىلدە، ئىلىمدە، پەزىلەتتە كامىل ئىكەن. بىر كۈنى ئېرىق بويىدا سالقىنداپ ئولتۇرۇپ، سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان قىپقىزىل بىر ئالمىغا كۆزى چۈشۈپتۇ - دە، ئالمىنى سۇزۇپ ئېلىپ بىر پەس تاماشا قىپتۇ. ناھايىتى ھەۋىسى كېلىپ زوقلىنىپتۇ ۋە ئۆزىنى تۇتالماي يەۋېتىپ-
تۇ. ئەمما يەپ بولۇپ، يۈرىكىگە غۇلغۇلا چۈشۈپتۇ: ‹توۋا، بۇ نېمە قىلغىنىم، ئىگىسىنى رازى قىلماي تۇرۇپ، ئالمىنى يەۋەت-
كىنىم نېمىسى!؟ دېمەك، گۇناھكار بولدۇم!...›، يىگىت قاند-
داقلا بولمىسۇن ئالمىنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ، ئۇنى رازى قىلىشقا ئەھدە قىپتۇ - دە، ئېرىق ياقىلاپ يۇقىرىغا مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا يوغان، كۆركەم بىر باغنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، ئېرىق

شۇ باغنى كېسىپ ئۆتىدىكەن، غۇچچىدە پىشقان ئالمىلار تامدىن ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن...

يىگىت قاتتىق خىجىلچىلىق ئىچىدە باغ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. ئىچىدىن قېرىسال بىر باغۋەن چىقىپ كەپتۇ، يىگىت سالام - سەھەتتىن كېيىن، بولغان ئىشنى سۆزلەپ ئۆزرە سوراپتۇ، بىردەم خىيالغا چۆمگەن باغۋەن دەسلەپ رازى بولماپتۇ، كېيىن ‹بىر شەرتىم بار، شۇنى بىجىرسەڭ رازى بولىمەن› دەپتۇ. يىگىت نائىلاج ماقۇل بوپتۇ. باغۋەن بۇنداق دەپتۇ: ‹كۆزى ئەما، پۇتى توكۇر، تىلى گاچا، ئۆزى بەتبەشىرە بىر قىزىم بار، شۇنى ئەمرىڭگە ئالىسەن!›، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يىگىت ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ، يۈرىكى قان بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما باشتىكى لەۋزى ئۈچۈن شەرتكە كۆنۈپتۇ. دەررۇ توي بوپتۇ، يىگىت ھەسرەت ۋە نەپرەت بىلەن ھۇجرىغا كىرىپتۇ، كىرىپتۇيۇ ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، قايسى كۆزى بىلەن كۆرسۇنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆسىن - جامالدا تەڭدىسىز، قەددى - قامەتتە يېگانە، ھايا - نازاكەتتە تەرىپسىز بىر دىلدار كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ تۇرغانمىش. بۇ مالامەتتىن ئەقىل - ھوشى لال بولغان يىگىت: ‹بۇ بەلكىم ئۇقۇشماسلىقتۇر› دەپ ئويلاپ، باغۋەن بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، باغۋەن مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: ‹ئەي ئوغلۇم، مەن سېنى ھەرگىز ئالدىمىدىم. ھەقىقەتەنمۇ، قىزىم ئەما. چۈنكى ئۇ، شۇ دەمگىچە بىرەر ئەركەك زاتىغا نەزەر سالمىغان؛ دەرھەقىقەت، ئۇنىڭ پۇتى توكۇر. چۈنكى ئۇ، ھازىرغىچە ئاتا - ئانىسىنىڭ سىزىقىدىن چىقمىغان، بوسۇغا ئاتلىمىغان؛ ھەقىقەتەنمۇ تىلى گاچا. چۈنكى، ھازىرغىچە ئۇنىڭ توۋۇلىغان ئاۋازىنى بىرەرى ئاڭلاپ باقمىغان!›

تۇيۇقسىز بېشىغا قونغان بەخت قۇشىدىن خۇشال ھەم ھەيران بولغان يىگىت: ‹ئەي ئاتا، قايسى پەزىلەتلىرىم ئۈچۈن بۇ قەدەر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەر-

سىڭىز؟ ، دەپ سوراپتۇ . شۇ چاغدا باغۋەن : «بۇنىڭغا ئېرىقتا ئېقىپ كەلگەن ئالمىنى يەپ قويغىنىمدىن خىجالەت تارتىپ ، ئۆزرە سورىغان ھالال يىگىتتىنمۇ مۇناسىپراق كۈيئوغۇلنى تاپالماسلىقنى چۈشەنگەنلىكىم سەۋەب بولدى ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ… »

ئەگەر شۇ چاغدا ، ئۇتۇق ئېيتقان بۇ ھېكايىنى يالغۇز بىرلا خىسلەت ئەمەس ، بەلكى بىرنەچچە قىز - جۇۋانلار بىلەن ئاڭلىغان بولسا ، ئۇلار ھەرخىل تەسىراتلارغا چۆمگەن بولاتتى . ئېھتىمال بىرى قوپۇپ : «بۇنداق ھېكايىنى بۆشۈكتىكى نەۋرىڭىزنى ئۇخلىتىش ئۇچۇن ئېيتىپ بېرىڭ !» دېسە ؛ يەنە بىرى قوپۇپ : «ئۇنداق قىزلار ئۆتكەن زاماندا بولسا باردۇر ، ھازىر ئۆيدىن چىقمايدىغان قىز نەدە !؟ توكۇر بولسىمۇ ئۆمىلەپ چىقىۋېرىدۇ !… » دېيىشى ؛ ھەتتا بەزىلەر ئىستېھزا بىلەن : «بىزگە ئاشۇ يىگىتتەك ھالال ئەركەكنى تېپىپ بېرىڭە ، پېشىگە سۆيۈپ ، سىزغان سىزىقىدىن چىقمايمىز !» دەپ ئۆكتە قوپۇشى مۇمكىن ئىدى . لېكىن ، ئۆز ۋاقتىدا بۇ ھېكايىنى بىرلا خىسلەت ئاڭلىغانىدى ، ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قانداق تەسىراتقا كەلگەنلىكىنى ، ئۇتۇققا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى . ئەمما ھازىر ئۇ جىمغىنا ، ئۆز خىيالىغا كۆمۈلۈپ ئولتۇراتتى . كۆز ئالدىغا ھۇجرىدا ئېرىگە قاراشقا پېتىنالماي ، يەرگە قاراپ تۇرغان — نازاكىتىنى ، ئېپپىتىنى ، مۇھەببەت ۋە ساداقىتىنى بولغۇسى ئېرى ئۇچۇن ئاۋايلاپ ئاسرىغان پاك قىزنىڭ ئۇياتچان چېھرى كېلىۋالدى . ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ، ئىچ - ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان پىكىرلىرى بىردىن تاشقىنلىدى : «مېنى نېمىشقىمۇ تۇغقان بولغىيدىڭىز ، ئانا !… تۇغۇلمىغان بولسام بۇ ئازابلارنىمۇ تارتماستىم ، جېنىم ئانا !… »

ئۇ ئىڭراپ ، ئۆپكىسىنى باسالماي ، ئېسەدەپ - ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى ، پۈتۈن بەدىنى تىترەپ نالە قىلدى …

ئالاھازەل تاڭغا يېقىن ئۇنىڭ كەيپى سەل كۆتۈرۈلۈپ ،

ئېسىگە كەلدى . ئۇ خىيالىدا ئۇتتۇقنى قۇچاقلىماقچى ھەمدە نو-مۇس ۋە كۆز ياشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا ھەممىنى سۆزلەپ بەرمەك-چى ۋە شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن بىر يولى ئادا - جۇدا بولماقچىمۇ بولدى ، ئۇ شۇنداق ئىستەك بىلەن ياناتتى...

مانا شۇ چاغدا ، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆزى ھەققىدە مۇنداق بىر شېئىرىي پارچە كېلىپ ، يۈرىكىنى تېخىمۇ لەختە قىلىۋەتتى :

«مۇبادا ئىسمىمنى سورىسا بىر ئىنسان ،
تىترىگەن زۇۋانىم ساقلايدۇ سۈكۈت .
مېنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگىنىم يالغان ،
يەردىمۇ ، كۆكتىمۇ ئىسمىم يوق ئۇنۇت !... »

## 16

كۆزىدىن ياش چىقمايدىغان ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي ! ...

كونىلار دەرد - ئەلەمگە مۇپتىلا بولغان ئادەمگە : «يىغلا ، ھۆڭرەپ يىغلا ، يىغا بىلەن كۆڭلۈڭنى بوشات ! » دەپ بىكار ئېيتمىغان ! شۇنىڭغا قارىغاندا ، يۈرەك - باغرىڭدىكى ئۆرتىگەن دەرد - ئەلەملەر شۇ كۆز ياش بىلەن چىقىپ كەتسە كېرەك !

ئەپسۇسكى ، ئۇتتۇق يىغلىمايتتى ، پەقەت ئۈنسىز ، ياشسىز يىغلايتتى ، خالاس ! مانا شۇ ئۈنسىز يىغا ئاخىر ئۇنى يىقىتتى . بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ ، قۇش-قاچنىڭ چاڭگىسىدەك چۇۋۇلىشىپ كەتتى . گۆشلۈك يۈزى تاتى-رىپ ، تارتىشىپ ، ئىككى قوۋزى لەسسىدە چۆكتى ...

ئۇ دەسلەپ «بۇ يەردىن چوقۇم قۇتۇلۇپ كېتىمەن ، بىرەرى بىلمەي قالمايدۇ » دېگەن ئىشەنچ بىلەن توۋلاپ ، ۋارقىراپ باقتى ، تۆمۈر ئىشىكنى ئۇرۇپ ، تېپىپ ئالا - چۇقان كۆتۈردى . ئەمما بىرەر يەردىن ئەكس سادا كەلمىدى ، ئۇ گويا دېڭىزنىڭ ئوتتۇرد-

سىدىكى يالغۇز ئارالدەك غېرىبلىق ئىچىدە پىنھان ئۆتۈۋەردى…
دېمىسىمۇ ، ئىت ئىگىسىنى تونۇمايدىغان بۇ كاتتا شەھىرى ئەزىمدە ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئۆتەتتى . بىر بىنادىكى قوشنا ـ قولۇملارمۇ بەئەينى تاشپاقىدەك بىشىنى ئىچىگە تىقىپ ھايات كەچۈرەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ بىر كونا ، تاشلاندۇق بىنا بولغاچقا ، سىرتتىن كەلگەن ئاقما نوپۇستىكىلەر ئەرزان باھادا ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇراتتى ۋە پات ـ پات يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى ، بىر ـ بىرىنى تونۇمايتتى ، ھەممىسى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئۆتەتتى . ناۋادا ، بىرەرى سېزىپ قالغۇدەك ئىش بولسىمۇ ، ئەزەم چوڭلار ئۇچۇن بۇنىڭ كارى چاغلىق ئىدى . ئۇلار ئۇتۇقنا تەپ تارتماستىن : «خىرۇئىن بىلەن زەھەرلەنگەن» ياكى «ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغان» دېگەن بەتناملارنى چاپلاپ ، كىشىلەرنى ئۈركۈتەتتى . بۇنداق ئەھۋالدا ، ئۇتۇق ھەرقانچە غوۋغا كۆتۈرۈپ ، ئاللا ـ تۈۋا سالسىمۇ ھېچكىم قۇلاق سالمايتتى ، بەلكى ۋابادىن قاچقاندەك ، ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى …

ھەددىدىن زىيادە يالغۇزلۇق ، غېرىبلىق ئۇتۇقنىڭ جېنىغا تەگدى ، ئۇ مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسە ، ساراڭ بولۇپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ قورقتى ، شۇڭا بەزى ۋاقىتتا ئېسىگە كەلگەن ناخشا ـ غەزەللەرنى ئالىتاغىل توۋلاپ ، كۆڭلىنى ئاۋۇتتى . بەزىدە ، ئېسىگە كەلگەن دورىلارنىڭ ، كېسەللەرنىڭ ئىسمىنى ، خۇسۇسىيەتلىرىنى خەنزۇچە ، ئىنگلىزچە ئاتاپ ، ئۆز ـ ئۆزىنى سوئال ـ سوراق قىلدى . بۇ ئىش ھەر ھالدا ، خامۇش ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتقاندىن ياخشى ئىدى . كېيىن ئۇ ، ھۇۋقۇش تاز قەرەللىك ئەكىرىپ بېرىدىغان گۆش ۋە ئۇچەيلەرنى توغراپ زىخقا ئۆتكۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولدى ، گەرچە بۇ ئىشنى كۆڭلى خالىمىسىمۇ ، ئەمما ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن شۇنداق قىلدى . بۇ جەرياندا ، ھۇۋقۇش تاز بىلەن ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاش-

تى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، ھۇۋقۇش تاز ئۇنچىلىك زەھەرخەندە ۋە تەلۋە ئەمەس ئىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل يوشۇرۇن مۇڭ ، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن بىر خىل ناتىۋانلىق بىلەن قۇللار- چە ئىنتائەتگۇيلۇق چىقىپ تۇراتتى . ئەگەر ئۇنىڭ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن روھىي دۇنياسىغا بۆسۈپ كىرىپ ، ۋاللىدە بىر يورۇقلۇق پەيدا قىلغىلى بولسا ، ئۇنىڭ ھازىرقى شۇم تەقدىرى بىلەن گىر- ىمسەن ھايات يولىنى ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىش مۇمكىندەك قىلات- تى . چۈنكى ، ئۇ تېخى ياش ئىدى ، تېخى كۆپ ياشايتتى ، ئالدىدى- كى ھايات مەنزىلى تېخى ئۇزاق ئىدى ! ھايات دېگەن مىسلىسىز بىر خەزىنە ، بۇ خەزىنىدىمۇ ھۇۋقۇش تازنىڭ تېگىشلىك ھەققى ، تېگىشلىك ئورنى بار ئىدى !...

ھۇۋقۇش تاز دەسلەپ ئۇتتۇقتىن ئۆزىنى قاچۇردى ، بىر ئې- غىز گەپ سورىسا ، بىر ئېغىز جاۋاب بېرىپلا يۇردى . كېيىن ، ئۇتتۇقنىڭ قىزغىن ئادىمىي مۇئامىلىسى ، سەمىمىيىتى ، گەپ ـ سۆزلىرىدىكى چوڭقۇر مەنە بىلەن كۆيۈنۈش ۋە ھېسداشلىقلار ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە تارتىپ ، ئۇتتۇق بىلەن بولغان ئارىلى- قىنى قىسقارتتى .

تۈنۈگۈن كەچتە ، ئۇ ئۇتتۇققا نان بىلەن چاي ئەكىرىپ بې- رىپ ، بىردەم پاراڭلىشىپ قالدى ، ئۇتتۇق ئۆيىنىڭ ئىچىدە ، ھۇۋ- قۇش تاز تۆمۈر ئىشىكنىڭ سىرتىدا ئىدى . ئۇ نان بىلەن چاينىمۇ ئىشىكنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى تۆشۈكتىن سۇنۇپ بېرەتتى .

— ئۇكام ، سېنىڭ ئىسمىڭ خالمەت تۇرسا ، نېمە ئۈچۈن ئۇلار «ھۇۋقۇش تاز» دەيدۇ ؟ — سورىدى ئۇتتۇق ئىشىكنىڭ ئاراچلىرىدىن قاراپ .

ھۇۋقۇش تاز بىرئاز ئەسلەپ ، ئاندىن جاۋاب بەردى :

— مەن قايسىبىر يىلى شاڭخەيگە كەلگەن ۋاقتىمدا ، ئۇ يەرنىڭ سۇ ۋە ھاۋاسى ياقماي ، باش ـ كۆزۈمنى چاقا بېسىپ كەتتى . شۇ چاغدا ، خوجايىنىم ئەزەم چوڭ ماڭا «ھۇۋقۇش تاز»

دېگەن نامنى قويۇپ قويغان ، بۇ نامنىڭ قويۇلۇشىدا يەنە مېنىڭ شۇ چاغدىكى ئوغرىلىق ھۈنىرىمنىڭ قالتىسلىقىمۇ سەۋەب بول- غان . خوجايىنىم مېنى ھەمىشە ماختاپ ، مۇكاپاتلايتتى !...

— شۇ كۆنلىرىڭنى ئەسلەپ ، پەخىرلىنىدىغان ئوخشىما- سەن ؟ — ئەتەي سورىدى ئۇتۇق .

ھۇۋقۇش تاز مۇجمەل جاۋاب بەردى :

— بىلمەيمەن ... ئېشقىلىپ ، خوجايىنغا نۇرغۇن پۇل تېپىپ بەرگەن ...

— ئۇنىڭ ھېسابىغا ساڭا نېمە بەردى ؟ !

— ئاش - نان ، كىيىم - كېچەك ...

— ئاران شۇلىمۇ ؟ !

— يەنە نېمە بېرەتتى ؟ جېنىمنى باقتى ، شۇ !

ئۇتۇق ئۇنىڭ نادان ، ساددىلىقىغا ئېچىندى ، يەنە بىر تەرەپ- تىن ، ئۇنىڭ شۈكۈر - قانائەتچان ، ئىنساپلىق ئىكەنلىكىگىمۇ قايىل بولدى .

— ئۇكام خالمەت ، — دېدى ئۇتۇق ئۇنىڭدىن گەپ ئالماقچى بولۇپ ، — سەن بايا ئەتىۋارلاپ تىلغا ئالغان خوجايىنىڭ ئەزەم چوڭ قانداق ئادەم ؟

— ئۇ مېنىڭ خوجايىنىم ، — دېدى ھۇۋقۇش يەرنى سىجاپ ئولتۇرۇپ ، — ئۇ ياخشى ئادەم ...

— قانداق ياخشى ؟ !

— ئېشقىلىپ ... ياخشى ، پۇلى كۆپ ، ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدۇ ...

— قانداق ھەممە ئىش ؟ — ئاسماقچىلاپ سورىدى ئۇتۇق .

— ئېشقىلىپ ... ھەرقانداق ئىش ... ، — ھۇۋقۇش تاز قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي قالدى .

— ھەرقانداق يامان ئىش ، دېگىنە ! — دېدى ئۇتۇق ئەلەم بىلەن ، — ئۇ ياخشى ئادەم ئەمەس ، خالمەت ! قولىدىن ھەر بالا

كېلىدىغان يامان ئادەم ! لېكىن بۇنداق يامان ئادەملەر ، رەزىللەر ھەرگىزمۇ تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقلىرىنى مەڭگۈ يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ !...

— خوجايىنىنىڭ سىزنى سولاپ قويغىنى ئەلەم قىپتۇ ـ دە ، ئۇتۇق ئاكا ! — دېدى ھۇۋقۇش تاز مىيىقىدا كۈلۈپ .

— توغرا دېدىڭ ، راستتىنلا ئەلەم قىلدى ! — دېدى ئۇتۇق زەردە بىلەن ، — ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ ئادىل تۈزۈم دەپ كۆكلەرگە كۆتۈرۈلگەن بىزنىڭ جەمئىيەتتە مۇشۇنداق رەزىللىكلەرگە ئورۇن بارلىقى ، قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ بەزىدە بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەسلىكى ، شۇ جەمئىيەتتە تۇغۇلۇپ ، ئەزەم چوڭدەك نىجىس ئادەملەر بىلەن بىللە ياشاۋاتقىنىم ئەلەم قىلدى !...

— ئۇنچىۋالا دەپ كەتمەڭ ، ئۇتۇق ئاكا ! — دېدى ھۇۋقۇش تاز خوجايىنىنىڭ يېنىنى ئېلىپ ، — ئۇ سىزگە كۆيۈنۈپ شۇنداق قىلدى ، ئەگەر ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ يۇرتقا كەتكەن بولسىڭىز ، بۇ كۈنلەرگىمۇ قالمايتتىڭىز ! ...

— نېمىشقا كەتكۈدەكمەن ! ؟ — ئۇتۇقنىڭ يەنە جەھلى قاتتى ، — بۇ شەھەر ئۇنىڭكىمىكەن ! ؟ چوقۇم بۇ يەردە بىر سىر بار ! سەن ئېيتىپ باقە ، خالمەت : راست شۇنداقمۇ ، ئەمەسمۇ ! ؟

— ياق ، ياق... مەن بىلمەيمەن ! — دېدى ھۇۋقۇش تاز سەل ـ پەل ھودۇققاندەك ئالدىراپ ، — نېمە سىر بارلىقىنى مەن نەدىن بىلەي ! مېنىڭ بىلىدىغىنىم ، سىز ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ ، زىتىغا تېگىپ قويدىڭىز !...

ھۇۋقۇش تاز بىرئاز سەگەكلەشتى ، يەنە سۆزلىشىۋەرسە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ، ئالىمادىس ئاغزىدىن بىرەر ئېغىز ئېھتىياتسىز سۆز چىقىپ كېتىپ قالسا ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى . شۇڭا ئۇ ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، «ئىشىم بار ئىدى» دەپلا چىقىپ كەتتى ...

ئۇلار بوگون يەنە پاراڭلىشىپ قالدى . ئۇتۇق ئۇنى گەپكە سالدى ، هۇۋقۇش تازمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولۇپ قالغانىدى ، ئەزەلدىن هېچكىم ئۇنىڭ بىلەن بۇنداق دىلكەشلىك ، باراۋەرلىك ۋە سەمىمىيلىك بىلەن پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى .

— ئۇكام خالمەت ، — دېدى ئۇتۇق بوگونكى پاراڭ تېمىسىنى ئۇنىڭ كوڭلىدىكى گەپلەردىن باشلاپ ، — سەن يۇرتتىن بەك كىچىك ئايرىلىپتىكەنسەن ، ئۇ يەرلەر هازىر ئېسىڭدىمۇ ؟

— راست ئاكا ، توغرا دېدىڭىز ! — دېدى هۇۋقۇش تاز خىيالچان كوزلىرىنى ئۇتۇققا تىكىپ ، — مەن يۇرتتىن كىچىك ئايرىلىپ كەتكەن . ئەمما ، ياقا يۇرتلاردا شۇنچە كوپ يىل يۇرگەن بولساممۇ ، يەنىلا تۇغۇلغان يەرنى ئۇنتۇماق تەسكەن . ياقا يۇرتنىڭ هەر ئېسىل تاماقلىرىنى يەپ كېكەرسەك ، يەنىلا يۇرتنىڭ قوناق شوڭگۇرتمىقىنى كېكىرىدىكەنمىز ! ئادەم چوڭ بولغانسېرى ، يۇرتىدىن ، بالىلىقىدىن يىراقلاشقانسېرى ، ئاشۇ يەرلەرنى ، ئاشۇ ۋاقىتلارنى ، قەدىردان ئادەملەرنى بەكمۇ سېغىنىدىكەن ، هېچقانداق نەرسە ئاشۇ ۋاقىتلاردىكىدەك خۇشاللىق ، بەخت ئاتا قىلالمايدىكەن ! ...

هۇۋقۇش تازنىڭ چىن كوڭلىدىن چىققان پەردازسىز بۇ گەپلەر ئۇتۇقنىڭ دىلىنى سويۈندۈرۈۋەتتى . ئۇ ، بۇ گەپلەردىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ تېخى پۈتۈنلەي تۇگەپ كەتمىگەنلىكىنى ، يۇرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئەقىدە – ئېتىقاد دېگەن مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭمۇ تېخى ئاز – تولا بارلىقىنى تونۇپ يەتتى .

— ئۇكام ، خالمەت ! — دېدى ئۇتۇق سەمىمىي كويۇنۇش بىلەن ، — ئىنسان تەپەككۇرى هەممىنى ئىگىلەشكە قادىر ! ئەمما ئۇ ، ئوزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى ، تەبىئەتتىكى ئوزگىرىشلەرنى هېس قىلمىسا ، ئۇ يەنىلا ئاجىز ۋە يارامسىز بولۇپ قېلىۋېرىد-

دۇ ! سەن هازىر دادا بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن ، بۇ بەكمۇ خۇشاللىق ھەم پەخىرلىك ئىش ! بىز ئەنە شۇ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئوبدان ياشىشى ئۈچۈن ، ئەڭ ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىـ لەتلىرىمىزنى ، ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى ، ھەتتا ئەڭ پاك تۇيغۇلىرىمىزنى ئۇلارغا مىراس قالدۇرمىساق بولمايدۇ ! بىراق ، سەن ماڭا هازىر خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدىن ، جەمئىيەتنىڭ ئېتىباـ رىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك كۆرۈنىسەن ! ھەرقانداق ۋاقىتتا ، ساتـ قىنلىق ئالدى بىلەن ئادەم ئۆزىنى سېتىشتىن باشلىنىدۇ ! شۇنـ داق ، ئاۋۋال ئۆز ۋىجدانىنى ، ئىمانىنى ، ئېتىقادىنى ساتىدۇ ، كېيىن باشقىلارنى ساتىدۇ ! مەن ساڭا ئېچىنىمەن ، ئۇكام ! سەن نىمە ئۈچۈن بۇ دۇنيادىن ھەقىقىي بەخت ، ھەقىقىي خۇشاللىق نىمىلىكىنى بىلمەي ئۆتىسەن ! ؟ سېنىڭ ئۆمرۈڭ مەنىسىزلىك ، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ . ئەگەر مەرد يىگىت بولساڭ ، قانچىلىك خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى ساناپ چىق ! ھېچبولمىسا ، ئۇلارغا ئاچچىق ئىقرار بول ! ھەرگىز ئۆزۈڭدىن نومۇس قىلما ! سەمىمىي ، پاك قەلبىڭ بىلەن روھىڭدىكى زەئىپلىكنى يەڭ ! مەن ئىشىنىمەن ، سەن چوقۇم شۇنداق قىلالايسەن ! بۇ دۇنيادا ، ياخـ شىلىقمۇ ، يامانلىقمۇ يوقۇملۇق نەرسە ، ئەمما ئادەم بالىسى ئۆزىـ گە ھەمىشە ياخشىلىقنى يۇقتۇرغىنى ياخشى ! ...

ھۇۋقۇش تاز بىر پەس جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى ، ئەپتىدىن بۇ گەپلەرگە قايىل بولغانلىقىنى ياكى ناقايىللىقىنى بىلگىلى بولمايتتى ، پەقەت كۆزلىرىنى تېز ـ تېز چىمىلدىتىپ ، كۆكۈچ لەۋلىرىنى يالاپ قوياتتى . بىر هازادىن كېيىن ، ئۇ زۇۋانغا كىرىپ مۇنداق دېدى :

— ئادەملەر يامان بولۇپ كەتتى ، ئۇتۇق ئاكا ! ئەگەر ئېقىمـ غا قارشى ئۈزىدىغان بولساڭ ، بېشىڭدىن بېسىپ سۇغا چۆكتۈرۈـ ۋېتىدۇ . ماڭىمۇ ۋىجدانىنى ، غۇرۇرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، ئۆچكىنى تاكا ، مۈشۈكنى ئاكا دەپ يۈرۈش ئاسانمۇ ؟ ! ...

ئۆتۆق ئۆچۆن هازىرچە شۇ گەپنىڭ ئۆزى كۇپايە بولدى، بۇ گەپلەردىن قانداقتۇر بىر خىل نائىلاجلىق، تەشۋىشلىق ۋە دىلغۇللۇقتىن ئىبارەت مۇرەككەپ بىر روھىي هالەت چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ گېپىڭمۇ راست، ئۇكام! — دېدى ئۆتۆق ئاخىرىدا ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەندەك، — بەزىدە تۇرمۇش سېنىڭ ئۇستۇڭ-دىن غالىب كېلىپ، سېنى تەمتىرىتىپ قويىدىغان ۋاقىتلار بولىدۇ. لېكىن، ئاخىرقى هېسابتا، سېنىڭ ياشىشىڭغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان قەبىھ كۈچلەر ئۇستىدىن غالىب كېلىپ، هاياتىڭنى ئەهمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشمۇ سېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئەڭ ياخشى جاۋابىڭ بولىدۇ!...

شۇ كۈنى ئۆتۆق شۇنداق دېيىشنىمۇ دېدى، ئەمما يەنە كەچ-كىچە تەقدىر توغرىسىدا ئويلاپ قالدى.

توۋا، تەقدىر دېگەن زادى نېمىدۇر؟ بەزىلەر: تەقدىرنى ئادەم ئۆزى يارىتىدۇ، دەيتتى. يەنە بەزىلەر بولسا، تەقدىر — هاياتىڭنىڭ يېرىمىنى بەلگىلەيدۇ، قالغان يېرىمىنى بولسا، ئۆزۈڭگە تاپشۇرىدۇ، دەيتتى. بۇلارنىڭ زادى قايسىسى راست؟ ياق - ياق... ئۇ زادى ئەزەلدىن سېنىڭ پېشانەڭگە پۈتۈلگەن نەرسە ئىكەن!... ئىنسان ئۆز ئۆمرىدە تالاي قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدۇ، بەزىدە بەخت - هالاۋەتكە ئېرىشىپ، ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمىدۇ، پاراغەت ئىچىدە يايرايدۇ؛ بەزىدە قايغۇ - ئەلەمگە گىرىپتار بولۇپ، يەتكۈدەك ئازاب چېكىدۇ، يۈرەك - باغرى زېدە بولىدۇ!... لېكىن، ئىنسان بۇلارنى ئۆز خاهىشى بويىچە خالىغان-چە تاللىيالمايدۇ. شۇڭا، خۇشاللىقنى تىلىگەن ۋاقتىڭدا بېشىڭغا قايغۇ - ئەلەم كېلىشى؛ قايغۇدىن قاچقان ۋاقتىڭدا بېشىڭغا قوشلاپ دەرد - ئەلەم كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، تەقدىر دېگەن تولىمۇ سىرلىق، تولىمۇ رەهىمسىز، ئەزەلدىن پېشانەڭگە پۈتۈل-گەن نەرسە ئوخشايدۇ!...

راست ئەمەسمۇ : مانا ، ئۇتۇق بىر ناتىۋان تۇتقۇن قىزنى قۇتقۇزىمەن ، مۇھەببەتنىڭ ۋىسالىغا يېتىمەن ، دەپ يۇرت كېزىپ چىقمۇىدى ، ھالا بۇگۇنگە كەلگەندە ، ئۆزىمۇ بىر بىقۇۋۇل تۇتقۇنغا ئايلىنىپ ، مۇھەببەت ھىجرانىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتتى ! ...

ئۇتۇق ئويلا ـ ئويلا قىينىلىپ ، ئاخىر ئازاب بىلەن ئۇخلىدى . غەلىتە ـ غەلىتە چۇشلەرنى كۆردى ، خىسلەت چۇشىگە كىردى ، چۇشىدە خىسلەت يىراقتا كېتىۋاتقانمىش... ئۇتۇق ئۇنىڭغا يېتىشىمەن دەپ ، ھەدەپ ئالغا ئىنتىلەرمىش ، ئەمما پۇتلىشىپ يىقىلىۋېرەرمىش... شۇ پەيت ، ئۇدۇلدىن بىر ئەجدىھا چىققانمىش ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ، خىسلەتكە ئوت پۈركۈگەنمىش ، خىسلەت كۆرۈلدەپ يېنىۋاتقانمىش... ئۇ «مېنى قۇتقۇزۇڭلار ! ۋاي داد ، كۆيۈۋاتىمەن !... » دەپ ۋارقىراۋاتقانمىش...

ئۇتۇق ئۆندەرەپ ئويغىنىپ كەتتى ، چۇشىدە كۆرگەن ئوتنىڭ تەپتىنى ھازىر ئوڭدىمۇ ئېنىق ھېس قىلدى ، بەدىنى قىزىپ كەتكەنىدى . بايا چۇشىدە ، يۇگۇرىمەن دەپ يۇگۇرەلمەي قىينالغانلىقتىن ، يۈركى گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتاتتى ، ۋۇجۇدىنى ھارغىنلىق ، خامۇشلۇق ئىگىلەپ ئالغانىدى . بىر پەس شۇ يوسۇندا ياتتى ، ئەمما تىنچلىنالمىدى ، خىيالى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بايىقى چۇشكە كېتىپ قالاتتى ، ئۇنىڭ تەبىرىنى تاپالماي يۈركى سىقىلاتتى...

ئۇنى يەنە غەپلەت ئۇيقۇسى باستى ، كۆزى ئىلىنىش بىلەن ئانىسى چۇشىگە كىردى . «بىر قىزنى دەپ ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ نېمە قىلاتتىڭ ، بالام ! — دەيمىش ئانىسى مېھرىبان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ، — رەڭگىڭنى سارغايتىپ ، تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۇرگۇچە دەرھال قايتىپ كەل ! بېشىڭ ئامان بولسا ، قىز دېگەن تولا ! ... »

«ئانا ، ماڭا كۆپ قىزنىڭ كېرىكى يوق ، بىر خىسلەت بولسىلا بولدى ! » دېمەكچى بولارمىش ، لېكىن ئاغزى ئېچىلماس-

مىش ، پۈت ـ قوللىرىمۇ مىدىرلىماسمىش ! ...

ئۆتۈق يەنە ئەندىكىپ ئويغىنىپ كەتتى ، نېپىز ماز كۆرپە بىلەن يىپ ئەدىيالدىن سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەچكە ، تېنى سىرقىراپ ئاغرىيتتى ، بېشى غوڭۇلدايتتى ، چىشلىرى كاسىلدايتتى . ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، چاپىنىنى كىيىپ ، تار ، زەي ئۆيدە ئۇياندىن ـ بۇيانغا مېڭىپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى ، ھەرىكەت قىلغاچ ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلايتتى : «بۇ دۇنيادا ھەقىـ قەتنىڭ بارلىقىنى دائىم ھېس قىلىپ تۇرساڭ ، قىيىنچىلىقلار ـ دىنمۇ ، تۆھمەتلەردىنمۇ ھېيىقمايسەن !... »

«پاھ ، نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار ، يۈكسەك گەپلەر بۇ ! ؟ — ئۇ يەنە ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلەتتى ، — مەن شۇنداق ھېس قىلغان ھەم ئىشەنگەن ئەمەسمىدىم ! لېكىن ئاقىـ ۋەت نېمە بولدى ؟ ! ئاشۇ بىر ئوچۇم ياۋۇز ، كۆڭلى قارا ناكەسـ لەرنىڭ قولىدا مانا بوگۈنكى كۈنگە قالمىدىمۇ ؟ ! مەن ئىشەنگەن ھەقىقەت ، ئادالەت زادى نەدە ! ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ، نۇرىنى قاچان كۆرسىتىدۇ ! ؟ ئەزەم چوڭدەك ئادەملەر ھەممە يەردە ئەسـ كىلىك قىلىپ ، قۇرامىغا يەتمىگەن سەبىي بالىلارنى ، ئاجىز ، مەسۇم قىزلارنى خالىغانچە خورلاپ ، ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ ، ئۇلارنى خۇددى بىر پارچە لاتىدەك ، بىر بوتۇلكا ھاراقتەك ، بىر قاپ تاماكىدەك قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ يۈرسە ، ئۇلار ـ نى يۈرتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ، ئەخلاقىغا زىت ناشايان ئىشلارغا سېـ لىپ ، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ، پۈتۈن بىر يۈرتىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرسە ، ئاھانەتكە قويسا ، بۇنى سورايدىغان ، بۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەم يوقمۇ ؟ ! قېنى بىزدىكى قانۇن ، قېنى بىزدىكى دىكتاتورا ؟ ! مەن ھازىر لايىقىمنى تېپىپ قوغداپ قېلىش تو ـ گۈل ، مۇشۇنداق كاتتا ، قەدىمىي شەھەردە ئۆزۈمنىمۇ قوغدىيال ـ ماي تۇتقۇنلۇققا چۈشۈپ قالسام ، بۇنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەم يوقمۇ ؟ ! ... »

ئاھ خۇدا ، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى نېمىدېگەن مۇرەككەپ ،
سىر - ئەسرالىرى نېمىدېگەن كۆپ - ھە ! ؟

«پەلەك نېمىشقا كۆرستەر دەپ ناكەسكە ياردەم ،
سورىمىغىن ، بۇ چەرخىنىڭ كۆپ سىرۇ ئەسرارى ! »

ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ قىسمىتى شۇنداق : ئەسىرلەر داۋا-
مىدا ئۇنىڭغا چاڭ - توزانلار ، بوران - چاپقۇنلار ، قۇيۇن -
توپانلار يوپۇرۇلۇپ كەلگەن . ئۇپقۇنلار ئۇز قەرىگە يۇتۇپ كەتمەك-
چى بولغان ، قارا بۇلۇتلار ئىسكەنجىگە ئېلىپ ، ۋاقتىنچە نۇرىنى
خىرەلەشتۇرگەن .
ۋاھالەنكى ، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى نە سۇغا چۆكتۇرۇپ تۇن-
جۇقتۇرغىلى ، نە ئوتتا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغىلى بولسۇن ! ئۇ
بەئەينى قۇياش ، ھېچقاچان ئۆچمەيدۇ ، ھېچقاچان قارايمايدۇ ! ...
كېيىن... كېيىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسىرىغان كۆز ئۆڭىدە قۇياش
پەيدا بولغاندەك بولدى... پارقىراپ ، نۇر چېچىپ كېلىۋاتقان-
مىش... پايانسىز ئاسمان يورۇپ ، تىنىقلىشىپ كەتكەنمىش !...
ھەممە ياق نۇرغا كۆمۈلگەن ، ھەممە ياق ساپ ۋە ئىللىق...
كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا : «يار ئۇچۇن يىگەن تاياقنىڭ
يارىسى يوق » دەۋاتقانمىش...

## 17

بىرىنىڭ تەقدىر - قىسمىتىنى ئۆزگەرتىشكە دائىم كىمدۇر
باشقا بىرى سەۋەب بولۇپ قالىدۇ !
بۇ بالا ئەنە شۇنداق قىسمەتكە دۇچ كەلدى . ئۇ ئۈچ قەۋەتلىك
كاتتا تاللا بازىرىنى ئىككى سائەت ئارىلاپ ، ئۇنى - بۇنى ئېلىپ
يېدى ، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن پىستە ماغزى رەڭلىك بىر

مايكىنى ئېلىپ كىيدى ، ئاندىن بىر بوتۇلكا مۇزدەك مېۋە سۇيە-
نى ئىچكەچ دەم ئېلىپ ئولتۇراتتى ، يىراقتىنلا ئىككىنچى قەۋەت-
تىن چۇشۇۋاتقان بىرىگە كۆزى چۇشۇپ قالدى . خۇددى ئۆز
دادىسىغا ياكى ئاكىسىغا ئوخشايدىغان مۇلايىم بۇ چىراي ئۇنىڭ
كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈندى ، شۇ هامان ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە
مەيۇس ، ئەمما ئادەمنى قىينايدىغان ئوتلۇق بىر قىزىقىش پەيدا
بولۇپ ، ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزدى . ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، بۇ
ئادەمگە ئەگەشتى ۋە چوڭ بىر غولغۇندىن ئايرىلىپ چىققاندىن
كېيىن ئۇنىڭغا يېتىشىپ ، ناھايىتى جۈرئەتسىزلىك بىلەن ئاستا
ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى :

— ئاكا… ئاكا ، مېنى قۇتقۇزۇپ ئېلىڭ ! — ئۇنىڭ ئاۋازى
يىغا ئارىلاش چىقتى .

ناتونۇش ئادەم چىچپىدە توختىدى ۋە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇر-
غان بالىغا مېهرى بىلەن قارىدى . بالا ئون بىر ياشلاردا بولۇپ ،
يۈزى قاراقۇمچاق ، ياشاڭغىرىغان كۆزلىرى نۇرلۇق بولۇپ ، پۈ-
تۈن تۇرقىدىن سەبىيلىكى ، ئوماقلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— ئىسمىڭ نېمە ؟ — سورىدى ئۇ ئادەم بالىنى يېتىلەپ
كېتىۋېتىپ .

— ئەنۋەر .

— ئۇنداق بولسا ، مەنمۇ ساڭا ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي ، —
دېدى ھېلىقى ئادەم سىپايە ئاۋازدا ، — ئىسمىم ئۆركەش ، مۇشۇ
يەردىكى «ئوغۇزخان» رېستورانىدا ئىشلەيمەن ، يۇرتۇم قەشقەر ،
سېنىڭ يۇرتۇڭچۇ ؟

— قاراقاش …

— بۇ يەرگە قانداق كەپقالغانىدىڭ ، ئۇكام ؟ — ئېچىنىش
بىلەن سورىدى ئۆركەش .

— بىر كۈنى مەكتەپتە… بىر قىز ساۋاقدىشىم بىلەن
ئۇرۇشۇپ قالدىم… ، — دەپ دۇدۇقلاپ سۆزلەشكە باشلىدى ،

ئەنۋەر ، — كېيىن سىنىپقا كىرسەم... خانىم مېنى قاتتىق
ئەيىبلىدى... كېيىن ... كـۆڭلۈم يـېرىم بـولۇپ يـولدا كېتىد-
ۋاتسام... بىر ئادەم ئالدىمغا كېلىپ... بېشىڭنى كۆتۈر ، خاند-
ىمىڭدىن ئەدەپ يەپسەن - دە.... ئوغۇل بالا دېگەن ھېچنېمىدىن
قورقمايدۇ... قارىسام ، ئوبدان بالا ئىكەنسەن ، يۈرە.... ئاچچىق
يېگۈچە سامسا يە.... مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئېچىپ قوياي... دەپ
ئاشپۇزۇلغا ئاپاردى... ئاندىن... ئاندىن بىر كىچىك ماشىنىغا
سېلىپ... ماشىنىغا چۈشۈرۈپ ئەكەتتى...

ئەنۋەر ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى ، ئۆركەشنىڭ ئىچى ئېچىد-
شىپ ، يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى . ئۇ يەنە سوئال سوراۋېرىپ ،
كىچىك بالىنىڭ قەلبىدىكى جاراھەتنى تىرناپ قويماسلىق
ئۈچۈن ، ئۇنى ماشىنىسىغا سېلىپ ، رېستورانغا ئېلىپ كەلدى
ۋە ئۆزىنىڭ ئازادە ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا
ھەرخىل تاماقلارنى قويدى .

— تېتىپ باققىن ، ئەنۋەر ، — دېدى ئۆركەش كىچىك
چىنە - تەخسىلەردىكى پولۇ ، لەڭمەن ۋە پەرمۇدىلەرنى ئۇنىڭ
ئالدىغا ئىتتىرىپ ، — يۇرتىنىڭ تامىقىنى سېغىنىپ قالغانسەن !

نېمىسىنى دېسۇن ، بۇ شورلۇق بالا گۇاڭجۇغا كەلگەن توققۇز
ئايدىن بېرى ، ئۇدۇل كەلگەن نەرسىلەرنى يەپ ، بەزىدە تويۇپ
كەتكەنلىكىدىن سېسىق كېكىرىپ ، بەزىدە ئاچ قالغانلىقىدىن
قورسىقى غولدۇرلاپ ، مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى خېلى تارتقاند-
دى . تاپقاندا كۆزلىرى ئالايغۇدەك يەۋالاتتى ، تاپالمىغاندا گېزىرىپ
يۈرۈۋېرەتتى ، ئۇنىڭ خوجايىنلىرىمۇ ئۇنى ئاشۇنداق تاكىراڭ تۇر-
مۇشقا ئۆگەتكەنىدى . ئۇ بەزىدە ، ئانىسى ئېتىپ بەرگەن مەززىلىك
تاماقلارنى ئەسلەپ ، تامشۇنۇپ كەتكەندە : «يۇرتقا قاچان كېتەر-
مەن !» دەپ ، كۆزلىرىگە ھەسرەتلىك ياش كېلىپ كېتەتتى !...

ئۆركەش ئۇنىڭ ھەۋەس ۋە ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشىگە
قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ ، مۇشۇ ياشتىكى بالىلارنىڭ ئوغرد-

لىق ، يانچۇقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىغا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى ئىشەندۈرەلمەيتتى . بۇ باللار تېخى نېمىدېگەن سەبىي ، نېمىدې-گەن پاك ـ ھە !؟ ئۇلار ھەرگىزمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا مۇشۇنداق رەزىل ، چاكىنا ، نومۇسسىز ئىشلارنى قىلىشنى خالايدىغانلاردىن ئەمەس ، ئۇلار پەقەت مەجبۇرلانغان ، ئالدانغان ، قورقۇتۇلغان ! ئۇلار ئاشۇنداق كىچىك تۇرۇپ ، ئائىلە ۋە مەكتەپ تەربىيىسى-دىن ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىللىق مېھرىدىن مەھرۇم بولغان ، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ نۇرلۇق كېلەچىكىمۇ يوق ! خۇددى سۇنۇق ياغاچ كۆۋرۈكمۇ ، تۈۋرۈكمۇ بولالمىغاندەك ، بۇ باللارنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتىمۇ ئەنە شۇنداق كېرەكسىز ماتېرىيالغا ئايلىنىش ! بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق پاجىئە ـ ھە !؟ ئەگەر بۇ باللار باشقى-لارغا ئوخشاش ئوقۇش پۇرسىتىگە ، ياخشى ئائىلە تەربىيىسىگە ئىگە بولغان بولسا ، ئۇلار جەزمەن كېلەچەكنىڭ يارامىلىق ، ئىخ-تىساسلىق ئادەملىرىگە ئايلىناتتى ! بۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشماي-دىغان نېمىدېگەن رەھىمسىز كىشىلىك ھايات يولى ـ ھە ! بىرى ، مەدەنىيەتكە ، خوجايىنلىققا ، بايلىققا ۋە ئاخىر جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ؛ يەنە بىرى ، نادانلىققا ، ياۋۇزلۇققا ، گادايلىققا ۋە ئاخىر دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يول !…

ئەگەر بۇ گۇناھسىز ، سەبىي باللارنى قۇتقۇزىمىز دەيدىكەن-مىز ، چوقۇم ئۇلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈپ ، كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان پەردە ئارقىسىدىكى رەزىل باش جىنايەتچىلەرنى قانۇن-نىڭ جازاسىغا تارتىش كېرەك !

بۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق سەبىي ، مەسۇم باللارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىپ ، ئۆمرىنى قىسقارتقىنى ئەمەسمۇ !؟…

تۇرمۇشتا باتۇرلۇق بىلەن قورقاقلىق ، پىداكارلىق بىلەن ئازغۇنلۇق كۆپىنچە يانمۇيان تۇرىدۇ ! ئەگەر تۇرمۇشىمىزنى ئەزەم چوڭدەك بىر ئوچۇم مەرەزلەردىن تازىلىمىساق ، يامان يارىغا ئوخشاش قۇرتلاپ كەتمەمدۇ !؟…

ئۆركەش مانا شۇ پىكىرلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزىدىن مەمنۇن بولغان بىر كەيپىياتتا ئەنۋەرگە قارىدى . ئەنۋەر شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ مەسۇم ، تېخىمۇ بىچارە ۋە تېخىمۇ مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاجدەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ ئاكىلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى :

— بۈگۈن سەن ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقتىڭ ، ئەنۋەر ؟

ئەنۋەر بۈگۈنكى ئىشلارنى ئالدىرىماي ، سەممىيلىك بىلەن سۆزلەپ بەردى :

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ ئالدىنقى كۈنى بىر كۈن «بازار ئويناپ» توققۇزمىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن بەش دانە يانفون ئوغرىلاپتۇ . ئۇنىڭ پىشىپ يېتىلگەن بۇنداق «ماھارىتى» دىن خۇشال بولغان ئەزەم چوڭ قول ئاستىدىكى «قۇش» لار ئارقىلىق ، ئۇنىڭغا ئىككى يۈز يۈەن پۇل بىلەن يېرىم كۈن ئىختىيارىي دەم ئېلىشنى مۇكاپات قىلىپ بېرىپتۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇ ، بىر تەرەپتىن ، باشقا «شوركا» لارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ ، ئىلھام بەرمەكچى بولغان بولسا ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، ئەنۋەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن «ئىشەنچلىك» ھەم «يارامىلىق» شوركا ئىكەنلىكىنى نامايان قىپتۇ . ئەنۋەر ئەتىگەندىلا ، باللار ئويۇنخانىسىغا كىرىپ ، بىرەر سائەتتەك مۇسابىقە ئاپتوموبىلىنى چاپتۇرۇپ ئويناپتۇ ، ئاندىن تورخانىغا كىرىپ ، ئۆزىدىن چوڭراق بىر بالىغا پۇل بېرىپ ، ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى چىقىرىپ ئاڭلاپتۇ… بىر ياقتىن ئاڭلاپ ، بىر ياقتىن ھاياجانلىنىپ يىغلاپتۇ… «ئانا مېھرى» ، «ھەسرەت» ، «يۇرتۇم» دېگەن ناخشىلارنى ئاڭلىغاندا ، كۆز ئالدىغا ئاتا - ئانىسى ، يۇرتى ، مەكتىپى ، ساۋاقداشلىرى كەپتۇ… بىردىنلا پىغانى ئۆرلەپ ، يۇرتقا كېتىش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ ، ھەرقانچە قىلىپمۇ يۇرىكىدە قوزغالغان بۇ ئوت - ھاياجانىنى باسالماپتۇ… كېيىن تاللا بازىرىدا شۇ خىيال بىلەن يۈرگەندە ، تۇساتتىن

تىن ئۆركەشكە ئۇچراپتۇ!...
— بولىدۇ، ئۇكام! مەن سىنى چوقۇم يۇرتۇڭغا يولغا سېلىپ قويىمەن! — دېدى ئۆركەش ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ۋە ئۆزىنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى، ئەمما ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ ئەنۋەردىن سورىدى، — ئۇ يەردە سەندىن باشقا يەنە قانچىلىك بالا بار؟
— خېلى جىق...، — دېدى ئەنۋەر كۆڭلىدە ساناپ، — ئون نەچچىغۇ دەيمەن... لېكىن، بىزنىڭ ھەممىمىزنى بىر يەردە تۇرغۇزمايدۇ...
— ئۇرامدۇ؟
— ئۇرىدۇ...، — دېدى ئەنۋەر چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — قەرزىڭنى قاچان تۆلىسەن دەپ قاتتىق ئۇرىدۇ...
— نېمە قەرز ئۇ؟ — تەئەججۈپ بىلەن سورىدى ئۆركەش.
— قىمار قەرزى...
— قىمار قەرزى؟! — ھولۇقۇپ، ھەيران بولدى ئۆركەش، — سىلەر قىمار ئوينامسىلەر!؟
— ياق...، — ئەنۋەر دۇدۇقلاپ چۈشەندۈردى، — ئۇلار بىزنى ئويناشقا زورلايدۇ... ئۆزلىرى بىلەن ئويناشقا قىستايدۇ... دەسلەپ ئۇلار ئۇتتۇرۇپ بېرىدۇ... كېيىن ئۆزلىرى ئۇتىۋېرىدۇ... بىزنى قەرزگە بوغىدۇ... بەزى بالىلارنىڭ يىگىرمە مىڭ كويدەك قەرزى بار...
— ئەبلەخلەر! مۇناپىقلار! — ئۆركەش ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئادەم سىياقىدىكى بۇ مەخلۇقلارنى تېپىپ، يۇزىگە توكۇرگۇسى، ئۇۋاللىقتا قالغان ئاشۇ بالىلارنىڭ ھەققى ئۈچۈن بولسىمۇ، بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرغۇسى، ھەتتا ئاللىبىر يەرلىرىگە تېپىپ، ئاختا قىلىۋەتكۈسى كەپكەتتى...
— ئۆركەش ئاكا، مېنى قاچان يولغا سەپ قويىسىز؟ — ئەنۋەرنىڭ مۇلايىم، مۇڭلۇق ئاۋازى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ

ئەنۋەرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ :

— بىرنەچچە كۈن مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ تۇر ، ئۇكام ! ئىشەنچلىك ھەمراھ چىققاندا ، مەن سېنى شۇنىڭغا قوشۇپ يولغا سالىمەن ، بولامدۇ ؟

ئەنۋەر خۇشاللىق ۋە رازىلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى . ئۆركەشنىڭ ئۇنى بىرنەچچە كۈن ئۆز يېنىدا تۇتۇپ قېلىشىدا يەنە بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى . ئۇ ، مۇشۇ ساددا ، كۆڭلى كىرسىز بالىنىڭ ئاغزىدىن ئەزەم چوڭنىڭ ئىشلىرىغا ئائىت بەزى يىپ ئۇچلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ پېيىگە تېخىمۇ جىددىيراق چۈشۈشنى ئويلىغانىدى . ئەمما ، ئەنۋەر ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىكىدەك يىپ ئۇچلىرىنى دەپ بېرەلمىدى ، ئۇ پەقەت ھاشىم توقۇناق ، موللاجى دېگەندەك ئادەملەرنىلا بىلىدىغانلىقىنى ، ئەزەم چوڭ دېگەن ئىسىمنى بىر - ئىككى قېتىم ئاڭلىغاندىن باشقا ، ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ، ئۆزلىرىنىڭمۇ ھەممىشە يات - ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلىقلىرىنىلا ئېيتىپ بېرەلىدى…

ئۆركەش يەنىلا ئۆزىنىڭ جاسارىتى بىلەن ئەقىل - پاراسىتىگە تايانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى !

## 18

دەردنىڭ كېلىشى ئاسان ، كېتىشى قىيىن ئىكەن !

ئۆركەشنىڭ يۈرىكىدىكى دەرد ئەنۋەر بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە بولۇش جەريانىدا تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى . بۇنداق مەسۇم بالىلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان تەقدىر - قىسمىتى خۇددى قولغا سانجىلغان زەھەرلىك تىكەننىڭ ئاغرىقىدەك ، ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەيتتى . ئۇ بەزىدە ، ئۆزىنىڭ تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ئەمەلىي ئىش بىلەن بۇ بالىلارنىڭ تەقدىر - قىسمىتىنى

ئۆزگەرتىشكە ياردەم قىلالمىغىنىدىن ئۆكۈنۈپ، تىت - تىت بولسا؛ بەزىدە، پۈتۈن ئەسلى - ۋەسلىنى مۇشۇ ئىشقا ئاتاپ، بۇ يولدا قانچىلىك رىيازەت چەكسەممۇ رازىمەن، دەپ ئۆز - ئۆزىگە ئەھدۇ پەيمان قىلاتتى. ئەمما، بۇنداق چاغلاردا دادىسى يارمەمەتنىڭ تەنبىھ - نەسىھەتلىرىگە ئۇچرايتتى:

— بالام، بىز رېستوراننى ئوبدان باشقۇرۇپ، سودىمىزنى قىلايلى! — دېدى ئۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆركەشنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — باشقا ئىشلارنى ئۇنداق زىغىرلاپ كەتمە، بىكاردىن خەقنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، ئۆزىمىزگە بالا تېپىۋالمىز!...

ئەلۋەتتە، ئۆركەشمۇ دادىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى. دادىسى ئۇزۇنغا سوزۇلغان هايات مۇساپىسىدە، هەرخىل خېيىمخەتەر ۋە مۇشكۈلاتلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، يانتاق - تىكەنلەر ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، ئەمدىلا ئۇھ دېگەنىدى.

— دادا، بۇ ئىشلارغا ئادەم قانداق چىدايدۇ؟! — دېدى ئۆركەش كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېيتىپ، — ئاشۇ كىچىك باللار بىزنىڭ ئەتىمىز، كەلگۈسىمىز ئەمەسمۇ؟! ئاشۇ نارەسىدە قىزلار بىزنىڭ قىزىمىز، كەلگۈسىنىڭ ئانىلىرى ئەمەسمۇ!؟ ئاشۇنداق گۇناھسىز، پاك، سەبىي باللار بىرنەچچە قارا يۈرەك، ئاچ كۆز، ناكەسلەرنىڭ قولىدا ئوينلاپ، يۇزلەپ، مىڭلاپ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتسا، بىز قاراپ تۇرۇپ بولدى قىلىمىزمۇ!؟ ئاشۇلارنىڭ ساڭا ئوخشاش دادىسى، ماڭا ئوخشاش ئاكىسى يوقمۇ!؟ شۇ تاپتا ئۇلار نېمە كويدا يۈرگەندۇ؟! باللىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى، ئۆلۈك - تىرىكلىكىنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي، يۈرەك - باغرى قان بولغانلار ئازمۇ؟!...

يارمەمەتنىڭ كۆزلىرى مۆڭلاندى، يۈزىگە بىر خىل مەيۈسلۈك بىلەن ئېچىنىش ئىپادىلىرى تېپىپ چىقتى. ئۇ بىر هازا سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق

دېدى :

— مېنىڭ يۈرىكىمنى تاش دەمسەن ، بالام؟ بۇ ئىشلارنى ئويلىمايدۇ ، دەمسەن ! ! لېكىن ، مەن بۇ يۇرتلاردا كۆپ يۈرۈپ ، نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم ، ئارىمىزدىن چىققان بەزى مەرەز ئادەملەر بەكمۇ ياۋۇز ، قارانىيەت ! ئۇلار نادان ، كۆڭلى قارا بولغاچقا ، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ ! مەن داداڭ بولغاچقا ، سېنىڭ ئالدىڭدىكى دادىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلمىسام بولمايدۇ . بۇ يىل قىشتا يۇرتقا بېرىپ تويۇڭنى قىلمىز ، بۇ مەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بىر پەرز ! شۇڭا ، بىر مەزگىل ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلىپ ، تىنچراق يۈرەيلى ، بولامدۇ ، بالام ؟

ئۆركەش يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلاتتى ، ئەمما تەلەپپۇزى سىپايە ، بەشىرىسى ئوچۇق ئىدى :

— مېنىڭغۇ تىنچلا يۈرگۈم بار ، دادا ! ئەمما ، سەن تىنچ يۈرەي دېسەڭ ، تىنچ يۈرگۈزمەيدىغانلار بار ئىكەن . كۆزۈڭ كۆرۈپ ، قۇلىقىڭ ئاڭلاپ تۇرسا ، يۈرىكىڭ چىدىمايدىكەن ! مانا قارا ، ئۇتۇقنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە بىرنەچچە كۈن بولدى ، مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم . ئۇلۇشكۈن خالمەتتىن سورىسام ، ئۇمۇ بىرنەچچە كۈن بولدى كۆرمىدىم ، باشقا يەرگە كەتتىمىكىن دەۋاتىدۇ...

— توغرا ، توغرا... ، — دېدى يارمەمەت ئالدىراپ ، — دېسەم - دېمىسەم ، ئۇ يىگىت جوخەي ، شېنجېن تەرەپلەرگە كەتتىغۇ دەيمەن .

— ساڭا شۇنداق دېگەنمۇ ؟

— ھەئە ... شۇ تەرەپلەرگىمۇ بېرىپ ، تىڭ - تىڭلاپ كېلەيمىكىن دېگەندەك قىلغان ...

دادىسىنىڭ گېپى ئۆركەشنى سەل - پەل خاتىرجەم قىلغاندەك بولدى .

شۇ سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن كېيىن ، تۇيۇقسىز يارمەمەتنىڭ

ئائىلىسىدە ئېغىر پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى :

ئۇنىڭ مۇشۇ شەھەردە ئوقۇۋاتقان ئىككى بالىسى — ئون تۆت ياشلىق قىزى گۈلجامال بىلەن ئون ئىككى ياشلىق ئوغلى تۇغلۇق بىر كەچقۇرۇنلۇقى تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى . پۈتۈن ئائىلە بىر كېچە ئۇخلىماي ، تەرەپ - تەرەپنى ئىزدىدى ، ئەتىسىمۇ ئىز-دېرىكى بولمىدى ، ئاخىر ئۇلار ئەنسىرەپ «110» غا خەۋەر قىلىدى . توپتوغرا يەتمىش ئىككى سائەتتىن كېيىن ، «110» تېلېفون قىلىپ ، بۇ ئىككى بالىنىڭ مەلۇم ساقچىخانىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى . يارمەمەت بىلەن ئۆركەش ساقچىخانىغا كېلىپ ئۇلارنى تاپتى ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورۇشتە قىلدى . ئەسلىدە ، شۇ كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاشۇ ئەتراپتىكى بازار ، ماگىزىنلاردا ئالتە - يەتتە نەپەر شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بالا ئون نەچچە قېتىم ئوغرىلىق ، يانچۇقچىلىق دېلوسى پەيدا قىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، پۇل - پۇچەكلىرىنى يوقاتقان ۋە بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىرمۇنچە كىشىلەر ساقچىخانىغا كېلىپ : «بىز خاتىرجەم ياشامدۇق ، يوقمۇ ؟ !» دەپ ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىپتۇ . شۇ كۈنى كەچتە ساقچىخانا مەخسۇس خادىم ئاجرىتىپ ، شۇ ئەتراپنى قاتتىق كۆزىتىپتۇ ۋە ئۇ يەردە دۇكان ئاچقان ، يايما يايغان تىجارەتچىلەرگە : «ئەگەر شىنجاڭلىق بالىلارنى كۆرسەڭلار دەرھال بىزگە خەۋەر بېرىڭلار !» دەپ ئۇلارنىمۇ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپتۇ . دەل شۇ چاغدا ، مەكتەپتىن يانغان گۈلجامال بىلەن تۇغلۇق بازار ئارىلاپ ئۆيگە كېتىۋاتقانىكەن ، ئۇلارنىڭ بىر دۇكاندىن سوغۇق ئىچىملىك ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر يايمىچى دەرھال ساقچىغا تېلېفون بېرىپ : «بۇ يەردە ئىككى شىنجاڭلىق ئۇيغۇر پەيدا بولدى» دەپ خەۋەر بېرىپتۇ . ھايال ئۆتمەي ئىككى ساقچى كېلىپ ، ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىپتۇ . دېمەك ، ئۇلار بۇ يەردە «بازار ئويناپ» يۈرگەن شوركا يانچۇقچىلارنىڭ كاساپىتىگە كېتىپتۇ !

ساقچىخانىدىكىلەر گەرچە يارمەمەت بىلەن ئۆركەشكە

«ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ، كەچۈرۈڭلار !» دەپ ئۆزرە ئېيتقان بول-
سىمۇ ، ئەمما بۇ ئىش يارمەمەتكە ، ئۇنىڭدىن ئۆتە ئۆركەشكە
قاتتىق تەسىر قىلدى ، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى ، هار كەلدى !
شانلىق تارىخى بار پۈتۈن - سۈرۈك بىر مىللەتنىڭ ، نامى ئۇلۇغ
بىر يۇرتنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈپ ، ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈ-
ۋاتقان مۇنداق پەسكەش ، رەزىل ئىشلارنى تۈگەتمىسە زادى بولماي-
دىغانلىقى شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسىگە ئوچۇق - ئاشكارا
ئايان بولغانىدى !...

— بالام ، ئۆركەش ! — دېدى يارمەمەت شۇ كۈنى كەچتە
چوڭقۇر بىر ئىچكى ئازاب بىلەن ، — بۇ دۇنيادا پۇللا تاپسا
هېساب ئەمەسكەن ! ئەقىل بولمىسا ، هىممەت بولمىسا ، ۋىجدان
بولمىسا بولمايدىكەن ! سەن ئەمدى يىگىت بولدۇڭ ، پەي - قانات-
لىرىڭمۇ قاتتى ، ئەمدى ئۆز ئەقلىڭ ، ئۆز ۋىجدانىڭ بىلەن ئىش
كۆرسەڭ بولىدۇ ! بىراق ، ئېسىڭدە بولسۇن : يىگىتكە ئۆلۈم
يوق ، ئۆزىنى - ئۆزى تىغقا ئۇرىدۇ ، دېگەن گەپ بار ! بەزىدە
بەختمۇ ، بەختسىزلىكمۇ ئەنە شۇ بوسۇغىدىن باشلىنىدۇ ! ...

ئۆركەش دادىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى .
قىرانلىق يېشىنى ياشاپ بولغان تەجرىبىلىك بۇ ئادەمنىڭ سۆزلى-
رىگە چوڭقۇر ۋە سىرلىق هايات هەقىقىتى بىلەن تۇرمۇش هېك-
مەتلىرى يوشۇرۇنغانىدى ! ...

# ئۈچىنچى قىسىم

# رەھىمسىز باھار

«تەقدىرىمىزنى ئەخلاقىمىز بەلگىلەپ بېرىدۇ.»
— خاتىرە دەپتىرىمدىن

## 1

باھار كەلدى …

ھەممىگە باراۋەر قارايدىغان سېخىي باھار شاھانە سارايلار ئالدىدىكى گۈلزارلارنىمۇ، گۆرۈستاندەك دالىنىپ ياتقان خارابىلىكلەرنىمۇ ئوخشاشلا ياپيېشىل مايسىلارغا پۈركەپ، ھەممىگە ئوخشاش مېھىر بىلەن گۈل - چېچەكلەر بەخش ئەتتى. تەبىئەت بىردىنلا جانلىنىپ، قىزىلى قىزاردى، كۆكى كۆكەردى. ھەر كۈنى ھېلى ئۇ گىياھ، ھېلى بۇ گىياھ يېڭىدىن كۆز ئېچىپ، باھارنىڭ قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ كىشىلەر بىلمەي قېلىشتى. تەبىئەت بارغانسېرى قېنىق، رەڭدار تۈس ئالماقتا ئىدى. ئەمما، ئاشۇ گۈزەل تەبىئەتتە ھېس - تۇيغۇ يوق ئىدى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ غەم - قايغۇسى، شاد - خۇراملىقى بىلەن ھېسابلاشمايتتى …

ئەزەم چوڭ بولغۇسى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ غەم - قايغۇسى بىلەن ئۇخلىيالمايۋاتقان بۇ ئەنسىز كېچىدە تەبىئەت يەنىلا ئۆز گۈزەللىكى بىلەن مەست ئىدى. يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى، ئاي نۇر

چاچاتتى ، ھاۋا ساپ ھەم خۇشبۇي ئىدى ...

ئەزەم چولڭ بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى خۇددى ناس قاپىقىنى يوقاتقان بەڭگىدەك گاڭگىراپ ، تېرىكىپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالـ ـدى . بۇنىڭغا بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ئىش سەۋەب بولغانىدى .

بەش كۈن بۇرۇن ، خۇماركۆز «بازار ئويناۋاتقان» يېرىدە يوقاپ كەتتى . ئەزەم چولڭنىڭ خەزىنىسىنى ھەر كۈنى لوق ـ لوق پۇللار بىلەن تولدۇرۇپ تۇرىدىغان بۇنداق چېۋەر ، ئۇستا يانچۇقچىنىڭ يوقاپ كېتىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن يوقىـ ـتىش ، كۈتۈلمىگەن زەربە بولدى . ئۇ دەسلەپ «چولڭ بازاردا ئادىشىپ ، ئېزىپ قالغان بولسا كەپ قالار» دېگەن ئۈمىدتە ئىككى كۈن كۈتتى . لېكىن خۇماركۆزدىن دېرەك بولمىدى . ئاندىن ئۇ ، ئاچچىقىنى موللاجىدىن ئالدى :

— ھەي لاتا غىلاپ ئەللەزى ، ئىش دېگەننى شۇنداق قىلامـ ـدۇ ؟ ! سەن نەگە كەتكەنىدىڭ ؟ !

موللاجـى ھەمىشـە خۇماركۆز «بازار ئوينىغان» چاغدا ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزىتىپ ، پايلاپ يۈرىدىغان قوغدىغۇچى «قوش» ئىدى .

— مەن شۇ ھاجەتكە بېرىپ كەلگەن زىغىردەك ۋاقىت ئىچىدـ ـدە يوقاپ كەتتى ، دېسىلە چولڭئام... ، — دېدى موللاجى كۆزلىرىـ ـنى ئەيمىنىش ئىچىدە چىمچىقلىتىپ .

— كونىلار راست دەپتىكەن : «ئەخمەق ئادەم زېرىكتۈرىدۇ ، ئەزمە ئادەم جاندىن تويدۇرىدۇ» دەپ ! — دېدى ئەزەم چولڭ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ، — ھاجەتخانىغا بېرىپ ئۈنچە ئەزمىلىك قىلىـ ـغۇچە ، ئۆز جايىڭدا ئىشتىنىڭغا قويۇۋەتسەڭ بولماسمىدى ! مانا ئەمدى نېمە بولدى ؟ بىر ئۇچۇم سېسىق سۈيدۈكۈڭ ئۈچۈن ، بىر ئۆستەڭ ھەۋزى كەۋسەر ئېقىپ كەتتى...

ئەزەم چولڭ خۇماركۆزنىڭ يوقاپ كېتىشىنى ھەرخىل پەرەز

قىلىپ ، بۈگۈن بولمىسا ئەتە كېلىپ قالىدۇ ، دېگەن ئۈمىدتە بەش كۈننى ئۆتكۈزدى . ئەمدى ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى تولغانىدى .

بۈگۈن ئۇ ، خېلى ۋاقىتقىچە ئۇخلىماي ئويلاپ ، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئاخىر ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈپ يەتتى .

بۇنىڭدىن يېرىم ئاي بۇرۇن ، جۇخەي بىلەن شېنجېندا ھەردەكەت قىلىدىغان ھاجى قوۋان ئىسىملىك بىرى ئەزەم چوڭنى ئاتايىن ئىزدەپ كېلىپ ، خۇماركۆز توغرىسىدا سودىلاشماقچى بولغانىدى .

— ئەزەم ئاغىنە ، بىلەمسىز ؟ — دېگەنىدى ئۇ گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ ، — بىز قىلىۋاتقان بۇ ئىش قىماردەك بىر تەۋەككۇل ئىش . ئامەت بەزىدە سىزگە ، بەزىدە ماڭا كېلىدۇ ! ئامىتىڭ كەلدىمۇ ئال ، ئامىتىڭ كەتتىمۇ بەر ! مانا شۇندا ئوغۇل بالىدەك ئىش بولىدۇ . ئۇزۇندىن بېرى سىزنىڭ قولىڭىزدىكى خۇماركۆز ئىسىملىك بىر شوركىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ، قىزىقىپ قالدىم . ئاڭلىسام ، سىز ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئون مىڭ كويغا سېتىۋاپتىكەنسىز . بۈگۈن مەن سىزگە شۇ پۇلنىڭ يىگىرمە ھەسسىسىنى بېرىمەن ، خۇماركۆزنى ماڭا بېرىۋەتسىڭىز قانداق ؟…

بۇ گەپلەردىن ئۆزىنى تۇتالمىغان ئەزەم چوڭ چالقىسىغا ئېگىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . بۇ ھال ھاجى قوۋاننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى .

— مانا بۇ ، يۈز تاپماي يول تاپ ، گەپ سېتىپ پۇل تاپ ، دېگەن ئەقىدە ئىكەن ـ دە ! — دېدى ئۇ ئاخىر كۈلكىسىنى توختىتىپ ، — ھېسابنى ياخشى ئۆگىنىپتىكەنسىز ، ئاغىنە ! ئەمما ، بۇ ئىشتا سىز تېخى گۆدەككەنسىز ! بىلەمسىز ، خۇماركۆز دېگەن ئادەتتىكى بالا ئەمەس ، ئۇنىڭ بېشى تىللادىن پۈتكەن ، قولىدىن دۆر تۆكۈلىدۇ ، دۆر !…

شۇنىڭ بىلەن گەپ تۈگىدى ، ھاجى قوۋاننىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ ، يۈزى پۈرۈشۈپ كەتتى . ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرد-

قى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا پەقەت مانا شۇ كۆرەلمەسلىك ، ھەسەت يەتمەي تۇرغانىدى . مانا ئەمدى ھەسەت بىردىن قەلبىگە نەشتەرگە ئوخشاش سانجىلدى . ئۇ كۆڭلىگە ئاللىقانداق خىياللارنى پۈكۈپ ، ئەزەم چوڭنىڭ ئالدىدىن كەتتى ...

مانا شۇ قىسقىلا ئۇچرىشىش ۋە قىسقىلا سۆھبەت ئەزەم چوڭغا خۇماركۆزنىڭ دىرىكىنى تېپىپ بەرگەنىدى . دېمىسىمۇ ، يۇرتىغا ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك ئوتى چۈشكەن ھاجى قوۋان شۇنچە كۆپ پۇل بىلەن ئاشكارا ئالالمىغان خۇماركۆزنى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يوشۇرۇن يول بىلەن پايلاپ يۈرۈپ ، ئىككى چەبدەس چاپارمىنىنىڭ قولى بىلەن بۇلاپ كەتكەنىدى !...

بۇ ئىش ئەزەم چوڭغا قاتتىق ھار كەلدى . شۇنداق سەزگۈر ، شۇنداق پەملىك ، ھەتتا ئەتە قېچىشىدىغان يېرىنى بۈگۈن قاشلاپ قويىدىغان شۇنداق تۈيغۇن ۋە يەنە شۇنداق زەھەرخەندە ئەزەم چوڭنىڭ مانا بۈگۈن خۇماركۆز مەسىلىسىدە تۇنجى قېتىم ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈشى ئىدى . نەچچە يىلدىن بېرى دېگىنىنى قىلدۇرغان ، بىر ئېغىز گېپىگە ئونلاپ چاپارمەن لەببەي دەپ تۇرىدىغان ، سۇ دېسە ئادەملىرى دەريانى باشلاپ كېلىدىغان ئەزەم چوڭنىڭ بۈگۈن ئۆمرىدە بىرىنچى مەرتىۋە تەڭقىس ئەھۋالغا چۈشۈشى ئىدى . شۇنىڭغا قارىغاندا ، بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭدىنمۇ قۇدرەتلىك ، ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا ئادەملەر بار ئىكەن ـ دە !... «قېنى كۆرەرمىز ! — دەپ ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچىلىنىپ ، ئەلەم بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە غۇدۇرىدى ئەزەم چوڭ ، — چەرخى پەلەكنىڭ چاقى قاياققا قاراپ ئايلىناركىن !... »

ئۇ ، شۇ ھامان كۆڭلىگە ئىككى ئىشنى پۈكتى . بىرى ، دەرھال «كۆز » ۋە «قولاق » لارنى ئىشقا سېلىپ ، خۇماركۆزنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاش ؛ يەنە بىرى ، كۈچ تەشكىللەپ ، ھاجى قوۋاندىن ئەجەللىك ئۆچ ئېلىش !...

ئۈچ كۈنگە قالماي ، خۇماركۆزنىڭ تۇرار جايى ئېنىقلاندى .

ئۇ ، جۇخەيدە ئىدى . ئەزەم چوڭ ئەمدى يۈرۈش قىلسا بولاتتى . ئۇ ھېيت ئاغماقنى چاقىرىپ ، خۇماركۆزنى قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ پىلانىنى مەسلىھەتلەشتى .

— خۇماركۆز جۇخەيدە بازار ئويناۋېتىپتۇ ، — دېدى ئەزەم چوڭ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ، — ماڭا خەۋەر قىلغانلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ كېچىسى بىر يەردە تۇرمايدىكەن ، ئەمما ئەتىگەن ـ ئاخشاملىق تامىقى ھاجى قۇۋان ئاچقان ھېلىقى «تارىم ئاشخانىسى» دا ئىكەن . مېنىڭچە ، ئۇنىڭغا دەل تاماق ۋاقتىدا قول سالساق بولغۇدەك ...

— بولدى ، بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ ، خوجايىن ! — دېدى ھېيت ئاغماق كۆرەڭلىك بىلەن ، — پەقەت ماڭا يىلىكى تولغان ، بېلى قاتقان ، قوش قوۋۇرغىلىق يىگىتلەردىن ئۈچنى بەرسىڭىزلا بولدى . مەن بۇ ئىشنىڭ ئىس ـ بۇسىنى چىقارماي ، خۇماركۆزنى سالامەت قايتۇرۇپ كېلىمەن !

— ئىشەنچىڭ بارمۇ ؟

— مەن سىزگە قاچان ئىشەنچىسىز گەپنى قىلىپ باققان ، چوڭام ! ؟

— مېنىڭ دېگىنىم ، — دەپ ئەستايىدىل چۈشەندۈردى ئەزەم چوڭ ، — ھاجى قۇۋانمۇ قاراپ تۇرمايدۇ ، ئۇنىڭ قولىدىمۇ جاندىن تويغان بىرنەچچە قارا لوكچەكلەر بار ، ئىش چوڭىيىپ كېتەرمىكىن ، دەيمەن ! ...

— خاتىرجەم بولۇڭ ! — دېدى ھېيت ئاغماق خوجايىنىنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشىپ ، — بۇنداق ئىشنى بىرىنچى قېتىم قىلىۋاتقىنىمىز يوقفۇ ! ؟ ئىشقىلىپ ، ھەم پەم بىلەن ، ھەم كۈچ بىلەن ئىشنى جايىدا پۈتتۈرىمەن . ھاجى قۇۋان نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە ، ئۆزىمىزنى گۇاڭجۇدا كۆرىمىز !

— ماقۇل ئەمىسە ، ئۆزۈڭگە پەخەس بول !

— بولىدۇ ، چاتاق يوق ! — دېدى ھېيت ئاغماق بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە زىغىرچىلىكمۇ ئېغىر كەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ .

*　　　*

راست ، بۇنداق ئىشلاردا ھېيت ئاغىماق ھەم چاققان ، ھەم پەملىك ئىدى . خېلى - خېلى جېدەل - ماجىرالارنى بىر دەمدە بېسىقتۇرۇپ ، قان يۇقى قوللىرىنى سۇرتۇۋېتىپ ، يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۇرۇۋېرەتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۇ بەئەينى ئەقىل - ھوشىدىن ئازغان ساراڭ تەلۋىگە ئايلىناتتى ، خۇددى قۇترىغان يىرتقۇچ ھايۋاندەك ۋەھشىيلىشىپ كېتەتتى !...

بۇ قېتىممۇ ، ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئۇچ تەلۋىنى ئەگەشتۇ-رۇپ ، جۇخەيگە كەلدى ، ئىككى كۈن يوشۇرۇن كۆزىتىش ئارقى-لىق ، «تارىم ئاشخانىسى» دىكى ئەھۋاللارنى ، خۇماركۆزنىڭ تاماق يېيىش ۋاقتىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «قۇش» لارنىڭ كىملىكىنى ئىگىلىدى . ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولدى ، ئەم-ما ھېيت ئاغىماقنىڭ نەزىرىدە ، خۇماركۆزنى قوغداش ئۇچۇن ، ھاجى قۇۋانمۇ بوش كەلمىگەندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىغا «قۇش» قىلىپ قويغان ئابلا بۆرە بىلەن تۇرسۇن كاشال دېگەنلەر تازا ئۇچىغا چىققان كۆكەرمە جېدەلخورلار ئىدى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، بىر قەپەس قانلىق ئېلىشىش بولىدىغاندەك تۇراتتى...

ھېيت ئاغىماق «قايتۇرما جەڭ» ۋاقتىنى دەل خۇماركۆزنىڭ ناشتا ۋاقتىغا توغرىلىدى . بۇ چاغدا ئاشخانىدا خېرىدارلار ئاساسەن بولمايتتى ، ئاشپەزلەر بىلەن كۇتكۇچىلەر چۇشلۇك چاپ - چاپ بازارغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى .

مانا بۇگۇن ئەتىگەندىلا ، ھېيت ئاغىماق بىلەن بىللە كەلگەن ھاشىم توقۇناق «تارىم ئاشخانىسى» نىڭ ئالدىدىكى يول بويىدا ، خۇماركۆزنىڭ ئاشخانىغا كىرىشىنى كۇتۇپ تۇردى . ۋاقىت ناھا-يىتى ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى ، بىرنەچچە خەنزۇ خېرىدارلار ئاشخانىدىن ئىسسىق نان ئېلىپ چىقىپ كەتتى ، يەنە بىرنەچچە ئۇيغۇر مۇسا-پىرلارمۇ ئاشخانىدا ناشتا قىلىپ قايتىشتى . ئالاھازەل چاشكا

ۋاقتى بىلەن ئاشخانىنىڭ ئوڭ يېنىدىكى بەش قەۋەتلىك كونا بىنانىڭ چەتتىكى ئىشىكىدىن خۇماركۆز كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئەسنەپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزى دېمەتلىك ئاق سېرىق، جىڭگىل چاچ بىر قىز بار ئىدى. ئىككىسى بىر نەرسىلەرنى دېيىشكەچ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. هايال ئۆتمەي، شۇ ئىشىكتىن يەنە ئوتتۇز - ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى بىرى ئورۇق، بىرى سېمىز ئىككى ئەر پورلەشكەن، كىر كۆڭلەكلىرىنىڭ ياقىسىنىمۇ ئەتمەستىن، قوللىرىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ سىلىپ چىقىپ كەلدى. ئۇلار هەربىر قەدەم ئالغاندا، يانپىشىغا ئاسقان بولغار غىلاپلىق يوغان پىچاق پولاڭشىپ كېتەتتى. ئۇلارمۇ ئالدىراش ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. قارىغاندا، هېلىقى ئابلا بۆرە، تۇرسۇن كاشال دېگەن جېدەلخورلار شۇلاردەك قىلاتتى.
هاشىم توقۇناق دەرهال يانفون بىلەن هېيت ئاغماققا خەۋەر قىلدى. ئۇلارمۇ بىردەمدە ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى.
— ئەمسە كىردۇق! — دېدى هېيت ئاغماق يېنىدىكى ئۈچ هەمراهىغا بىرمۇبىر قاراپ، — هاشىم، سەن بىلەن مەن كىرىپلا ئاۋۇ ئىككى «قوش» نى باسماققا ئالىمىز، سىلەر ئىككىڭلار خۇماركۆزنى دەرهال بۇ يەردىن ئەكېتىڭلار!
ئۇلار كىردى، كىرگەندىمۇ ئاشخانىنىڭ ئوچۇق ئىشىكىنى بىكاردىن تېپىپ داراڭشىتىپ، سۈر - هەيۋە بىلەن كىردى. ئاشخانىدا بايا كىرگەنلەردىن باشقا، يات خېرىدارلار يوق ئىدى. هېيت ئاغماق ئىشىكنى قاتتىق يېپىۋېتىپ، ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلدى - دە، پۇتىنى كېرىپ، بېشىنى گىدەيتىپ، رەقىبلىرىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قارىدى:
— بىز ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىنى ئەكەتكىلى كەلدۇق! — دېدى ۋە ئارقىدىن خۇماركۆزگە قاراپ، — شۇنداققۇ خۇماركۆز، بىز بىلەن كېتىدىغانسەن!؟

خۇماركۆز ئاغزىدا چايناۋاتقان ناننى يۇتۇۋېتىپ، پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى:

— كەتسەم كەتتىم، كەلسەم كەلدىم! ماڭا ھەممە يەر ئوخشاش!

ئۇ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلغانىدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن گۇاڭجۇ نېمە، جۇخەي نېمە، ئەزەم چوڭ نېمە، ھاجى قۇۋان نېمە… ھەممىسى ئوخشاش بىر نېمە ئىدى. نەدە بولمىسۇن، كىمنىڭ قولىدا بولمىسۇن، قىلىدىغان ئىش ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. ئۇ سەككىز يىلدىن بېرى شۇنداق تەربىيىلەنگەن، شۇنداق ئۆگىتىلگەن ۋە شۇنداق ئادەتلەنگەنىدى!…

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! — دەپ لوڭڭىدا ئورنىدىن تۇردى ئابلا بۆرە، — ئەكېتىمىز دەپلا ئەكەتكىلى بولمايدۇ، جۇمۇ!

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز!؟ — دېدى ھېيت ئاغماق ۋە قولىدىكى كۇمۇش ساپلىق ياپون قىلىچىنى ئالدىدىكى تاماق شىرەسىگە ۋاققىدە سانجىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — قانداق قىلىشنى مۇشۇنىڭدىن سوراپ باقامدۇق - يە!؟

— سورىساق سورىدۇق! — دەپ يېنىدىكى تۇچ تولتىلىق پىچاقنى سۇغاردى ئابلا بۆرىمۇ.

ئاڭغىچە تۇرسۇن كاشالمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، پىچاقنى قولىغا ئالدى، شۇ ئارىلىقتا ئابلا بۆرە ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي ھەسەن جۇۋاز، ئىگەمقۇل! بۇ يەرگە چىقىڭلار، گۇاڭجۇدىن بىرنەچچە نوچىلار قان پۇراپ كەپتۇ، ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويايلى!…

ئىچكىرىدىن قىڭراق، ساپلىقلىرىنى كۆتۈرگەن ئۈچ بالا چىقتى، ئۇلارنىڭ چوڭى يىگىرمە ئىككى ياش، كىچىكى ئون سەككىز ياشلاردا ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن، كۆزلىرىدىن ئابلا بۆرىدىن قورقۇپلا بۇ يەرگە چىققانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئىككى تەرەپ ئېنىق سەپ ئايرىدى ، بىر ـ بىرلىرىگە ئېتىلىپ ، قىيما ـ چىيما قىلىشقۇدەك ئەلپازدا ھۆرپىيىشتى . ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى خۇنۇك ، قېتىپ قالغان چىرايلىرىدا ئەسەبىيلىكتىن باشقا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى . ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئادەملەرنىڭ ئوخشاشلا پەيلى بۇزۇق ، ئەلپازى يامان ئىدى . ئۇلارنىڭ بىرى بوران بولسا ، بىرى گۈلدۈرماما ؛ بىرى چاقماق بولسا ، بىرى قارا يامغۇر ئىدى...

ئېلىشىش — قالايمىقان ئۇر ـ يىقىت باشلىنىپ كەتتى . ئاشخانىدا شاراقلىغان ، تاراقلىغان ، ۋارقىرىغان ، جارقىرىغان ئاۋازلار ، پاياندار ئۈستىگە چېچىلغان ، سۇنغان چىنە ـ قاچا پارچىلىرى ، قورقۇش ، ھەيرەت ، ھۆركىرەش ... ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى . كۆتكۆچى قىزلار ناھايىتى قاتتىق ئىچكى بىر لەرزىگە چۈشكىنىچە سىرلىق بىر قورقۇنچ ئىچىدە قېتىپ قالغانىدى . بىر قىز ئەتراپىدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى خىلىغىچە چۈشەنمىگەندەك گاراڭ بولۇپ تۇردى ، پەقەت ئۇنىڭ يۈزىگە بىرىنىڭ كېسىلگەن بارمىقى ئۇچۇپ كېلىپ پاققىدە تەگكەندە ، ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ ۋارقىرىۋەتتى...

بۇ بىر توپ تەلۋىلەر شۇ تاپتا ، بىر توپ ئادەم ئەمەس ، بەلكى بىر پادا يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئايلانغانىدى . ئۇلاردا قورقۇش ، ئەيمىنىش ، تەپتارتىش دېگەندەك ئىنسانىي تۇيغۇدىن ئەسەر قالمىغانىدى .

قىسقىسى ، شۇ تاپتا ئۇلار ئەقىدە ـ ئېتىقادى ئۆلگەن ، دىل كۆزى كور بولغان ، ئۆزىنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ ۋەيران قىلىدىغان بىر توپ غالجىر ، زوراۋان ياۋا توڭگۇزغا ئوخشاپ قالغانىدى . بۇ توڭگۇزلار بىر ـ بىرىنى چىشلىشەتتى ، ئۈسۈشەتتى ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە پىچاق تىقىشىپ ، بىر ـ بىرىنى قان قىلىشاتتى...

قايسىبىر شورلۇقنىڭ كېسىلگەن قولى خۇددى ئۆگزىدىن

تاشلىغان يېرىندە ئوتتۇندەك ئۇچۇپ كېلىپ ، شىرەنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغان بىر كۆتكۆچى قىزنىڭ ئالدىدىكى سىمونت يەرگە پاققىدە چۈشتى ، قول بىلەكتىن چورت ئۈزۈلۈپ كەتكەن ، قان ئېقىۋاتقان گۆش ئارىسىدىن ئاپئاق سۆڭەك تورتۇپ چىقىپ تۇراتتى ، بارماقلىرى بولسا بىر نەرسىنى قامالاشماقچى بولغاندەك ، سوغۇق سېمونت ئۈستىدە قىمىرلايتتى... بۇنداق مۇدھىش ، ئايانچلىق مەنزىرىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان كۆتكۆچى قىزنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ ، قورققىنىدىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا قاتتىق چىرقىراپ كەتتى ...

بۇ مالىمانچىلىق هەش ـ پەش دېگۈچە بولۇپ ئۆتتى . جېدەل بولغان مەيدانغا بىردىن ئېغىر ۋە سۈرلۈك جىملىق چۆكتى . قاچا ـ قۇچا ، چوكا ـ قوشۇقلار يەردە چېچىلىپ ياتاتتى ، شىرە ـ ئورۇندۇقلار پاچاقلانغان... پىچاقلانغان ، كالتەكلەنگەن . جېدەلخورلارنىڭ بەزىسى ئىڭرايتتى ، بەزىلىرىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن لەختە ـ لەختە بولۇپ ئاققان قانلار ئۇلارنىڭ بەدىنىدە ، يەردە ئۇيۇپ قالغانىدى . پۈتۈن ئاشخانا گويا قاراقچىلار شەپقەتسىزلىك بىلەن تالىغان ، ئۇر ـ يىقىت قىلغان كونا سارايغا ئوخشاپ قالغانىدى...

ئەگەر كىشىلەر بۈگۈن بۇ يەرگە سەپسالغان بولسا ، پۇل ۋە زوراۋانلىقنىڭ كۈچىنى كۆرگەن بولاتتى ، ئۇلار يەنە پۇل بىلەن مېھىر ـ شەپقەت ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەتتى : پۇل هەممىنى — مېھىر ـ شەپقەت ، قان ـ قېرىنداش ، يۈز ـ خاتىر دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي يەڭگەنىدى ! ...

مانا بۇ قىلمىشلار پاك ئىنسانلىققا يات تەلۋىلىك ، ساراڭلىق ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ مۇشۇ بىر توپ نادان ، كۆڭلى قارا مەخلۇقلارنىڭ جىسمىدىكى غەلىيانى ، روهىي مەرەزلىكنىڭ سۈرەن ـ چۇقانى ئىدى !...

جېدەل بېسىقتى ، بېسىققاندىمۇ ، هېچقانداق ئىس ـ بۇسى

چىقماي ، سىرتتا داۋراڭ بولماي ، ئاشخانىنىڭ ئىچىدىلا بېسىق-تى . ئەمما ، دەرد ئۈلارنىڭ ئىچىدە — يۈرىكىدە قالدى .

ھېيىت ئاغماقنىڭ نەزىرىدە ، ئىشلار ناھايىتى چىرايلىق ، ئىددىتلىق قىلىنىپ ، قىيامىغا يەتكۈزۈلگەنىدى . ئۇ ، ئۆزىنىڭ يېنىك يارىلىنىشى ، ھاشىم توقۇناقنىڭ بىر بارمىقىدىن ئايرىلى-شى ۋە يەنە بىر ھەمراھىنىڭ بىر قولىقى كېسىلىش ھېسابىغا خۇماركۆزنى ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كەتكەنىدى !...

## 2

ئايدىڭ كېچە...

دېرىزىدىن قارىغاندا ، بۇلاق كۆزىدەك كۆرۈنىدىغان تىنىق ئاسماندا تولۇن ئاي ئۈزۈپ يۈرىدۇ ، يۇلتۇزلار خۇددى سورۇن تۈزۈپ ئويۇنغا چۈشۈۋاتقاندەك...

«نېمىدېگەن تىنچ ، نېمىدېگەن گۈزەل - ھە ! ؟ — خىسلەت ئايدىڭ كېچىنىڭ ئارامبەخش سېھرىگە بېرىلىپ پىچىرلىدى ، — يۇلتۇزلار ئۆچۈشنى بىلمەيدىغان چىراغ ، ئاي بولسا مەشئەل ... ئەنە شۇنداق پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك چاقناپ ياشىساڭ ، ئۆچۈشنى ، غەم - تەشۋىش نېمىلىكىنى بىلمىسەڭ ! — كۆتۈلمىگەندە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ تېگى - تېگىدىن قانداقتۇر ھەس-رەت - نادامەت يوپۇرۇلۇپ چىققاندەك بولدى ، — نېمە ئۈچۈن ئادەملەر ئاشۇ ئاي ۋە يۇلتۇزلاردەك خاتىرجەم ، چاقناپ ياشىيال-مايدۇ ! ؟ نېمە ئۈچۈن بەزىلەر شۇنچە رەزىل ، شۇنچە ياۋۇز ، تېخى شۇنچە پۇلدار ! ئەكسىچە ، بەزىلەر شۇنچە ئاق كۆڭۈل ، شۇنچە سەمىمىي ، ئەمما يامانلارنىڭ قولىدا مەھكۇم ! ؟... »

ئەمدى خىسلەتنىڭ نەزىرىدە ، تولۇن ئاي خىرەلەشتى ، يۈزى داغلىق ، ھەسرەتلىك كۆرۈندى . بايىلا كۈلۈپ تۇرغان يۇلتۇزلار بولسا ، كۆز يېشىنى تۆكۈۋاتقاندەك مۇڭلۇق ، مىسكىن كۆرۈن-

دى . خىسلەت تۇگۈلۈپ ئۆلتۈرۈپ قالدى ، ئويلاپ ـ ئويلاپ ئويىنىڭ ئاخىرىغا يېتەلمەي ، ئۆزىنى كېرەكسىز لاتىدەك ئاجىز ، بىقۇۋۋەل ھېس قىلدى !...

ئۈچ كۈندىن بېرى ، خىسلەت گۇاڭجۇغا قوشنا بولغان نەنـ خەي شەھىرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرۇۋاتاتتى . ئۇنى ئەزەم چوڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى . بۇ يەردە يەنە خۇماركۆز بىلەن موللاجىمۇ بار ئىدى . خۇماركۆز جۇخەيدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن ، ئەزەم چوڭ ئېھتىمالغا قارشى ، ھاجى قۇۋاننىڭ ئۈچ ئېلىپ ، چوڭراق ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ساقلىـ نىش ئۈچۈن ، مەلۇم ۋاقىت گۇاڭجۇدىن ئايرىلىپ ، كۆزدىن يىراقراق تۇرۇشنى ئويلىغانىدى . شۇڭا ، گۇاڭجۇدىكى ئىشلارنى ھېيت ئاغماققا تاپشۇرۇپ ، ئۆزى ئۇلارنى باشلاپ نەنخەيگە كەلگەـ نىدى .

ھەر كۈنى ئەتىگەندە ، موللاجى خۇماركۆزنى يېتىلەپ «بازار ئويناتقىلى» چىقىپ كېتەتتى . ئەزەم چوڭمۇ ئۇيقۇسى قانغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىشىكنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ ، كۆزدىن غايىب بولاتتى . خىسلەت كۈن بويى ئۆيدە يالغۇز قالاتتى ، بۇنداق غېرىبـ لىق ، تەنھالىق ، زېرىكىش ئۇنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتـ تى . بۇنىمۇ تۇرمۇش دېگىلى بولامدۇ ؟ ! بۇنداق تۇرمۇشتىن تۇرمە ياخشى ئەمەسمۇ ! ؟ ھېچبولمىغاندا ، ئۇ يەردە مۇڭداشقۇدەك ئادەم تېپىلىدۇ ، ئاپتاپقا قاقلانغۇدەك ۋاقىت چىقىدۇ !... لېكىن بۇ يەرچۇ ؟ بۇ يەر ئۆي ئەمەس ، بەئەينى تىرىك تۇرۇپ چۈشكەن دوزاخنىڭ ئۆزى ! ...

شۇ كۈنلەردە ، خىسلەتنىڭ يۈرەك ئاغرىقى خۇددى تاپانغا سانجىلغان زەھەرلىك تىكەننىڭ ئاغرىقىدەك ئېغىر ۋە چەكسىز ئىدى . ئۇنىڭ ئازابقا تولغان ئاشۇ يۈرىكىدىن ئۆزى ھەققىدە مۇنداق ئۆكۈنۈشلۈك مىسرالار ئېتىلىپ چىقاتتى :

تەبسەت ساغا هۆسن ئاتا قىپتۇ ،
ئاتا قىپتۇيۇ ، خاتا قىپتۇ !...

دېمىسىمۇ ، مانا شۇ گۈزەل هۆسن ـ جامال ئۇنىڭ جېنىغا قادالغان ئەجەل ئوقىدەك ، ئۇ نەپرەتلىنىدىغان ، يىرگىنىدىغان ئادەملەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى !

كېيىنكى كۈنلەردە ، ئەزەم چوڭ خىسلەتنى ياخشى كۆرۈپ ، بەكلا ئىچىكىشىپ كەتتى ، بىر ـ ئىككى كۈن كۆرمىسە چىدىمايـ دىغان ، ھەتتا خىسلەت تىللاپ ، دۈشكەللىسىمۇ ھار ئالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئەمما خىسلەت ئۇنىڭدىن بىزار ئىدى ، زورلۇق ئاستىـدا ئۇنـڭ بىلەن بىللە ياتقان ۋاقىتلىـرىدا گويا سانسىز يىڭنە ـ تىكەنلەرنىڭ ئۈستىدە ياتقاندەك ئازابلىناتتى ، ئۇنىڭ قوللىرى بەدىنىگە تەگسە گويا نىجاسەت تەگكەندەك يىرگىنەتتى ، هاراق بۇخسۇپ تۇرغان تىنىقى يۈزىگە ئۇرۇلغاندا ، گويا يىرىن پۇراپ سالغان ئادەمدەك سەسكىنىپ كېتەتتى . ھەمىشە قەلبىدە نومۇس ، نەپرەت ۋە يىرگىنچكە ئوخشاش ئاچچىق تۇيغۇلار هاكىم ئىدى ، ئەمما ، ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن ئەيمىنىپ ، ئىچىدىكىنى سىرتقا چىقىرالمايتتى ! ... بۇنداق چاغلاردا ، چوڭقۇر ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى يىغلايتتى : «ئانا ، جېنىم ئانا ! — دەپ ئانىسىغا نالە قىلاتتى ئىچىدە ، — مېنى نېمىشقا بۇنداق ئاجىز ، مەزلۇمە قىز قىلىپ تۇغقان بولغىيدىـ ڭىز !؟ ئەمدى مەن يىتتۇرۇپ قويغان ياشلىقىمنى ، يىتتۇرۇپ قويغان پاكلىقـىمنى ، يـىتتۇرۇپ قـويغان بەختىمنى نەدىن تاپىـ مەن !؟ گەپ قىلىڭە جېنىم ئانا ، زادى نەدىن تاپىمەن !؟...»

ئۆتكەن بىر كۈنى ئەزەم چوڭ ئۇنىڭ ئالدىغا بىر تۇتام پۇلنى تاشلاپ :

— چىرايلىق مودا كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىڭ ، — دېدى سىلىق ـ سىپايە تەلەپپۇزدا .

— بازارغا ئۆزۈم چىقىپ ئالارمەن؟ — دېدى خىسلەت كۆڭلىگە ئاللىقانداق خىياللارنى پۈكۈپ.
— ياق، ھازىرچە بولمايدۇ! — دېدى ئەزەم چوڭ گويا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تويغاندەك تەدانلىق بىلەن، — بازاردا ئېزىپ قالىسىز، ھەتتا بەزى يامان نىيەتتىكى ئادەملەر تۇتۇپ كېتىشى مۇمكىن، مەن سىزدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ. پۇلنى گۈلپەرىگە بېرىپ، قانداق كىيىم كىيىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ، شۇ ئەكېلىپ بېرىدۇ...
— ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس! — دېدى خىسلەت بىردىن تەرىنى تۈرۈپ، — سىلەرنىڭ ھەممەت ـ شاپائىتىڭلارمۇ كېرەك ئەمەس! مەن ھېچكىمگە ۋە ھېچ نەرسىگە زار ئەمەس! مەن كىيىمنى، تۇتقۇنلۇقنى ئەمەس، تۇرمۇشتىكى ئەركىنلىكنى سۆيىمەن! ئادەم ئەمەس، باشمالتاقتەك قۇش جىنىدا قەپەسدە تۇرۇشنى خالىمايدۇ! سىلەر بىر ئاجىز قىز بالىنى بۇنداق بوزەك قىلماڭلار! ئۆز خۇشلۇقۇڭلار ئۈچۈن ناتىۋان قىز ـ ئوغۇللارنى قۇربان قىلماڭلار!...
ئەزەم چوڭ كۈلدى، كۈلگەندىمۇ تاغ كەكلىكىدەك قېقىراپ كۈلدى.
— كىم سىزنى قۇربان قىپتۇ، خانقىز؟ — دېدى ئۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن، — مانا، ساپساق تۇرماسىز! ھېچكىم سىزنى قوي قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، ھېيت ئوينىغىنى يوققۇ!؟ سىز ئەقىللىق قىز، شارائىتقا ماسلىشىشنى بىلمىسىڭىز بولمايدۇ. ھەرقانداق ئادەم بۈگۈن ئۈچۈن، كېلەچەك ئۈچۈن، ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا نەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شارائىتقا ماسلىشىشنى بىلىشى كېرەك. ماسلاشقانلار ياشايدۇ، ماسلاشمىغانلار يوقىلىدۇ، دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇسىز؟!...
مانا شۇ سوغۇق، كۆڭۈلسىز سۆھبەتتىن كېيىن، خىسلەت ئۆزى ئۈستىدىن ئوقۇلغان قىسمەت ھۆكمىنى چۈشەنگەندەك بول-

دى . بىرنەچچە ئاي مابەينىدە ، ھايات ئۇنى ئۆز تۇزاقلىرىغا ئىلىندۇرۇشقا ئورۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بەزىدە قۇتۇلۇپ ، بەزىدە تۇتۇلۇپ ، ئۆز تەقدىرىگە تېخى ئۇزۇل - كېسىل تەن بەرمىگەنىدى . ئەمدى ئۇ ، تەن بەردى ! ئۆزىنى قاتمۇقات دەردكە مۇپتىلا قىلىپ ئۆكسۈتۈۋاتقان ، غەلىتە شەكىللەر بىلەن ئادەمنى ئازابلاپ بىزار قىلىۋاتقان بۇ ھاياتتىن جاق تويغانىدى !

خىسلەت ئويلايتتى : «ياشقىمۇ ، قېرىغىمۇ ھامان بىر ئۆلۈم ! ئۆلۈملا ئادەمنى ئەبەدىي خاتىرجەم قىلىدۇ . دېمىسىمۇ ، بۇ دۇنيادا ئۆلۈمدىن كىم قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ !؟ ئادەم تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ ئۆلۈم ئۇنى قوغلايدۇ ، ئادەم قاچىدۇ ، بالىلىق ۋاقتىدا قاچىدۇ ، ياشلىق ۋاقتىدا قاچىدۇ ، قېرىغاندىمۇ قاچىدۇ ! لېكىن ئۆلۈم ئۇنى ھارماي - تالماي قوغلايدۇ ، ئىز بېسىپ قوغلايدۇ ، ئاخىر ئادەمنى ئۆز چاڭگىلىغا ئالىدۇ . ئىنساننىڭ پاجىئەسى مانا شۇنىڭدا ! ئۇ ئۆزىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ، بىلىپ تۇرۇپ ياشايدۇ !… شۇنداق ئىكەن ، بىلىپ تۇرۇپ ئۆلسە نېمە بوپتۇ !؟ مەن ھازىر ھەرۋاقىت ، ھەر زامان سېزىپ ، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەنكى ، مانا ماۋۇ ئاپتاپ نۇرىدا غىڭشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنىنىڭمۇ ئۇشبۇ ماكان ۋە ئۇشبۇ زاماندا ئۆز ئورنى بار . ئۇ شۇ ئورۇنىدا سۆيىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بەختىيار ، ئەمما مەنچۇ ؟ ! پەقەت مەنلا بۇ ھاياتقا ئۆگەي . مەن ! شۇڭا ، ھاياتنىكى بۇ گۈزەللىكلەردىن ماڭا نېمە پايدا ؟ !…

توۋا ، قېرىشقاندەك مانا شۇنداق چۈشكۈن ، ئۈمىدسىز چاغدا ، بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە ، خىيالىغا ، كۆز ئالدىغا ئۇتتۇق كېلەتتى . خىسلەت ئۇنىڭ يېقىملىق ، مەنىلىك گەپلىرىنى ئاڭلىغاندەك ، يۈزىگە ھاياجانلىق تەبەسسۇم يۈگۈرەيتتى ، ئۇتتۇقنىڭ تاتلىق گەپلىرى ، شادىيانە كەيپىياتى ، زەۋقى ئۇنى ھەيرەتكە سالغاندەك ، ئۇنىڭغا دالدا بولغاندەك بولاتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭ قاپقارا ، دۇگىلەك كۆزلىرى چاقناپ ، ئۇزۇن ، تال - تال كىر-

پىكلىرى پىلدىرلاپ ، يۈزى كۆلكە بىلەن نۇرلىناتتى ، ھېچقەتەك سۆزۈك لەۋلىرى بولسا ، تۇرۇپ مۇلايىم يىمىرىلىپ ، تۇرۇپ تاتلىققىنە يېيىلاتتى...

ئۇ ئۆز خىيالىدا ، ئۇتۇق كۆزدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇراتتى ، ئۇتۇق كېتىۋاتقان تەرەپتە سارغۇچ ھارارەت لاۋۇلدىغاندەك بولاتتى ، نېمە ئۈچۈندۇر ، يىراق - يىراقلاردا يۈرىدىغان قۇياش بۇگۈن ئادىشىپ ، بۇلارنىڭ بېشى ئۈستىگە كېلىپ قالغاندەك ، دالا - دەشت ئۇياقتا قېلىپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لاپ - لاپ ياندۇرۇۋاتقاندەك بولاتتى ...

لېكىن ، بۇنداق شېرىن ، ھاياجانلىق ھالەت ئۇزۇنغا بارمايتتى ، خىسلەت يەنە ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق دۇنياسىغا قايتىپ كېلەتتى .

«ھايات يا مامات ! — دەپ ئۆز - ئۆزىگە كەسكىن خىتاب قىلاتتى ئۇ ، — مەن ئەمدى ھېچكىمگە ، ھەتتا ئۆزۈمگىمۇ كېرەك ئەمەسمەن ! ئەمما ، ئۇتۇق سىز ياشىشىڭىز ، بەختلىك ياشىشىڭىز كېرەك ! ھېچبولمىسا ، مەن ئۈچۈن بولسىمۇ ياشاڭ ، سۆيۈملۈكۈم ! غازاڭ بولغان مۇھەببىتىمىز ھەققىدە كېيىنكىلەرگە ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن بولسىمۇ ياشاڭ ! مانا شۇ چاغدا ، مەن ھەمىشە يادىڭىزدا ، يېنىڭىزدا بولىمەن ! ... »

بۇ سىرلىق ، تىترەك ئاۋازدىن يۈرىكى ئېزىلىپ ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن خىسلەت نەچچە كۈندىن بېرى كۆڭلىدە پىشۇرغان ھەسرەتلىك شېئىرنى ئاۋازلىق ئوقۇيتتى :

«مەن سېنى سۆيەتتىم يۈرەك قېتىمدىن ،
گاھى تارتىنىپ ، گاھى ئىنتىلىپ .
كىم سۆيسە مەن كەبى سۆيسۇن ئامرىقىم ،
ئىلاھىي سۆيگۈمنى مۇقەددەس بىلىپ . »

ئۇ مانا شۇ شېئىر بىلەن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن

ئىلگىرىكى بەختلىك تۇرمۇشى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك بولاتتى !...

خىسلەت ئۆزىنىڭ مانا شۇنداق مۇدھىش ، خەستە بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ۋە خېلىدىن بېرى مۇشۇنداق سوغۇق روھىي ئىسكەنجىدىن قۇتۇلالماي ، نېمىگىدۇر تارتىشىپ ، نېمىگىدۇر قىيالماي كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى ...

مانا بۈگۈن يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ ، دېرىزىدىن ئاسمانغا ـ ئاسماندىكى ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال بىلەن مۇڭلدىنىپ ئولتۇرۇشىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن ئىدى . ئۇ ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆرتەندى ، ئۆرتىنىشكە پايلىماي دەسلەپ ئېسەدەپ ، كېيىن ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى .

بىر چاغدا ، يېنىدا پۈشۈلداپ ياتقان ئەزەم چوڭ ئويغاندى ۋە ئۇنى بەزلىمەكچى بولغاندەك ، بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتماقچى بولۇۋىدى ، خىسلەت گويا بىرى گۆرگە سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك ئەندىكىپ ، شۇركۈنۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئەزەم چوڭغا چەكچىيىپ ۋارقىرىدى :

— ئەمدى مېنىڭ بىر يېرىمدىن تۇتقۇچى بولماڭ ! يەنە شۇنداق قىلماقچى بولسىڭىز ، ئۆزۈمنى دېرىزىدىن تاشلايمەن !

— راستمۇ ؟ — ئەزەم چوڭ مەسخىرە قىلغاندەك تەلەپپۇزدا پەرۋاسىزلىق بىلەن سورىدى ، — راستلا ئۆزىڭىزنى تاشلامسىز !؟

— ئىشەنمىسىڭىز مانا قاراپ تۇرۇڭ !

خىسلەت ھېچبىر ئىككىلەنمەي دېرىزىگە قاراپ ماڭدى . ئەزەم چوڭ دەسلەپ «پوپوزا قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ ، جەينىكدىگە تايىنىپ قاراپ ياتتى . خىسلەت ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ دېرىزىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى ، ئاندىن ئورۇندۇق ئارقىلىق دېرىزە تەكچىسىگە چىقتى ، ئۇ يەردە تۇرۇپ ، دېرىزىنىڭ چوڭ قاپقىقى بىلەن بىردەم ھەپىلەشتى ، داتلىشىپ

كەتكەن تۆمۈرلەر بىر پەس غىچىرلاپ ، چوڭ قاپقاق داراڭلاپ ئېچىلدى . مانا شۇ چاغدىلا ئەزەم چوڭ خىسلەتنىڭ دېگىنى «پوپو- زا» ئەمەسلىكىنى بىلىپ ، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، ئېتىد- لىپ كەلگىنىچە خىسلەتكە ئېسىلدى . ئەگەر ، ئەزەم چوڭ دەقىقە كېچىككەن بولسا ، خىسلەت راستىنلا توققۇز قەۋەت ئېگىزلىك- تىن ئۆزىنى تاشلاپ ، بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشاتتى . ئۇ شۇنداق ئىرادىگە ۋە شۇنداق نىيەتكە كەلگەنىدى !...

— مېنى نېمىشقا تۇتۇۋالىسىز !؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى خىسلەت ، — مېنىڭ سىزنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق ! بۇ دۇنيادا ياشىغىمۇ يوق . مېنى قويۇۋېتىڭ ! ...

— بولدى قىلىڭ ، ئاچچىقىڭىزغا هاي بېرىڭ ! — دېدى ئەزەم چوڭ خىسلەتنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتقانچە ، — پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولمايدۇ ، قىزچاق !

ئۇ بۇگۈن تۇنجى قېتىم ئاجىز بىر قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كەمسىتىپ ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇۋاتاتتى .

— بولدى ، بولدى ، يىغلىماڭ ! — دېدى ئۇ خىسلەتنى پەپىلەپ ، — مەن نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلاي ، هەرگىز بۇنداق ئەخمەقلىقنى قىلماڭ ! ...

ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ، تۇيمىغان هالدا يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى . بۇ گەپلەر ئەزەلدىن ئۇنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە ، تۇرمۇش مىزانىغا ۋە ئەقىدە ـ ئېتىقادىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان گەپلەر ئىدى . ئۇ دەيدىغاننى دەپ بولۇپ ، ئۆز ئاغزىدىن شۇنداق سەممىي ، رايىش ، سىپايە گەپلەرنىڭ چىققانلىقىغا ئۆزىمۇ هەي- ران قالدى . بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەل- مەيتتى ، پەقەت يۈرىكىلا قانداقتۇر بىر نەرسىنى سېزەتتى ، هېس قىلاتتى . بۇ بەلكىم كىشىلەر هەمىشە دەپ يۈرىدىغان : «مۇهەب- بەتنى هېچقانداق كۈچ ، هەتتا ئىلاهىي كۈچمۇ توسۇپ قالالماي- دۇ . ئۇ ئالىمغىمۇ ، زالىمغىمۇ ئوخشاش نېسىپ بولۇۋېرى-

دۇ !» دېگەن ھېكمەت بولسا كېرەك .

خىسلەتنىڭ كەيپى خېلى كۆتۈرۈلۈپ ، ئەسلىگە كېلىپ قالدى ، لېكىن ئۇ ، ئۆمرى بىنا بولۇپ بۇنداق قاباھەتلىك كۈنلەرنى كۆرمىگەن . شۇڭا ، تەسىراتلىرى يەنە شۇنچىلىك خىرە ، چىگىش ئىدى . بېشىمۇ پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالغانىدى . پەقەت بىر نەرسىلا ھەر ۋاقىت ، ھەر دەقىقە ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدە تۇراتتى ، خاتىرىسى بىلەن يۈرىكىدە شۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . ئۇ بولسىمۇ : «ھايات يا مامات ! ياكى تۈتقۇنلۇقتا تۇرۇپ ئۆلۈش ، ياكى ھۆرلۈككە چىقىپ ياشاش !» ...

ئۆز جېنىغا قەست قىلغۇچىلارنى كىشىلەر روھىي جەھەتتىن ئاجىز ، ئەمما ئىرادىسى كۈچلۈك ئادەملەر دېيىشىدۇ . خىسلەت ئۆزىنى يۈكسەك ئىرادىلىك ئادەملەر قاتارىغا قوشالمىسىمۇ ، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىشەنچسىزلىك ، ناتىۋانلىق ، غەم - غۇسسە ۋە ئەينى پەيتتە ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە بولغان چەكسىز نەپرەت چىرماپ ئالغانىدى . شۇڭا ئۇ ، بەزىدە ئوت قويۇپ ، ئۆزى بىلەن بىللە ئەزەم چوڭنىمۇ كۆيدۈرۈپ ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىشنى ئويلىدى ، لېكىن يەنە تۇرۇپلا بۇ نىيىتىدىن يالتايدى ...

نېمە ئۈچۈن ئوت قويىدۇ ؟ ! بۇنداق ئۆلۈشنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى بىر دەھشەتقۇ ! ئەگەر باشقىلار چاققان كېلىپ ، ئوتنى ئۆچۈرۈپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالسىچۇ ! ؟ ياق - ياق ! بۇنداق قىلىشقا زادى بولمايدۇ ، ئىنسان تەبىئىتى بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ! ئەمما ، بەرىبىر بۇ دۇنيادىن — يورۇق ئالەمدىن كېتىشى كېرەكقۇ ! ئەزەم چوڭدەك ئىپلاسلار يۈرگەن زېمىندا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاشقا ۋىجدانى قانداق چىدايدۇ ! ؟...

## 3

ئۆتكەن كۈنلەر بەئەينى چۈشكە ئوخشايدۇ . ئادەمنىڭ چۈشىـ

ده يېگەن غىزاسى ھەرقانچە لەززەتلىك بولسىمۇ ، ئۇ بەرىبىر چۈشىدە يېگەن تائام بولۇپ قېلىۋېرىدۇ .

نەزەرنىڭ كۆڭلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋاتاتتى . بىرنەچچە ئاي تارتقان روھىي ئازاب ، تۈرمۈش خورلۇقى ، غېرىبلىق ، مىسكىنلىك كىچىككىنە نەزەرنى تېخىمۇ ئېزىپ ، مۈكچەيتىپ ، ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى بالىلارغا خاس ئۇماق ، سەبىي ، نۇرانە يۈزىنى بەئەينى بىر پارچە خۇنسىز ، تاتىراڭغۇ تېرىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى …

ئۇ يەنە شۇ ئاسما كۆۋرۈك ئۈستىدە بوران چىقسىمۇ ، يامغۇر ياغسىمۇ ، پىژغىرىم ئىسسىق بولسىمۇ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلاتتى . ھۆۋقۇش تاز ئۇنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە سۆرەشتۈرۈپ ئەكېلىپ قويۇپ ، كەچتە كاۋاپلىرىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن بىللە ئەكېتەتتى . نەزەر كۈن بويى مۈكچىيىپ ، خىيال بىلەن ئولتۇرغىنىغا يارىشا ، خېلى كۆپ پۇل تاپاتتى . بۇ دۇنيادا قولى ئوچۇق ، كۆڭلى يۇمشاق ساخاۋەتچى ئادەملەر تېخى بار ئوخشايدۇ . ئۇ باشقا دىۋانىلەردەك ۋارقىراپ نالە قىلمىسىمۇ ، باش ئۇرۇپ سەدىقە تىلىمىسىمۇ ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئۇنىڭ ناكار پۇتىغا ، بىچارە قىياپىتىگە قاراپ ، ئازدۇر ـ كۆپتۇر پۇل تاشلاپ ماڭاتتى ، لېكىن نەزەر بۇ پۇللارغا قاراپمۇ قويمايتتى ، بىر كۈندە قانچىلىك پۇل چۈشتى ، ئۇنىڭ ئۇچۇن پەرۋايى پەلەك ئىدى ، بۇ ھېساباتنى پەقەت ھۆۋقۇش تازلا بىلەتتى ، ئەمما ئازراقلا شېرىنكانىسىنى قايرىپ قېلىپ ، قالغىنىنى پۈتۈنلەي ھېيت ئاغىمىقا ئۆتكۈزەتتى…

بۈگۈن ئەتىگەن ھۆۋقۇش تاز نەزەرنى ئەكېتىۋاتقاندا ، نەزەر تولىمۇ مىسكىن ئاۋازدا ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى :

— خالمەت ئاكا ، يۇرتنى ، ئاتا ـ ئانامنى كۆرگۈڭ كەلمىدىمۇ ؟

بۇ تۇيۇقسىز سوئال ھەدېگەندە ھۆۋقۇش تازنى ھودۇقتۇرۇپ

قويدى. ئۇ كېتىۋاتقان يېرىدە چىپپىدە توختاپ، نەزەرىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن مەسۇم چىرايىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

راست، ئۇنىڭ يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسىنى كۆرگۈسى كەلمىگەنمىدۇ؟! ئۇنىڭ يۇرتى زادى نەدە؟ ئاتا - ئانىسى ھاياتمۇ؟!...

ئۇ ئەزەلدىن بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپقان ئەمەس! پەقەت يۇرت دەپ ئاتىلىدىغان، تۇغۇلۇپ توققۇز ياشقىچە ئويناپ چوڭ بولغان ئەگرى - بۈگرى كوچىلار بىلەن بىر - بىرىگە چاپلاپ سېلىنغان قىڭغىر - سىڭغىر ئۆيلەرلا ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە! ئۇ بۇ يەرلەرنى بەزىدە چۈشىدىمۇ كۆرىدۇ، ئويغىنىپ كېتىپ، شۇ يەرلەرگە كەتكۈسى، ئاشۇ سىرلىق، تار كوچىلاردا ئايلانغۇسى، ئاشۇ مېھرى ئىسسىق ئۆيلەرنى تاۋاپ قىلغۇسى كەپ كېتىدۇ! ...

ئۇنىڭ باللىق كۆزىدە، ئاتا - ئانا دەپ ئاتىلىدىغان ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ پەقەت خىرە - شىرە سىيماسىلا قالغان. پېشانىسىنى قورۇق قاپلىغان، ئۇزۇنچاق يۈزىدىكى ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئاق ئارىلىغان، كەم سۆز، خىيالچان بىر ئادەم ھەر كۈنى سۈبھىدە ئۈزۈم ۋە شاپتۇل قاچىلانغان غالتەك ھارۋىسىنى سۆرەپ چىقىپ كېتىپ، كەچتە قايتىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا خالمەت بىر ئاچىسى ۋە يەنە بىر ئۇكىسى بىلەن ئۇخلاپ قالغان بولىدۇ، قاچانلاردۇر دادىسىنىڭ يىرىك قوللىرى بىلەن باش - كۆزىنى سىلاپ ئەركىلەتكەنلىكىنى ئۇيقۇلۇق ئىچىدە سېزىدۇ...

ھەمىشە بېشىغا ئاق داكا رومال چىگىپ، قوشنا - قولۇملىرىنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىرىنى يۇيۇپ، كەچتە قولتۇقىغا ئىسسىق نان بىلەن بىرنەچچە سامسىنى تۈگۈپ كېلىپ، بالىلىرىنى مېھمان قىلىدىغان كۆيۈمچان، رايىش ئانىسىنىڭ تېرىسى يىرىكلەپ كەتكەن ئاقۇچ يۇمىلاق يۈزى، مۇڭلىنىپ قارايدىغان قاپقارا

كۆزلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ! ...

لېكىن ، ئاردىن ئون بەش يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ، ئاشۇ يىرىك قوللىرى بىلەن باش - كۆزىنى سىلاپ ، ئاتىلىق مېھرى - مۇھەببىتىنى بىلدۈرگەن جاپاكەش دادا ھاياتمىكىن ! ؟ ھايات بولسا ، نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ ؟ ! ھەمىشە بېشىغا ئاق داكا رومالنى چىگىۋالىدىغان ، قاپقارا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ قارايدىغان ئاشۇ كۆيۈمچان ئانىچۇ ؟ ! بۇ شەپقەتسىز يىللار ئۇنى كىشىلەرنىڭ كىرىنى يۇيۇشقا ، نېنىنى يېقىشقا سېلىۋېرىپ ھالىدىن كەتكۈزمىگەنمىدۇ ؟ !...

ھۆۋقۇش تاز پەقەت مۇشۇنچىلىك ئەسلەپ ، مۇشۇنچىلىكلا ئويلىيالايتتى ، ئۇنىڭ بالىلىق ئالىمىدە پەقەت شۇنچىلىك نەرسىلا ساقلىنىپ قالغانىدى . ئۇ بەزىدە ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ نەلەردە قالغان يۇرتىنى ، مىسكىن ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ بارالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنىسىمۇ ، ئەمما ئۆز تەقدىرىنىڭ مۇشۇنداق كاج ئىكەنلىكىگە تەن بېرىپ ، ھەممىنى ئۇنتۇشقا تىرىشاتتى ، ئەزەم چوڭ ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپ ئاشۇنداق ئويلاشقا ، ئاشۇنداق قىلىشقا ئۆگەتكەنىدى !...

— يۇرتۇمنى ، ئاتا - ئانامنى كۆرگۈم كەلسىمۇ ، مەندە نېمە ئامال ، نەزەر ! ؟ — دېدى ھۆۋقۇش تاز ئاخىر خىيالىدىن سەگىپ ، — مېنى ھازىر قويۇپ بەرسەڭ ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللەمنىڭ نەدىلىكىنى تاپالمايمەن ، ئاتا - ئانامنىڭمۇ ھايات يا ماماتلىقىنى ، نەلەردە يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن !...

— خالمەت ئاكا ، تېخى كۆزى ئېچىلمىغان كۈچۈك چېغىدا پۇراپ يۈرۈپ ئانىسىنى ئىزدەيدۇ !— دېدى نەزەر بىر خىل ئىچكى ئازاب بىلەن ، — لېكىن بىز ئادەممىغۇ ، ئادەم بالىسىغۇ ! ...

توۋا ، بالىنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئەۋلىياچە سۆز چىقىدۇ ، دېگەن گەپ راست ئىكەن - دە ! بۇنىڭغا ھۆۋقۇش تاز بۈگۈن راستتىنلا

قايىل بولدى . شۇ تاپتا ئۇ ، ناھايىتى چوڭقۇر خىجىللىق ، تەڭ-لىك ئىچىدە قالغانىدى ، ئۇ ئۆزىنى تونجى قېتىم مانا شۇنداق ناتىۋان ، ناخۇش ھالەتتە سېزىۋاتاتتى...

مانا شۇ قىسقىلا سۆھبەت كۈتۈلمىگەندە ، ھۇۋقۇش تازنىڭ قەلبىدە نەزەرگە نىسبەتەن بىر خىل ئاددىي ھېسداشلىق بىلەن ئاكىلارچە مېھىر - مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغاتتى ، ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا نەزەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى...

ئۇ نەزەرنى ئاسما كۆۋرۈك ئۈستىگە ئەچىقىپ ، كۈندە ئولتۇ-رىدىغان يېرىگە ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا بىر شېشە سۇ بىلەن شامالداپ قالغان بىر ناننى بېرىپ بولۇپ ، يەنە نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك ، سومكىسىنى ئاچتى ۋە ئۇنىڭدىن بۈگۈن ئەتىگەن خوتۇنى گۈلپەرى پىشۇرۇپ بەرگەن يوغان پوشكالنىڭ يېرىمى بىلەن بىر پىششىق تۇخۇمنى نەزەرگە ئۇزاتتى :

— بۇنىمۇ يەپ قورسىقىڭنى توق تۇتقىن ، ئۇكام ! — دېدى بىر خىل كۆيۈنۈش تەلەپپۇزى بىلەن ، — بولمىسا ، بۇ يەردە ئىستىق ئۆتۈپ ، شامال ئۇرۇپ كېسەل بولۇپ قالىسەن !

— بۇنى ئۆزۈڭ يە ، خالمەت ئاكا ! — دېدى نەزەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ ، — مەن چىدايمەن ، لېكىن سەن كەچكىچە كاۋاپ ساتىمەن دەپ جاپا چېكىسەن !...

لېكىن ھۇۋقۇش تاز زورلاپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى :

— ئال ئۇكام ، ئالە ! مېنىڭ قورسىقىم تويماي قالسا ، يەيدىغان كاۋاپ بار ، لېكىن ساڭا خۇدانىڭ ئاپتىپى بىلەن يامغۇ-رىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ...

ئۇلار بۈگۈن تولىمۇ ئىللىق ھەم مېھىرلىك كەيپىياتتا خوشلاشتى .

چۈشكىچە جاھان تىنچ ، ئاسايىش ئۆتتى ، نەزەرنىڭ «ئوقىتى» مۇ خېلى ئوبدان بولدى . ئەمما ، چۈشتىن كېيىن ھاۋا بىردىن بۇزۇلۇپ ، ئاسماننىڭ يۈزى يۈندى چاچقاندەك سەتلىشىپ

كەتتى . شامال سوٗرگەن قارا بوٗلوٗتلار تەرەپ ـ تەرەپتىن دەۋرەپ كېلىپ ، يورۇقلۇقنى يوٗتوٗپ كەتتى ، ئەتراپتا قويۇق مانان پەيدا بولدى ، ئارقىدىنلا يامغۇر تاراسلاپ يېغىپ كەتتى . بايىلا رەستە ـ كوچىلاردا تولۇپ يوٗرگەن غولغۇن ئادەملەرمۇ بىردەمدە تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ ، شەھەر بوشاپ قالدى ، پەقەت نەزەرلا يەنە شۇ ئاسما كوٗۋرۇكنىڭ ئوٗستىدە يامغۇرغا يوٗز توٗتوٗپ ئولتۇراتتى . ئوٗنىڭ ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان پۇللارمۇ يامغۇر سۇيىگە چىلىنىپ ، لەشتەك بوشاپ كەتكەنىدى...

يۇرەكنى سىقىدىغان سوغۇق يامغۇر توختىماي يېغىشقا ، ئەدەشكە باشلىدى ، ئوٗنىڭدىن باھار ئەمەس ، بەلكى كەچ كوٗزدىكى سىرىق قارنىڭ ھىدى كېلەتتى...

نەزەر دەسلەپ توڭلىدى ، كېيىن چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەن كىيىمىدىن يوٗمران ، ئاجىز بەدىنىگە ئوٗتوٗۋاتقان سوغۇق سوٗدىن ئەندىكىپ تىترەشكە باشلىدى . كىرپىكلىرى پۇچۇلۇپ ، كوٗزىنى ئاچالماي قالدى ، بۇرنى ئاچچىق ئېچىشىپ ، لەۋلىرى كوٗكىرىپ كەتتى ...

ئىككى ـ ئوٗچ سائەتكىچە قارا يامغۇرنىڭ ئاستىدا ھەرىكەتسىز ئولتۇرۇپ قالغان نەزەرنىڭ قەلبىنى ئەمدىلىكتە زىمىستان سوغۇق قاپلاپ ، كوٗز ئوٗڭى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى ...

ھوۋقوش تاز نەلەردىن ئالدىراپ كېلىپ ، ئوٗنى ئەكەتمەكچى بولغاندا ، نەزەر ئاللىقاچان ئوتتەك قىزىپ ، بىھوش ھالەتكە چوٗشوٗپ قالغانىدى ...

* *

نەزەرنىڭ قىزىتمىسى كېچىچە چوٗشمىدى ، ئوٗنىڭ ئوٗستىگە كالتە يوٗتىلىپ زادىلا ئارام تاپمىدى .

ئەتىسى ، ھوۋقوش تاز ئوٗنى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بول-

غاندا ، ھېيت ئاغماق قوپاللىق بىلەن توستى :

— ساراڭمۇسەن ! — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ ، — بۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ، ئۆزىمىزنى سازايى قىلماقچىمۇسەن ! ؟ ماڭ ، كوچىدىكى دورىخانىدىن قىزىتمىنى قايتۇرىدىغان دورىدىن بىر قۇتا ئەكېلىپ بەر ، شۇنى يەپ جىم ياتسۇن !

ھۇۋقۇش تاز ئىنتائەتگۈيلۇق بىلەن شۇنداق قىلدى . لېكىن نەزەرگە دورا كار قىلمىدى ، ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلاشتى ، ئۇ جىددىي خاراكتېرلىك ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانىدى . بىر - نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ ، گەۋدىسى چۆكتى ، بوينى بىلەن يەلكە گۆشلىرىمۇ قېچىپ ، كۆزلىرى ئىچ - ئىچىگە پېتىپ كەتكەندەك ، ئاجىزلاپ كەتتى...

نەزەر خۇددى سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندەك ، سەگەكلىك بىـ - لەن بىھوشلۇق ئوتتۇرىسىدا جان تالىشىۋاتقان كۆڭۈلسىز بىر ۋاقىتتا ، خىسلەت نەنخەيدىن قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ نەزەرنى كۆرمىگىنىگە خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى . ئۇ نەزەرنى بۇ ھالەتتە كۆرىمەن ، دەپ زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىگراپ ياتقان — رەھىمسىز كېسەللىك يەپ كېتىۋاتـ - قان ئون ئىككى ياشلىق بۇ بالا ئۆز - ئۆزىدىن ناھايىتىمۇ ناتىۋان ئىدى ، خۇددى دەرەختىن پىلدىرلاپ تۆكۈلگەن زەپىران ياپراققا ئوخشايتتى .

نەزەرنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالى خىسلەتنىڭ نازۇك قەلبىنى گويا زىمىستان قىشنىڭ قېلىن مۇزلىرىدەك مۇجۇپ ئۆتتى .

ئۇ نەزەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ گۆشلىرى سىزىپ كەتكەن ئىنچىكە قولىنى ئالىقىنىغا ئالدى ، ئۇنىڭ قولى مۇزدەك سوغۇق ئىدى ، گويا ئۇنىڭ جىسمى ھېلىلا مۇز گەمىسىدىن چىققاندەك بىلىنەتتى . خىسلەت ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ سالدى ۋە ئاچچىقىدا ۋارقىراپ ، ئۆينى بېشىغا كىيدى :

— ھۇ··· رەھمىسىز باغرى تاشلار ! نېمىشقا دوختۇرخانىغا ئاپارمايسىلەر؟ ! قاراپ تۇرۇپ كىچىككىنە بىر بالىنىڭ بېشىغا چىقماقچىمۇسىلەر !؟ سىلەرگە لەنەت ، سىلەرنى يەر يۇتقاي ، ئىلاھىم !···

ئۇنىڭ ۋارقىرىشىنى ، ئاچچىق گەپلىرىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمايتتى . ئەزەم چوڭ ئۇنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ ، يەنە كۆزدىن غايىب بولغانىدى ، ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن خۇمار- كۆز بىلەن موللاجىنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەيتتى . پەقەت ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى بىر ئۆيدە ھېيت ئاغماق كىم بىلەندۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . بىر چاغدا ، ئۇ خىسلەتنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن بىزار بولۇپ ، ئۇنىڭ يېنىغا كىردى ۋە قوپاللىق بىلەن ئۇنى جىملىمەك- چى بولدى :

— ئەمدى بولدى قىلىڭ ، خېنىم ! بۇ يەردە ۋارقىراش مۇسابىقىسى يوق ، بىكاردىن ۋارقىراۋېرىپ پوقاق بولۇپ قالماڭ ، يەنە !

خىسلەت ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ئالىيىپ سورىدى :

— نەزەرنى نېمىشقا دوختۇرخانىغا ئاپارمايسىلەر؟ !

— خاتىمىز ، بىلەمسىز ! جۇڭگودا ھەقسىز داۋالىنىش تۈزۈ- مى يوق ! — دېدى ھېيت ئاغماق پەرۋايىغىمۇ ئالماستىن ، — دوختۇرخانىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىڭىزلا پالان پۇل ، بۇ پۇلنى سىز چىقىرامسىز؟ ! نەزەر دېگەن بۇ شۇمتەك تېخى بوينىدىكى قەرزنى تۆلەپ بولغىنى يوق ، ئۇنىڭغا يەنە پۇل خەجلىسەك ، بۇ زىياننى كىم تۆلەيدۇ !؟ ھېلىمۇ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە دورا ـ دەرمەك ئېلىپ بەردۇق !

— سىلەر ئادەممۇ !؟ — دېدى خىسلەت ھېيت ئاغماقنىڭ بەدرەڭ تەلەتىگە نەشتەردەك قادىلىپ ، — سىلەردە مېھىر ـ شەپقەت دېگەن نېمە يوقمۇ !؟ ···

ھېيت ئاغماق مىيىقىدا كۈلۈپ ، خىڭىلداپ قويدى . ئۇ ، شۇ

ھەرىكىتى بىلەن بۇ يەردە مېھىر ـ شەپقەت دېگەن نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ، قىلچە مېھىر ـ شەپقەت قىلماسلىق بۇ يەرنىڭ ھاياتلىق مىزانى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەندى ! ...

شۇ كۈنى خىسلەت پۈتۈن بىر كېچە نەزەرگە ھەمراھ بولدى . ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ، ئۇ بىئارام بولغاندا ، ئازابلانغاندا ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى ، چاچلىرىنى سىلايتتى ، تەسەللى بېرەتتى ، يوپۇتاتتى ، تىنچلاندۇراتتى . لېكىن ، نەزەر ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمايتتى ، چۈشەنمەيتتى ، ھەتتا ئۇنى تونۇماس ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى .

تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە ، خىسلەتنى ئۇيقۇ باستى ، قانچىلىك ئۇخلىدىكىن ، بىر چاغدا يەنە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى ، نېمە ئۈچۈندۇر ۋەھىمىگە چۈشۈپ ، كارىۋاتتىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى . نەزەر جىم بولۇپ قالغانىدى ، خىسلەت ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ تۆپىسىگە ئېڭىشتى ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە يۈرىكى قاتتىق ئۇرغان ھالدا ، ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئېلىپ ، ئۇنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى . نەزەر يەنىلا جىم ئىدى ، خىسلەتكە بېشىنى بۇراپمۇ قارىمىدى ، گويا ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانغا ئوخشايتتى . خىسلەت ھامان تەلمۈرگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى ، ۋاقىت ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى ، ئاسمان بارا ـ بارا يورۇماقتا ئىدى . نەزەر بىر چاغدا خىرىلداپ ، ئىنجىقلاپ ، ئۆزىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىدىن شەپە بەردى . خىسلەت تىترىگەن قوللىرىنى سوزۇپ ، ئۇنىڭ بېشىنى ، يۈزىنى مېھىر بىلەن سىلاشقا باشلىدى . شۇ پەيتتە ، ئۇ بۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ قىلالىسۇن ! ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قانداقتۇر بىر خىل ئەنسىزلىك ، قورقۇش ۋە ۋەھىمە ئىچىدە تىترەشكە باشلىدى ، بىردىن خۇددى پۈت ـ قولىدا جان قالمىغاندەك ھالسىراپ قالدى ، ئاللىقانداق چەكسىز ، باش ـ ئايىغى يوق بىر غەم ـ غۇسسە ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى ...

شۇ ئارىدا ، ئاسمان پۇتۇنلەي ئاقاردى ، سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ ، ئۆي ئىچى گىرىمسەن يورىدى . خىسلەت نىھايەت بېشىنى سامان تەكيىنىنىڭ بىر چېتىگە قويدى ، ماجالسىز قولى بىلەن نەزەرنىڭ ئورۇق بەدىنىنى سىلىدى ، يۈزىنى ئۇنىڭ قان دىدارى يوق ئاپئاق يۈزىگە ياقتى ، نەزەرنىڭ كۆچ ـ مادارى تامامەن قۇرۇغان ، تېنىدە ھايات ئۇچقۇنلىرى ئارانلا پىلدىرلاپ قالغاندەك ئىدى ...

خىسلەتنىڭ كۆزلىرىدىن قۇيۇلغان ياش نەزەرنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزىگە ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى...

شۇ چاغدا ، نەزەر قۇرۇپ ، گەز باغلاپ كەتكەن قانسىز لەۋلىرىنى ئاجىز مىدىرلىتىپ ، بىر نەرسىلەرنى شىۋىرلىغاندەك بولدى ، خىسلەت قۇلىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئاپاردى ۋە ئۇنىڭ شىۋىرلاپ قىلغان سۆزىنى خېلى ئېنىق ئاڭلىدى :

— ئاچا ... سىز ... قۇرئاننىڭ ... ئايەت ... لىرىدىن ... بىرەرنى ... بىلەمسىز ؟ ...

بۇ تۇيۇقسىز سوئالدىن ھەيران بولغان خىسلەت چىپپىدە توختاپ قالدى ۋە يەنە دەرھال ئېسىنى يىغىپ ، ئاستا جاۋاب بەردى :

— بىلىمەن ئۇكام ، بىرنەچچە ئايەتنى بىلىمەن ... ئانام ئۆگەتكەن ... نېمە بولدى ؟ ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ ، نەزەر ؟

— ئۆزۈمچە... ، — ئۇنىڭ يەنە بىر ھازاغىچە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ، كېيىن ناھايىتى تەستە يەنە شۇنداق زەئىپ ، مۇڭلۇق ئاۋازدا پىچىرلىدى ، — ئاچا... ئېسىڭىزدە بولسۇن... ئالمادىس... ماڭا... بىرەر ئىش... بولۇپ قالسا... قۇرئاندىن... بىرەر كەلىمە... ئايەت...

خىسلەتنىڭ يۈرىكى ئېرىپ كېتىدىغاندەك «شۇۋ» قىلىپ كەتتى ، ئۇ نەزەرنىڭ بېشىنى قولىغا ئېلىپ ، تەسەللى بەرمەكچىدەك ئاغزىنى ئۆمەللەپ ئۇنىڭغا قارىۋىدى ، ئۇنىڭ چاناقلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن خۇنسىز كۆزلىرىدە لىققىدە ياش تۇرغانلى-

قىنى كۆرۈپ ، كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى ۋە قىلماقچى بولغان گەپلىرى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالدى .

— ئاچا... شۇنداق... قىلىڭ... ، — نەزەر يەنە شۇ گەپنى تەكرارلىدى ، ئەمما بۇ قېتىم ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ كەتتى ، — بىر... كەلىمە... ئايەت... ئوقۇپ...

نەزەرنىڭ بېشى شىلىقىدە قىلىپ ، خىسلەتنىڭ ئېتىكىگە چۈشتى ، خىسلەت قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى قەبرىستانلىقتىن چىققان غەيرىي سادادەك مۇدھىش ئاڭلاندى :

— نەزەر ! ... جېنىم ئۇكام ! ...

ئادەم ئۆلۈم بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئەبەدىي ھۆرلۈككە ئېرىشىدۇ ، دەيدىكەن . راست ، نەزەر شۇنداق بولدى . مانا شۇ گىرىمسەن ، جىمجىت تاڭدا ، تۇتقۇنلۇقتا تونۇشقان ، ئۆزىگە ئوخشىغان بىر ناتىۋان ئاچىسىنىڭ قۇچىقىدا ئەبەدىي تىنچلىققا ئېرىشىپ ، بۇ دۇنيانىڭ جەبىر - جاپالىرىدىن مەڭگۈ ئادا - جۇدا بولدى ! ئەمما ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى خىسلەتنى قاتتىق ئېچىندۇردى ، ئۇنىڭ دەردكە تولغان يۈرىكى تېخىمۇ ئازاب بىلەن ئىڭراشقا باشلىدى . ئەمما ، يىراقتا... نەزەرنىڭ يۇرتىدا نەچچە ئايدىن بېرى ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئازابى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى . تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن يالغۇز ئوغلىنىڭ دەردىدە بىتاب بولۇپ ، يۈرەك پارىغا تارتىشىپ ئۆلەلمەي ، كۈن ساناپ ياتقان بىر مۇشپىق ئانىنىڭ پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلىرىمۇ ئەنە شۇ ئۆلۈم بىلەن تەڭ يەر بىلەن يەكسان بولغانىدى !...

ئۆمۈر دېگەن شامال ئالدىدىكى چىراغ ئىكەن . نەزەرنىڭ ھاياتلىق چىرىغى ئەنە شۇنداق ئاسانلا — لىپ قىلىپ ئۆچتى ، تۈگىدى . ئەمما ، كۆيگەن دەرەخنىڭ كۆتىكى قالغاندەك ، ئۇنىڭ ئىرادىسى ، غۇرۇرى ، ئىنسانى ھاياتلار ئارىسىدا كۈچلۈك چۇقان بولۇپ قالدى !...

بۇ چۇقاننىڭ تەسىرىگە چوڭقۇرراق ئۇچرىغانلارنىڭ بىرى

ھۆۋقۆش تاز ئىدى . نەزەرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ، ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ئېسىنى يىغالماي يۈردى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، بالا ئۆلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تارتقان ئازابلىرى ، كۆز ياشلىرى ، ئاھۇ پەريادلىرى تىرىكتەك ئىدى . ھۆۋقۆش تاز- نىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئۇيقۇسىزلىقى ، غەلىتە چۈشلىرى ، قارا بېسىپ ئۆندەرەشلىرى ، ئۆزىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەي مەج- نۇنلارچە يۈرۈشلىرى ئەنە شۇنىڭدىن ئىدى . ئۆلۈكنىڭ چاڭگىلى كۈچلۈك بولىدۇ ، دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ . نەزەر ئۆلگەن بىلەن گويا ئۇنىڭ نازۇك قوللىرى ھۆۋقۆش تازنىڭ بوغۇزىدىن قاتتىق قىسقانچە قېتىپ قالغانغا ئوخشايتتى . شۇڭا ئۇ ، بەزىدە نەپەس ئالالماي ، قىينالغاندەك بولاتتى !...

نەزەرنىڭ ئۆلۈمىدە ، ھۆۋقۆش تاز ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېساب- لايتتى . ئەگەر ئۇ ، ئاشۇ كۈنى چۈشكىچە كاۋاپلىرىنى سېتىپ بولۇپ ، كاۋاپدانىنى ئۆيگە ئەكېلىپ قويۇش ئۈچۈن كېلىپ ، غەپ- لەت ئۇيقۇسىدا شۇنچە ئۇزۇن ئۇخلاپ كەتمىگەن بولسا ، نەزەر شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت يامغۇردا قالمىغان بولاتتى ! بۇنى ئاز دېگەن- دەك ، ئۇنى ۋاقتىدا داۋالىتىش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقالمى- غانلىقى ئۇنىڭ يەنە بىر چوڭقۇر ھەسرىتى ئىدى !

نەزەرنىڭ ئۆلۈمىدە تېخىمۇ بەتتەر بولغىنى ، بۇ كۆڭلى قارا بەتبەخلەر ئۇنىڭ ئۆلۈكىگىمۇ «خروئىندا زەھەرلىنىپ ئۆلگەن» دېگەن بەتنامىنى چاپلاپ ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئالدىغانلىقى ئىدى . ھۆۋقۆش تاز ھەرقانچە ئويلىسىمۇ ، بۇ كازززاپلىقنى كاللى- سىدىن ئۆتكۈزەلمەيتتى . شۇنىڭغا قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق رەزىللىك ، ساختىلىق ، ئالدامچىلىق كېلىدىكەن ! بۇ- نى تېخى ھۆۋقۆش تاز تولۇق چۈشىنىپ ، كۆرۈپ يېتەل- مەپتۇ !...

ھۆۋقۆش تاز ئەمدى ھەرقانچە ئويلىسىمۇ ، ئۆزىنى ئەيىبلى- سىمۇ ، ئۆكۈنۈپ ، ھەسرەت چەكسىمۇ ، بولار ئىش بەربىر بو-

لۇپ بولغانىدى .

شۇنداق ئەقىللىق ، ئىرادىلىك ، شۇنداق مەسۇم بىر بالا بۇ يورۇق دۇنياغا تۆرىلىپ ، تېخى ئۆمرىنىڭ ئون ئىككى باھارىنى تۇگەتمەيلا ، يەنە بۇ دۇنيادىن شۇنداق ئېچىنىش ، شۇنداق پاجىئە بىلەن ئۇن - تىنسىز كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ جەسىتى «غېرىب كېپەن» بولۇپ ، تاغۇ تاشلار ئارىسىدا قالدى . ئۇنى كىم ئۆلتۈردى ! ؟

مانا بۇ قاباھەتلىك سوئال باشقىلار قاتارى ، ھۇۋقۇش تازنىڭ يۈرىكىگىمۇ ئاچچىق ئەلەم بولۇپ ئورناپ قالدى ! ...

## 4

بۈگۈن ھۇۋقۇش تاز ئۈچۈن تولىمۇ غەلۋىلىك كۈن بولدى .

ئەتىگەندە بىر سومكا ئۆچكە گۆشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇتۇقنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى ، ئۇ سومكىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ ۋارقىراپ كەتتى :

— ئەمدى مېنى قويۇۋېتىش ! بولمىسا بۇ يەرگە ئوت قويۇۋېتىمەن !

كەم تاماق ، چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن ئۇتۇقنىڭ ھازىر چاچلىرى ھۈرپىيىپ ، چېكە تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققان ، قوۋزى چۆكۈپ ، قىڭراقنىڭ بىسىدەك ئۇچلىنىپ چىققان قاڭشىرى ، قىزىرىپ قالغانىدى . گەپ قىلسا ، ئاۋازى بوغۇزىدىن خىرقىراپ ، خۇددى ئازاب چېكىۋاتقان ، ئېغىر يوللارنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئادەمدەك ماجالسىز چىقاتتى . ئۇ ، مانا شۇ كونا ، خىلۋەت يەر ئاستى ئۆيىگە نەزەربەند قىلىنغاندىن بۇيان ، ھەر كۈنى ھۇۋقۇش تاز ئەكىرىپ بەرگەن بىرنەچچە كىلو گۆشنى توغراپ ، زىخقا ئۆتكۈزۈپ تەييارلاپ بېرەتتى ، بۇنىڭ ھېسابىغا ھۇۋقۇش تاز ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچە ئاش - تاماق يەتكۈزۈپ بېرەتتى . بەزى

كۆنلىرى تۆيۇقسىز ھېيت ئاغماق بۇ يەردە پەيدا بولۇپ ، ئۇنى كۆزىتەتتى ، سەل ـ پەل غوۋغا كۆتۈرسە ، پۇتىنى زەنجىر بىلەن باغلاپ قوياتتى…

بۈگۈن ئۆتۈقنىڭ چۈشى بۇزۇلدىمۇ ياكى پىغانى توشتىمۇ ، يەنە غوۋغا كۆتۈردى ، ئاغزىغا كەلگەن گەپلەر بىلەن ئەزەم چوڭ-نى ، ھېيت ئاغماقنى ، ھۇۋقۇش تازنى تىللىدى ، قارغىدى ، ئۇلارنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى ، ھامان بىر كۈنى ئۆچ ـ ئىنتىقامىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى …

— قاراپ تۇرۇش ، خۇمسىلار ! — دېدى ئۇ ئاخىر ئۆز ـ ئۆزىگە ئەھدە قىلغاندەك قەھرلىك تەلەپپۇزدا ، — سەنلەرنى سو-راق قىلىدىغان يەر بولمىسا ، مەن سوراق قىلىمەن ! جېنىمنى تىكىپ قويدۇم ، سەنلەردىن ھېساب ئالىدىغان كۈن ئاخىر كېلى-دۇ ، چوقۇم كېلىدۇ !…

شۇ گەپلەردىن كېيىن ، گويا ئۇنىڭ ئىچى بوشىغاندەك ، ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتى . چىرايىنى ئايانچلىق پۈرۈشتۈ-رۈپ ، تام تۈۋىدە ھارغىن ئولتۇرۇپ قالدى . ھۇۋقۇش تاز ئىشىك-كە يېقىن كېلىپ ، بىر غېرىچ چوڭلۇقتىكى كۆنگۈردىن ئۇنىڭغا قارىدى ۋە بىر خىل ئوڭايسىزلانغان ، خىجىل بولغاندەك تەلەپ-پۇزدا :

— ئۆتۈق ئاكا ، مەندە نېمە ئامال ! ؟ — دېدى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ .

ئۆتۈق ئۇنىڭغا سەپسالدى ، ئۇنىڭ بىچارىلىك ، ناتىۋانلىق چىقىپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ ، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشى-دى . دېمىسىمۇ ، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ ؟ ئۇ بىر ئاجىز غال-چىغۇ ! ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ ھازىرغىچە ئۆتۈققا يامان نىيەتتە ، يامان خىيالدا بولۇپ باققىنى يوق ، قولىدىن كېلىشىچە ياخشى مۇئامىلىدە بولدى ، ھەتتا ئۆتۈقنىڭ بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ غەي-لەت ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، ئادەمچە ياشاش توغرىسىدا قىلغان

خىلى قاتتىق تەربىيە ـ تەنبىھلىرىنىمۇ ئىغىر ئالمىدى ، بەلكى بۇگۇنكىدەكلا بىشىدى تۆۋەن سىلىپ ، رايىشلىق بىلەن ئاڭلىدى...

— سەندىن ئاغرىنمايمەن ، خالمەت ! — دىدى ئۇتۇق ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىھىر بىلەن قاراپ ، — سەن بىر قول ، گويا ئۇلار تىزگىنىدەك بىلەن باشقۇرىدىغان بىر بويۇم ! ئەقلىڭ بار ، لىكىن ئۆز پىكرىڭ يوق ! يۈرىكىڭ ئۇرۇپ تۇرىدۇ ، ئەمما ھىممىتىڭ يوق ! سەن بۇنداق كىتىۋەرسەڭ بولمايدۇ ، ئۇكام ! كۆتۈگگە پالاس سىلىپ بەرسە ، يۇمشاقكەن دەپ ، ئاستىڭدىن سۇ قويۇپ بەرسە ، سالقىنكەن دەپ يۈرۈۋەرسەڭ بولمايدۇ ، ئاز ـ تولا ھو-شۇڭنى تىپىپ ، ئادەمدەك ئەركىن ، ئازادە ياشاشنى ئۆگەن !...

ھۇۋقۇش تاز بۇگۇن ئەتىگەندىلا مانا مۇشۇنداق — دەسلەپ غەزەپ بىلەن ئىيتىلغان تىل ـ ھاقارەت ، كىيىن كۆيۈنۈش بىلەن ئىيتىلغان يۈرەك سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، كۆڭلى خىلى پاراكەندە بولدى . ئۇتۇقنىڭ كىيىنكى سۆزلىرى گويا كىسەللىك ئوچىقىنى تاپقان دورىدەك ، ئۇنىڭغا ھەم ئاچچىق ، ھەم شىپالىق بىلىندى . ئۇ خىلى ۋاقىتقىچە بۇ سۆزلەرنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىدى ، كۆڭلىدە ھەر خىل سوئاللار تۇغۇلدى ، ئۆزىچە جاۋاب ئىزدىدى ، ئەمما لايىقىدا جاۋاب تاپالماي ، تولا ئويلاپ مىڭىسىگە قاداق كى-رىپ كەتتى . ئۇ ئەنە شۇنداق خىيالچان ، چۈشكۈن روھىي ھالەتتە كاۋاپچىلىق قىلىپ يۈرۈپ ، چۈشتە بىر بىغەرەز خىرىدار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى . ئەگەر ئەتراپتىكىلەر ئىككىسىنى ئايرىپ ، جىد-دەلنى بىسىقتۇرمىغان بولسا ، بەلكىم ھۇۋقۇش تاز بۇ جىدەلخور گۇپچەكتىن قاتتىق ئەدەپ يەپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى !...

بۇ ئىشلارنى ئاز دىگەندەك ، ھۇۋقۇش تاز كەچتە ھىرىپ ـ ئىچىپ ئۆيگە كەلگەندە ، يەنە بىر پالاكەتنىڭ ئۇستىدىن چۈشتى :

تۇغۇتى يىقىنلاشقان گۇلپەرى كارىۋاتتا ئىككى پۈكۈلۈپ ، ۋايجانلاپ ياتاتتى . ئىشتىنى ، كۆڭلەك پىشى ۋە كارىۋاتتىكى

ئەدىيال نەدىندۇر ئاققان ئاللىقانداق سۇيۇقلۇق بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىدى …

خوتۇنىنىڭ ئەھۋالى ھۇۋقۇش تازنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ئۇ كارىۋاتنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ، نىمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. خوتۇنى ھەدەپ ۋارقىراپ، ئۇنى تىخىمۇ ئەنسىزلىككە سېلىۋەتتى:

— ۋايجان … مەن بولالمىدىم… ئۆلىدىغان ئوخشايمەن … ۋاي داد! …

ھۇۋقۇش تازنى ۋەھىمە باستى: تۇغۇتنى جەڭ دېيىشىدۇ، جەڭ ئىككەن، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەيدىغان گەپ! مۇبادا… ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ، نەچچە ئايدىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن بولغۇسى پۇشتى ـ پاناھىدىن ئايرىلىپ قالسا… ۋاي خۇدايىمەي!… بۇنىڭغا ئادەم قانداق چىدايدۇ!؟… گۈلپەرىچۇ؟ ئۇنىڭ ئەھۋالى نىمە بولىدۇ؟!… قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟!…

ھەر ھالدا ھۇۋقۇش تازنىڭ كاللىسى ئىشلەپ قالدى، شۇنچە جىددىيلىك، تېخىرقاش ئىچىدىمۇ، ئۇ يەر ئاستى ئۆيىدىكى ئۇتۇقنى خىيالىغا كەلتۈردى، ئۇنىڭ دوختۇرلۇقىنى ئېسىگە ئالدى. دەرھال ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ، ئاستىنقى قەۋەتكە گۈلدۈرلەپ چۈشۈشكە باشلىدى، ئەمما يېرىم يولغا كەلگەندە، خۇددى بىرى شىللىسىدىن كۈچەپ تارتقاندەك، بىر پۇتى ئاستىنقى، بىر پۇتى ئۈستۈنكى پايىدە توختاپ قالدى. كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە: «ئۇ قېچىپ كەتسە قانداق قىلىمەن!؟» دېگەن سوئال يالت قىلىپ ئۆتتى. بۇ سوئال ئۇنىڭ تېپىچەكلەپ تۇرغان ئوتتەك يۈرىكىنى سوۋۇتۇۋەتتى، تېخى بايىلا كۆڭلىگە يورۇقلۇق بەخش ئەتكەن ئۈمىدلىرىمۇ خىرەلەشتى. راستتىنلا، ئۇتۇق بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتسە، ھۇۋقۇش تاز بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى! لېكىن… لېكىن

هازىر بۇلارنى ئويلاشنىڭ ۋاقتىمۇ؟! گۈلپەرىنىڭ، بۇ دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان يېڭى بىر جاننىڭ تەقدىرى قىل ئۇستىدە تۇرۇۋاتـ-سا، بۇنداق بىھۇدە خىياللارنى قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى!؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ تاپتا ھۇۋقۇش تازنىڭ ئوتتۇقتىن باشقا بىرەر نىجاتـ-كارى بارمىتى؟! ئۇ، بۇ ئەتراپتىكى دوختۇرخانىلارنى بىلمەيدۇ، بىلگەن تەقدىردىمۇ، مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتىمەي تۇ-رۇپ، توغۇت بۆلۈمىگە كىرگىلى بولمايدۇ، بۇ دېگەن نازۇك سىياسەت مەسىلىسى! يەنىلا ئوتتۇقنى تېپىش كېرەك، قارىغاندا، ئۇ ئۇنچىلىك نامەرد يىگىتلەردىن ئەمەس، ھەرگىزمۇ باشقا بىرد-نى ئوتقا تىقىش ھېسابىغا راھەت كۆرىدىغان ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ!...

ھۇۋقۇش تاز يولنى داۋاملاشتۇردى، بەلكى تېخىمۇ تېز قەدەملەر بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئوتتۇقنى توۋلىدى:

— ئوتتۇق ئاكا، گۈلپەرى بولالماي قالدى!

ئوتتۇق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمە بولدى؟ خالمەت، ئالدىرىماي سۆزلە، گۈلپەرىگە نېمە بولدى؟

ھۇۋقۇش تاز كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ئالدىراپ، ھولۇقۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى، ئوتتۇق ھەممىنى چۈشەندى ۋە ھۇۋقۇش تازغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بالىنىڭ باش سۈيى يېرىلىپتۇ، تولغاقمۇ سەل بۇ-رۇن تۇتۇپتۇ ... ئەمما قورقما، چوڭ ئىش يوق، ئامالىنى قىلىمىز! ...

ھۇۋقۇش تاز يوغان قولۇينى داراڭشىتىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىككىسى ناھايىتى تېزلىكتە ئۇستىگە — ھايات ـ ماماتلىق كۈرد-شى قىلىۋاتقان گۈلپەرىنىڭ قېشىغا چىقتى. گۈلپەرى بايىقىدەكلا ئازاب ئىچىدە تولغىنىپ، ئۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا تاشلاپ ئىڭراپ ياتاتتى.

ئۆتۆق ئۇنى ئىنچىكە تەكشۈردى، تومۇرنى تۇتتى، نەپىسىنى تىڭشىدى، كۆزىگە قارىدى، قورسىقىنى سىلاپ، ھامىلىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتى. ئەھۋال ئۇنچىمۇ خەتەرلىك ئەمەس، شۇنداقلا، ئۇنچە ئاسانمۇ ئەمەس ئىدى.

— يېقىن ئەتراپتا دورىخانا بارمۇ؟ — سورىدى ئۇ ھۇۋقۇش تازدىن.

— بارغۇ دەيمەن، — دېدى ھۇۋقۇش تاز مۇجمەل تەلەپپۇزدا، — بىر چاغدا دورا ئالغاندەك قىلىۋىدىم، بۇ يەردىن بىر كوچا نېرىدا...

— ئۇنداق بولسا... ، — دېدى ئۆتۆق ھۇۋقۇش تازغا بىرمۇ بىر جېكىلەپ، — سەن دەرھال بېرىپ، بىر پارچە دېزىنفېكسىيىلەنگەن رەخت، دوختۇرلار ئىشلىتىدىغان بىر جۈپ پەلەي، بىر شېشە ئىسپىرت، بىر دانە قايچا ئېلىپ كىرگىن. قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى!

ھۇۋقۇش تاز «ماقۇل» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئەمما ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر چىرايىنى بىر قىسما پۇرۇشتۇرۇپ توختاپ قالدى.

— نېمە بولدى؟ — سورىدى ئۆتۆق ئالدىراپ، — بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ تېزرەك بولساڭ بولاتتى ...

— ئۆتۆق ئاكا ... ،— ھۇۋقۇش تاز تىلىنى چاينىدى، — سىز ...

ئۆتۆق دەرھال چۈشەندى ۋە ھۇۋقۇش تازغا كايىغاندەك ۋارقىرىدى:

— خالەمت، بىلىپ قوي! مەن بىر دوختۇر، قولىدا كېسەل تۇرسا، تاشلاپ كېتىدىغان نامەرد، ناكەسلەردىن ئەمەسمەن!

ئۆتۆقنىڭ ئاۋازىدىكى قەتئىيلىك بىلەن قەھر ھۇۋقۇش تازنى سەگىتىپ قويدى، ئۇ ئالمان ـ تالمان ئىشىكنى ئېچىپ، بىنادىن گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ ھايال ئۆتمەي ، ئۇتۇق بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقـ-
تى . ئەپتىدىن يۇگۇرۇپ بېرىپ ، يۇگۇرۇپ كەلگەندەك قىلاتتى ،
ئەڭنىدىكى ناۋات رەڭ كۆڭلەك تەردىن شورلاپ ، دۇمبىسى پۇتۇنـ-
لەي چەل بولۇپ كەتكەندى .

ئۇتۇق ئىشنى باشلىۋەتتى ، ئۇنىڭ ھەربىكەتلىرى شۇنداق
قائىدىلىك ، چاققان ھەم ئىدىتلىق ئىدى . ئۇ ، گەرچە تۇغۇت
دوختۇرى بولمىسىمۇ ، ئەمما ، ئوقۇش پۇتتۇرۇش پراكتىكىسى
ۋاقتىدا ، بىرەر ئايدەك تۇغۇت بۆلۈمىدە ئىشلىگەنلىكى بۇگۇن
ئۇنىڭغا تازا ئەسقاتتى . شۇغىنىسى ، گۇلپەرىنىڭ تۇغۇتى ئانچە
ئوڭۇشلۇق بولمىدى ، بالىنىڭ كىندىك شوينىسى بوينىغا ئوردـ-
لىپ قېلىپ ، تۇغۇتنىڭ خېيىمخەتىرىنى ئاشۇرۇۋەتتى ، سەللا
بىخەستىلىك قىلىنسا ، بوۋاق بوغۇلۇپ ئۆلۇپ قالاتتى...

ۋاقىت سوزۇلغانسېرى ، گۇلپەرىنىڭ ئاۋازىمۇ كۇچىيىپ
كەتتى ، ئۇ تولغىناتتى ، ئىڭرايتتى ، ۋارقىرايتتى ، ھەتتا ئۆزدـ-
نىڭ بىلەكلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى . بۇنىڭغا قاراپ ھۇۋقۇش
تازمۇ جىددىيلەشتى ، بىئارام بولدى ، پېشانىسىنى تەر باستى ،
كۆزلىرى بىر نۇقتىدا تىك تۇرماي بىسەرەمجان تىكىلەتتى ، ئۇـ-
نىڭدىن بىر چىگىش تەخىرسىزلىك ئەكس ئېتەتتى ، ئۇنىڭ نىگاـ-
ھى بىردەم ئايالىغا ، بىردەم ئۇتۇققا كۆچەتتى...

ئۇتۇق ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ، بۇنداق پەيتتە ، ئۇ ئۆزىنى يوقىـ-
تىپ قويسا ، چاتاقنىڭ چوڭى چىقىشى مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ئۇ ،
سەۋرچانلىق ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇتۇن زېھنىنى ، ئەقىل ـ
پاراستىنى ، تېخنىكىسىنى ئىشقا سالدى . يۈز ـ كۆزلىرىنى
مونچاق ـ مونچاق تەر بېسىپ كەتتى...

خۇداغا شۇكرى ، ئۇنىڭ تەرى بىكار ئاقمىدى ، ئاخىر مۆجىـ-
زە يۈز بەردى ، ئالاھازەل بىرەر ـ ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ،
پاقلاندەك بىر ئوغۇل بوۋاق ئىڭەلەپ يەرگە چۇشتى ، بىھوش
ھالەتكە كېلىپ قالغان گۇلپەرى بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، كۆزـ-

لىرىنى ھالسىز ئاچتى ۋە ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى...
ئوغلىنىڭ ساق ـ سالامەت تۇغۇلغانلىقىنى كۆرگەن ھۆۋۇ- قۇش تازىنىڭمۇ تۇنجى قېتىم يۈزىدە بەختىيارلىق كۈلكىسى پار- لاپ، كۆزلىرىدە تەنتەنە شولىسى چاقناپ كەتتى! ئۇ، ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ئۆزلۈكىدىن راھەتلىنىپ كۈلۈپ باقمىغانىدى. ئەگەر كۈلگەن دېيىلسە، پەقەت بىرىنىڭ قولى بىلەن غىدىقلىنىپ كۈلگەنىدى. بىر قېتىم بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا كۈل- مەيسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، چوڭ- قۇر بىر ئۇھسىنىپ تۇيغۇ بىلەن: «مېنى كۈلۈشنى بىلمەيدۇ، دەم- سەن؟ ياق، مېنىڭمۇ ھەمىشە قاقاقلاپ، تېلىقىپ كۈلگۈم بار. ئەمما، مېنىڭ مۇشۇ ئۆمرۈمدە كۈلگۈدەك ئىش بولدىمۇ!؟ قايسى خۇشاللىق، قايسى بەخت ئۈچۈن كۈلەي!؟» دېگەنىدى.
ئەمما، بۈگۈن ئۇ كۈلدى، راستتىنلا كۈلدى، كۈلگەندىمۇ شۇنداق بەختىيار، مەغرۇرانە ھالەتتە كۈلدى، ئۇنىڭ كۈلكىسى تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە شۇنچىلىك باي ئىدى! ...
ئۈتۈق كۆزلىرىنى سەل يۇمغان ھالدا، قانداقتۇر بىرنېمىگە مەستانە بولغاندەك، ھۆۋۇقۇش تازغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇرات- تى! ...

* *

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ھۆۋۇقۇش تاز يەنە ئۈتۈقنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىلتىماس قىلدى:
— ئۈتۈق ئاكا، ئوغلۇمنىڭ جېنىنى سىز قۇتقۇزۇپ قالدى- ڭىز، ئەمدى ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ سىز قويۇپ بېرىڭ!
ئۈتۈق رازى بولدى:
— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا مېنى بوشات، ئوغلۇڭنىڭ ئىس- مىنى ئەزەلدىن كەلگەن قائىدە ـ ئۆدۈم بويىچە قويايلى!

ھۆۋقۇش تاز بۇ قېتىم ئىككىلىنىپ تۇرمىدى ، دەرھال يوغان ئىشكەل قۇلۇپنى ئېچىپ ، ئۇتۇقنى چىقاردى ، ئۇلار بىللە ئۇستىگە چىقتى .

گۇلپەرى خېلى ياخشىلىنىپ قالغانىدى ، ھۆۋقۇش تاز ئۇچ كۈندىن بېرى ئۇنى ئۇتۇقنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ، دورا ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن ئوبدان پەرۋىش قىلغانىدى . ئۇ ، ئۇتۇقنى كۆ-رۇپ بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى ، ئۇتۇق ئۇنى قولى بىلەن جىملەپ :

— قوزغالماڭ سىڭلىم ! — دېدى ئاستاغىنا ، — ياخشى بوپ قاپسىز !

— سىزگە رەھمەت ، ئۇتۇق دوختۇر ! — دېدى گۇلپەرى ھاياجاندىن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ،— ئانا - بالا ئىككى-مىزنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز ، خۇدايىم سىزنىڭ ئىشى-ڭىزنىمۇ ئاسان قىلار ! …

ئۇتۇق بوۋاقنى قولىغا ئالدى . ئۇنىڭغا ھەۋەسلەندى . توۋا ، ئادەم بالىسى دېگەن ئەجەب بولىدىكەن - ھە ! ؟ تېخى تۈنۈگۈنلا بەئەينى بىر تال قىزىل قۇرتتەك مىلىقلاپ تۇراتتى ، مانا بۈگۈن رەسمىي ئادەم سىياقىغا كىرىپ ، يىگىتلەردەك ۋىلىقلاپ تۇرۇپ-تۇ . كىچىك بالا كۈندە نەچچە خىل ئۆزگىرىدۇ ، دېگىنى راست ئىكەن - دە !…

ئۇتۇق ئۇنىڭ سۇزۇك ، سىلىق ، يۇمران بەدىنىنى سىلاپ تۇرۇپ خىيالغا كەتتى . شۇ دەقىقىدە ئۇ خىسلەتنى ئەسلىدى ، خىسلەت بىلەن ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇنداق ئوماق ، تاتلىق پەرزەنتلىرى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلدى ، يۈرىكىنى بىر نەرسە قاتتىق سىققاندەك ، ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ كەتتى…

— ئۇتۇق ئاكا ، ئوغلۇمغا قانداق ئىسىم قويىسىز ؟ — ھۆۋقۇش تازنىڭ ئاۋازى ئۇنى خىيالدىن سەگىتەتتى .

— ھە··· مۇنداق قىلايلى ،— دېدى ئۇتۇق ئېسىدىن يىغىپ ،— ئاۋۋال بىر ـ ئىككى مېتىر كەلگۈدەك پاكىز رەخت تاپقىن ، ئۇ جايناماز بولسۇن ، شۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، ئوغلۇڭنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان ، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ ئىسىم قويىمىز .

ئۇتۇق بىر پارچە ئاق رەخت ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ، بوۋاقنى قولىغا ئالدى ۋە بىر خىل ئاكىلىق مېھرى بىلەن :

— ئىنسان بۇ دۇنياغا ئەركىن ، ھۆر تۆرەلگەن ! — دېدى ھۇۋقۇش تاز بىلەن گۈلپەرىگە قاراپ ، — لېكىن سىلەر بىر مەزگىل ئەركىنلىكلەرنى يوقىتىپ ، باشقىلارغا قۇل بولدۇڭلار ، ئەمما سىلەرنىڭ بۇ پۇشتۇڭلار — بۇ سەبىي ، مەسۇم ، پاك پەرزەنتىڭلار ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك . مۇشۇ ئوغۇل بولسىمۇ ، ئەركىن ـ ئازادە ياشىسۇن ، شۇڭا ، ئۇنىڭغا «ئەركىن» دەپ ئىسىم قويايلى !

ئۇتۇقنىڭ ئىچكۆيەرلىك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ھۇۋقۇش تازنى يەنە بىر قېتىم ئويغا چۆمدۈردى ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى خۇددى تىپتىنچ كۆلگە تۇيۇقسىز تاش چۈشكەندەك چايقىلىپ ، خېلى ۋاقىتقىچە تىنچلانمىدى···

ئاددىي ۋە قىسقىلا بولغان ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئاخىرلاشتى .

ئەركىن قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تەبرىكلەندى . مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ، ئۇ بۇ ناتىۋان ئائىلىنىڭ خۇشاللىقى ، بەختى ۋە كېلەچىكى بولۇپ قالدى ، بۇ بىر جۈپ شور پېشانە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تەقدىرىنى ، كۆڭلىنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلايدىغان جانلىق رىشتىگە ئايلاندى ! ···

ئىشلار تۈگەپ ، بىر پىيالىدىن چاي ئىچىلگەندىن كېيىن ، ھۇۋقۇش تاز تۇيۇقسىزلا :

— ئۇتۇق ئاكا ، ئەمدى سىز كېتىڭ ! — دېدى مەردانە

ئاۋازدا ، — نەگە بارسىڭىز بېرىپ ، ئۆز ئىشىڭىزنى قىلىڭ !
ئوتۇق دەسلەپ ھەيران بولدى ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى ، كېيىن ھۇۋقۇش تازنىڭ قەتئىي ، مەردانە قىياپىتىگە قاراپ ، ئاستا سورىدى :
— مەن كەتسەم ، سەن قانداق قىلىسەن خالمەت ؟
ھۇۋقۇش تاز ھەممىنى ئويلاپ بولغاندەك قىلاتتى :
— مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن ، كېتىۋېرىڭ !— دېدى ئۇ يەنە كېسىپلا ،— ئەمما ، مېنىڭ قويۇۋەتكەنلىكىمنى بىرى بىلىپ قالمىسۇن ، ئوتۇق ئاكا ! بولمىسا ئۇلار مېنى يۇمغاقسۇتنى سىققاندەك مىجىۋېتىدۇ !...
ئوتۇق كارىدورغا چىقتى ، ھۇۋقۇش تاز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ خوش ئېيتتى . ئوتۇق پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ، بىر خىل ئىچكى تۈيغۇ بىلەن مۇنداق دېدى :
— خوش خالمەت ! ئۆلمىسەك يەنە كۆرۈشىمىز ، ئامان بول ! ئېسىڭدە بولسۇن ئۇكام : ئەركىنلىكنى ئويدان تەربىيىلە ، ئوقۇت ، بىلىملىك قىل ، شۇ چاغدىلا ، سەن ھەم ئەجدادىڭغا ، ھەم ئەۋلادىڭغا يۈز كېلەلەيسەن ! ...

## 5

دۇنيادا تاۋۇتتىن تېز ماڭىدىغان نەرسە بولمىسا كېرەك . ئادەملەر ھەمىشە ئالدىرايدۇ ، ئالدىراپ ماڭىدۇ ، ئالدىراپ يۈگۈرەيدۇ ، ئەمما شۇ بىرەر دائىرىنى چۆرگىلەپ يۈرىدۇ . تاۋۇت بولسا ، ئۇنداق ئەمەس ، ئۇ مېيىتنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆز قارارگاھىغا — ئاخىرقى مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ ! ...
مانا ، نەزەرنىڭ ئۆلگىنىگە ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بىرەر ئاي بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خىسلەت تېخىمۇ كەم سۆز ، تېخىمۇ خىيالچان بولۇۋالدى . ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئوچۇق ، مۇلايىملىقىدىن ، ئەتراپىدىكى كىچىك قىزلار بىلەن گەپلەشكەن-دە ، ئۇلارنى بىردەم بولسىمۇ كۈلدۈرۈپ ، كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان

قىزىقچىلىقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . ئەجەبا ، بىرىنىڭ ئۆ-
لۈمى باشقا بىرىنى گويا كۈچ ـ قۇۋۋەتتىن قالغان قېرى تۆگىدەك
چۆكتۈرۈپ قويىدىغان قۇدرەتكە ئىگىمىدۇ ؟ ! ئەجەبا ، ئۆلۈم
شۇنداق دەھشەت بولسا !...

خىسلەتنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى ، ئۇنى بىر
خىل ۋەھىمە باستى . «ئۆلىدىغان بولسا ، نېمىشقا تۇغۇلىدۇ
ئادەم ! ؟— خۇددى نوردىن شارقىراپ ئۆتۈۋاتقان سۇدەك قاياققى-
دۇر ، نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقان مۇدھىش خىياللار ئۇنىڭ ياشاش
ئۈچۈن ، كەلگۈسى ئۈچۈن تاقەتسىز ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىنى قىس-
ماققا ئېلىشقا باشلىدى ، — نېمىشقا ئۆلىدۇ ـ ھە ! ؟ چوڭ
بولۇپ ، ئەمدى يەرنىڭ قاتتىقلىقىنى ، ئاسماننىڭ كەڭلىكىنى ،
گۈلنىڭ رەڭگىنى ، ھىدىنى چۈشەنگەندە ئۆلۈپ كېتىش... ياق ،
ياق !... »

قىزنىڭ ياش ، نازۇك كۆڭلى بۇنداق چىگىش ، مۇدھىش
خىياللارغا بەرداشلىق بېرەلمىدى . ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى كۆ-
ڭۈل دەپتىرىگە يېزىپ كېلىۋاتقان بىر شېئىرنى يەنە شۇۋىرلاپ
ئوقۇشقا باشلىدى :

تىرىك قالماق يا ئۆلمەك — شۇدۇر مەسىلە ،
قايسىبىرى بولاردىن ماڭا مەنسۇپ ؟
شۇ تەتۈر — شۇم پەلەكنىڭ ئازابلىرىغا ،
شىكايەتسىز ، ئىسيانسىز چىداپ تۇرماقمۇ ؟
ياكى ئۇنىڭغا پەنت بېرىپ قوزغالماق ،
ئېلىشىپ يا يەڭمەك ، يا ئەسىر بولماقمۇ ؟
ئۆلۈش ... ئۇنتۇلۇش ، مەسىلە تامام .
ۋۇجۇدىمىزغا چىرماشقان مىڭ ـ مىڭ تەشۋىشنىڭ —
زەنجىرىنى ئەبەدىلئەبەد ئۈزىدۇ ئۆلۈم .
ۋە لېكىن دىلنىڭ ئەزىمەت ئارمانى شۇكى :
ئۆلمەك — غەپلەت چۈشىدە ئۇخلىماق دېمەك !

نەزەرنىڭ ئۆلۈمى خىسلەتنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئەنە شۇنداق داۋالغۇش ۋە تەۋرىنىشلەرنى پەيدا قىلغانىدى. ئۇ، بۇرۇنقى ئۆلۈۋېلىش ئارقىلىق، بۇ دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن بىر يولى ئادا - جۇدا بولۇش نىيىتىدىن ئاستا - ئاستا يالتىيىپ، ياشاش، ياشىغانىدىمۇ ئادەمدەك غۇرۇر بىلەن ياشاش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. تېخى خام ۋە تەجرىبىسىز، ئەمما مەغرۇر ۋە ئوت - ئاتەش بۇ قىزنىڭ كۆڭلىدە يېقىندىن بېرى ئاللىقانداق پىلانلار پىشىپ يېتىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. گەرچە بۇ پىلانلار ئادەمنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان، نازۇك، خېنىم سوپەت بۇ قىزنىڭ تەبىئىتىگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان مۇدھىش پىلاندەك قىلسىمۇ، ئەمما، بىر تەرەپتىن يۈرىكى كۆيگەن، بىر تەرەپتىن ۋىجدانى ئازابلانغان خىسلەت ئاخىر شۇنداق قەتئىي بىر خىيالغا كەلگەنىدى: «ئەزەم چوڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!...»

ئۇ ئەزەم چوڭدىن چەككەن ئەلەملىرى، خورلۇقلىرى، ئۇنىڭ قولىدا نومۇسىنى يوقىتىپ، ئاخىر ئىپلاس پاھىشىدەك بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى، كىچىككىنە نەزەرنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى — ھەممىسى، ھەممىسى ئۇچۇن ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكىدە ئىدى. قىساس ئوتى ئۇنىڭغا تىنچلىق بەرمەي قويدى، ۋۇجۇدىنى ئورمانغا كەتكەن يانغىندەك ئاستا - ئاستا يالماپ، كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتاتتى...

«ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، چوقۇم ئۆلتۈرىمەن!» بۇ ئۇنىڭ قەتئىي ۋە ئاخىرقى قارارى ئىدى! توغرا، چەككەن بارچە ئازابلىرى ئۇچۇن، بىگۇناھ نەزەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق يول بىلەن ئەزەم چوڭدىن ئۆچ ئالىدۇ!... ئۇ شۇنداق ئويلايتىيۇ، يەنە تۇرۇپلا ئۆز خىيالىدىن ئۆزى قورقۇپ كېتەتتى. كۈچى يېتەرمىكىن!؟ ئۇ ئەر كىشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇقىدەك كۈچلۈك!...

ئەمما ، قانداقلا بولمىسۇن بەربىر ئۆلتۈرۈش كېرەك ! نەچ-
چە ۋاقىتتىن بېرى يۈرىكىنىڭ ئاستىدا تۈتەپ ياتقان ئەلەم -
خورلۇقلار كۈنسېرى جانلىنىپ ، ئۇنىڭغا جاسارەت ئاتا قىلاتتى ،
روھىغا مەدەت بېرەتتى ، ئىنتىقام ھېسسى غالىب ئورۇنغا
چىقاتتى…

ئەزەم چوڭغا ئۇچۇق - ئاشكارا تاشلىنىشقا بەلكىم جۈرئىتى
يەتمەس ، بەلكىم مەقسىتىگە يېتەلمەي ، ئۇنىڭ كالتىكىدىن ھالاك
بولار ! ئەمما قانداق توقۇناق چىقمىسۇن ، يولىنى نېمىلەر توسمى-
سۇن ، بەربىر ئەھدىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . ھېچبولمىغاندا ، يا-
رىدار قىلىپ قويار ! … ياق ، بۇنداق قىلىش بىلەن قەستىنى
ئېلىش نىيىتىدە تومۇرلىرىدىن تېشىپ ئېقىۋاتقان قاننىڭ سوۋۇ-
شى ناتايىن ! چوقۇم ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش كېرەك ! ياش ھاياتى-
نى پايمال ئەتكەن ، ياۋۇزلارچە خورلىغان ، پۈتۈن ئارزۇ - ئار-
مانلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان مەلئۇننىڭ جازاسى شۇ
بولۇشى كېرەك !…

شۇنداق ، ئاتا - بوۋىلىرىمۇ توغرا ئېيتقان : «ساپال ئۇچۇن
ساق قالغۇچە ، گۆھەر ئۇچۇن كۇكۇم - تالقان بول !» دەپ .
ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرۈش يولىدا ، ئۆزۈممۇ بىر نەرسە بولۇپ كەتسەم
ئەرزىيدۇ ، ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن ، پۇشايمان قىلمايمەن ! ئەگەر
ئۇتۇقنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي ، ئىنتىقام يولىدا -
ھىجران ئازابىدا ئۆلۈپ كەتسەم ، تۇپراقلىرىمدىن ئۇنىڭ ئىشق
ئوتى مېھرگىياھ سۈرىتىدە ئۆسۈپ ، ئۇنىڭ ھەربىر بەرگى زۇ-
ۋانغا كېلىپ ، مېنىڭ پىراق دەشتىدە چەككەن جاپالىرىمنى ،
ئىنساندەك ياشاش ئۇچۇن قىلغان كۈرەشلىرىمنى ، سۆيگۈ - ۋاپا
يولىدا تۆككەن قان - ياشلىرىمنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر بايان قىلىپ
بېرىدۇ !…

خىسلەت شۇنداق ئويلىدى ۋە شۇنداق قىلىش نىيىتىگە كەل-
دى .

بۈنىڭ ئۈچۈن، ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ئورۇن، ۋاقىت ھەم پۇرسەت كېرەك ئىدى. ئۇ نەدىندۇر بىر سىيام ئۆزۈنلۈقىدىكى قوش بىسلىق پىچاقنى تېپىپ، ئۇنى يوشۇرۇنچە تاشقا، سېمونتقا بىلەپ ئىتتىكلەتتى ۋە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقمايدىغان يەرگە تىقىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ قىساس يولىدىكى ئۇمىدى ۋە بىردىنبىر قورالى ئىدى. گەرچە بۇ قورال بەكلا ئاددىي ۋە كىچىك بولسىمۇ، ئەمما خىسلەتنىڭ نەزىرىدە، رەقىبىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە ئەپلەپ ئۇرالىسا جاننى ئالاتتى. خىسلەت بۇ ئىشلارنى دەسلەپ ئويلىغاندا، ئۆز - ئۆزىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، يۈرىكى سالاتتى. نېرۋىسى جىددىيلىشىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. ئەمما، ھازىر ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئويلاۋەرگەچكىمىكىن، يۈرىكى توختاپ، نېرۋىسىمۇ كۈچلىنىپ قالدى، كۆز ئالدىغا قان ۋە جەسەتنى كەلتۈرسىمۇ، يۈرىكى ئاغمايدىغان، كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالىنى، ۋۇجۇدىنى «قىساس - ئىنتىقام» دەيدىغان بىرلا سۆز، بىرلا ئۇقۇم ئىگىلەپ ئالغانىدى. مانا شۇ سۆز، مانا شۇ ئۇقۇم ئۇنىڭ كىچىككىنە نازۇك جىسمىغا چەكسىز كۈچ - غەيرەت، چەكسىز باتۇرلۇق ۋە چەكسىز ئىرادە بەخش ئەتكەنىدى! …

خىسلەت تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن ۋاقىت ۋە پۇرسەت ئاخىر كەلدى.

بىر ھەپتىدىن بېرى قارىسىنى كۆرسەتمىگەن ئەزەم چولڭ بۈگۈن كەچكە يېقىن خىسلەت تۇرۇۋاتقان ئۆيدە پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزى يوق چاغلاردا، چاپارمەنلىرىگە خىسلەتنى ناھايىتى چىڭ ساقلاشقا بۇيرۇيتتى. بۇ قارىماققا، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشتەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەزەم چوڭنىڭ قاتتىق كۈنداشلىقىدىن ئىدى، ئۇ ئۆزىدىن باشقا بىرەر ئەركەك زاتنىڭ خىسلەتنىڭ قولىنى تۇتۇش تۈگۈل، كۆزىگە ئۇزاقراق تىكىلىپ قارىشىنىمۇ راۋا كۆرمەيتتى. ئۇ خىسلەتنىڭ ھەمىشە ئۆزىگە،

پەقەت ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولۇشىنى ، بىرەر بىگانىنىڭ ئارىغا قىسـ.
تۇرۇلۇپ ، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى چالغىتىشىنى زادىلا
خالىمايتتى . بۇ جەھەتتە ، ئۇ خىسلەتنىڭ كۆڭۈل رايىنىڭ ،
ھېسسىياتىنىڭ قانداقلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى ، پەقەت
قىزنىڭ ئازاب ئىچىدە زورلانغان جىسمىدىن ئاشۇ دەقىقە ئىچىدە
يۈز بېرىدىغان كىچىككىنە لەززەت بىلەن ئۆزىنىڭ ھايۋانىي نەپ.
سىنى قاندۇرسىلا بولاتتى !...

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ خىسلەت ؟ — ئەزەم چوڭ ئىشىكتىن
كىرىپلا خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن سورىدى ، — ئەجەب سېغىندىم ،
كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كېتەي دېدىڭىز جۇمۇ ، خانقىز !

بۇنداق گەپلەر خىسلەتنىڭ يۈرىكىگە سىغمىسىمۇ ، كۆڭلىنى
غەش قىلىپ ، غىجىقىنى كەلتۈرسىمۇ ، ئەمما ئۇ ، ھارغىن جىلـ.
مىيىپ قويدى . ھاياجان ۋە تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن بۇگۈنكى
ئۇچرىشىش نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى سالماق ۋە ئوچۇق كۆڭۈلرەك
بولۇشقا ئۈندەيتتى .

— ئەجەب يوقاپ كەتتىڭىزغۇ ؟ — خىسلەت ناھايىتى زور
كۈچ بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ، مۇلايىم ئاۋازدا سورىدى ، —
بىر ھەپتىدىن بېرى نەلەردە يۈردىڭىز ؟

خىسلەتنىڭ ئاۋازىدىكى بۇنداق مۇلايىملىق بىلەن ھەرىكىتىـ.
دىكى سىپايىلىك بۈگۈن ئەزەم چوڭنى باشقىچە خىيالغا كەلتۈ.
رۈپ قويدى : «ئۇ مېنى راستتىنلا سېغىنىپتۇ ! ... كۆڭۈلدىن
كۆڭۈلگە يول بار ، دېگىنى شۇدە ! ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى
قىلىپ يۈرگەنلىرى ناز ئىكەن ، ناز ! دېمىسىمۇ ، قىز بالىغا ناز
يارىشىدۇ ! ... »

— نەلەردە يۈرەتتىم ، خىسلەت ! — دېدى ئەزەم چوڭ تېخىـ.
مۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ، — ھېلىقى تۇردۇش دېگەن گالۋاڭنىڭ
ئىشى بولمامدۇ !

— تۇردۇش ؟ — خىسلەت ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەندەك

ئۆنىڭ ئاغزىغا قارىدى .

— ھە… سىز تېخى بىلمەيسىز ، — دەپ خىسلەتنى قولىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ئەزىم چوڭ ، ئۇ ئەمدى بىرەر سىر- داش ، قەدىناس ھەمراھىغا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېيتقاندەك سىر تۆكۈشكە باشلىدى ، — تۇردۇش دېگەن بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئادەم يۆتكەشكە مەسئۇل ئادىمىمىز . ئۇ يېقىندا ، پەيزاۋاتتا پالاكەتكە يولۇقۇپتۇ…

— قانداق پالاكەت ؟ — ئەمدى خىسلەتمۇ قىزىقىپ ، ئاسماق- چىلاپ سوراشقا باشلىدى .

— خەقلەر دەسلەپ ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن گۇمانلىنىپ پې- يىگە چۈشۈپتۇ ، — دەپ چۈشەندۈردى ئەزىم چوڭ ، — كېيىن بىرنەچچە بالىنى يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ، قات- تىق ئۇرۇپتۇ…

— ئۆلۈپتىمۇ ؟

— ياق ، چالا ئۆلۈك قىلىپ ، ھاجەتخانىغا تاش- لىۋېتىپتۇ !…

«ۋاي ئىست ! … ئۆلسىچۇ ئەبلەخ ! — دەپ ئىچىدە غەزەپ بىلەن ئويلىدى خىسلەت ، — خەلقنىڭ قارغىشىغا قالغان ئۇنداق ئادەملەرنى يەر يۇتقىنى ياخشى ! … »

راست ، تۇردۇش خەلقنىڭ غەزىپىگە ، قارغىشىغا ئۇچرىغان- دى . ئۇنىڭ نۇرغۇن يامان ئىشلىرىنى كۆرۈپ ، سەۋر قاچىسى تاشقان يۇرتلۇقلار ئاخىر ئۇنى مېھمانغا چاقىرىش نامىدا خالىي بىر يەرگە ئاپىرىپ ئۇرۇپ ، چالا ئۆلۈك بولغاندا ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتكەن ۋە شۇ ئارقىلىق پۇخادىن چىققانىدى . ئەگەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بىرنەچچە ھەمتاۋاقلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولسا ، تۇردۇش شۇ كۈنى ھاجەتخانىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن بولاتتى !…

ئەزىم چوڭ بىر ھەپتىدىن بېرى ، ئەنە شۇ ئىشلارنىڭ ھە-

لەكچىلىكىدە ، بىردەم ئۈرۈمچىگە ، بىردەم قەشقەرگە تېلېفون قىلىپ ، خەۋەر كۈتۈپ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتتى ، تۇردۇشنىڭ دوختۇرخانىغا ئورۇنلىشىپ ، خەتەردىن ئۆتۈپ كەتكەنلىك خەۋە-رىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ، ئاز - تولا ئارامىغا چۈشكەندى...

— تۇردۇش ئەمدى ساقايسىمۇ ، ناكار بولۇپ قالىدۇ ! — دېدى ئەزەم چوڭ قايغۇرغاندەك مىسكىن ئاۋازدا .

«پۇتى باسماس ، قولى تۇتماس بولۇپ قالسۇن ، ئىلاھىم ! — دەپ ئويلىدى خىسلەت خۇشال بولۇپ ، — ئۇنداق ئادەملەرنىڭ تىرىكى نانغا ، ئۆلۈكى خامغا زىيان !...»

خىسلەت ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم باشقىلارنىڭ دەردىدىن ، قاي-غۇسىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىۋاتاتتى . ئەگەر ئۇنىڭ مەسۇم كۆزلىرى مۇشۇ بىرنەچچە ئايلىق قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچە كۆپ قاباھەتلىك ئىشلارنى كۆرمىگەن ؛ سەبىي يۈرىكى شۇنچە ئېغىر خورلۇق ، ئازابلارنى تارتمىغان بولسا ، بەلكىم ئۇ ئەزەم چوڭدەك ، تۇردۇشتەك ئادەملەرنى يامان كۆرمىگەن ، ئۇلارغا ئۆ-لۈم ۋە ئازاب تىلىمىگەن بولاتتى . ئەمما ئۇ ، شۇ قىسقىلا بىرنەچ-چە ئاي ۋاقىت ئىچىدە بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ئاچچىق ساۋاقنى ئىگە بولدى ، بۇ دۇنيانىڭ يالغۇز گۈزەللىك ، يورۇقلۇق ، مۇھەببەت ۋە ئالىيجانابلىق بىلەنلا تولغان دۇنيا ئەمەسلىكىنى ، ئۇنىڭدا يەنە قانداقتۇر رەزىللىك ، قاراڭغۇلۇق ، نەپرەت دېگەنگە ئوخشاش قە-بىھ نەرسىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى... ئىشقىلىپ ، بۇ دۇنيانىڭ ياخشى-لىق بىلەن يامانلىققا تەڭ پاتقان دۇنيا ئىكەنلىكىنى ، جەننەتتەك ئىسسىق تۇرمۇش ئىچىدە يەنە قانداقتۇر دوزاختەك زۇلمەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى پۈتۈن ئەقىل - ئىدراكى بىلەن كۆرۈپ يەتتى . بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەم رول ئوينايتتى . شۇڭا ، خىسلەتنىڭ قەلبىدىمۇ ئادەم ۋە ئادەمنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ناھايىتى چوڭقۇر ھەم روشەن ئىدى ! ...

ئۇ ، بۇرۇن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە ياخشىلىق ،

بەخت تىلەيدۇ ، ئۆزئارا سەمىمىي ، ۋاپادار بولىدۇ ، دەپ ئويلايد-
تى . شۇڭا ، ئادەملەر ئۇنىڭ نەزىرىدە ، هاياتنىڭ مەڭگۈلۈك زىند-
نىتى ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدىلا خاتىرە
دەپتىرىنىڭ بېشىغا ئۆمەر ھەييامنىڭ :

«دۇنيانىڭ تىلىكى ، مېۋىسى ھەم بىز ،
ئەقىل كۆزىنىڭ قارىسى — جەۋھىرى ھەم بىز .
يۇمىلاق جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك ،
چەكسىزكى ، ئۇنىڭ كۆزى — گەۋھىرى ھەم بىز .»

دېگەن رۇبائىيسىنى كۆچۈرۈپ ، ئۆزىگە دەستۇر قىلد-
ۋالغانىدى .

ئەمما ، ھايات باشقا ، خىيال باشقا ئىكەن ! ئۇنىڭ نەزىرىدە
ئۇلۇغ سانالغان ئادەملەر ئارىسىدىن ئاجايىپ چاكىنا ، بەتنىيەت ،
ياۋۇز ئادەملەرمۇ چىقىپ قالدى . چىراي ـ شەكلى ، بوي ـ
بەستى شۇنداق كېلىشكەن ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى رە-
زىللىكلەر خىسلەتنى ھەيران قالدۇردى . شۇ چاغدىلا ، ئۇ ئۆزد-
نىڭ تولىمۇ ساددا ، خام ۋە ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىگە تەن بەردى ،
زەھەرلىك چايانىڭ ھەمىشە پۇتى ئاستىدىكى كېسەكنىڭ تېگىدە
ياتىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى ··· مانا شۇنداق شەپقەتسىز رېئاللىق
ئاخىر خىسلەتتەك ساددا ، رايىش ، مۇلايىم بىر قىزنى باشقىلارغا
زاۋاللىق ، ئۆلۈم تىلەيدىغان ، ھەتتا شۇ يولدا خۇن تۆكۈپ قاتىل-
لىق قىلىدىغان رەھىمسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى !···

— مەن بەك چارچاپ كەتتىم ، خىسلەت ، — دېدى ئەزىم
چوڭ كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىككى رومكا قېقىۋېلىپ ، —
تۇردۇشنىڭ ئىشلىرى ھالىمنى قويمىدى . بۈگۈن بۇرۇنراق يې-
تىپ ئارام ئالايلى ، بولامدۇ ! ؟
— بولىدۇ ، ئەمىسە سىز يېتىپ تۇرۇڭ ، — دېدى خىسلەت

ئوچۇق چىراي بىلەن ، — مەن ئوبدانىراق بىر يۇيۇنۇپ چىقاي .

ئەزەم چوڭ يېشىنىپ كارىۋاتقا چىقتى . تېلېۋىزورنى پەس قويۇپ ، بېشىغا ياستۇقنى قىرلىدى . خىسلەت سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىپ ، ئىچ كىيىم بىلەن مۇنچىغا كىرىپ كەتتى .

ئالاھازەل ، يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە ، خىسلەت مۇنچىدىن چىقتى . ئۇ خېلى تېتىك ھەم بەردەم كۆرۈنەتتى ، ئىلمان سۇدا خېلى ئۇزاق يۇيۇنۇپ ، نېرۋىسىنى ، كەيپىياتىنى ئوبدانلا تەڭشىۋالغانىدى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ساقلاپ يۈرگەن ھېلىقى قوش بىسلىق پىچاق ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا — ئىچ كىيىمىنىڭ يېڭى ئىچىگە يوشۇرۇلغانىدى .

ئۇ ، مۇنچىدىن چىقىپلا ، ئەزەم چوڭنىڭ يېنىدىكى خورەك تارتىپ ، ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى بىلدى . بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى ، ئۇنى ئۇيقۇلۇقتا ئۇجۇقتۇرۇش تېخىمۇ ئاسان بولاتتى . خىسلەت ئەسلىدە ، ئورۇنغا كىرگەندىن كېيىن ، دەسلەپ بىر ئامال بىلەن ئۇنىڭ جان يېرىنى كېسىۋېتىپ ، ئاندىن يۈرىكىگە پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغانىدى . ئەمدى ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ئۇخلاپ كېتىشى ئىشنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرغاندەك قىلاتتى . بولۇپمۇ ، بۇ ھال خىسلەتنىڭ «بۈگۈن ئۇنىڭ ئىپلاس قولىنى بەدىنىمگە تەگكۈزمەيمەن !» دېگەن ئىرادىسىگە تازىمۇ ماس كەلگەنىدى .

خىسلەت كارىۋاتقا تېخىمۇ يېقىنىراق كەلدى ، بىرقەدەم ، يېرىم قەدەم تاشلىدى . ئۇ بىر پەس مۆلدۈرلەپ تىكىلىپ قالدى ، ئەزەم چوڭدىن باشقىچە سادا چىقمىدى ، ئۆي ئىچى ئۆلۈك سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى . خىسلەتنىڭ يۈرىكى قېنىدىن ئېتىلىپ چىققۇدەك سوقۇشقا باشلىدى ، پۈتۈن ئۆيگە ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى ئاڭلىنىۋاتقاندەك ئىدى…

ئەزەم چوڭ ئاسما مايكا ، كالتە ئىشتان بىلەن ئوڭدىسىدا ياتاتتى . ئاغزى يېرىم ئوچۇق ، كۆكسى بىر خىل رىتىمدا دەم

كۆتۈرۈلۈپ ، دەم چۈشۈپ تۇراتتى ، خورەك ئاۋازىدىن قارىغاندا ، خېلى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندەك قىلاتتى ...
خىسلەت ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇشقا ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ، كەيپىياتىنى تەڭشەشكە تىرىشتى . ئەمما ، قىزلارغا خاس ئاجىزلىقى يەنىلا ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتاتتى . پىچاق تۇتقان قولى سېزىلەرلىك تىترەپ ، ئۇنىڭ زەرب بىلەن نىشانغا — مەلئۇنىنىڭ يۈرىكىگە توغرىلاپ ئۇرۇشىغا ھالاقىت بېرىۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ ، خىسلەت تىرىشتى ، مۇشۇ ئادەم تۇپەيلى بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ، تارتقان ئازابلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، پۈتۈن ئەلىمىنى ، نەپرىتىنى ، ئۆچ - ئاداۋىتىنى قولىغا ، يۈرىكىگە ، كۆزىگە يىغىشقا تىرىشتى ، ئەمدى قولىمۇ تىترىمىدى ، كۆزى رەقىبىنىڭ خۇنۇك ، رەزىل چىرايىغا نەشتەردەك قادالدى . ئۇ پىچاقنىڭ دەستىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ، ئېگىز كۆتۈردى ... شۇ چاغدا ...
شۇ چاغدا ، خۇددى بىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ توۋلىغاندەك ياكى بىرى يانپىشىدىن قاتتىق چىمدىغاندەك ، ئەزىم چوڭ كۆزىنى لەپپىدە ئاچتى . پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئەركىشىنىڭ يىلاندەك سۈرلۈك كۆزلىرىنى تۇيۇقسىزلا ئېچىپ قارىشى خىسلەتنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى ، ئەمما ئۇ ، ئەزىم چوڭنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، كۆزىنى يۇمدى - دە ، قولىدىكى پىچاقنى بايا نىشانلىغان يۈرەككە قارىتىپ كۈچ ۋە غەزەپ بىلەن ئۇردى . ئەمما ئەزىم چوڭ چاققانلىق بىلەن يانغا ئۆرۈلگەچكە ، ئۆتكۈر پىچاق ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئەمەس ، بەلكى سول مۈرىسىگە ئوقيادەك قادىلىپ قالدى ، ئۇ ياۋا توڭگۇزدەك چىرقىراپ ، تولغىنىپ كەتتى ، ئاپئاق يوتقان - كۆرپە بىردەمدە قىزىل قانغا بويالدى ...
ئىشنىڭ چالا بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈنگەن خىسلەت بۇ يەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى ، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدى ، جان ئاچچىقىدا تەلۋىلەشكەن ئەزىم چوڭ ئېتىلىپ كېلىپ ، ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋالدى...

خىسلەتنىڭ يوغان ، بوتا كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى ، جاۋغىيىدا ئاچچىق مەسخىرە كۈلكىسى بار ئىدى . كىشىلەرگە بۇ گويا غالىبلارنىڭ تەبەسسۇمىدەك بىلىنەتتى …

— ئەمدى سەن مېنى ئۆلتۈرۈۋەت ، هايۋان ! — دەپ ۋارقىرىدى خىسلەت ئۈنىڭغا مەردانە تىكىلىپ ، — مېنىڭ تارتىشقۇدەك هېچنېمەم قالمىدى ، سەن هەممىنى ۋەيران قىلدىڭ !

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ، قانجۇق ! — ئەزەم چوڭ ئۈنىڭ چېچىدىن قامالاپ تۇرۇپ ، قورسىقىغا بىرنەچچىنى تېپىۋەتتى ، — ئەمدى قاراپ تۇر ، ئۆلۈمىدىن بەتتەر كۈننى كۆرسىتىمەن ساڭا !

خىسلەت قاتتىق تېپىكتىن زەخمە يەپ ، ئىككى پۈكلىنىپ قالدى ، شۇ ئارىلىقتا ، ئەزەم چوڭ قان ئېقىۋاتقان يېرىنى تېڭىپ ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ۋە ئىشتىنىنىڭ كەمىرىنى سۇغۇرۇپ ، توقىسى بىلەن خىسلەتنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ ، پۇخادىن چىقىشقا باشلىدى . خىسلەت زادىلا ئاۋاز چىقىرىپ دادلىمىدى ، لېۋىنى قاتتىق چىشلەپ قان چىقىرىۋەتتى . بىردەمدە پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى ئادەم تونۇغۇسىز هالغا كېلىپ قالدى . بۇ ئەينى تەبىئەتنىڭ ئۆزى ئىدى — ئادەم كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئەنە شۇنداق ئۇرۇپ ـ سوقۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ، مانا شۇنداق قىياپەتكە كىرىدۇ : خىسلەتنىڭ يۈزى تاياق زەربىدىن يېرىلغان ، ئىششىغان ، كۆكەرگەن ، هۆرـ رەك ـ هۆررەك بولۇپ كەتكەن ، كۆز قارىچۇقلىرى قىيسىيىپ ، كۆزىنىڭ ئېقى ئۆلۈك بىر رەڭ بىلەن شېشىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى ! …

## 6

ئۇپۇقتا قىزىل ـ قىزىل سىزىقلار هاسىل بولدى ، بۇلۇتلار ئارىسىدىن بىر بۇرجىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇياش چوغدەك يالتى-

رايتتى . بۇلۇتلارمۇ قىزغۇچ تۇس ئالغان ، ئۇلار قىمىر قىلمايت-تى ...

بۇ چاغدا ، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى بەييۇن تېغى ئۇستىدىكى قارامتۇل بۇلۇتلارنىڭمۇ باغرى تىلىنىدى ، ئۇنىڭ ئاراچ - ئاراچلىد-رىدىن قۇياش نۇرى ئوقيادەك ئوخچۇپ چىقىپ ، يېشىل زېمىننى تېخىمۇ نۇرەپشان قىلدى .

ئەمما ، ئۆزگىرىشچان تەبىئەتنىڭ بۇ سەلتەنەتلىك كۆرۈنۈش-لىرى ئۇزۇنغا بارمىدى . هايال ئۆتمەي ، ئوزايى بۇزۇلغان قارا بۇلۇتلار يەنە دەۋرەپ ، سىلجىپ ، يېيىلىپ ، كۆك ئاسماننىڭ سۈزۈك يۈزىنى بىردىنلا سەتلەشتۈرۈۋەتتى ...

بۇ چاغدا ، ئۆركەش شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىدىكى «بەيجيا» سودا سارىيىدا نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرەتتى . ئۇ تۆتىنچى قەۋەتتىن چۈشۈۋېتىپ ، قارشى تەرەپتىكى پەلەمپەيدە بىرى بىلەن سىرلىق پاراڭلىشىپ يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى — چاچلىرى توزۇغان ، ئۆپكىدەك قىزى-رىپ كەتكەن ، كۆزلىرىنى قىسىپ ، تىنىماي تەبەسسۇم قىلىۋاتقان بىر چىرايىنى كۆردى ۋە شۇ هامان ئۇنى تونىدى ، ئۇ ئەزەم چوڭ ئىدى ، ئۇنى كۆرۈپلا ئۆركەشنىڭ ئىچىگە جىن كىردى ، ئۇ ئەمدى يولىنى ئۆزگەرتىپ ، باشقا بىر پەلەمپەيدىن بەشىنچى قە-ۋەتكە كۆتۈرۈلدى ، قارا كۆرۈنەر يۈرۈپ ، ئەزەم چوڭنىڭ ئىزىغا چۈشتى . ئەزەم چوڭ بەشىنچى قەۋەتتە يەنە بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ ، بىرنەچچە مىنۇت مۇقۇلداشقاندىن كېيىن ، ئۇيەر - بۇيەرنى ئارىلاپ ، هېچنېمە ئالماي تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى . ئۆركەش ئۇنىڭغا تېخىمۇ هوشيارلىق بىلەن ئەگەشتى . بۇ چاغدا ، تايغاندەك سەزگۈر ئەزەم چوڭمۇ ئۆركەشنىڭ ئۆز ئىزىغا چۈشكەن-لىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى . شۇڭا ، ئۇمۇ كۆڭلىگە ئاللىقانداق شۇملۇقلارنى پۈكۈپ ، ئۆركەشتە تېخىمۇ چوڭ گۇمان پەيدا قىلىش ئۈچۈن ، بەزى ئادەملەر بىلەن قەستەن كۆرۈشۈپ ،

نىمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ، بىرمۇنچە سىرلىق ۋە ساختا كۆرۈنۈش-
لەرنى پەيدا قىلدى . بۇلارنى كۆرگەنسېرى ئۆركەشنىڭ كۆڭلىد-
كى گۇمان كۈچەيدى : «ئەزەم چوڭ بوگۇن چوڭ بىر سودىغا
تۇتۇش قىپتۇ !— دەپ ئويلىدى ئۇ ، — چوقۇم خىروئىن سودىسى
ياكى بولمىسا ئادەم سودىسى ! مەن بۇگۇن جەزمەن نەق پاكىتقا
ئېرىشىمەن ! » ئۇ ئەنە شۇ خىيال بىلەن ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ پېيىگە
چۈشۈش نىيىتىگە كەلدى .

ئەزەم چوڭ سىرلىق هالدا سودا سارىيىدىن چىقىپ ، ماشىنا
توختىتىش مەيدانىغا كەلدى ۋە قارا رەڭلىك «پاسات» نىڭ بېشى-
نى بۇراپ چوڭ يولغا چىقتى . ئۆركەشمۇ دەل شۇ مەيدانغا توختى-
تىلغان كۈمۈش رەڭلىك «خوندا» غا ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن ئەگەشتى...

يېقىندىن بۇيان ، ئۆركەش بىلەن ئەزەم چوڭنىڭ ئوتتۇرىسى-
دىكى يوشۇرۇن ئېلىشىش خېلى جىددىي هالەتكە كېلىپ
قالغانىدى .

ئۆركەش شۇ كويغا چۈشكەندىن باشلاپ ، ئەزەم چوڭنىڭ
جىنايى قىلمىشلىرىغا ئائىت بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئېرىشتى .
ئۇنىڭ دەرگاهىدىن قېچىپ چىققان ئەنۋەر ئىسىملىك هېلىقى بالا
ئوغرىلىق ، يانچۇقچىلىققا سېلىنىۋاتقان بىرمۇنچە كىچىك «شور-
كا» لارنىڭ ۋە ئۇلارنى باشقۇرىدىغان بىرنەچچە «قۇش» لارنىڭ
ئەهۋالى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى . كېيىن ، ئۆركەش جۇخەيگە
بېرىپ ، «تارىم ئاشخانىسى» دا يۈز بەرگەن هېلىقى قانلىق ۋەقە-
نىڭ جەريانىنى ئىگىلىدى ، بىر قىسىم مېيىپ بولغان ، زىيانكەش-
لىككە ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ شىكايەتلىرىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋال-
دى ، بەزى گۇۋاهچىلارغا گۇۋاهلىق سۆزى يازغۇزدى . بۇ ئىشلار-
غا يېقىندا تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ چىققان ئۇتۇقنىڭ سەرگۈزەشتى-
لىرى قوشۇلۇپ ، بۇ خېلى قىزىقارلىق هەم سالماقلىق بىر دېلوغا
ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . ئەمما ، بىر ئىش يەنە ئەپلەشمىدى ،

ئۇتۇقنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا پاكىتقا ئايلىنالمى-
دى ، ئۇ ھۇۋقۇش تازنىڭ ياردىمىدە قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن ،
ئۇدۇل «ئوغۇزخان» رېستورانىغا كېلىپ ، ئۆركەش بىلەن كۆ-
رۈشتى ، ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ ، دەرھال شۇ تەۋەدىكى ساق-
چىخانىغا دېلو مەلۇم قىلىش قارارىغا كەلدى ، ئۇلار يازما ئەرز
سۇندى ، ساقچىخانىمۇ بۇ ئىشقا جىددىي كۆڭۈل بۆلدى ، دېلو
تۇرغۇزدى ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ، ئۇلار ئۇتۇق بىلەن ئۆركەشنى
چاقىرىپ ، تۇتقۇن قىلىنغان يەرنى كۆرسىتىشنى ھەم گۇۋاھچى
تېپىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇتۇق ئىككى ساقچىنى باشلاپ ، بىرنەچ-
چە كوچا ۋە بىنالاردىن ئۆتۈپ ، ئۆزى قامالغان يەر ئاستى ئۆيىنى
ناھايىتى تەسلىكتە تاپتى ، تاپتىيۇ ، ئۇ يەرگە قاراپ ئۆزىمۇ ھەي-
ران قالدى . چۈنكى ، ئۇ يەر ئادەم قامالغان ئۆي ئەمەس ، بەلكى
ئۆمۈر بويى ئادەم ئىزى تەگمىگەندەك ، ۋەيرانە بىر ئامبارغا ئايلى-
نىپ قالغانىدى… ئۇتۇق ئۇستىگە چىقىپ ، ھۇۋقۇش تازنى ئىز-
دىدى ، ئۇنىڭمۇ ئۆيى بوش ، ئىشىكلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇ-
راتتى . ئۇلار بىنادىن بىر - ئىككىلەننى تېپىپ سورىۋىدى ،
ئۇلارمۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ئىشلەمچىلەر بولۇپ چىقتى…
دېمەك ، ئەزەم چوڭ يەنە چاققان كەلگەنىدى ، بارلىق ئىزلار-
نى يوقىتىش ئۈچۈن ، يەر ئاستى ئۆيىنى ئۇستىلىق بىلەن ئۆز-
گەرتىۋەتكەن ، ھۇۋقۇش تازنىمۇ تۇيۇقسىز كۆچۈرۈپ ، ئۇنىڭ
گۇۋاھچى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغانىدى .
شۇنداق قىلىپ ، ئۇتۇق بىلەن ئۆركەشنىڭ ئەرزى پاكىتقا
ئېرىشەلمىدى ، پاكىت بولمىسا ، ھېچكىمنى جاۋابكارلىققا تارتقى-
لى بولمايتتى . بۇ ئىشلار ئۇتۇققا قاتتىق ھار كەلدى ، بۇرۇنقى
ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئاز كەلگەندەك ، يەنە مۇنداق ئەخمەق قىلى-
نىشى ئۇنىڭ ئۆچ - ئاداۋىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى ، ئۇ
ئەمدى شەخسىي ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلدى ، ئەزەم چوڭنى
تۇتۇۋالسىلا ، ئەيلەپ - چەيلەپ پۇخادىن چىقماقچى بولدى . بۇ

جەھەتتە ، ئۇتۇق بىلەن ئۆركەشنىڭ يولى ئوخشاشمايتتى . ئۆركەش يەنىلا مۇھىم پاكىتقا ئېرىشىپ ، ئەزىم چوڭنى قانۇنىنىڭ جازاسىغا تارتىش كويىدا ئىدى . مانا شۇ كوي بۈگۈن ئۇنى ئەزىم چوڭنىڭ پېيىگە چۈشۈرگەنىدى .

ئىككى پىكاپ بىر ـ بىرىنى كۆزىتىپ ، مارىلاپ ، شەھەرنىڭ خېلى كۆپ يوللىرىنى باستى . ئەزىم چوڭ ئۆركەشنىڭ رەسمىي ئۆز ئىزىغا چۈشكەنلىكىنى ، ئاخىرىغىچە بەل قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى پەملەپ يەتكەندىن كېيىن ، ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ، ھېيت ئاغماققا تېلېفون قىلدى :

— بۈگۈن ئۆركەش دېگەن ھېلىقى كۈشەندە ئۆز پۇتى بىلەن بىزنى يوقلاپ كېلىدىغاندەك قىلىدۇ ! — دېدى ئۇ ھېيت ئاغماققا مەنىلىك قىلىپ ، — كۆڭلىمىزدىكىدەك ئىش بولىدىغان بولدى . مەن ئۇنى «باش ئەگمەم»[1] دىكى ھېلىقى ئۆيگە ئەگەشتۈرۈپ چىقىمەن . سەنمۇ دەرھال شۇ يەرگە چىققىن . بۈگۈن ئۇنى ئوبدانىراق سەگىتىپ قويايلى ، ئىككىنچى بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشمەيدىغان بولسۇن !

ئەزىم چوڭ ھېيت ئاغماق بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ ، ماشىنىنى شەھەرنىڭ سىرتىغا — ھېلىقى چاغدا نەزەر قېچىپ ، خىسلەت تۇتۇلۇپ قالغان خىلۋەت يەردىكى كونا بىنا تەرەپكە قاراپ ھەيدىدى ، ئۆركەشمۇ تاپ بېسىپ ئەگەشتى…

ئۇلار ھايال ئۆتمەي ، مەنزىلگە يېتىپ كەلدى . ئەزىم چوڭ ماشىنىنى بىنانىڭ ئالدىدا توختىتىپ ، ئەتراپقا شۈبھىلىك قارىۋەتكەندىن كېيىن ، ئىتتىك قەدەم بىلەن بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ، ئۆركەشمۇ ماشىنىسىنى نېرىراقتىكى بىر تۈپ كاداڭ دەرەخنىڭ دالدىسىدا توختاتتى ۋە ماشىنىدىن چۈشمەي ، بىردەم بىنانى كۆزىتىپ جىممىدە ئولتۇردى . بىر چاغدا ،

---

[1] ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۇۋا قىلىۋالغان چەت ، خىلۋەت يەرلەرنى پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىدىغان ئاشۇنداق شەرتلىك ئىسىملار بىلەن ئاتايتتى .

تۆتىنچى قەۋەتتىكى بايا قاراڭغۇ تۇرغان بىر دېرىزە ۋاللىدە يورۇ-
دى ، دېرىزە ئالدىدا بىر ئەر كىشىنىڭ كۆلەڭگىسى پەيدا بولدى ،
شۇ چاغدا ، يەنە بىر پىكاپ غۇيۇلداپ كېلىپ ، بىنانىڭ ئالدىدا
توختىدى ۋە بىرى ماشىنىدىن چۈشۈپ ، بايا ئەزەم چوڭ كىرىپ
كەتكەن ئىشىكتىن ئۇدۇل كىرىپ كەتتى .

«ھە... ئەمدى ئىش پۈتتى ، ئۇلار سودىلىشىدىغان بول-
دى ! — دەپ ئويلىدى ئۆركەش ئىشەنچ بىلەن ، — ئاۋۋال ئۆزۈم
كىرىپ تىڭ - تىڭلاپ باقاي ، ئاندىن ۋاڭ باۋ ساقچىغا تېلېفون
بەرسەمۇ ئۈلگۈرىدۇ ، پەقەت بولمىغاندا ، ئىشىكنى سىرتتىن
تاقاپ قويىمەن ، ئۇلار ھېچ يەرگە قېچىپ كېتەلمەيدۇ !...»

ئۆركەش ماشىنىدىن چۈشتى ، بىناغا كىرىپ تۆتىنچى قەۋەت-
كە چىقتى ۋە خۇددى كۆلدە ئۈزۈۋاتقان غازدەك تىۋۇشسىز قەدەم
بېسىپ ، ئىشىك تۇۋىگە يېقىنلاشتى ، قۇلىقىنى ئىشىكنىڭ ئاراچ-
لىرىغا يېقىن تۇتۇپ ، ئىچىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىماقچى
بولدى . شۇ چاغدا ... دەل شۇ چاغدا ، كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز
بەردى ، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاڭلانغان قوپال ئاۋاز ئۇنى ھو-
دۇقتۇرۇپ قويدى :

— قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن ، ئۆركەش ئەپەندى ! قې-
نى ، ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭ !

بۇ ھېيت ئاغماق ئىدى . ئۇ بايا بىناغا كىرىپ ئۆزىنى دالدىغا
ئالغان ۋە ئۆركەشنىڭ كىرىشىنى ساقلاپ تۇرغانىدى . ئۇ ئۆر-
كەشنى ئىتتىرىپ ، دۈشكەللەپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى .

ئۈچ ئادەم بىر شىرەنى چۆرىدەپ ، ئۈچبۇرجەك بولۇپ ئول-
تۇردى . ئەزەم چوڭ ئۆركەشكە ھىيلىگەرلىك ، ياۋۇزلۇق چىقىپ
تۇرغان ۋە كۆرەڭلىگەن نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ
ھارغىنلىق ، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى خۇنسىز ،
جىرتىيىپ قالغانىدى . ئۆركەشكە سوغۇق ، خۇنۇك نەزەردە قادى-
لىپ تۇرغان بۇ كۆزلەردە ئاللىقانداق چوڭقۇر زۇلمەت چۆكۈپ

ياتاتتى ، ئۇلارنىڭ قارىشى ناھايىتى سىرلىق ۋە غەلىتە ئىدى . ئۇ ئاخىر زوۋۋانغا كىرىپ ، تەنە تەئەددى بىلەن مۇنداق دېدى :

— ئۆركەش ئەپەندى ، سىز خۇددى يەرگە چېچىلغان تېرىق - تەك ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا كىرىپ بېقىشنى ئويلايدىكەنسىز - ھە ! ؟ بىلىپ قويۇڭ ، كېچىسى ماڭغان ئەر - نىڭ ، كۈندۈزى ماڭغان يىلاننىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ ، ياكى سىزنى مەكتەپتە ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان قىلىپ تەربىيە - لىگەنمۇ ؟ !

— ئۆلۈم دېگەن ئۆلۈمنى ئويلىمايدىغان ، بەئەينى ئۆمۈچۈك - تەك كۈن كەچۈرىدىغانلار ئۇچۇن دەھشەتلىك بىلىنىدۇ ! — دېدى ئۆركەشمۇ بوش كەلمەي ، — مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدىن باشلاپ ، ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىمنى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن !

— قالتىس !… قالتىس !… ، — دېدى ئەزەم چوڭ ۋە ئارقىدىنلا شۇنداق خەندان ئۇرۇپ كۈلدىكى ، پۈتۈن بەدىنى سىل - كىنىپ ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى . بۇ ھال ئۆركەشنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلىپ قويدى .

— مەنچۇ يىگىت ، — دېدى ئۇ كۈلكىسىنىڭ ئاخىرىنى مەسخىرىلىك چۇشۇرۇپ ، — ئالىپتىگەرلىكنى يامان كۆرىمەن ، ئۆزىنى پەرىشتە قىلىپ كۆرسىتىدىغانلاردىن بەكمۇ بىزارمەن ! ئەمدى نەق گەپنى قىلىشايلى ، ئېيتىڭە ، ئەنۋەر نەگە كەتتى ؟ !

— قايسى ئەنۋەر ؟ — بىلمىگەن قىياپەتتە سورىدى ئۆر - كەش .

— تولا خۇپسەنلىك قىلما ! — دېدى ھېيت ئاغماق بىردىنلا سەنلەپ ، — سەن ئاتىدارچىلىق قىلماقچى بولغان ئەنۋەر ، بىز - نىڭ ئەنۋەر !

— ئۇنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسى تۇرسا ، نېمىدەپ سەنلەرنىڭ بولىدۇ ؟ ! — دېدى ئۆركەش زەردە بىلەن ، — مەن ئۇنى ئۆز يۇرتىغا ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا يولغا سېلىۋەتتىم !

— ئۇ بىزنىڭ ، ئۇنى بىز پۇلغا سېتىۋالغان ! — دېدى ئەزەم چوڭ دىكىنىپ تۇرۇپ ، — سېنىڭ ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىش ھەققىڭ يوق !

— پۇلغا ! ؟ پۇلغا سېتىۋالدىم دەمسەن ! ؟ — دېدى ئۆركەشمۇ ئۇلارنى ئاياپ تۇرماستىن سەنلەپ ، — پۇل دېگەن ئايال خەقنىڭ قېشىدىكى ئوسمىدەك نەرسە ، بىرلا يۇيسا تۈگەيدۇ ! ئەمما ، ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنداق ئەمەس ، بىزنىڭ كېلەچىكىمىز ھېسابلىنىدىغان باللارنىڭ قىممىتى تېخىمۇ ئۇنداق ئەمەس ، ئۇنى ھەرگىزمۇ پۇل بىلەن ھېسابلىغىلى بولمايدۇ ! ئەنۋەردەك باللار ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرگە بولۇشى ، ئوقۇپ تەربىيىلىنىشى ، بىلىم ئېلىشى كېرەك . بۇ ئۇلارنىڭ ئىنساني ھوقۇقى ! ئادەم پەقەت قورسىقىدىكى بىلىم ، ھۈنەر بىلەن ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدۇ . ئەگەر ئۇ بىلىمنى ، ھۈنەرنى ، ھالال ئەمگەكنى خورلىسا ، ئاقىۋەتتە ئۆزىمۇ خورلۇققا قېلىپ ۋەيران بولىدۇ ! …

— بولدى ، ئاغزىڭنى يۇم ! — دېدى ئەزەم چوڭ سەت ۋارقىراپ ، — سەن بىلەن ۋەزخانلىق قىلىدىغانغا ۋاقتىم يوق ! ئېيتە ، سەن مېنىڭ پېيىمگە چۈشۈپ نېمە قىلماقچى ؟ !

— ھالاك قىلماقچى !

— ھالاك قىلماقچى ؟ !

ئەزەم چوڭ يەنە قاقاقلاپ كۈلدى ، ئەمما بۇ قېتىم ئاغزىدىن شالى ئېقىپ كەتتى . ئۇنىڭغا ھېيت ئاغماق دالدا بولدى :

— بىزنى بوش چاغلاپ قاپسەن ـ دە ، يىگىت ! بىلىپ قوي ، بىز خۇدانىڭ سۆيگەن بەندىلىرى ، بىزگە ئېسىلغانلارنىڭ بېلى چورت ئۈزۈلىدۇ ، جۇمۇ !

بۇنداق چاغلاردا ئۆركەشمۇ بوش كەلمەيتتى ، سۆزگە سۆز توغرا كەلگەندە ، ھەتتا دادىسىدىنمۇ يانمايتتى .

— ناننى پۈتۈن يېسەڭ يېگىنكى ، ئەمما ، گەپنى بۇنداق پۈتۈن قىلما ، ھېيتاخۇن ! — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك

قىلىپ ، — ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماي ئۆزۈڭ ئۇزۇلۇپ قالىسەن !...

سۆز جېڭى ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى ، ئىككى ئادەم بىر ئادەمگە بەس كېلەلمەي ، ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى . بولۇپمۇ ، ئۆركەشنىڭ ئەزەم چوڭنىڭ پېيىگە چۈشۈشتىكى مۇددىئاسى ، ئەنۋەرنىڭ شىكايەتلىرىنى ئۇنىئالغۇ لېنتىسىغا ئالغانلىقى ، جۇخەيدىكى قانلىق ۋەقەنى تەكشۈرگەنلىكى ، ئۇتۇق بىلەن بىرلىشىپ پاكىت توپلاۋاتقانلىقى قاتارلىق بىرمۇنچە ئىشلار ئەزەم چوڭ بىلەن ھېيت ئاغماقنى خېلى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى . ئەگەر ئۇنى مۇشۇ پېتى ئۆز رايىغا قويۇۋەتسە ، «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . بۇگۇن ئۇ ، ئۆز پۇتى بىلەن بۇ دەرگاھقا كەلگەنىكەن ، جەزمەن قاتتىقراق چۆچۈتۈپ «يامان» نىيىتىدىن ياندۇرۇش كېرەك . بولمىسا ، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇ قازى بولۇپ ، شاپائەت تەختىگە چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ! ...

ئەزەم چوڭ ئەمدى گەپنى چىرايلىق ، سىپايە قىلىشقا تىرىشتى :

— ئۆركەش ئەپەندى ، ئەمدى ھوشۇڭنى تېپىپ ، ئويۇنۇڭنى يىغىشتۇرۇۋال ! كونىلاردا : «ئېسىڭنىڭ باردا كۆتۈڭنى ياپ !» دېگەن گەپ بار . بۇنداق پەلىپەتىش گەپلەرنى ، تىنتەم - پەتى ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەڭ ، ئۆزۈڭگە ئىش تېپىۋالىسەن !

— ھېچقىسى يوق ! — دېدى ئۆركەش مەردانە قىياپەتتە ، — بۇ يورۇق دۇنيانى تېخى كۆزۈم كۆرۈۋاتقانىكەن ، مەن دەيدىغاننى دەپ ، قىلىدىغاننى قىلىمەن !

بۇ گەپ ئەزەم چوڭنىڭ زىتىغا تەگدى ، شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىكى قانداقتۇر يارقىن نۇر ئەمەس ، بەلكى بىر خىل ۋەھشىيلىكنىڭ ، تەلۋىلىكنىڭ سوغۇق

ئەلەڭگىسى ئىدى !

شۇ تاپتا ، ئۆركەشمۇ خۇددى «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يول-ۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەك ، ئۆزى ئويلىغان مەقسەتكە يېتىش-تە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، تۇر-مۇش تولىمۇ ئاددىي ۋە ئوچۇق — ئاشكارا ئىدى . قانۇن ، ئەدلى — ئادالەت دېگەنلەرمۇ ھەمىشە ، ھەممە يەردە غالىب ۋە رەھىمسىز ئىدى . ئەمما ، تۆت يىللىق قۇۋناق مەكتەپ ھاياتى-دىن ، دۆۋە — دۆۋە كىتابلار ئارىسىدىن ئەمدىلا ئايرىلىپ جەمئىي-يەتكە يۈزلەنگەن بۇ تەجرىبىسىز ، كۆڭلى تۈز ، گۆدەك يىگىت رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي بولماستىن ، بەلكى مۇرەككەپ ۋە سىرلىقلىقىنى ، قانۇن ، ئەدلى — ئادالەتنىڭ-مۇ غالىب ۋە رەھىمسىزلىكىدىن سىرت ، يەنە قانداقتۇر پاكىت ، ئىسپات ، دەلىل ، گۇۋاھ دەيدىغان ئۆزىگە خاس نۇرغۇن ئۆلۈك بەلگىلىمە — پرىنسىپلىرىنىڭ بارلىقىنى ، ئەگەر بۇ بەلگىلىمە — پرىنسىپلارغا چۈشمىسە ، ھەرقانداق يامان ، رەزىل دەپ قارالغان ئادەمنىڭمۇ تېگىشلىك جازادىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى ، تۇر-مۇشنىڭ ناھايىتى كۆپ تاسادىپىي ھادىسە ۋە پاجىئەلەرگە تولغانلى-قىنى تېخى تولۇق ، چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتمەيتتى . ھازىر ئۇ-نىڭدا پەقەت كۈچلۈك قىزغىنلىق ، ئىنتىلىش ۋە ھېسسىياتلا بار ئىدى ، قاباھەتكە ، رەزىللىككە قارشى كۈرەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەدبىر ، تەمكىنلىك ۋە تەجرىبە دېگەنلەر يوق دېيەرلىك ئىدى ، شۇڭا ، ئۇ بۈگۈن ئىككى يوشۇرۇن رەقىبىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن تۇتتى ، كۆڭلىدىكى ئوي — خىياللىرىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى ، قانداق ئويلىغان بولسا ، شۇنداق سۆزلى-دى ، ئۇلاردىن ھېيىقمىدى ، تەپ تارتمىدى ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرەر شۇملۇقلارنى قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىمىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ قورقۇمسىز مەردانىلىكى ، ئوچۇق كۆڭۈل ، راست سۆزلۈ-كى ئەكسىچە ، رەقىبلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە ، قورقۇنچ سېلىپ

قويدى . ئۇلار ئۇنىڭدىن ھېيىقتى ، تەپ تارتتى ، ئۇنىڭ بىرەر ئىش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قالدى . شۇڭا ، ھېيىت ئاغماق يېنىدىكى كۇمۇش تولتىلىق خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوينىتتى :

— بۇ يىلان تىللىق خەنجەرنىڭ زەھىرىنى كۆرۈپ قوي ، جۇمۇ !

ئۇ خەنجەرنى پوپوزا قىلىش نىيىتىدە ، ئۆركەشنىڭ كۆز ئالدىدا ئوينىتىپ ، خۇددى ئۇنىڭ بوينىنى ئۇزمەكچىدەك يالغان ھەرىكەت بىلەن مۇنداق بىر شىلتىۋىدى ، كۇتۇلمىگەندە ، خەنجەر-نىڭ ئۆتكۇر بىسى ئۆركەشنىڭ بوينىدىكى ئانا تومۇرغا تېگىپ ، تومۇرنى ئۇزۇۋەتتى··· بېسىم بىلەن جىرقىراپ چىققان قان بىر-دەمدە ئۆركەشنىڭ بەدىنىنى ، ھېيىت ئاغماقنىڭ باش - كۆزىنى ، ھەتتا تاملارنىمۇ قىپقىزىل بويىۋەتتى . ئۆركەش «ۋاي !···» دېگىنىچە قولى بىلەن كېسىلگەن يەرنى چىڭ بېسىۋالغان بولسى-مۇ ، ئەمما ئىسسىق قان قوللىرىنىڭ ئاراچىلىرىدىن شىرقىراپ ، بۇلدۇقلاپ ئېقىشقا باشلىدى···

تېزلا قانسىرىغان ئۆركەش ئازابلىق ئىڭراش بىلەن سېمونت يەرگە گۇپپىدە چۈشتى . ئۇنىڭ نۇرى ئۆچۈۋاتقان كۆزلىرىگە گويا ئاسمان غۇلاپ ، يۇلتۇزى - پۇلتۇزى بىلەن بېشىغا چۈشۈۋاتقان-دەك ، يەر ۋاڭگىدە يېرىلىپ ، ئۆزى ئاشۇ يېرىقنىڭ قەرىگە چۈ-شۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى ···

ھېيىت ئاغماق قاننى كۆرۈپ تەمتىرەپ ، ھولۇقۇپ قالدى .

— قانداق قىلىمىز ، چوڭام ! — دېدى ئۇ ئالدىراپ ، — كۇتۇلمىگەن ئىش بولدى ، دوختۇرغا ئاپىرىمىزمۇ ؟

— ئەخمەق ! ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ ؟ ! — دېدى ئەزەم چوڭ تەمكىن ھالدا ، — بۇ ئىش ھامان بولاتتى ، ئىككى تەرەپ ئېلىشقانىكەن ، بىر تەرەپ ھامان ھالاك بولىدىغان گەپ . ئەمما ئۇنىڭ ھالاكىتى سەل بۇرۇن بولۇپ قالدى . ھېچقىد-

سى يوق ، ئەمدى ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويايلى !

ئەزەم چوڭ ھېيت ئاغماقىنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى ئالدى ، شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغان ، كۆڭلى بۆرىدەك ھۇۋ-لايتتى ، يۈزىدە پەقەت خۇنخورلۇق شەپىسىلا كېزەتتى . ئۇ ، يەردە قانسىراپ ، ھالسىز ئاۋازدا : «قاتىل ··· نامەرد ··· سەنلەرمۇ جاجاڭنى يەيسەن ! ··· » دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ياتقان ئۆر-كەشنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە خەنجەر ئۇردى ···

بۇ ئىشلارغا ئەزەم چوڭنىڭ پۇلغا ھېرىسلىكى ، ھارامدىن ھەزەر قىلماسلىقى ، مال - دۇنيا ئالدىدا ھەرقانداق مۇقەددەس نەرسىنىمۇ ئاياغ - ئاستى قىلىشتىن يانمايدىغان رەزىل تەبىئىتى سەۋەب بولدى . بۇ خاتالىق ئەمەس ، پەسكەشلىكمۇ ئەمەس ، بەلكى سېپى ئۆزىدىن ۋەھشىيلىك ، ياۋۇزلۇق ئىدى !···

ئۆلۈم ۋەھىمىسى بېشىغا چۈشكەن شۇ دەقىقىدە ، خاتىرىلەر خۇددى چاقماق يورۇقىدا غىل - پال كۆرۈنگەن نەرسىلەردەك ، ئۆركەشنىڭ خىيالىدىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن بىرمۇ بىر ئۆ-تۈشكە باشلىدى . كۆز ئۆڭىدە نېمىدۇر ئېچىلغاندەك بولدى : پەۋقۇلئاددە ئىچكى بىر يورۇقلۇق ئۇنىڭ دىلىنى روشەن يورۇت-تى . بۇ ھالەت يېرىم مىنۇتچە داۋام ئەتكەن بولسا كېرەك ، كېيىن ئۇ ، ئۆز كۆكسىدىن ئېتىلىپ چىققان ۋە ھېچقانداق كۈچ بىلەن توختىتىپ بولمايدىغان دەھشەتلىك بىر پەريادنىڭ بىرىنچى تاۋۇشىنى ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەپ قالدى . لېكىن شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى ئۆلۈمنىڭ ساناقلىق مىنۇتلىرىنى سەزگەچ-كە ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ، ئېڭىدا نە غەزەپكە ، نە پۇشايمان-غا ، نە ئېچىنىشقا ، نە بىرەر باشقىچە ھېس - تۇيغۇلارغا ئورۇن قالمىغانىدى . ھەممە يەر قاپقاراڭغۇ ، مۇدھىش بىر بوشلۇققا ئايلىنىپ كەتكەنىدى ··· ئەڭ ئاخىرى ، ئۇنىڭ ئېڭىمۇ لىپ قىلىپ ئۆچتى ۋە زىمىستاندەك قاراڭغۇلۇققا چۆكتى ···

× ×

ھۆۋقۇش تاز خامۇش بىر كەيپىياتتا ئەتراپىغا قارىدى ۋە سەپچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى ...

ئۇنى يېرىم كېچىدە ئويغاتقان ئادەم موللاجى ئىدى :

— يۈر ، مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى !

موللاجى كونا «سانتانا» نى ھەيدەپ يولغا چىقتى . يامغۇر تاراسلاپ چۈشۈپ ، يولنى خىرەلەشتۈرۈۋەتكەنىدى . ماشىنا چاقىدىن شىرقىراپ سۇيۇق لاي چاچرايتتى ...

ماشىنا يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن ، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى «خولو» تېغىنىڭ خىلۋەت يانباغرىغا كېلىپ توختىدى . ئورمانلىق تاغنى تۇمان قاپلىغان ، شۇنداق سۈرلۈك ھەم جىمجىت ئىدى . تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئۇنىڭ كەڭ باغرىغا سىڭىپ غايىب بولاتتى .

موللاجى بىلەن ھۆۋقۇش تاز ماشىنىدىن چۈشتى ، ماشىنىنىڭ ئارقا ساندۇقىنى ئاچتى ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە قولچىراغ بار ئىدى .

— بۇ نېمە ؟ — سورىدى ھۆۋقۇش تاز ماشىنىنىڭ ئارقا ساندۇقىدىكى چىپتا تاغارغا ئورالغان نەرسىنى كۆرۈپ .

— جەسەت !

— جەسەت ؟ !

— ھە ، جەسەت ، — دېدى موللاجى ئاۋازىنى پەسەيتىپ ، — بولدى ، ئاغزىڭنى يۇم خالمەت ! بۇ كاللا كېتىدىغان ئىش ! چوڭخام بىزگە ئىشىنىپ بۇ ئىشنى تاپشۇردى ، ئىسبۇسىنى چىقارماي دەرھال كۆمۈۋېتەيلى !

ئۇلار جەسەتنى ماشىنىدىن ئالغۇچە ، ئورالمىسى بۇزۇلۇپ ، مېيىتنىڭ يۈزى ئېچىلىپ قالدى . ھۆۋقۇش تاز ئۇنى كۆرۈپلا

تونىدى ، تونۇپ ھەيرەتتە قالدى . «ئۆركەش ! ...» ئۇ چۆچۈپ ، ئەندىكىپ توۋلاپ سالدى ، نېرۋىلىرى قاقشاپ ، تېنى جىمىرلاپ كەتتى ، قوللىرى سېزىلەرلىك تىترەيتتى ...

— سەن ئۇنى تونۇمسەن ، خالمەت ؟ — سورىدى موللاجى ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قاراپ .

— كۆرگەندەك قىلىمەن... ، — دېدى ھۇۋقۇش تاز مۇجمەل جاۋاب بېرىپ ، لېكىن ئۇ يالغان ئېيتقانىدى ، ئۇ ئۆركەشنى تونۇيدىلا ئەمەس ، بەلكى بۇ چىقىشقاق ، ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي يىگىت بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى...

— خالمەت ، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن ! ؟ — دېدى موللاجى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ ، — كىم بولسا بولمامدۇ ، ئىشقىلىپ ، ئۇ چوڭامنىڭ ئەڭ يامان ، ئەشەددىي دۈشمىنى ئىكەن ! تېز بول ، كۆمۈۋېتەيلى ! ...

ئۇلار جەسەتنى كۆتۈرۈپ ، ناھايىتى تەستە تاغنىڭ قاپتىلىغا ئېلىپ چىقتى ، ئاندىن چۇۋۇلغان يۆگەكلىرىنى يېشىپ ، قايتىدىن مەھكەم ئوراشقا باشلىدى . ھۇۋقۇش تاز جەسەتكە قاراپ يەنە بىر قېتىم شۈركۈنۈپ كەتتى . قانداقتۇر ياۋۇز ، شەپقەتسىز بىر قول بۇ بەختسىزنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە پىچاق تىققانىدى . چۇچۇمەل قان ھىدى دىماغنى ئېچىشتۇرۇپ ، كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى . ھۇۋقۇش تاز كۆپ ئۆلۈملەرنى كۆرگەن ، ئەمما ئىنسان بالىسىنىڭ بۇنداق تېز ، بۇنداق ئاسان ۋە مۇنداق دەھشەتلىك ئۆلۈشى مۇمكىنلىكىگە ئەقلى يەتمەيتتى ! ...

ئۇلار گۇرجەك بىلەن تاغ قاپتىلىدىكى يوغان بىر تاشنىڭ يېنىغا گۆر كولىدى ، جەسەتنى تارغىنە ئۆرەككە پۈكلەپ چۈشۈرۈپ كۆمدى ، ئۈستىگە نۇرغۇن غەلدە ـ غەشتىلەرنى تاشلىدى . بۇ ئىشلارنى قىلغۇچە ئۇلار چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى ، ھۇۋقۇش تازنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلارمۇ يامغۇر سۈيى بىلەن

ئاربلىشىپ كەتتى ...

دۇنيادا دەسلەپكى نەپرەتنىڭ ، ئەلەمنىڭ تۇغۇلۇشى بەلكىم مۇشۇنداق يالقۇنلۇق بولغان بولۇشى مۇمكىن . ھۇۋقۇش تازنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا ئوت چاقنىغاندەك يالقۇنلاپ تۇراتتى . بەختىگە يارىشا ، ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ ھالىتىنى يېنىدىكى ھەمراھى موللاجى سەزمىدى ، ئېتىبارمۇ قىلمىدى ...

ئۇلار ئىشنى تۈگىتىپ قايتتى ، بارغانسېرى كۈچەيگەن يامغۇر ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى پاك ـ پاكىز يۇيۇپ ، تاغ باغرىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ، ئەسلىدىكى تىنچ ، سەلتەنەتلىك ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويدى .

ئەمما ، ھۇۋقۇش تازنىڭ يۈرىگە دەھشەت ۋە بىچارىلىك ئالامەتلىرى يېپىلغانىدى . ئۇ ئۆزىنى خۇددى ئەشەددىي بىر جىنايەتچىدەك ھېس قىلاتتى ، ھازىرلا دەھشەتلىك بىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ كەلگەندەك ئىدى ، ئۇنىڭ تاتارغان يۈزىگە كۆز يېشى ئېقىپ چۈشكەنىدى ۋە بۇ ياش تىترەپ تۇراتتى ...

× ×

تەبىئەتنىڭ ئوزايى بۇزۇلسا ھېچ گەپ ئەمەس ، ئاسماننىڭ باغرى كەڭ ، قارا بۇلۇتلار كېلىدۇ ـ كېتىدۇ ... ئەمما ، ئادەمنىڭ كەيپى بۇزۇلسا ، كۆڭلىنى قارا بۇلۇت باسسا ، بۇ ناھايىتى يامان ، خۇددى مىتە يېگەن بۇغدايدەك ئادەمنى ئىچىدىن ئەپ قويىدۇ !...

بۇ كۈنلەردە يارمەمەتنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئىدى .

ئۆركەش بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇن ـ تىنسىز غايىب بولدى . بۇ ئىشنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى تېپىشماقتەك سىرلىق ئىدى ...

ساقچىلارمۇ ھەرىكەتكە كەلدى ، بولۇپمۇ ۋاڭ باۋ بىرنەچچە

كۆن قاتتىق ئىشلىدى ، پۈتۈن شەھەرنىڭ بىر نەچچە كۈنلۈك قاتـ
ناش ھادىسىلىرىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈلدى ، ئەمما ئۆركەشنىڭ
تىرىك ياكى ئۆلۈكلۈكىدىن زادىلا دېرەك بولمىدى .

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ماشىنىسى تېپىلدى . ماشىنا بىلەن بىللە ئىككى چىگخەيلىك ئىشلەمچى قولغا چۈشتى . ئۇلار نىڭ ئىقرارى مۇنداق بولدى :

ئۇلار يۇرتىدا تراكتورچى ئىكەن ، ئەمما ئىشلەپ تاپقان پۇل لىرى ئائىلىسىنى قامداشقا يەتمىگەچكە ، ئالته ئاي بۇرۇن ئىككى سى گۇاڭجۇغا كېلىپ ئىشلەمچى بوپتۇ ، خېلى كۆپ پۇل تېپىپتۇ ، ئەمدى يۇرتقا قايتماقچى بولۇپ ، بازار ئارىلاپتۇ ، گۈزەل جۇجياڭ دەريا بويلىرىنى سەيلە قىپتۇ . شۇ چاغدا دەريا بويىدا كېتىۋېتىپ ، ئۆزلىرى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ بىر سېھىرلىگۈچى ناخشا كۈي ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ توختاپ قاپتۇ ، ئەتراپقا بويۇنداپ قارىشىپتۇ ، يېقىنلا يەردىن ئاجايىپ بىر مەردانە ، يېقىملىق سادا ئاڭلىنىپتۇ ، ئۇلار قىزىقىپ ، ئىزدەپ ئاخىر تېپىپتۇ . مۇڭ ۋە ھاياجانغا تولغان بۇ ناخشا ـ كۈي ئۇلاردىن ئۈچ قەدەم نېرىدىكى كۈمۈش رەڭلىك «خوندا» ماركىلىق پىكاپ نىڭ ئوچۇق دېرىزىسىدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقانىكەن . ئۇلار تېخىمۇ قىزىقىپ ، ماشىنىغا يېقىن كەپتۇ . سازنىڭ دىلكەش ناۋاسى بىلەن زوققا تولۇپ ئېيتىلىۋاتقان مۇقامنىڭ مەردانە ئاھاڭى ئۇلارنىڭ دىللىرىنى سىلكىپ ئويغىتىپ ، كۆڭۈللىرىنى ئەللەيلەپتۇ ... لېكىن ، ھايال ئۆتمەي ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل مەيلى ئۆزگىرىپتۇ ، ئەمدى ئۇلارنىڭ دىققىتى ھېلىقى مۇڭلۇق ، مەردانە كۈيلەردە ئەمەس ، بەلكى پارقىراپ تۇرغان چىرايلىق ماشىنىغا مەركەزلىشىپتۇ . چۈنكى ، ماشىنىنىڭ ئۈنئالغۇسىدىن ناخشا ـ مۇزىكا ياڭراۋاتقان بىلەن ، ئادەم يوق ئىكەن . ماشىنىنىڭ ئىشىكىمۇ قۇلۇپلانمىغان ، ئاچقۇچىمۇ ئۆز جايىدا ساڭگىلاپ تۇرغانىكەن . ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيۇپ ، خېلى ۋاقىتقىچە

ماشىنىنى كۆزىتىپتۇ ، ئاڭغىچە ناخشا ـ مۇزىكىمۇ ئۈزۈلۈكىدىن بېسىقىپتۇ . ئۇلار تاكى كەچ كىرگۈچە ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا مارىلاپ يۈرۈپتۇ ، يەنىلا ئىگىسى كۆرۈنمەپتۇ . شۇ چاغدىلا ئۇلار : «خۇدا بەردى دېگەن مانا شۇ !» دەپ ، قاراملىق بىلەن ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپتۇ . بىرنەچچە كۈن شەھەر ئىچىدە ھەيدەپ ئويناپتۇ ، كېيىن شۇ پېتى چېگرىغا ھەيدەپ كەتمەكچىمۇ بوپتۇ . ئەمما ئۇزاق يولدا بىرەر يېشكەللىككە يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ، ماشىنا بازىرىدا ئېلىشىغا سېتىۋېتىپ كەتمەكچى بوپتۇ ۋە دەل شۇ چاغدا تۇتۇلۇپ قاپتۇ ...

ساقچى ئورۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالمىدى . بۇنداق ئەھۋالدا ھېچكىم ئۇلارنىڭ قاتىل ئەمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايتتى . شۇڭا ، ئۇلار بىرىنچى گۇماندار سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرۇلدى . مانا بۇ «قېتىق ئىچكەنمۇ ئوغرى ، تاۋىقىنى يالىغانمۇ ئوغرى» دېگەن ھەقىقەت ئىدى .

ئەمما ، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى يارمەمەتكە تەسەللى بولالمىدى ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ چىرايى سولىشىپ ، گەۋدىسى چۆكۈپ ، خېلى ئوبدانلا قېرىلىق يەتكەندەك بولۇپ قالدى ...

قېرىلىق — غەمكىنلىك ... قېرىلارنىڭ كۆڭلى خۇددى ياۋا سۆلار يىغىلىپ قالغان لايلاتمىنىڭ ئۆزى . ئۇنى ئاندا ـ ساندا چىقىپ قالغان شامالمۇ ، كۆكتىن چۈشكەن سىم ـ سىم يامغۇرمۇ چالغىتىدۇ ، بىزەۋىتى قىلىدۇ . ئۇ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى قاياقلارغىدۇر ئالدىراۋاتقان دولقۇنلاردەك بەسلىشىپ ئاقالمايدۇ ، پەقەت چايقىلىدۇ ، خالاس ! خۇددى شۇ كۈنلەردە ، يارمەمەتنىڭ كۆڭلىمۇ ئەنە شۇ جىندەك شامالدىن چايقىلىپ بىزەۋىتى بولىدىغان لايلاتمىدەك ، تىنچسىز ، سوغۇق ھەم ئۆلۈك ئىدى ! ...

# 7

«كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈنىدە سۇنىدۇ» دېگەندەك، خۇماركۆز كۈتۈلمىگەندە «بېيجىڭ يولى» دىكى قايناق بازاردا تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ بىر ئايالنىڭ سومكىسىدىن يانفون ئوغرىلاۋاتقاندا، نەق پاكىت بىلەن قولغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغداپ يۈرگەن موللاجىمۇ بۇ قېتىم ئۇنى قۇتقۇزالمىدى، چۈنكى، مال ئىگىسى ئۇنى شۇ هامان ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. موللاجى پەقەت هوشيارلىق بىلەن ساقچىغا ئەگىشىپ، خۇماركۆزنىڭ قايسى ساقچىخانىغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىلا بىلىۋالالىدى.

بۇ خەۋەر ئەزەم چوڭغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ خۇماركۆزدىن يەنە ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ چىچاڭشىپ كەتتى. ئەگەر بۈگۈن ـ ئەتە ئۇنى ساقچىخانىدىن قۇتقۇزۇپ چىقمىسا بولمايتتى، ئەگەر ئۇنى ساقچىلار «سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇش مەركىزى» گە ئۆتكۈزۈپ بەرسە، ئىش قىيىنلىشاتتى، ئۇ يەردىن خۇماركۆزنى شىنجاڭغا ئەكېتىپ قالسا، ئەزەم چوڭ تۇخۇم ئورنىدا ئالتۇن تۇغىدىغان ئېسىل بىر مېكىياندىن پۈتۈنلەي مەهرۇم بولۇپ قالاتتى...

ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى ۋە بۇ ئەقىلدىن ئۆزىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئۇ هېيت ئاغماقنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— سەن دەرهال ئايتۇرەكنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى ساقچىخانىغا ئەۋەتكىن، خۇماركۆزنى شۇ خوتۇنلا قۇتقۇزۇپ چىقالايدۇ، بىز ئۇنىڭغا يۇقىرى هەق بېرەيلى!

— ماقۇل، مەن كەتتىم، — هېيت ئاغماق ئالچاڭلاپ چىقىپ كەتتى.

ئەزەم چوڭنىڭ «ئايتۇرەك» دېگىنى — يەتتە ـ سەككىز يىلدىن بېرى مۇشۇ شەهەردە جاهاندارچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئاي-

تۇلۇن ئىسىملىك بىشەم ، ھاياسىز بىر چوكان ئىدى . ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولۇپ ، ئەينەككە قاراپلا كۆڭلى بۇزۇلاتتى ، تەبىئەتنىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ ئادالەتسىزلىكىدىن يۈرىكى ئېچىشىپ ، ئېيتقۇسىز بىر ئازاب ۋۇجۇدىنى چۇلغايتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئىسمى چىرايلىق بولغان بىلەن رەڭگى سەت ، بوي ـ تۇرقىمۇ قوپال ئىدى . ئەگەر ئۇستا رەسسام ئۇنى ئەينەن سىزىشقا توغرا كەلسە ، مۇنداق بىر قىياپەت كۆرۈرمەنلەر ئالدىدا نامايان بولاتتى : پاكار بوي ، ناغرا يۈز ، پىلتە كۆز ، يوغان ئېغىز ، غۇژمەك قاش…

شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ، ئۇ بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن ، چىرايلىق قىزلارنى كۆرسە ، ئۇلارغا ھەۋەس قىلاتتى ۋە بەزىدە ئىچى ئاداپمۇ كېتەتتى . بۇنداق چاغلاردا ، ئۇنىڭ باشقىلارنى چىرايلىق ، ئۆزىنى سەت ياراتقان ئاللاغا نالە ـ شىكايە قىلغۇسى ، ئۆزىنى مۇشۇنداق تۇغۇپ قويغان ئانىسىنى ئەيىبلىگۈسى ، بەزىدە ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇسى كەپ كېتەتتى . بۇ ھېسسىيات قايسىبىر چاغدا كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆز كەينىدىن : «ۋاي ـ ۋۇي ، ئۇنىڭ نېمىسىنى دەيسىز ، سالما باش ، داپ يۈز ، قىرى يوق كالتەكتەك بىرنېمە ئۇ !… » دېگىنىنى ئاڭلىغاندا تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەندى . ئەمما ئۇ ، شۇ چاغدا بۇ گەپلەرگە تەن بەرمەي ، زەردە بىلەن : «سەن تېخى مېنى سەت دەۋاتامسەن… ھۇ … يۈندى چىراي ، چېقىر كۆز ! سېنىڭچۇ مەندەك چىرايلىق بولسا ، ھەر كۈنى بانكىغا ئامانەت قويۇپ ئۆسۈمىنى يەيتىڭ !… » دەپ ئۆزىگە تەسەللى تاپقانىدى . كېيىن ئۇ ، ھەر خىل پەرداز ۋە چىراي گۈزەللەشتۈرۈشلەر بىلەن ئۆزىنى تۈزەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، ئەمما قايسىبىر شائىرنىڭ :

«ئىلتىپاتىڭ بولمىسا ، ساھىبجامال مەڭلىك بىكار ،
رەڭگى يوق قوقلاق خوتۇنغا ئۇپا ـ ئەڭلىكمۇ بىكار ! »

دەپ يازغىنىدەك، بىھۇدە ئىش بولۇپ قالدى.

دەرۋەقە، ھەممە ئادەمدە گۈزەللىكنى سۆيىدىغان قەلب بار. گۈزەللىكنى سۆيۈش ئىنسانلارنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى. ياش قىزلار ئۇچۇن گۈزەللىك بىباھا گۆھەر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باش-قىلارنى مەپتۇن قىلغۇدەك جەزبىدار بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما، ئۇنداق بولماي، ئايتولۇندەك بولۇپ قالسا قانداق قىلغۇ-لۇق؟! يەنىلا ياشاش كېرەك، بۇ شېرىن جاندىن كىممۇ تويۇپ باققان!؟ تۆشۈك مونچاقنىڭ يەردە قالغىنى نەدە بار؟!...

ئايتولۇن يىگىرمە ياشقا كىرگەندە، ئۆزىدىنمۇ بەتتەر تەتۈر ئۇستىخان، قاراچوقۇر، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىرىگە ئەگە-شىپ بۇ يەرلەرگە چىقىپ قالغانىدى. ئۇ بەش يىلغىچە ئۇنىڭغا نىكاھسىز خوتۇن بولۇپ، كېچىسى ئۇنىڭ بۆيرۇقىدا، كۇندۇزى ئۇنىڭ قۇيرۇقىدا ئەگىشىپ يۈردى. بۇ جەرياندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرخىل سودا ـ سېتىقنى ئۆگەندى، بەزى ۋاقىتتا تۇتام ـ تۇتام پۇللارغا ئېرىشتى، بەزىدە بولسا، ئاچ ـ زېرىن، يىلىڭ ـ يوپۇڭمۇ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يىگىرمە بەش ياشلارغا تولغان كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ھېلىقى قاراچوقۇر ئېرى تۇ-يۇقسىز يوقاپ كەتتى ۋە شۇ يوقىغانچە قارىسىنى كۆرسەتمىدى، ئايتولۇن يالغۇز تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. كۇندۈزى ئوي-غۇرلار ئاچقان ئاشخانىلاردا يۇندىخورلۇق قىلدى، كېچىلىرى بۇرۇنقى مۇناسىۋەت دائىرىسى ئىچىدە «زەھەر» سودىسى قىلدى. بۇ چاغدا، ھېلىقى ئېرىدىن يادنامە بولۇپ قالغان نىكاھسىز بىر قىزىمۇ تۇغۇلدى، بالىنىڭ تۇغۇلۇشى ئۇنىڭ سودىسىنى يۈرۈش-تۈرۈۋەتتى، ئۇ ئەمچەكتىكى بوۋاقنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، «زە-ھەر» سودىسىنى خېلى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ باردى، بوۋاق ئۇنىڭغا ئەپلىك ھەم مۇستەھكەم قالقان بولدى. بىرەر پېشكەللىككە يولۇ-قۇپ، ساقچىلار تۇتۇۋالسىمۇ، بوۋاق ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالاتتى. ئەمما، بۇ «خاسىيەتلىك» بوۋاق ئۇنىڭغا ئۇزاق ھەمراھ بولالمى-

دى ، «چىچەكتە چىچەكلىمىگەن قىزىلدا قىزىلار» دىگەندەك ، ئۇنىڭغا قىزىل چىقىپ ، يىشىغا يەتمەيلا ئۆلۈپ كەتتى…
مانا شۇ خوتۇن ھازىر ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ، يەنىلا ھارامدىن يانماي ، مەشرىقتىن ئىزدىسە ، مەغرىپكە قېچىپ ، ئەمما چوڭ سودىغا ئارىلاشماي ، كىچىك سودىنى قولدىن بەرمەي ، خېلى ئوبدان ياشاپ كېلىۋاتاتتى …
ھېيت ئاغماق ھايال بولمايلا قايتىپ كەلدى .
— ئايتۇلۇن بىلەن كۆرۈشتۈم ، — دېدى ئۇ خوجايىنىغا دوكلات قىلىپ ، — خۇماركۆزنى قۇتۇلدۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلدى ، ئەمما شەرت قويدى .
— نېمە شەرت ؟ ! — ئالدىراپ سورىدى ئەزەم چوڭ .
— ھۆۋقۆش تازىنىڭ ئوغلىنى ئىجارىگە ئالىدىكەن…
— نېمە ، نېمە ! ؟ — ئەزەم چوڭ ئىچى پۇشقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ، — زادى نېمە گەپ بۇ ! ؟
ھېيت ئاغماق تەپسىلىي چۈشەندۈردى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئايتۇلۇن ھۆۋقۆش تازىنىڭ ئەمچەكتىكى ئوغلى ئەركىننى سودا قالقىنى قىلىش ئۈچۈن ، كۈنلۈكىنى بەش يۈز يۈەندىن ئىجارىگە ئالماقچى بوپتۇ . ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئەركىننى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئەچىقىپ ، كەچتە قايتۇرۇپ بېرىدىكەن ، قورسىقى ئاچسا ، ئېمىزگۇ بىلەن سۈت ئىچكۈزىدىكەن ، پىچىنە يېگۈزىدىكەن…
ئايتۇلۇننىڭ قويغان شەرتى ئەزەم چوڭغا بىرئاز تىك كەلدى . ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ، ئاكىسى سايىم قاپاق تۈتۈلۈپ ، كېيىن تۈرمىدە ئۆلگەندىن كېيىن ، خروئىن سودىسىغا بەكمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى . ئۆزى قىلىش تۇگۇل قىلىۋاتقانلارنى كۆرسىمۇ ، خۇددى ئالۋاستىغا يولۇققاندەك يىرگىنىپ كېتەتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەرەزگە ئەزەلدىن يېقىن يولىمايتتى ، بۇ خۇددى مەرەزنىڭ مەرەز بىلەن پۈت تېپىشقىنىدەكلا ئىش ئىدى .

— قانداق قىلىمىز ؟ — ئەزەم چولڭ ھېيت ئاغىماققا قارىدى ، شۇ تاپتا ئۇ ، ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدا كۆيۈۋاتقاندەك ، تەڭقىس ئەھۋالدا قالغانىدى .

— مېنىڭچە ، شەرتكە كۆنەيلى ! — دېدى ھېيت ئاغىماق سالا قىلىپ ، — ھازىر خۇماركۆزنى قۇتقۇزۇش مۇھىم . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، زەھەر سودىسىنى ئايتولۇننىڭ ئۆزى قىلىدۇ ، بىز بىلەن مۇناسىۋىتى يوق . بوۋاق پەقەت ئۇنىڭغا بىر قالقان ، تېخى چىمچىلاقتەك تۇرۇپ ، كۈندە بەش يۈز يۈەن پۇل تاپسا ، ياخشى ئەمەسمۇ !؟ بۇنچىلىك پۇلنى ھازىر دادىسىمۇ ، ئانىسىمۇ تاپالمايدۇ ، بىزگە يۈك بولغىنى بولغان ! ...

ئەزەم چولڭ ھېيت ئاغىماقنىڭ پىكرىگە مايىللىشىپ قالدى . دېمىسىمۇ ، ھازىر خۇماركۆزنى قۇتقۇزۇش ئەڭ مۇھىم ، بۇنىڭ ئالدىدا باشقا ئىشلارنى ئويلاپ ، دېلىغۇل بولۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق . ھەرقانداق بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ ، ئۇنى دەرھال قۇتقۇزۇش كېرەك !

ئۇ ئاخىر شۇ قارارغا كەلدى ۋە قارارنى ھۇۋقۇش تازغا ئېيتتى . كۈتۈلمىگەن يەردىن ھۇۋقۇش تاز ئۇنىڭغا ئۆكتە قوپتى :

— چوڭام ، بۇ قانداق ئىش !؟ ئانىسىنى ئېمىۋاتقان كىچىككىنە سەبىي بالىنى مۇنداق پاسكىنا ئىشقا سالسا راۋا بولامدۇ ؟! سىلى ئەزەلدىن زەھەر سودىسىغا ئۆچ ئىدىلىغۇ !؟...

— شۇنداق ! — دېدى ئەزەم چولڭ دوق قىلغاندەك ، — مەن زەھەر سودىسىغا ھېلىمۇ ئۆچ ، ئۆزۈم قىلمايمەن ، زادىلا قىلمايمەن ! ئەمما ، مەن ئۆچ بولغان بىلەن باشقىلار ئامراقكەن ئەمەسمۇ ! قارىغىنا ، ئاشۇ ئايتۇرەك چېغىدا پۇل تېپىپ بېيىپ كەتتى . لېكىن مەنچۇ ؟ مەن ھەربىرىڭدەك بىكار نان ئەللەزىلەرنى باقىمەن دەپ ، روۋۇكلىشىپ كېتىۋاتىمەن ! ئۆزۈڭگە قارىغىنا ، سەن ماڭا قانچىلىك پۇل تېپىپ بېرىۋاتىسەن !؟ خوتۇنۇڭچۇ !؟ خوتۇنۇڭ تېخى «تۇغۇتتا چېقىلىپ كەتتىم» دەپ ، قېرى قېچىردەك سۆڭ-

گىچىنى چىقىرىپ ياتىدۇ . ھەربىرىڭنىڭ قورسىقى ، كىيىم ـ
كېچىكى ھەم ئۆي ئىجارىسىگە كەتكەن پۇل ئاسماندىن
چۈشەمدۇ !؟ كونىلاردا : «ئاچچىق ئۆرۈككە كۆت توشامدۇ !»
دېگەن گەپ بار . بۇنداق بىكار يېتىپ يېگەنگە تاغمۇ چىدىمايدۇ ،
خالمەت ! ماڭا پۇل كېرەك ، پۇل ! ھازىر پۇل دېگەننىڭ
ئەركەك ـ چىشىسىنى ، ھالال ـ ھارىمىنى ئايرىيدىغان ۋاقىت
ئەمەس . ئوغلۇڭ بولسىمۇ ، ئاز ـ تولا پۇل تېپىپ تۇرسۇن .
بالىنى سەن تاپقان بىلەن ، ئۇنىڭ تەۋەلىكى ، ئىگىدارچىلىقى
مەندە ، مەن ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ھامىيسى !...

بۇ گەپلەردىن ھۆۋقۇش تازنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى ، زۇۋانى
تۇتۇلدى دېگەندىن كۆرە ، ئاچچىق يۇتۇپ جىم بولۇپ قالدى ،
دېگەن تۈزۈك . چۈنكى ، ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا چوڭام ئۈچۈن نۇرغۇن
پۇل تېپىپ بەرگەن ، چوڭام ئۇنىڭدىن ماختانغان ، پەخىرلەنگەن .
ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ، يېشى ئۇلغىيىپ ، پۇتى ناكار بولۇپ ،
بۇرۇنقىدەك ئالغۇر ـ چاپقۇر بولالماي قالغاندا ، بۇنداق ھاقارەت-
لىسە دۇرۇس بولامدۇ ؟ ! ھۆۋقۇش تاز ھازىرمۇ بىكار يەپ ياتقى-
نى يوققۇ ! بىر تەرەپتىن ، كاۋاپچىلىق قىلىپ ، بىر تەرەپتىن
«شوركا» لارنى ئىشقا سېلىپ ، يەنىلا ئاز ـ تولا پۇل تېپىۋاتى-
دىغۇ ! ئۇنىڭ ھازىر تۆھپىسى كۆپ بولمىسىمۇ ، ئەجرى كۆپ-
قۇ !؟ چوڭام نېمانچە يۈزسىز ، نائىنساپ ـ ھە !؟...

لېكىن ئۇ ، بۇ گەپلەرنى ئەزەم چوڭغا يۈرىكى پېتىنىپ ،
يۈز تۇرانە ئېيتالمايتتى ، ئېيتىشتىن ئەيمىنەتتى ، قورقاتتى .
چۈنكى ، ئەزەم چوڭ ئۇنى كىچىكىدىن ئاشۇنداق ئۆگەتكەن ، كۆن-
دۈرگەن ، ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن ھەقلىكىگە ، ئاغزىدىن چىققان ھو-
رىنىڭمۇ بىھۇدە ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈرگەن ! ئەزەم چوڭ ئەزەل-
دىن لەھەڭ ، ھۆۋقۇش تاز يەمچۈك بولۇپ كەلگەن ، مانا ئەمدى
ئۇنىڭ قىرىقى توشمىغان ئوغلىمۇ يەمچۈك بولماقچى !...

بۇ دىلخەستىلىكلەر ئەزەم چوڭ بىلەن ھۆۋقۇش تازنىڭ

مۇناسىۋىتىدە تۇنجى قېتىم يوشۇرۇن دەز پەيدا قىلدى...

*　　　　*

ئايتولۇن شۇ كۈنى كەچكە يېقىن خۇماركۆزنى ساقچىخانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك ئاسان پۈتتى. بۇنىڭدا، ئايتولۇننىڭ بىر دادىلىسا ئاغزى ۋە قىلىقى شاللاقلىشىپ كېتىدىغان بىشەملىكى بىلەن ھاياسىزلىقى ئەسقاتتى. ئۇ، ساقچى باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپلا ئەيھۇ-ھەنناس سالدى، خۇماركۆزنى «مېنىڭ قىزىم، بۇگۈن قويۇپ بەرمىسەڭلار ئۆلۈپ بېرىمەن!» دەپ ھازا ئاچتى. ساقچىلار ھەقىقەتەنمۇ تەمتىرەپ قالدى، تىل ئۇقۇشماسلىق ئىككى ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ قاتماللاشتۇرۇۋەتتى. بىر چاغدا، ئايتولۇن كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى يوغان ئېچىپ، سولىشىپ كەتكەن ئەمچەكلىرىنى پۇلاڭشىتىپ، خۇددى «خۇماركۆزنى قويۇپ بەرمىسەڭ، ئاغزىڭغا ياقىمەن» دېگەندەك قىلىقلار بىلەن ساقچىلارغا ھاياسىزلىق قىلدى. ئاخىر ئۇنىڭدىن تويغان، بىزار بولغان ساقچى باشلىقى خۇماركۆزنى قويۇۋېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئۇنىڭسىزمۇ، خۇماركۆزنى قانداق قىلىش مەسىلىسى ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ تۇراتتى. چۈنكى، يانفونى ئوغرىلانغان ھېلىقى ئايال خۇماركۆزنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپلا، ھېچقانداق ئەرز-شىكايەت قىلماي، ئۆز يولىغا كەتكەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ساقچىخانا خۇماركۆزنى ئەيىبلىيەلمەيتتى ھەم قىرىق سەككىز سائەتتىن ئارتۇق تۇتۇپمۇ تۇرالمايتتى. پەقەت «سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇش مەركىزى» گە تاپشۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. دەل شۇنداق چاغدا ئايتولۇننىڭ پەيدا بولۇپ، داد-پەرياد سېلىشى خۇماركۆزنىڭ ئاسانلا قۇتۇلۇپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قالغانىدى...

ئۇ ، لەۋزىنى ئىشقا ئاشۇردى ، ئەزەم چوڭمۇ ئۇنىڭ شەرتىگە قوشۇلۇپ ، تەلىپىنى قاندۇردى : مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ، ئايتۇ- لۇن ھەر كۈنى ئەتىگەندە كېلىپ ، ھۇۋقۇش تازنىڭ ئوغلى ئەر- كىننى گۈلپەرىنىڭ باغرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان ، كەچقۇرۇن چىرايى قارىداپ ، يۇمران لەۋلىرى گېزەرگەن ، كى- چىككىنە قارىقاتتەك كۆزلىرىنى چاپاق باسقان ھارغىن بوۋاقنى بىچارە ئانىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بېرىدىغان بولدى . بۇنداق چاغ- دا ، گۈلپەرىنىڭ يۈزى ئازابتىن خۇنۈكلىشىپ كېتەتتى ، كۆزلى- رىدە ئەلەم ئەمەس ، غەزەپمۇ ئەمەس ، بەلكى كىمگىدۇر بولغان كۆچلۈك بىر نەپرەت ياناتتى ، ۋۇجۇدى تىترىگىنىچە ئۆزۈپ - ئۆزۈپ نەپەس ئېلىپ ئولتۇرۇپ قالاتتى …

## 8

ئۆكۈنۈش ، پۇشايمان ۋە ئەلەم ھۇۋقۇش تازنى قاتمۇقات ئىسكەنجىگە ئېلىشقا باشلىدى …

ئۇ ، بوتۇلكىدىكى ئاخىرقى ھاراقنى بىراقلا ئىچتى - دە ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تامشۇنۇپ قويدى . شۇ تاپتا ، ھاراق تەپتى- دىن ئۇنىڭ تېنى ئۆرتىنەتتى ، دىلىمۇ ئۆرتىنەتتى !…

ئۆتكەن كۈنلەرنى ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش نېمىدېگەن ئېغىر - ھە ! ؟

«ۋاقىت شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى ، يېدىم ، ئىچتىم ، تېنىم يايرىمىدى ! ئائىلىگە ، پەرزەنتكە زار بولدۇم — خۇدا بەردى ، ئەمما ئۆزۈمگە نېسىپ بولمىدى ! ياخشى ئادەملەر ، يورۇق دۇنيا مەندىن يۈز ئۆردى … نېمە ئۈچۈن ؟ ! قايسى گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئەي خۇدا ! … »

ھۇۋقۇش تاز جۇجياڭ دەريا ساھىلىدىكى گۈللۈكنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆزى تەنھا ، جىمجىت سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ ،

هامان ئۆزىنى ئىزدەيتتى . بۇ كىچىككىنە خىيابانىنىڭ ھەممە يېرى غۇچچىدە گۈل ـ گىياھ ئىدى . گۈللەر تولىمۇ رەڭدار : يېشىل ، قىزىل ، سېرىق ، سۆسۈن ۋە يەنە قانداقتۇر ئەبجەش رەڭلەر بىلەن جۇلالىنىپ تۇراتتى . گۈللۈكنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان قىسما ـ قىسما ئادەملەرنىڭ پاراڭلىرى ، كۈلكىلىرى خۇددى ئۇنىڭ خىيالىرىدەك دەم كۆتۈرەلەتتى ، دەم پەسلەيتتى . ئۇ قوللىرىنى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ تاشلاپ ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە قېتىپ ئولتۇراتتى . يېنىدا رەڭگى ئۆڭۈپ ، پەشلىرى مايلىشىپ كەتكەن نىمكەش كاستۇم تاشلاقلىق ، ئالدىدا ئۇنىڭ تېنىگە ھارارەت بەخش ئېتىپ ، تىلىنى ئىلتىجاغا كەلتۈرگەن هاراق شىشىسى دومىلاپ ياتاتتى .

«ئىچىم دەردكە تولغان ، قەلبىم يارىلانغان··· قاچان ، قانداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشتۈم ـ ھە ! ؟ قايسى قىلمىشىم ئۈچۈن ، قايسى گۇناھلىرىم ئۈچۈن قەلبىمگە ئورناشتى بۇ يارا ! ؟··· »

ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ ، ئازابلىنىپ ، ئۆز ـ ئۆزىنى توختاۋسىز سوراقلايتتى : «ياخشى ئادەملەر ھامان خاتىرجەم ، ئوبدان ياشايدىكەن ، ئۇلارنىڭ چۈشلىرىدىمۇ بۇ دۇنيا يورۇق ، كۆڭۈللۈك بولىدىكەن . ئۇلار قان ـ تەرى بىلەن دەرەخ تىكىپ ، بىنا ـ قورغانلار ، ئەل ـ يۇرت بىلەن بىللە جاھان سۈرگەنلەر !··· ئۆلۈم ـ ھەق . ياغاچ ئاتقا مىنىپ ، قارا يەر قەرىگە سەپەر قىلغۇدەك بولسا ، ئۇلارنىڭ ئۇزاتقۇچىلىرى ، بىرەر كەلىمە ئايەت بىلەن ۋىدالاشقۇچىلىرى بار . شۇڭا ، ئۇلار ھەرگىز غېرىبسىنماي ، مەڭگۈلۈك ھالاۋەت ئۇيقۇسىدا ياتىدۇ . مەنچۇ ؟ مېنىڭ ئۆمرۈم مۇشۇنداق دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ، باشقىلارنى ئالداپ ، قاقشىتىپ ئۆتەمدۇ ! ؟ ئۆلسەمچۇ ! ؟ ئۆلۈكۈم خاكسار ئىتتەك ، ‹غېرىب كېپەن › بولۇپ قالامدۇ ؟ !··· ئاھ ، ئاداشقان بەندە !··· مەن مۇشۇ يېشىمغىچە نېمىگىدۇر ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن بەزىدە سوكۇلداپ ، بەزىدە يۈگۈرۈپ

چاپتىم ، تىنىمسىز ئەگەشتىم . بۇ چېپىش ، بۇ ئەگىشىشنىڭ زادىلا پايانى بولمىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ھېسابىغا زادى نېمىگە ئېرىشتىم ؟ ! ھېچكىم ماڭا بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدى ، پەقەت ئۇتتۇق ئاكاملا ماڭا : «ھەي تازچاق ، شۇنچە چاپتىڭ ، ئەمدى بولدى قىل ، نەپسىڭنى يىغ ، ئەتراپقا قارا ، ھايات قانداق گۈزەل ! ئۇنىڭدىن لەززەت ئال ، زوقلان ، ئەمدى ساۋاب ھەققىدە ئويلا ، ئۆز ئەجرىڭ بىلەن بىر تۈپ كۆچەت تىك ، بىرەر جاپاكەشكە ياردەم قىل ، ئاخىر قاچانغىچە خەقنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ ، خەققە ئەگىشىپ ، ئۇنىڭ چوماقچىسى بولىسەن ، قىسمەتنى تەقدىر ئەمەس ، ئۆزۈڭ پەيدا قىلىسەن !...» دەپ ئاگاھلاندۇردى . ئويلى-سام ، ئۇنىڭ گەپلىرى توغرا ! بىرىگە چوماقچى بولۇش بەئەينى نەيزىنىڭ ئۇچى بولغانغا ئوخشايدىكەن ، نەيزىنىڭ ئۇچى ئۆتكۈر ھەم خەۋپلىك ، بىۋاپا ھەم سوغۇق ! ئۇنى تۇتقان ئادەمنىڭ جان ساقلىمىقى مۇشكۇل . شۇنداق ئىكەن ، جېنىڭ تۇمشۇقۇڭغا كەل-گەندىمۇ يەنە خەقنىڭ ئارقىسىدىن چېپىشنىڭ ، خەققە ئەسەبىي-لەرچە ئەگىشىشنىڭ پايدىسى نېمە ! ؟...» بەرھەق ! دېمىسىمۇ ، كۆننىڭ كەينىدىن ئاي ، ئاينىڭ كەينىدىن يىل كېلىپ ، شۇنچە يىللار ئۇن - تىنسىز ئۆتۈپ كەتتى . ھۆۋقۇش تازنىڭ تۇرمۇشىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى . ئەمما ، ئۇلارچۇ ؟ ئۇلار بەئەينى سۇتنىڭ ئۇستىدىكى قايماقتەك ئەتىۋارلىنىپ ، ئېسىل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ ، ۋە لېكىن ، ھۆۋقۇش تاز بولسا مەڭگۈ بويسۇنغۇ-چى ، دەپسەندە قىلىنغۇچى ! ئۇلار بەرسە يەيدۇ ، بەرمىسە بېزىرىپ يۈرۈۋېرىدۇ ، بەئەينى بىر تىلەمچى ، دىۋانە !...

ھۆۋقۇش تاز كۆزلىرىنى خىرە - شىرە ئېچىپ ، ئەتراپقا سوغۇق نەزەر تاشلىدى . كۈن غەربكە يانپاشلىغان ، ئۇنىڭ قىز-غۇچ نۇرلىرى دەرەخلەرنىڭ ، گۈل - گىياھلارنىڭ ئۇچلىرىدا جىلۋە قىلاتتى . ھاۋا يەنىلا ئىسسىق ، دىمىق ، ئەمما ئارىلاپ - ئارىلاپ ئازراق سالقىن شامال گۈللۈكنى سىيپاپ ئۆتەتتى . چۈش-

تىكى ئىسسىقتىن قاناتلىرى كۆيگەن چىۋىنلار مانا ئەمدى بىر ئاز سەگىدەپ ، دەرەخلەرنىڭ كاۋاكلىرىدىن چىقىپ جانلاندى . ئۇلار-نىڭ بىرنەچچىسى ئۆتكۈر پۇراق سېزىمى بىلەن گىژىلداپ كې-لىپ ، ھۇۋقۇش تازنىڭ ئالدىدىكى بوتۇلكىغا قوندى ۋە بوتۇلكا ئاغزىدىكى ۋىنو يۇقىنى تېتىپ - تامشىپ ، ئەجەب بىر شوخلۇق بىلەن قانات قېقىشىپ قويدى…

شۇ ئارىلىقتا ، نەدىندۇر قوڭۇر رەڭلىك ، ئالما ياپرىقىدەك كېلىدىغان بىر كېپىنەك پەيدا بولدى . ئۇ بىرنەچچە خىل گۇللەر ئۈستىدە ھارغىن پىرىلداپ ئايلىنىپ ، ئاخىر ھۇۋقۇش تازنىڭ مايلىشاڭغۇ كاستۇمىغا قوندى . توۋا ، ئۇنىڭ ئەپتى ئادەمگە نېمان-داق ئوخشايدۇ - ھە ! ؟ بۆرتۈپ چىققان كىچىككىنە كۆزلىرى كۆل رەڭ ، بەئەينى سەيۋى رەڭلىك قاشتېشىدەك يالتىرايدۇ…

كەيپتىن بىشى ئېغىرلىشىپ ، كۆزلىرى خىرەلەشكەن ھۇۋ-قۇش تازنىڭ كېپىنەككە كۆزى چۈشۈشى بىلەن ئەندىككەندەك تېنى سىلكىنىپ كەتتى .

«ئەرۋاھ كېپىنەك ! — دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ قانداقتۇر ھېيىقىش بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ، — نەزەرنىڭ ئەرۋاھى-مىكىن… ياكى ئۆركەشنىڭمىدۇر ؟ ! قاش - كۆزلىرى ئۆركەش-نىڭ قاش - كۆزلىرىگە نېمانداق ئوخشايدۇ - ھە ! ؟ خۇددى ئۆزى ! ئەمما ، بۇرۇتى كۆرۈنمەيدىغۇ ! ھە… ئۆركەش بۇرۇت قويمىغان يىگىت ! بىچارە ئۆركەش… غېرىب نەزەر !… خار - زارلىقتا كۆز يۇمۇشتى ! ئۇلارغا ياردەم بېرەلمىدىم… ئۆلۈكلەر تىرىك ، تىرىكلەر ئۆلۈك دەيدىغان گەپ بار . ئەنە شۇ تىرىك ئاتالغان ئۆلۈكلەر ئۆز بۇرادىرىنى يوقلاپ كەلدىمىكىن ؟ ! ياكى يانلىرىغا چاقىرىۋاتامدىغاندۇ ! ؟ ئاھ ، خۇدا !… »

ھۇۋقۇش تاز تىترەك قوللىرى بىلەن يۈزىگە پاتىھە تارتتى . كېپىنەك خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ، قىلمىۋاتقان ئىبا-دەتلىرىنى چۈشەنگەندەك ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىككى - ئۈچ ئايلى-

نىپ قويۇپ ، گۈللۈكلەرگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى...

ھۈۋقۇش تاز ئاستا ئورنىدىن تۇردى ، ئۇنىڭ ھاراق كەيپىمۇ تارقاشقا باشلىغانىدى . ئۇ ئەمدى ھەممە نەرسىگە ئېتىبارسىز رەۋىشتە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيتتى ، بەلكىم ئۇ غايىب بولغان ئاشۇ ۋاقىتلىرىدىن ئۆكۈنۈش بىلەن نۇرلۇق بىر دەقىقە ئىزدەيدى-غاندۇ !...

خىياللار ھۈۋقۇش تازنى كۆپ ئەزدى . ئۇ ھەر تەرەپنى ئويلىدى ، نەچچە خىل پىلانلارنى تۈزدى ، بىرنەچچە قېتىم قارارد-نى ئۆزگەرتتى ، گاھ ئۆزىنى غەمكىن ، ئاجىز سېزەتتى ، گاھىدا ئۆزىنى شۇ كۈنگە ، شۇ كويغا سالغىنى ئۈچۈن ، چوڭلامدىن ، ھېيت ئاغماقتىن ئۆچ ئېلىش خىيالىغا كېلەتتى !...

راستىنى ئېيتقاندا ، ھۈۋقۇش تاز ناھايىتى ئىنتائەتگۈي ، ئىخلاسمەن ۋە ئاق كۆڭۈللۈككە مايىل ئىدى . ئەمما ، كېيىنكى پەيتلەردە ، ئۇ ئۆزىنىڭ بەكمۇ كەمسىتىلىپ ، ئەرلىك غۇرۇرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىدىن ئازابلىنىدىغان ، بۇنىڭغا تاقابىل تۇ-رۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغانىدى . بولۇپمۇ ، يېقىندىن بېرى ھېيت ئاغماقنىڭ ھەدېسىلا گۈلپەرىنى ئۆيدىن چاقىرىپ ، «مۇھىم ئىش بار» دېگەن باھانىدە ، ئۇ يېقى شېند-جېن ، بۇ يېقى نەنخەي تەرەپلەرگە ئەكېتىپ ، كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈشى ئۇنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى ...

ھۈۋقۇش تاز ئەلەم بىلەن ئويلايتتى ، خىيالىغا ئەجدادلار-نىڭ : «ئەي ئوغلان ، ئۈچ نەرسىنى : بېلىڭدىكى پىچىقىڭنى ، ئاستىڭدىكى ئېتىڭنى ، ئەمرىڭدىكى خوتۇنۇڭنى بىراۋغا بەرمە ، شۇندىلا ئەل ئوغلى بولالايسەن !» دېگەن ئىبرەتلىك سۆزلىرى كېلىپ ئازابلىناتتى . ئۇ ، شۇ كۈنلەردە ئائىلىسىگە ئىگە بولالماي قالغانىدى . ئۆي تۇتتۇم دېگەنبىلەن ، ئەمەلىيەتتە قۇرۇق ئۆستەڭ-گە مىراب بولۇپ قالدى . نە خوتۇنغا ، نە بالىغا ئىگە بولال-مىدى !... ئۇلار بۇرۇن گۈلپەرىنى خالىغانچە ئاياغ - ئاستى

قىلغان ، ئۆزلىرى زېرىككەندە ھۇۋقۇش تازغا چېتىپ قويغان ، ھۇۋقۇش تازمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ ، ئۆتكەنگە سالاۋات قىلغاندى . ئۇلار ئەمدى بولدى قىلسا بولاتتى . لېكىن ئۇلار يەنە نىيىتىدىن يانمىدى ، ھۇۋقۇش تازنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى پايخان قىلىپ ، يۈرىكىنى زېدە قىلىشقا باشلىدى…

بۇ ئېغىر ئەلەم ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن نەشتەردەك تىلىپ ئۆتتى ، كۆزلىرىدىن ياش تامچىلايتتى . «پىچاقنىڭ جاراھىتى پۈتۈپ كېتىدۇ ، ئەمما يۈرەككە چۈشكەن جاراھەت پۈتمەيدىكەن !— دەپ ئويلايتتى ئۇ پىغان بىلەن ،— بۇلارچە بولسا ، مەن كۆزۈم تۇرۇپ كور ، تىلىم تۇرۇپ گاچا ، قۇلاقلىرىم تۇرۇپ گاس بولسام … شۇ چاغدا ياخشى بولمامدۇ بۇلارغا ! ؟ ياق — ياق … ئوغۇل بالىغا ئىككى نومۇس بىر ئۆلۈم ، دېگەن گەپ بارغۇ ! … »

بۇ خىياللار ئۇنىڭ ئاچچىق يۇتقان كۆڭلىدىن ئۆتتى . ئۇ ، بۇنداق نائەھلىلىكلەرگە چىدىمىدى ، ئۇنىڭ روھىدىكى قۇللارچە ئىتائەتمەنلىك ئاستا — ئاستا سۇسلاپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى يىگىتلىك غۇرۇر بىلەن ئىسيان بەخۋاشلىقى ئىگىلەشكە باشلىدى …

ھەقىقىي نەپرەتمۇ خۇددى ھەقىقىي مۇھەببەتتەك كۈچلۈك ، چوڭقۇر ۋە تەلۋە بولىدۇ . ھۇۋقۇش تاز ھازىر ئەنە شۇنداق كۈچلۈك نەپرەت تۇيغۇسى ئىچىدە ياشىماقتا ئىدى …

*　　　　*

ئەزەم چوڭ بۇگۈن كەچتە ، قول ئاستىدىكى چاپارمەنلىرى ئارىسىدىن بىرنەچچىنى تاللاپ ، زىياپەت بەردى . ئۇ بەزىدە ، خۇشى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا ، مانا شۇنداق داستىخان سېلىپ ، ھاراق قۇيۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تېخىمۇ رام قىلاتتى . يېقىندىن بېرى ، خۇن تۆكۈلۈپ ، ئادەم ئۆلىدىغان ئىشلار بولغاچ-

قا ، بۇ سالپا ـ ساياق چوماقچىلارنىڭ تىزگىنىنى تېخىمۇ چىڭراق تۇتۇش زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى .

داڭلىق خۇيزۇ ئاشخانىسىنىڭ ئايرىمخانىسىدا بولۇۋاتقان زىياپەت خېلى قىزىدى ، تائاملار مول ، هاراق سەرخىل ئىدى .

ئەزەم چوڭ ئۆزى باشلاپ بىرنەچچە رومكىنى ئىچىۋەتتى ، هېيىت ئاغماق ، هاشىم توقۇناق ، موللاجىلارمۇ قىرلىق رومكىلارنى جىرىڭلىتىپ ئۇرۇپ ، «خوشە ، خوش !» لارنى كۆككە يەتكۈزدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت هۇۋقۇش تازلا هېچنېمىگە كۆڭلى تارتماي ، خامۇش ئولتۇراتتى . بۇنى كۆرگەن هېيىت ئاغماق ئۇنىڭغا مەسخىرە ، دوق ئارىلاش مۇنداق دېدى :

— هوي ، بىر چاغلاردا كالاچتا هاراق ئىچىپ يۈرەتتىڭ ، بۈگۈن نېمە بولدى ساڭا ؟ ! بىر دوملاپلا مۇنەججىم بولۇپ قاپسەنغۇ ! ؟

— توغرا ، توغرا !— دېدى هاشىم توقۇناقمۇ ئارىغا چۈشۈپ ،— هەي خالمەت ، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلە ، ئىككى قات بولمىغاندىكىن ! سەنمۇ بىزدەك بۇقۇرۇپ ـ بۇقۇرۇپ ئىچىپ باقمامسەن !

— كۆڭلۈم تارتمايدۇ !— دېدى هۇۋقۇش تاز قىسقىلا قىلىپ .

— كۆڭلۈڭ نېمىنى تارتىدۇ ؟— قەستەن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىشكە باشلىدى هېيىت ئاغماق ،— گۈلپەرىنى تارتامدۇ ! ؟

— ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاغزىڭغا ئالما !— بىردىنلا ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرىدى هۇۋقۇش تاز ،— هەققىڭ يوق !

— ۋاي ـ ۋۇي… تىلىڭ چىقىپ قاپتۇغۇ ، مامكاپ تاز !— دېدى هېيىت ئاغماق ئۇنى كۆزگە ئىلمىغاندەك زەهەرخەندە تەلەپپۇزدا .

هۇۋقۇش تاز تۇنجى قېتىم هېيىت ئاغماققا تىك قاراپ ، كۆڭلىدىكىنى دادىل ئېيتتى :

— تىلى يوق ، ئاغزى پۈچۈق دېگەنمىدىڭ مېنى ! ؟ كىشى-
نىڭ ئاغزى - بوغۇپ قويىدىغان تاغار ئەمەس ، نېمە دېگۈسى
كەلسە دەۋېرىدۇ ! ...

— سەنمىچۇ ھېيت ئاكا ،— دېدى موللاجى ئاغزىدىكى لوق-
مىنى تەتۈر چايناپ ،— ئۆمۈچۈك كاكىسىنى ئارتىپ يۈرگەندەك ،
ھەدېسە گۈلپەرنى نەگە بارساڭ سايىدەك ئەگەشتۈرۈۋالى-
دىكەنسەن . ئۇمۇ سەندىن قورقۇپ ، ماڭ دېسەڭ ماڭىدىكەن !...

موللاجىنىڭ كەيپچىلىكتە ئېيتقان سۆزلىرى ھۇۋقۇش تاز-
نىڭ يارىسىنى تىلغىۋەتتى .

— ئەسكى دېگەندىن ئادەم تۇگۇل ، مازارنىڭ جىنلىرىمۇ
قورقىدۇ - دە !— دېدى ئۇ ھېيت ئاغماقىقا دارىتمىلاپ .

— ھەي !... سەن تېخى مېنى ئەسكى دەۋاتامسەن ! ؟— دېدى
ھېيت ئاغماق ھۇۋقۇش تازغا دېۋەيلەپ ،— بىلىپ قوي ، غۇنچىنى
كۆزىنى سۇزمىسە ، بۇقا ھەرگىز ئارغامچىنى ئۈزمەيدۇ ! كىمنىڭ
ئەسكىلىكىنى خوتۇنۇڭدىن سورا !

بۇ گەپلەر ھۇۋقۇش تازغا ھار كەلدى ، يىگىتلىك غۇرۇرىغا
تېخىمۇ قاتتىق تەگدى . ئەپتىدىن ، ئۇنىڭ قەھر - غەزىپىنىڭ
چەك - چېگرىسى يوق ئىدى ، كۆزلىرىدىن سوغۇق ئۇچقۇنلار
چاچرايتتى . ھېيت ئاغماق ئۇنىڭغا سەگەكلىك بىلەن تىكىلىپ
قارىدى ، ئۇنىڭ بۇنداق سوغ نەزىرى ئادەمنىڭ قەلبىنى ئازابلايدى-
غان زەھەر ئىدى !

— سېنىڭ دەستىڭدىن يۈرەكلىرىم قاداق بولۇپ كەتتى ،
مېنىڭ ! — دەپ ئورنىدىن دەس تۇردى ھۇۋقۇش تاز ،— سەندەك
ئادەم بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش ماڭا ھارام ،
ئۇنىڭدىن زەھەر يېگىنىم ياخشى ! ...

ھۇۋقۇش تاز مېڭىشقا تەمشەلدى ، ھېيت ئاغماق يەنە شۇنداق
كۆرەڭلىك بىلەن ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ :

— كەتسەڭ كېتىۋەر ، مەن سېنى ئىت پوقىدا ئىسرىق

سىلىپ چاقىرىپ كەلمىدىم !— دېدى سىسىق گەپ قىلىپ .

ھۆۋقۇش تاز ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھۆرپەيدى ، شۇ تاپتا ، كۆچى يەتسە ، ئۇنىڭ ئالدىغا سەكرەپ بېرىپ ، ئاشۇ سىسىق گەپ قىلغان ئاغزىغا ، شۇملۇق چىقىپ تۇرغان كۆزىگە بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتكەن بولاتتى . لېكىن ، ئۇ ئاجىز ئىدى ، ھەرگىز كۆچى يەتمەيتتى ، شۇڭا ، ھەمىشە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۇرۇشكە مەجبۇر بولاتتى . ئەمما ، بۇ قېتىم گەپتە بولسىمۇ ئۇنى يېڭىشكە ، پۇخادىن چىقىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى :

— توغرا ، شۇڭا مەن ئىت بىلەن سايە ، مۈشۈك بىلەن تۆر تالاشماي دەپ كېتىۋاتىمەن !— دېدى ئۇمۇ ھېيت ئاغماقنىڭ زىتىغا تېگىپ .

ئەگەر شۇ ئارىلىقتا ، ئەزەم چوڭ كايىپ ، بۇ ئىككىسىنى توختىتىۋالمىغان بولسا ، بەلكىم ھۆۋقۇش تاز بىلەن ھېيت ئاغ-ماق دۇتۇتۇشۇپ ، بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېرىغان بولاتتى .

ئەزەم چوڭ بۇ ئىككىسىنىڭ ھېچقايسىدىن قىيالمايتتى . ھېيت ئاغماق ئۇنىڭ ئىشەنچلىك چوماقچىسى ، چوماقچى بولغاندى-مۇ ، ئۇنىڭ جىنىنى ، دەرگاھىنى قوغداپ كېلىۋاتقان رەھىم-سىز ، تەلۋە چوماقچى ئىدى . ھۆۋقۇش تاز بولسا ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن يىل ئەگەشكەن ، ئۇنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىنى چوڭقۇر بىلىدى-غان ئىخلاسمەن چاپارمىنى ئىدى . ئۇ بۇلارنىڭ بۇنداق ئىت - مۈشۈكتەك تالىشىپ ، بىرەر كۆتۈلمىگەن ئىش تېرىپ قويۇشى-دىن ، بولۇپمۇ ، ھېيت ئاغماقتا تەڭ كېلەلمەيدىغان ھۆۋقۇش تازنىڭ ئاچچىقىغا پايلىماي ، بەزىبىر پىنھان سىرلارنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى .

— بۇرادەرلەر ! دەريالارنىڭ قۇرۇپ كېتىدىغان ، تاشلارنىڭ-مۇ ئېزىلىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ !— دېدى ئۇ ئىككىي-لەننى ئىككى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، — ئەمما ، بىز ئۇنداق

ئەمەس، بىز بىر - بىرىمىز ئۈچۈن خۇددى قان - قېرىنداشتەك تۇغقان بولۇپ كەتكەنلەر! تۇغقان دېگەننىڭ بېغىشى چىڭ، رىشتى چوڭقۇر بولىدۇ. بىز ئۇزۇن يىللىق ھايات سەپىرىدە، بىر كېمىگە چىقتۇق، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن بۈگۈنكى كۈنىمىزنى ياراتتۇق. شۇڭا، بىزنىڭ يولىمىزمۇ، جېنىمىزمۇ بىر! ياشىساق تەڭ ياشايمىز، ئۆلسەكمۇ تەڭ ئۆلىمىز! بۇنداق ھايات - ماماتلىق چوڭ ئىشنىڭ ئالدىدا، بۇنچىلىك ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار نېمىگە ئەرزىيدۇ!؟ بىز بۇنداق ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ئارازلاشمايلى، بىر - بىرىمىزنىڭ دىلىنى رەنجىتمەيلى! قېنى، ئىشلىرىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن، ئېجىل - ئىناقلىقىمىز ئۈچۈن كۆتۈرۈيلى، خوش ··· خوشە!

ھەممەيلەن رومكىلارنى ئۇرۇشۇپ، ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قەدەھتىن ئىچىۋەتتى. بۇ قېتىم ھۇۋقۇش تازىمۇ ئىچتى، ئەزەم چوڭنىڭ قولىنى ياندۇرالمىدى. شۇ تاپتا، ئەزەم چوڭ شۇنداق مۇلايىم، دىلكەش، خۇش چاقچاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ھەممە قىلىقلىرى سەممىيەتسىز ئىدى، ئۇنىڭ بۇ سەممىيەتسىزلىكى شۇقەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، ھەمسۆھبىتىنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بولۇشقا مەجبۇرلايتتى، ئادەم ھەتتا قانداق قىلىپ ئۇنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالاتتى!···

ھاراق ئىچىلگەنسېرى كەيپ ئېغىرلاشتى، ئەمدى ئۇلار قەلب سۆزلىرىنى ئېيتىشقا، بولۇپمۇ، ئەزەم چوڭنى ماختاپ ئۇچۇرۇشقا باشلىدى:

— ئۆزلىرىنىڭ مەزھىپى كەڭ، چوڭام! مېھمان چاقىرىشتا ھاتەم جۇمۇ!— دېدى ھاشىم توقۇناق قولىدىكى رومكىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ، — قېنى، ئۆزلىرى بىلەن بىر ئىچەي··· مەن سىلىنىڭ قوللىرىدىكى قىرلىق تاش چوڭام··· قەيەرگە ئاتقىلىرى كەلسە ئېتىۋەرسىلە··· تەگكەن يەردىن قان چىقارماي قويمايمەن!···

قىنى ، خوشە···
هىيت ئاغماقمۇ ئۇنىڭغا رومكا تۇتتى :
— بىرنى ئىچەيلى ، چوڭام ! — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ ، — بايىقىدەك پىشمىغان يەرلىرىمىز بولسا···
ئۇنىڭ گېپىنى موللاجى ئەپقاچتى :
— هەي ··· تېخىچە پىشمىغىنىڭ نىمىسى ! ؟ چوڭام سىنى خۇددى قازان قاتلىمىسىدەك ، بىر تەرىپىڭنى ئۈچ يىل ، يەنە بىر تەرىپىڭنى ئۈچ يىل پىشۇرغان تۇرسا ! ···
هەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى ، موللاجىنىڭ سۆزى سورۇنغا قىزغىن كەيپىيات ئاتا قىلدى .
— توغرا ، هەممىڭلار پىشتىڭلار ! — دېدى ئەزەم چوڭ موللاجىنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ ، — هەممىڭلار نى - نى ئىشلارنى تەۋرىتەلەيسىلەر . گەرچە بۇ دۇنيادا جەننەت يارىتىش ئاسان بولمىسىمۇ ، ئەمما مەن سىلەر بىلەن بىللە جەننەت يارىتىمەن . بىز شۇ جەننەتتە تېخىمۇ ياخشى ياشايمىز ! ···
سورۇن ئەنە شۇنداق داۋام قىلدى . هاراق ئىچىلگەنسېرى ئۇلار سۇيۇلۇشقا باشلىدى ، گەپلىرىمۇ خۇددى قىرى يوق كېسەك-تەك چاك باسمايۋاتاتتى ···
هۇۋقۇش تاز ئۈچ رومكىدىن كېيىن زادىلا ئىچمىدى ، بەك زورلىغان ۋاقىتتا ، رومكىدىكى هاراقنى بىر ئاماللاپ چايغا تۆكۈ-ۋەتتى .
شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ كاللىسى سەگەك ئىدى ، شۇڭا ، بۇ يەردى-كى هەممە گەپلەرگە ، قىلىقلارغا باشقىچە نەزەر بىلەن سەپسېلىش-قا باشلىدى . شۇنداق ، ئۇ بەزىدە بىر نەرسىلەرگە ناهايىتى ساددى-لىق بىلەن قىزىقىپ قالاتتى ، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىشكە ئۇرۇناتتى . ئەمما ، بۇ يەردە بولۇۋاتقان ياغلىما گەپلەر ، غىلجىڭ قىلىقلار ئۇنىڭغا تولىمۇ غەلىتە ، يات كۆرۈنۈشكە باشلىدى .
هىيت ئاغماق تۇگول ، موللاجى ، هاشىم توقۇناقمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە

باشقىچە بىگانە ئادەملەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ گەپلى-ىرى ، قىلىقلىرى ئۇنىڭ غىدىقىنى كەلتۈردى ، سەسكەن-دۈرۈۋەتتى…

«مەن ئەمدى بۇنداق ياشىمايمەن ، ھاياتىمنى شامالغا سو-رۇشنى خالىمايمەن !— دەپ ئويلىدى ھۇۋقۇش تاز ئۆز ـ ئۆزىگە تەنە ۋە دەشنام بېرىپ ،— مەن بۇنداق ئىشلارنى بىر مەرتەم قىلىپ كۆرگەن ، تويغان ! … بەلكىم ئۇ چاغدا زۇلمەت ئىچىدە قالغان بولغىيتىم ، ئەمدى بەلكىم ئاشۇ زۇلمەت ئىچىدىن يورۇق بىر تاڭنىڭ ئېتىپ كېلىۋاتقىنى كۆزۈمگە كۆرۈنگەندۇ ! بەلكىم ئۆزۈممۇ شۇنى ئارزۇ قىلغاندىمەن ! … »

شۇنداق ، ئۇ ئارزۇ قىلدى ، ئۆزىنىڭ يوقىتىپ قويغان ئىمان ـ ئېتىقادىنى مانا شۇ يول بىلەن قايتۇرۇپ ئالماقچى بولدى . شۇ ئىمان ـ ئېتىقاد بولمىسا ، ئۇ ئەمدى ياشىيالمايدۇ ! ئادەم ئاخىر بىر نەرسىگە ئىشىنىش ، بىر نەرسىگە ئېتىقاد قىلىش كېرەككۇ !…

## 9

تۇرمۇش دېگەن شۇنداق ئىكەن ، سەن ئۇنىڭدىن بىرەر ھەقىد-قەتنى چۈشەنگەن ۋاقتىڭدا ، ئاللىقاچان بىرمۇنچە ئېچىنىشلىق بەدەل تۆلىگەن بولىدىكەنسەن !

«مەن ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگەشتىممۇ ! ؟ ھاياتىم ئاخىرقى پايانىغا بېرىپ قالدىمۇ ؟ ! مەن تېخى يىگىرمە تۆت ياشقۇ ! ؟… »

كاللىسىغا تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ پىكىر نازاكەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بەئەينى دەھشەتلىك ئاغرىققا ئوخشاش تارالدى . ئۇ ئەن-دىككەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى …

ھازىر ئۇنى قانچە يوپۇتمىسۇن ، قانچە كۆڭلىنى كۆتۈرمى-

سۇن ، ئۇ پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەندى . ئۇ ئىپادە قىد-
لىپ بولمايدىغان بىر غەم - غۇسسە ئىچىدە «قۇياشلىق ئارال
ئارامگاھى» دىن چىقىپ ، قايسىبىر كونا ، مەينەت ئارقا كوچىلار-
دىكى مۇساپىرخانىلاردىن ماكان تېپىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى .
ھاۋاسى دىمىق گۇۋاڭجۇنىڭ نەم ئىسسىقى قىزنىڭ ئىككى چېكى-
سىدىن قاتتىق سىقماقتا ، بوشاشتۇرماقتا… ئۇ مىغ - مىغ
ئادەملەر ئارىسىدىن تۈرتۈپ ، دۈگجۈپ باراتتى ، ھېچقانداق مەق-
سەتسىزلا كىملەرنىڭدۇر يۈزىگە تىكىلىپ قارايتتى ، كىملەرگى-
دۇر ۋارقىراپ - جارقىراپ ئىچىنى بوشاتقۇسى كېلەتتى . ئۇ ،
شۇ يوسۇندا بىرمۇنچە يول يۈرۈپ ، ئاۋات بىر كوچىنىڭ دوقمۇ-
شىغا كەلگەندە ، ھۇۋقۇش تاز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ھۇۋقۇش
تاز قانداقتۇر خەنزۇچە گەپلەرنى ئۇيغۇر تەلەپپۇزىدا ۋارقىراپ ،
ئۇچەي كاۋىپى سېتىۋاتاتتى . نازاكەت ھۇۋقۇش تازنى تونۇمىسى-
مۇ ، ئەمما ئۆزى بىلەن يۇرتداش بولغاچقىمىكىن ، ئۇنى كۆرۈپلا
بەدىنىگە ئىللىق بىر سېزىم تارالدى . ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە
ئېغىز بولسىمۇ ، ئۆز تىلىدا سۆزلەشكۈسى ، مۇڭداشقۇسى كەل-
دى .
— سىز ئۇرغۇيمۇ ؟— سورىدى ئۇ ھۇۋقۇش تازنىڭ يېنىغا
كېلىپ ئاستاغىنا .
— ياق ، مەن ئۇرغۇي ئەمەس ، ئۇيغۇر ! — دېدى ھۇۋقۇش
تاز ۋە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ ناتونۇش قىزنىڭ باش - ئايىغىغا
چوڭقۇر سەپسالدى .
قىزنىڭ روھىي ھالىتى ، چىرايى شۇقەدەر خامۇش ، شۇقە-
دەر ئايانچلىق ئىدىكى ، سەپسېلىپ قارىغان ئادەم قورقۇپ كېتەت-
تى .
نازاكەت ئۆز گېپىدىن سەل خىجىل بولدى ئەتىمالىم :
— كەچۈرۈڭ ، ئۆزۈڭىزدىن بېرى ئۇيغۇرچە گەپ قىلماي ،
تىلىم كالۋالىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ ، — دېدى ئوڭايسىزلانغان-

دەك ،— سىزنى كۆرۈپ پاراڭلاشقۇم كەلدى ...
ئۇلار تېزلا چىقىشىپ قالدى . ھۇۋقۇش تازمۇ ئادەم خۇمار-
داپ ، گەپ سېغىنىپ قالغانىدى . ئۇ ئۆزى ئولتۇرىدىغان چاققان-
غىنە كۇرسىنى نازاكەتنىڭ ئاستىغا قويۇپ بەردى ، ئاندىن لازا ،
زېرىلىرىنى تەڭشەپ بىرنەچچە زىخ كاۋاپمۇ پىشۇرۇپ بەردى...
شۇ تاپتا ، نازاكەت ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى ، لې-
كىن بۇ تەبەسسۇم ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا زادىلا ياراشمىدى ،
خۇددى ئۇشبۇ تەبەسسۇمدا نېمىدۇر سۇنغاندەك ، قاداقچى قانچە
ئۇرۇنمىسۇن بۇ سۇنغان نەرسىنى ئەمدى قاداشقا زادىلا قادىر
ئەمەستەك كۆرۈنەتتى . دېمىسىمۇ ، شۇ كۇنلەردە نازاكەتنىڭ يۈ-
زىدە قان ، كۆزىدە نۇر ، جىسمىدا مادار قالمىغانىدى . ئۇنى گويا
يېنىنى يەر يەپ كېتىۋاتقاندەك ، قانداقتۇر بىر نجس كېسەل
چاڭگىلىغا ئىلىنىۋالغانىدى...
ھۇۋقۇش تاز نازاكەتنىڭ ئەھۋالىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋەردار
بولغاندىن كېيىن ، خۇددى بىر نەرسىگە قىزىققاندەك ئۇنىڭدىن
سورىدى :
— سىز دېگەن ھېلىقى «قۇياشلىق ئارال ئارامگاھى» دېگەن
يەردە سىزدىن باشقا ئۇيغۇر قىزلارمۇ بارمۇ ؟
— بار ،— دېدى نازاكەت سەمىمىيلىك بىلەن ،— بۇرۇن
ئۇچ قىز بىر ياتاقتا تۇراتتۇق ، مەن ، جەننەت ، خىسلەت . يېقىندا
يېڭىدىن يەنە ئۇچ قىز پەيدا بولدى . ئۇچىلىسى شىنجاڭ-
لىقكەن...
— توختىڭە ، توختىڭە... ، — دېدى ھۇۋقۇش تاز
ئالدىراپ ، — بايا «خىسلەت» دېگەندەك قىلدىڭىزما ؟
— ھەئە ، خىسلەت ! — دېدى نازاكەت بۇ ئىسىمدىن ئالاھىدە
پەخىرلەنگەندەك تۇيغۇ بىلەن ، — بۇرۇن مەن ئۇ قىز بىلەن بىر
ياتاقتا تۇرغان . ئەمما ئۇ ، بىرەرنگە قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇز-
ماي ، بىر كېچىدە قېچىپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ غەيرىتىگە ، ئىرا-

دىسىگە قايىل، ئاجايىپ قىز ئىدى···

نازاكەت يەنە بىر قېتىم بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ خېلى ئاجىزلىقىنى، خىسلەتتەك دۇنياغا دادىل قارالماسلىقىنى، ئۇنىڭدەك مۇستەقىل، جەسۇر ۋە سەمىمىي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلى بۇزۇلدى! ···

نازاكەتنىڭ سۆزىدىن كېيىن، ھۇۋقۇش تاز خۇددى مۆلدۈر چۈشكەندەك، بىر دەقىقە شۇمشىيىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خىسلەتنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئېچىنىشلىق تەقدىرى قايتا نامايان بولغاندەك بولدى···

خىسلەت ئاشۇ كۈنى ئەزىم چوڭنى ئۆلتۈرەلمەي يارىدار قىلىپ، قاتتىق تاياق يېگەندىن كېيىن، تېخىمۇ چىڭ تەقىب ئاستىغا ئېلىندى. لېكىن ئۇنىڭ غۇرۇرى، ئىرادە ــ جاسارىتى ھەممەيلەننى ھەيرەتتە قالدۇردى. شۇ چاققىچە ئەزىم چوڭغا تىغ كۆتۈرۈش تۇگۇل، ئۇنىڭ بىرەر ناشايان ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ يۈزىگە سېلىشقا ھەددى سىغىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى. شۇڭا، بۇ دەرگاھتىكى ئىتائەتمەن قۇللارنىڭ نەزىرىدە، خىسلەت قەھرىمانغا ئايلىنىپ كەتتى. ھالبۇكى، شۇ كۈنلەردە بۇ ئاجىز، ئەمما قەيسەر قىز ئېلىشىپ قالغاندەك بىر خىل تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى! ···

خىسلەتنى ھەر قېتىم تۇتقاقلىق تۇتۇشتىن ئىلگىرى، غەلىتە بىر روھىي ھالەت يۈز بېرەتتى. ئۇ دەردتىن، بېسىمدىن، قىيناقلاردىن يۈرىكى زىمىستان بولۇپ كەتكەن بىر دەقىقىدە شۇنداق ھالەتلەر بولاتتىكى، كۈتۈلمىگەندە مېڭىسى چاراقلاپ ئېچىلغاندەك بولاتتى، ۋۇجۇدى كۈچ ــ قۇۋۋەتكە تولۇپ، جانلىنىپ كېتەتتى. خۇددى چېقىندەك يالت قىلىپ ئۆتىدىغان ئاشۇنداق قىسقا ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ھايات سەزگۈلىرى، ئىچكى خىيال سېزىملىرى ئون باراۋەر ئارتاتتى، ئەقلى ۋە يۈرىكى پەۋقۇلئاددە بىر نۇر بىلەن يورۇشۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياجانلىرى،

پۈتۈن ئازابلىرى ، پۈتۈن تەشۋىشلىرى بىردەم بولسىمۇ بېسىد-
قىپ ، تىنجىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى شادىيانە ھېسلار بىلەن تاتلىق
ئۈمىدلەر ئىگىلەپ ، ئۇنى ئاللىقانداق خاتىرجەملىك بىلەن ئاسا-
يىشلىققا چۆمدۈرەتتى...

لېكىن ، بۇنداق ھالەت ئۇزۇنغا بارمايتتى ، ئۇنىڭ ئەقلى ۋە
خاتىرىلىرى يەنە ئۆز ئەكسىگە كېلىپ ، دۇچ كەلگەن ھەرقانداق
نەرسىگە ئىلىناتتى ، ئۇ زادىلا كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان ، قىلد-
ىشى زۆرۈر بولغان بىر ئىشنى ئۇنتۇشنى ئىستىسىمۇ ، لېكىن
ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈشى بىلەن يەنە شۇ ئىش يادىغا چۈشەتتى ،
ئۆزىنىڭ غەمكىن خىيالىغا دۇچ كېلەتتى . ئۇ بۇنداق خىياللاردىن
قۇتۇلۇشنى قانچىلىك خالايتتى - ھە ! ؟...

ئۇ ، ئەنە شۇنداق خىيال بىلەن رېئاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئىلەڭ - سىلەڭ ياشاپ كېلىۋاتاتتى ...

ھۇۋقۇش تاز خىسلەتنى ئەسلىدىيۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ھەققىدە
نازاكەتكە بىر نەرسە دېيىشنى خالىمىدى .

— ئەمدى سىز قانداق قىلاي دەيسىز ؟— سورىدى ئۇ بىر-
دىنلا پاراڭنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ .

— يۇرتقا كېتەي دەيمەن... ،— نازاكەتنىڭ ئاۋازى زەئىپ
ۋە غەمكىن چىقتى ، — چوڭ شەھەرگە... ئويۇنغا... ھەممىگە...
ھەممىگە تويدۇم !...

راست ، ئۇ ھەممىگە تويغانىدى ! ئۇنىڭ ياشلىقى ، گۈزەللىد-
كى ، شوخلۇقى مانا شۇ ئەزىم شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا
پايخان بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۆزىگە قالغىنى ، سولغۇن چىراي
بىلەن نىمجان ھايات بولدى . ئەمدى ئۇ ، ئاشۇ نىمجان ھايات
بىلەن بىر پاتمان پۇشايمان ، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەتلىرىنى ھاپاش-
لاپ ، ئۆز يۇرتىغا كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى !...

— ياخشى ئويلاپسىز ، نازاكەت !— دېدى ھۇۋقۇش تاز ئۇنى
رىغبەتلەندۈرۈپ ،— ئادەم ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتسىمۇ ، يەنە

هامان تۇغۇلۇپ ، تۇز يېگەن جايدىن كېچەلمەيدىكەن . مەنمۇ يۇرتـ-قا كېتىشنى ئويلاپ يۈرۈيمەن !...

ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنە ئانچە - مۇنچە دىلكەش سۆزلەر ئېيـ-تىلدى ، ئەپسۇس - نادامەتلەر قىلىندى ، ئاخىرىدا نازاكەت ھۇۋـ-قۇش تازدىن سورىدى :

— بىلەمسىزكىن ، مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئەرزانىراق مېھمانـ-خانا بارمۇ ؟

— بار ، بىلىمەن ، — دېدى ھۇۋقۇش تاز ئاخىرقى بىرنەچچە زىخ كاۋاپىغا خېرىدار چاقىرىپ ، — سەل تەخىر قىلىڭ ، مەن سىزنى باشلاپ باراي .

ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۇنىڭ كاۋاپلىرىمۇ سېتىلىپ تۈگىـ-دى ، ئۇ كىچىك ، ئەپچىل كاۋاپدانىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆشنىسىگە ئارتتى - دە ، نازاكەتنى بىر كوچىغا باشلاپ ماڭدى . ئۇ كېتىۋېـ-تىپ :

— سىزنى ئۆيۈمگە باشلاپ بارسام بولاتتى ،— دېدى خىجىل بولغاندەك تەڭقىس ھالەتتە ،— لېكىن ھازىر ئۆزۈمنىڭمۇ تۇرۇـ-ۋاتقان يېرىمنىڭ تايىنى يوق ...

ئۇ يېڭىلا تونۇشقان بۇ قىزغا تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈلسىزلىكـ-لەرنى ئېيتىشنى خالىمىدى . ئۇ يېقىندىن بېرى گۈلپەرىگە چىدـ-راي ئاچماي يۈرەتتى ، بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ، خۇددى دەڭدە ياتقان بىگانە ئادەملەردەك كىرىپ - چىقىشاتتى ، سوردـ-غانلارغا «تۇرمۇشىمىز ياخشى» دەيتىمۇ ، ئەمما يالغۇز قالغاندا ، پىنھان ئىزتىراپ چېكەتتى !

— كۆڭلىڭىزگە رەھمەت !— دېدى نازاكەت ئۇنىڭ تەكەللۇـ-پىدىن خۇشال بولۇپ ،— مەن بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپلا كېتىمەن...

ئۇلار تار ، مەينەت بىر كوچىدىكى ئەرزان باھالىق مۇساپىرـ-خانىغا يېتىپ كەلگەندە ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى . نازاكەت شۇ

يەرگە ئورۇنلاشتى ، بىر پەس دېمىنى ئېلىپ ، كەيپىياتىنى تەڭ-
شەش ئۈچۈن ياتاقتىكى ئەسكى ساپاغا چۆكۈپ ئولتۇردى ۋە شۇ
ئولتۇرغىنىچە خىيالغا پاتتى…

خۇدا بىلىدۇ ، ئۇ قانچىلىك ئويلىدى ، نېمىلەرنى ئوي-
لىدى !…

ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەردىن قورقماقتا ۋە نۇرغۇن نەرسىلەرنى
سەزمەكتە ئىدى . شۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا دەھشەتلىك تۇستە ئازاب
بېرەتتى ، قىيىنايتتى …

شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ بىرەر دىلداش قەدىردانى بىلەن ھەسرەت-
لەشكۈسى ، دەردلەشكۈسى كەلدى . ئەمما ، ھازىر ئۇنىڭ دىلداش
كىشىلىرى قالمىغانىدى . يولدا قوشۇلغان ھەمراھ — ھەمراھ
ئەمەس دېگەن گەپ راست چىقتى . ئۇنىڭغا ئۆزىنى يېقىن تۇتۇپ ،
ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى يېرىم
يولدا قوشۇلغانلار ! بالىلىق دوستلىرى ، ستۇدېنت ساۋاقداشلىرى
نەدە ! ؟… ئۇ ھېچقاچان ئۆزىگە بۇنداق سوئال قويمىغانىدى . قېنى
ئەمدى ، ئاشۇ يىللار قايتىپ كەلسە ، نۇرلۇق ، غۇبارسىز تاڭلارنى
زارىقىپ كۈتكەن — غەمسىز ، غەرەزسىز يىللار قايتىپ كەلسە !
… ئۇ يىللارنىڭ ئەتىسى بەكمۇ جىلۋىدار ، بەكمۇ پارلاق ئىدى .
ئەمدىچۇ ؟ ئەمدى ئۇ ئەتىدىن نېمىنى كۈتىدۇ ! ؟…

نازاكەتنىڭ تۇرۇپلا بالىلىق ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قايتقۇسى
كەپكەتتى . بالىلىقنى سېغىنىدى ، مال - دۇنيادىن ، ھاۋايى -
ھەۋەسلەردىن كېچىپ ، بالىلىقى ، ياشلىقى ئۆتكەن شادىمان كو-
چىلاردا يۈرگۈسى كەلدى . ئەمما ، بۇنىڭ ئىلاجى يوق ، ئۇ بەكمۇ
يىراقلاپ كەتكەنىدى . بۇنداق ئېگىزلىكتىن ھېچكىم ئۆز ئايىغى
بىلەن چۈشكەن ئەمەس ، بەلكى غۇلىغان ، يىقىلغان ، ئىتتىرىل-
گەن !…

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئۇيان - بۇيان
يىغىشتۇردى . خىيالچان ھالەتتە تامدىكى پۇچۇق ئەينەكنىڭ ئال-

دىدا تۇرۇپ قالدى . بىرنەچچە دەقىقىدىن كېيىنلا نىگاھى ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە چۈشتى . ئۇنىڭغا كۆزلىرى جىرتايغان ، چاچلىرى شالاڭشىغان ، يۈزى غەمدىن سولاشقان بىر چىراي ھېيسىز تىكىلىپ تۇراتتى . «ۋاي خۇدايىمەي ، شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتتىممۇ !؟ تېخى بىر يىلنىڭ ئالدىدا قانداق چىرايلىق قىز ئىدىڭ ! يىگىتلەر ئارقاڭدىن زوقلىنىپ ، قىزلار كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ يۈرمەمتى !... بەختىڭنى ئۆزۈڭ پايمال قىلدىڭ ، ھە... ئۆزۈڭ ! قەيەردە ئاداشتىڭ ؟ ! نېمىشقا ئاددىي تۇرمۇشۇڭنى ئاسراپ قالمىدىڭ !؟ نېمىشقا ئاشۇ يىراقتىكى چۈشكە ئوخشاش كۈنلەردە ، ھاۋايى - ھەۋەسلەر قانتىدا ، مەۋھۇم مەنزىللەرگە يول سالغىنىڭدا ئەس - ھوشۇڭنى يىغىپ ئالالمىدىڭ !؟ بەلكى شۇنىڭدا بۇگۈنكىدەك ھەسرەت - نادامەت قىينىماستى ! خاتالارنى تۈزىتىشنىڭ ، شامالغا سورۇلغان ھۆسن - جامال بىلەن ياشلىق يىللارنى ئارقىغا قايتۇرۇشنىڭ ئامالى يوقمىكىن !؟... »

نازاكەت كاللىسىدا تىنىمسىز چەرخ ئۇرۇۋاتقان ئاشۇ كۆڭۈلسىز سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا ئۇرۇنمايتتى ، ھەتتا بۇ ھەقتە ئويلاشقا يۈرىكى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى . ئادەم ئۆزىنىڭ زەئىپلىكىدىن ۋە ناچارلىقىدىن شەرمەندىلىكىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا يېتىشى مۇمكىن . لېكىن بۇ شەرمەندىلىكنىڭمۇ چېگرىسى بار . ئادەم ھەرقانداق ھالدىمۇ شۇ چېگرىدىن نېرىغا ئۆتەلمەيدۇ ۋە خۇددى مانا شۇ چېگرا نۇقتىسىغا كەلگەندە ئادەم ئۆز شەرمەندىلىكىدىن سەسكىنىشكە باشلايدۇ !...

بۇ كۈنلەردە ، يولدىن ئازغان بۇ شورلۇق قىز ئۆزىنى دۇنيادا ھەممىدىن پەس ۋە ئىپلاس ، بۇزۇق ئادەم دەپ بىلەتتى ! ئۇ ئۆز شەرمەندە - شەرمىسارلىقىدىن پۈتۈن ئىچ - ئىچىنى يەپ تاشلىغانىدى . ئۇ دەسلەپ مېنىڭ گۇناھىم يوق ، مەن ئەيىبلىك ئەمەس ، مېنى ئادەملەر شۇ كويغا سالدى ، مېنى بۇزۇق ، ياۋۇز ئادەملەر شۇ ھالغا چۈشۈردى ، دەپ نالە - پەريادمۇ قىلدى ! دېمىسىمۇ ،

بەزى ئادەملەر ئۇنى بىر ئويۇنچۇق، بۇيۇم سۈپىتىدە ئەخمەق قىلدى، قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ بازارغا سالدى. دەرۋەقە، ئۇمۇ بۇنىڭغا ناھايىتى تېزلا كۆندى، ھۇزۇرلاندى، ئەيش ـ ئىشرەت قوينىدا بىھوش بولدى... ئاخىر ئويۇننىڭ نەتىجىسىمۇ چىقتى، ئۇ ئېغىر ھالدا جىنسىي يول كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ يىقىلىشۇدى، ھېچكىم يولىمىدى، بۇرۇن ئاغزىدىن بال تامدۇ-رۇپ «ئۆچتۇم — كۆيدۇم» دېگەنلەرمۇ بىردىنلا قارىسىنى كۆر-سەتمىدى، ھەممىسى خۇددى بىر تال مىجىلغان، سولاشقان گۈل-نى تاشلىغاندەك، بىراقلا تاشلىۋەتتى! ئۇ تاپقان پۇللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى كېسەل داۋالاشقا خەجلەپ تۈگەتتى...

لېكىن، ئۇ كىشىلەرگە نېمە دېمىسۇن، ئۇنىڭ ئۆزى ھەم-مىدىن بۇرۇن ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيدۇ، ئۇنىڭ ئىمانى كامىلكى، ئۇ ... ھەممىسىگە گويا ئۆزى ئەيىبدار! ...

نازاكەت ئېغىر تىندى، ئۇھ تارتتى، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەس-لەپ ئازابلىق خۇرسىندى. كۈنلەرنىڭ: «ئۆتكەن كۈنۈڭ ئوتتۇن بولدى، ئاچچىق ـ ئاچچىق تۈتۈن بولـدى!» دېگىنـى شۇ ئىكەن ـ دە!...

شۇ كۈنى ئاخشىمى ھۇۋقۇش تازمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ نازا-كەتـنى، خـىسلەتنى ۋە ئاشۇلارغا ئوخشاش، بۇ شەھـەرنىـڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەن بەخـتى قارا قىزلارنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى ئويلاپ، يۈرىكى ئېچىشتى، پۇچىلاندى...

نېمە قىسمەت بۇ!؟ ئادەم بۇ دۇنيادا بەختىيارلىق ئىچىدە ئالدىنىپ، خارلىنىپ ياشىغاندىن كۆرە، بەختسىزلىك ئىچىدە ئادىمىي قەدىر ـ قىممەت بىلەن ياشىغان مىڭ مەرتەم ياخشى ئەمەسمۇ!؟... »

ھۇۋقۇش تازنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى!...

# 10

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەم ھەرخىل توسقۇن ـ سىناقلاردىن خالىي بولالمايدۇ . ۋاھالەنكى ، مانا شۇ توسقۇن ـ سىناقلار ئادەم-نى تاۋلاپ ، چېنىقتۇرۇپ ھەقىقىي ئەزىمەتلەرنى يارىتىدۇ !

ئۇتۇقنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئۇنى باشقىچە ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى . ئۇ بۇرۇن ھاياتىدى — مەكتەپ ، دوختۇر-خانا ، ئاق خالات ، كېسەل ، ئوپېراتسىيە ۋە مۇھەببەت دەپلا چۈشىنەتتى ۋە شۇ دائىرىدىكى ئىشلار بىلەنلا ئالدىراش ئۆتكەن-دى . ئەمما ، بۇ قېتىمقى گۇۋاڭجۇ سەپىرى ۋە بۇ يەردە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ ھايات ھەققىدىكى بۇنداق قېلىپلاشقان ساددا قارىشىنى ئىرىپىرەن قىلىۋەتتى . بىرنەچچە ئايلىق ئاچچىق ئەمە-لىيەت ئۇنىڭغا ھايات ھەقىقىتىنى ئوبدانلا تونۇتۇپ قويدى . شۇن-دىلا ئۇ ، بۇ دۇنيادا سائادەت بىلەن پالاكەتنىڭ ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ تەڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەمى-شە ، ھەر دائىم شەپقەتسىز كۈرەش بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشى-نىپ يەتتى . ئەگەر ، بۇ يوشۇرۇن ئېلىشىشتا ئادەم سەللا بىخەس-تەلىك قىلسا ، رەزىللىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولدى !...

ئۇتۇق گىرىمسەن يورۇپ تۇرغان كەڭرى باغدا ئۇزاق ئول-تۇردى ۋە ئايلاندى ، ئاخىر ئۆزىنى بىر خىياباندا ئايلىنىپ يۈر-گەن ھالدا كۆردى . مانا شۇ خىياباندىكى تاش ئورۇندۇقتىن تاكى نېرىدىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان قېرى پالما دەرىخىگىچە يۈز قەدەمچە كېلەتتى ، ئۇ ئۆز نەزىرىدە ، شۇ مۇساپىنى ئوتتۇز ياكى قىرىق قېتىمچە بېسىپ ئۆتكەندەك ئىدى . ئۇ ، شۇ ئارىلىقنى ئايلىنىپ ، خىيال سۈرۈپ يۈرەتتىيۇ ، لېكىن بىرەر سائەتتىن بېرى نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى . شۇغىنى-سى ، ئۇ كاللىسىغا كەلگەن بىر خىيالنى تۇتۇپ ئالدى ۋە بۇ

خىيالدىن كۆتۈلمىگەندە يايراپ كۈلۈپ كەتتى ، ئەمما ئۇنىڭ كۈلـ-
كىسى يۈرەككە پاتىدىغان ئازابلىق كۈلكە ئىدى . ئۇ خىسلەتنى
ئويلىغان ۋە خىسلەت بىلەن خۇددى مۇشۇنداق باغدا بىللە بولغاز-
لىقىنى ئەسلىگەنىدى . شۇ چاغدا ئۇلار گۈلزارلىق ئىچىدىكى
يولنى بويلاپ ، ئاستا مېڭىپ ، خۇددى مۇشۇنداق نۇرلۇق چىراغلار
چاقناپ تۇرغان تىمتاس خىيابانغا كەلگەن ، گەرچە ئۇلار پاراڭلىـ-
شىپ ، سىرداشمىسىمۇ ، لېكىن ھەر ئىككىسىلا كۆڭۈل دەرۋازىـ-
سىنىڭ ئېچىلىپ ، قەلب ئېتىزىغا بىر تالدىن خىسلەتلىك ئۇرۇق
چۈشكەنلىكىنى ، بۇ ئۇرۇقنىڭ شۇنداق تېز بىخلىنىپ ، تەبىئەتـ-
تىكى ھەرقانداق جانلىقتىنمۇ تېز سۈرئەتتە ئۆسۈۋاتقانلىقىنى
يۈرەكلىرى بىلەن ھېس قىلىشقانىدى...

باغدا ئېھتىمال ھېچكىم قالمىغان بولسا كېرەك ، ئەتراپ
تىمتاس جىمىپ كەتتى . كېچە خېلى سالقىن ، ئىللىق ، ھەممە
يەر نۇرغا تولغانىدى . ئەمما قويۇق دەرەخزار باغدا — ئۇتتۇق
ئولتۇرغان خىياباندا قاراڭغۇ سۈكۈنات ئىدى...

ئۇتتۇقنىڭ يەنە خىيال باستى : «مەن ئۇنى تاپمىسام بولمايـ-
دۇ !— دەپ ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلاتتى ئۇ ،— بولمىسا ،
ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا نېمە دەيمەن ! ؟ يۇرتتىكىلەرگە نېمەدەيـ-
مەن ! ؟ ئەڭ مۇھىمى ، ئۆزۈمنىڭ ۋىجدانىغا نېمە دەپ جاۋاب
بېرىمەن ! ؟ ئۇ مېنىڭ ياردىمىمگە ، مېھىر - مۇھەببىتىمگە
موھتاج بولغاندا ، مەن ئۇنى تاشلاپ كەتسەم بولامدۇ ؟ !
لېكىن... »

مانا شۇ «لېكىن» ئۇنى كېچە - كۈندۈز قىينايتتى . خىسـ-
لەتنى زادى نەدىن تېپىش كېرەك ؟ ! ئۇ ، بۇ شەھەرگە كېلىپلا
خۇددى ئوتقا قاقلىغان شاكىلاتتەك ئېرىپ كەتتىمۇ ؟ ! ياكى ئەيسا
پەيغەمبەردەك ئاسمانغا چىقىپ كەتتىمۇ ! ؟...

ئۇتتۇقنىڭ شۇنچە ئىزدەشلىرى ، ئۇرۇنۇشلىرى ۋە بۇ يولدا
تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى بىكار كېتىۋاتاتتى . ھەتتا بەزىلەر

ئۇنىڭغا : «مۇنداق كاتتا شەھەردە نېمە ئىشلار بولمايدۇ ! ئۇ بەلكىم بىرەر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا ئۆلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن !··· » دەپ شۇم ئىغىزلىقمۇ قىلدى . لېكىن ئۇتۇق بۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى ، ئۇنىڭ يۈرىكى خىسلەتنىڭ ھاياتلىقىغا ، بەلكى ھەمىشە ، ھەر دائىم ئۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ ، تەلپۈنۈپ تۇرغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى .

«مۇبادا ··· ئالىمادىس ··· شۇنداق بولۇپ قالسا ··· ،— دەپ ئۇنداق ئېھتىماللىقنىمۇ ئويلايتتى ئۇتۇق ،— ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى بولسىمۇ تاپىسام بولمايدۇ ! بولمىسا ، مېنىڭ شۇنچە ۋاقىت تارتقان ئازابلىرىم ، جاپالىرىم نۆلگە تەڭ بولمامدۇ !؟ مېنى قانداقمۇ ۋاپادار ئاشىق دېگىلى بولىدۇ ؟ ! ··· »

ئۇتۇق نىيىتىدىن يانمىدى ، ۋاقىت نەتىجىسىز ئۆتۈۋاتسىمۇ ، خىسلەتتىن بىرەر شەپە ، ئۇچۇر بولمىسىمۇ ، ئۇ يەنىلا بەل قويۇۋەتمىدى ، ئۇ ، ۋاقىتنىڭ كارامىتىگە ، ۋاقىتنىڭ ھامان بىر كۈنى مۆجىزە يارىتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . چۈنكى ، ۋاقىت ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايتتى ، ھېچ نەرسە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قالالمايتتى ، دۇنيادىكى جىمى مەۋجۇدات ۋاقىتنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولاتتى ! ···

ئەنە شۇ شەپقەتسىز ۋاقىت يەنە تېخى ئۇتۇقنى يۇرتىدىكى خىزمىتىدىن ئايرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ رۇخسەت مۆھلىتى ئاللىقاچان توشۇپ ئۆتۈپ كەتتى . ئەمما ئۇتۇق بۇ ھەقتىمۇ ئويلاپ قويدى ، ئالدى بىلەن دوختۇرخانا رەھبەرلىكىگە بىر پارچە دوكلات يېزىپ يوللىۋەتتى ، ئەگەر ئۇلار بۇنى ھېسابقا ئالماي ، ئۇنى خىزمىتىدىن بوشاتماقچى بولسا ، بۇنىڭمۇ كارى چاغلىق ئىدى ، ئۇتۇقنى يۇقىرى مائاش بىلەن تەكلىپ قىلىۋاتقان شەخسىي دوختۇرخانىلار بار ئىدى ، پەقەت بولمىغاندا ، ئۇتۇق شۇ يەرلەردە ئىشلەپ ، ئۆزىنىڭ «قاسساپلىق» كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈۋېرەتتى···

گۇاڭجۇدا ئۇتۇقنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان خىسلەتتىن باشقا ، يەنە بىر ئادەممۇ بار ئىدى . ئۇ ھازىر بىر تەرەپتىن ، خىسلەتنى ئىزدەپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئاشۇ ئادەمنى مارىلاپ يۈرەتتى . بۇ ئادەم ئەزەم چوڭ ئىدى . ئۇتۇقنىڭ نەزىرىدە ، ئەگەر ئۇ ئەزەم چوڭ بىلەن بىرەر قۇر ھېسابلاشماي كەتسە ، ئۆمۈر بويى پۇشاي-ماندا ، نادامەتتە قالاتتى ! ئۇنداق بەتنىيەت ، ناكەسلەرگە بىرەر قېتىم ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش — ئوغۇل بالىلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى . دېمىسىمۇ ، نېمە گۇناھى ئۇچۇن شۇنچە ئازابقا سالىدۇ ئۇ نامەرد ! ؟ ئۇتۇقنى بوزەك چاغلاپ قاپتۇ ـ دە ! ئەمدى كۆر-سۇن ، تۇتۇپلىۋالسا ، بىرەر يېرىنى ئەيىبناق قىلىپ ، دەرد ـ ئازابىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېتىتىپ قويىدۇ ! ئاتا ـ بوۋى-لارمۇ : «بەلدەشكەننىڭ بېلىنى پۈك ، تىزلەشكەننىڭ تىزى-نى ! » دېمىگەنمىدى !

ئۇتۇق ئۆزىنىڭ تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىنىشى توغرىسىدا ، كېيىنچە باشقىچىرەك خىياللاردا بولغانىدى . بولۇپمۇ ، ھۆۋقۇش تاز قويۇۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇ بۇ ھەقتە چوڭقۇرراق ئويلاپ ، ئۆز ـ ئۆزىگە بىرمۇنچە سوئاللارنى قويىدى : «ئەزەم چوڭ مېنى نېمىشقا تۇتقۇن قىلىدۇ ؟ ! بىز ئەزەلدىن تونۇشمىساق ، ئارىمىزدا ھېچقانداق دادى ـ مۇئامىلە بولمىسا ، نېمە ئۇچۇن شۇنداق تۇيۇق-سىز تۇتقۇن قىلىدۇ ! ؟ پەقەت گەپتە مەندىن يېڭىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈنما ! ؟... بۇنىڭغا خىسلەت سەۋەبلىك ئەمەسمىدۇ ؟ ! خىسلەت ئەزەم چوڭنىڭ قولىدىمۇ ـ يە ! ؟... »

بۇ گۇمانىي سوئاللارنى ئۇتۇق بىرنەچچە قېتىم ھۆۋقۇش تازدىن سورىغاندا ، ئۇ قەتئىي رەت قىلغانىدى . شۇنداق بولسىمۇ بۇ سوئاللار ھازىرغىچە ئۇتۇقنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ كېلىد-ۋاتاتتى . ئۇ بەزىدە ، ئۆزىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى بىلەن خىسلەتنى باغلاپ ، خىسلەت چوقۇم ئەزەم چوڭنىڭ قولىدا بولۇشى ، شۇڭا ئۇ مېنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ

ئويلايتتى . بۇ خىياللارمۇ ئۇنى ئەزەم چوڭنى تېزرەك تېپىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىشقا ئۈندەيتتى !...

ئۇتتۇق ھازىر كۆپ ۋاقىتلىرىدا يارمەمەتكە ياردەملىشىپ ، «ئوغۇزخان رېستورانى » غا قارىشىۋاتاتتى . ئۆركەش غايىب بول- غاندىن كېيىن ، يارمەمەت ھەم روھىي ، ھەم جىسمانىي جەھەتتىن تېزلا تۈگىشىپ كەتتى . پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئوغۇلدىن ئايرىلىش ئەللىك ياشتىن ئاشقان كۆيۈمچان دادا ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد بولدى . بۇنى ئاز دېگەندەك ، ئۇنىڭ دېلوسىنىڭ تېخىچە مۇئەللەقتە ئېسىقلىق تۇرۇۋشى ئۇنىڭ دەرد - ئازابىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى . ئەگەر ئۆركەش ئۆلگەن بولسا ، ئۇنىڭ ياۋۇز قاتىلى زادى كىم ؟ ! ئەگەر قاتىل تۇتۇلۇپ ، تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىغان بولسا ، بەلكىم كۆز ئالدىدىن شۇنچە دىرىدەك ئۆچۈپ كەتكەن ئوغلىنىڭ دەردىدە قان يىغلاپ ، مۇكچىيىپ قالغان ناتى- ۋان ئاتا - ئانىغا ئاز - تولا تەسەللى بولغان بولاتتى . لېكىن ، بۇ ئىشلار قېرىشقاندەك زادىلا ئىلگىرى باسمىدى . ھېلىقى چىڭ- خەيلىك ئىككى ئىشلەمچىمۇ ياكى گۆش ، ياكى بەزگە ئايرىلماي ، يەنە شۇ گۇماندار سۈپىتىدە تۈرمىدە بىھۇدە يېتىۋاتاتتى...

رېستوراندىكى ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مادارى كەتكەن يار- مەمەت ئاخىر ئۇتتۇقنى ئۆزىگە ياردەمچىلىككە تەكلىپ قىلدى . ئۇ ئۆز كۆزىتىشى بويىچە ، ئۇتتۇقنىڭ ئاق كۆڭۈل ، زېھنى ئوچۇق ، لەۋزى ھالال ئىكەنلىكىگە ، خۇددى ئۆز ئوغلى ئۆركەشتەك ھەق- گۆي ، غورۇرلۇق يىگىت ئىكەنلىكىگە قىزىقىپ قالغانىدى . بۇ تەكلىپ ئۇتتۇقنىمۇ خۇشياقتى ، ئۇ ئەمدى پۇلدىن ، ياتاق ھەم تاماقتىن غەم قىلمايتتى...

بۈگۈن «ئوغۇزخان رېستورانى »دا ، خۇددى «تېرىساڭ ئالار- سەن ، تىلىسەڭ تاپارسەن » دېگەندەكلا ئىش بولدى .

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ، تۇيۇقسىز ئەزەم چوڭ پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇنى بۇ يەردىكىلەر تونۇمايتتى ، ھەتتا يارمەمەتمۇ كۆرۈپ

باقمىغانىدى . چۈنكى ، ئۇ ئەزەلدىن بۇ يەرگە كەلمەيتتى ، بۈگۈن ئۇنىڭ قىلچە تەپتارتماي ، قورقماي بۇنداق يەككە ـ يېگانە كېلىشى — بىرىنچىدىن ، ئۆركەشنىڭ ئىشىنى ئاستىرتىن تىڭ ـ تىڭلاپ بېقىش بولسا ، يەنە بىرى ، يۇرتنىڭ تامىقىنى ھەددىدىن زىيادە سېغىنغانلىقىدىن ئىدى .

ئەزەم چوڭ ئۆركەشنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ، بىر-نەچچە كۈنگىچە قارا بېسىپ ، ئەنسىز يۈردى . ۋاقىت ئۆزىراپ ، ئۆزى ھەققىدە ھېچقانداق گۇمانىي شەپىلەر ئاڭلانمىغاندىن كېيىن ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەنىدى . شۇنداقتىمۇ ، بۇ قاغدالما ھىيلىگەر بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ ، ئۆركەشنىڭ دادىسىدىن ، يېقىن ئادەملىرىدىن ئۇنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ باقماقچى ۋە شۇ باھانىدە ، بۇ يەرنىڭ داڭلىق ئاشمانتىسى بىلەن لەڭمىنىنى تويغۇچە يەپ باقماقچى بولغانىدى .

لېكىن ، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي قالدى ، كۈتۈل-مىگەندە ، ئۇ ئۆزىنى پايلاپ يۈرگەن ئەشەددىي رەقىبى ئۇتتۇق بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى ، ئۇ ئۇتتۇقنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى .

— مەن سىزنى يۇرتقا كەتكەن چېغى ، دەپتىمەن ! — دېدى ئەزەم چوڭ چاندۇرماستىن ئۇتتۇققا يەر ئاستىدىن قاراپ .

— مەن سىزنى تاشلاپ قانداق كېتىمەن ، ئەزەم چوڭ ! — دېدى ئۇتتۇق زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ ، — بىزنىڭ ئوتتۇرى-مىزدىكى ھېساب ـ كىتاب تېخى تۈگىمىگەن تۇرسا ! ...

— قانداق ھېساب ـ كىتاب ئۇ ؟ — ئەزەم چوڭ خۇپسەنلىك بىلەن سورىدى .

— ئۇنتۇپ قاپسىز ـ دە ! ؟ — ئۇتتۇق ئۇنىڭ كۆزىگە بىگىز-دەك قادالدى ، — ئېسىڭىزگە سەپ قوياي : سىز مېنى قانۇنسىز تۇتقۇن قىلدىڭىز ، يەر ئاستى ئۆيىگە قاماپ ئازابلىدىڭىز ! مەن سىزگە بۇنىڭ جاۋابىنى قايتۇرماي كەتسەم ، قەرزدار بولۇپ قال-

مامدىمەن ! ... يەنە تېخى خىسلەتنىڭ ئىشىمۇ بار ، سىز ئۇ قىزنى نەگە يوشۇردىڭىز ! ؟

ئىشنىڭ بۇنداق ئاقىۋىتى ئەزىم چوڭنى سەل ھودۇقتۇرۇپ قويدى ، گويا ئۇنىڭ يۈزىدە قىپقىزىل ئىز قالدۇرغان رەھىمسىز تەستەكتەك ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئېغىر تەگدى . ئەمما ، نۇرغۇن قازانلاردا قايناپ ، نۇرغۇن قايناملاردا چۆرگىلەپ چىققان بۇ قاقۋاش يەنە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى .

قىزىق ، ئۇ بەزىدە ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ قالاتتى ، بەزىدە بولسا ، تولىمۇ دۆتلىشىپ كېتەتتى . ئەمما بۇ قېتىم دۆتلەشمەدى ، بەلكى ئەسلىي تەبىئىتى بويىچە ، ھىيلىگەرلەشتى .

— خىسلەت دېگەن كىم ئۇ ؟ ئەجەب چىرايلىق ئىسمىكەن - ھە ! ؟ ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن ! — دېدى ئۇ ھاڭۋاققاندەك قىياپەتتە .

— خۇپسەنلىك قىلماڭ ، ئەزىم چوڭ ! — دېدى ئۆتۈق ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ ، — سىز بىلىسىز ، يۈرىكىڭىز پوكۇلداۋاتىدىغۇ دەيمەن ! سىز بىر گۇناھكار ، سىزنىڭ گۇناھىڭىز شۇنچىلىك كۆپكى ، سىزنى سوتلىغان ئادەممۇ ساۋاب تاپىدۇ !...

— نېمانداق شۇم ئېغىز نېمىسەن ! ؟ قويە ، بۇنداق پەلىپەتىش گەپلىرىڭنى !— دېدى ئەزىم چوڭ ۋە بىردىنلا يۈزسىزلىككە ئۆتتى ،— مەن سېنى تونۇمايمەن ، ئاداش ! ئارامىمدا تاماق يېگىلى قوي !

— نېمە ! ؟ سەن مېنى تونۇمامسەن ؟ !— دېدى ئۆتۈقمۇ ئاچچىقى تۇۋىدىن تۇتۇپ ،— ئۇنداق بولسا ، مەن ئۆزۈمنى ساڭا تونۇتۇپ قوياي !

ئۇ ، تاماق يېيىشكە تەمشەلگەن ئەزىم چوڭنىڭ شىللىسىدىن بۇركۇتتەك قاماللىدى .

— يۈر ، ماۋۇ ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى !— دېدى ئۆتۈق ئۇنى تارتقۇچلاپ .

ئۇ ، بۇ يەردە تاماق يەۋاتقان بىرمۇنچە خېرىدارلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا تاشلىنىشنى بىئەپ كۆردى .

— قولـۇڭنـى تارت ! — دېـدى ئەزەم چوڭ ئۇتۇققـا گۆلىيىپ ،— بولمىسا ساقچى چاقىرىمەن ، جۇمۇ !

بۇ گەپ ئۇتۇقنىڭ كۈلكىسىنى قىستىدى :

— سەن ساقچى دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن ! ؟

شۇ ئارىلىقتا ، بىر ئىش بىلەن ئۇتۇقنى ئىزدەپ كەلگەن ياقۇپ ئىسىملىك ئاشپەز پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ پۇت - قوللىرى يوغان تەمبەل يىگىت ئىدى ، ئۇنىڭ بەلۋېغىدا بىر غېرىچ ئۇزۇن-لۇقتىكى يېڭىسار پىچىقى ئېسىقلىق تۇراتتى .

— كېلە ، ياقۇپ !— دېدى ئۇتۇق ئۇنىڭغا ئەزەم چوڭنى ئىشارە قىلىپ ، — ماۋۇ ئەبلەخنى ئاۋۇ ئۆيگە ئەكىرەيلى ، ئازراق ھېساب - كىتابىمىز بار !

ياقۇپ نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ، ئەزەم چوڭنىڭ قولتۇقىدىن ئالدى ، ئەزەم چوڭ دەسلەپ قارشىلىق قىلىپ ، مۇشۇ يەردىلا — خېرىدارلارنىڭ كۆزىچە جېدەل تېرىماقچىمۇ بولدى ، ئەمما ئىشنىڭ چوڭىيىپ ، كۈتۈلمىگەن پېشكەللىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى . ناھايىتى كەلسە ، ھازىر ئۇلاردىن بىر - ئىككى مۇشتنى ئارتۇق يېيىشى ، كېيىن ئۇلاردىن ھەسسىلەپ ئۆچ ئېلىشى مۇم-كىن ئىدى !...

ئۇتۇق ئەزەم چوڭنى كىچىككىرەك ، بوش بىر ئايرىمخانىغا باشلاپ كىردى ۋە كىرىپلا ئىشىكنى ياپتى - دە ، ئۇنىڭغا تاشلان-دى ، ئىككىسى تۇتۇشۇپ كەتتى ، نېمە قىلارىنى بىلمىگەن ياقۇپ دەسلەپ تېڭىرقىدى ، كېيىن ئۇتۇققا بولۇشتى . ئۇتۇققا نەدىن كەلگەن كۈچكىنتاڭ ، ھەربىر مۇشت ئاتقاندا ، ھەربىر كاللا ئۇر-غاندا ئەزەم چوڭ ئىڭراپ كېتەتتى...

ئۇتۇق ئەمدى يۇخادىن چىقاي دەۋاتقاندا ، ئايرىمخانىغا يارمە-

مەت كىرىپ قالدى ، ئۇ بۇ يەردىكى گۈلدۈر ـ گالاچلارنى ئاڭلاپ ئەنسىرەپ قالغانىدى .

— نېمە ئىش بۇ ؟ ! — يارمەمەت ئاچچىقلاپ ، ھەيران بولۇپ ۋارقىرىدى .

— ئەزەم چوڭ دېگەن مۇناپىق شۇ !— دېدى ئۇتتۇق ئۇنىڭغا بىگىز قولىنى چەنلەپ ،— مېنى تۇتقۇن قىلغان ، مەن ئەمدى ئۇنىڭ پېيىنى كېسىۋېتىمەن !— ئۇ ، شۇنداق دېدى ـ دە ، ئارقىدىسىدا تۇرغان ياقۇپنىڭ يېنىدىكى پىچاقنى شارتلا سۇغۇرۇپ ، ئەزەم چوڭغا يەنە تاشلانماقچى بولدى . ئەمما يارمەمەت ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ كايىدى :

— ساراڭلىق قىلماڭ ، ئۇتتۇقجان ! بىر ئادەمگە تىغ ئۇرۇپ ھۆددىسىدىن چىقماق ئاسان ئەمەس !

— ئۇنىڭ تىغ ئۇرغان ئادەملىرى ئازمۇ ! ؟ — دېدى ئۇتتۇق ئەلەملىك تىنىپ ، — ئۆركەشنىڭ يوقاپ كېتىشىدە مۇشۇ ئەبلەخنىڭ قولى بارمۇ تېخى !

— ھەي ـ ھەي ! ··· ئاغزىڭغا ھېزى بول ، جۇما !— دېدى ئەزەم چوڭ ئەندىككەندەك چۆچۈپ ،— ۋاقتى كەلگەندە ، بۇنداق شۇم ئېغىزلىقىڭ ئۈچۈن ئاچچىق پۇشايمانغا قالمىغىن يەنە ! ···

— بولدى ئۇتتۇقجان ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ، — دەپ نەسىھەتكە ئۆتتى يارمەمەت ، — ئىنسان پەرىشتە ئەمەس ، شۇڭا ، بەزىدە يول قويغان خاتالىق ـ سەۋەنلىكلىرىمىزنى خۇدا ئۆزى كەچۈرسۇن دېمەكلىك ئىنسانلىقتۇر . پەقەت گۇناھ قىلمايمىز دېگەندىمۇ ، بەزىدە كۆرۈپ ـ كۆرمەي بىرەر چۈمۈلىنى دەسسەپ قويىمىز . ئۇمۇ ئاغزىدا ئۆز ئۈۋىسىغا دان توشۇپ كېتىۋاتقان بىر جانلىققۇ ! بۇ گۇناھ ئەمەسمۇ ؟ ··· ھەرقانداق بەندە ئۆزى ئۆتكۈزگەن گۇناھقا يارىشا جازاغا تارتىلىدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇ جازانى خۇدامۇ بېرىدۇ ، قانۇنمۇ بېرىدۇ ، ھېچكىم بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ !···

— ئۇغۇ شۇنداق ! — دېدى ئۇتۇق يارمەمەتنىڭ سۆزىگە ئازراق ئۆكتە قوپۇپ ، — ئەمما لېكىن ، «شەرىئەتنىڭ يەتمىش ئىككى پۇتىقى بار» دېگەندەك ، بىزنىڭ قانۇنىمىزغۇ ئەمرىمەرۇپ-لىرى جىقكەن ، يارمەمەت ئاكا ! بۇرۇن مەن قانۇنغا ، ئەد-لى- ئادالەتكە ئىشەنگەن ، قانۇننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈت-كەن . لېكىن ، ئاقىۋەت ئۇنداق بولماي قالدى . بىز زادى قايسى جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز ؟ ! كىمگە ئىشىنىش كېرەك ؟ بۇنداق مەرەزلەردىن زادى قاچان قۇتۇلىمىز ! ؟ مەن بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالماي قايمۇقۇپ قالدىم !…

— قايمۇقماڭ ، ئىككىلەنمەڭ ! — دېدى يارمەمەت يەنە شۇ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ، — سىز ماڭا قارىغاندا كۆپ ئوقۇغان ، ئەمما مەن سىزگە قارىغاندا كۆپنى كۆرگەن . مېنىڭ كۆرگەنلى-رىم قانۇننىڭ كۈچى ، قانۇننىڭ مۇقەددەسلىكى ! ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەك بولمايدۇ !…

دەرۋەقە ، يارمەمەت كۆپنى كۆرگەن ، كۆپ ئىشلاردىن ئەقىل تاپقان سەۋرلىك ، ئېھتىياتچان ، كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ ئادەم ئىدى . ئەگەر ئۇ ، ئۇزۇن يىللىق ئەگرى - توقاي ، جاپالىق تۇرمۇش يولىدا ئاشۇنداق ياخشى روھىي ھالەتلەرنى يېتىلدۈرمە-گەن بولسا ، بەلكىم بۈگۈنكى كۈندە مۇنداق چوڭ ئىش تەۋرى-تىپ ، بۇنداق زور ئىگىلىكنى بەرپا قىلالمىغان بولاتتى…

قانۇن - ئىنتىزامنى مۇستەھكەملەش ، مەسئۇلىيەتنى سې-زىش — ئادەملەردىن كۈچ ۋە غەيرەت ، ۋىجدان ۋە نومۇس بىلەن مېھنەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . يارمەمەت ئۆز ئەمەلىيىتىدىن بۇلارنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ۋە بىلگەنىدى . ئۇ يەنە شۇنىمۇ بىلەتتىكى ، بۇ جەمئىيەتتىكى بەزىبىر رەزىل ، داشقال ئادەملەر-نىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلەتتى . ئەگەر ئەزەم چوڭ ئۇتۇق ئېيت-قاندەك ئاشۇنداق قارانىيەت ، ئەبلەخ ئادەملەر جۇملىسىدىن بول-سا ، ئۇنى بۇ يەردە ئەدەپلەپ ، جاجىسىنى بېرىش — ئادەمنى

تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار قىلىشى مۇمكىن ئىدى.
يارمەمەت بۇنداق ئادەملەرنىڭ خۇي ـ پەيلىنى، تەلۋە ـ قاراملىق-
لىرىنى كۆپ كۆرگەن: بەزىلىرى بازار تالىشىپ، ئادەم تالىشىپ
بىر ـ بىرلىرىنىڭ باش ـ كۆزىنى يېرىشقان، پۇت ـ قوللىرىنى
كېسىشكەن، ھەتتا ئۆلۈم ۋەقەلىرى چىققان؛ بەزىلىرى بولسا،
بىر ـ بىرلىرىدىن ئۆچ ـ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، دۇكانلىرىنى
بۇزغان، ئۆيلىرىگە ئوت قويغان!...
بۇنداق نادان، كۆڭلى قارا، تەلۋىلەردىن ھەر ۋاقىت ھوشيار
تۇرۇش لازىم. بولمىسا، ئادەم بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا
قالىدۇ!... ئۇلارنىڭ جاجىسىنى قانۇن بەرسۇن، قانۇننىڭ
كۈچ ـ قۇدرىتىگە ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدۇ!...
يارمەمەت مانا شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇتتۇقنى تىنجىتىپ،
ئەزەم چوڭنى قۇتقۇزۇپ قالدى.
ئەزەم چوڭ «ئوغۇزخان رېستورانى» دىن ئاغزى ـ بۇرنىدى-
كى قانلارنى سۈرتۈپ، ئۇتتۇققا خۇددى «خەپ، توختاپتۇر!»
دېگەندەك سوغۇق نەزەر بىلەن گۆلىيىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ
شۇ ۋاقىتتىكى تۇرقى بەئەينى ئىگىسى تېپىۋەتكەن ئىتتەك ئايانچ-
لىق ئىدى.

## 11

ھەرقانداق ئادەم خاتالىشىدۇ، لېكىن ھاماقەت ئادەملەر ھو-
شىنى تاپماي كېتىۋېرىدۇ. خۇداغا شۈكرى، ھۇۋقۇش تاز ھەرنې-
مە بولسا ھاماقەتلەردىن بولۇشنى خالىمىدى. ئۇمۇ يىگىتقۇ!
يىگىت ئىكەن، ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۆلىدىغان يېرىگە
كۆلۈپ بېرىشى كېرەك!
توغرا، ئۇلار بىر ئوغرى كېمىسىگە چىققانلار، شۇڭا ئۇلار-
نىڭ جېنى بىر! ئەمما، جېنى باشقىلارمۇ بار ئۇ كېمىدە! ئۇلار

سەن بىلەن بىللە غەرق بولۇشنى خالىمايدۇ ! ھۆۋقۇش تاز مانا شۇنداق بولۇشنى خالىمىدى ، ئۇ قەلبى بۇلغانغان ، ئىمانى يوق ، روھى مەرەز ئەزەم چوڭ ، ھېيت ئاغماق قاتارلىق ناكەسلەر بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا كېتىشنى خالىمىدى . گەرچە ، ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇلارنىڭ قەبىھ جىنايەتلىرىگە ھەمشېرىك بولغان بولسىمۇ ، ئەمدىلىكتە ئۆز قىلمىشىدىن پۇشايمان يېدى ، نەپرەتلەندى ، يىرگەندى ! دېمىسىمۇ ، «داپ چالغاننىڭ ھەممىسى باخشى ئەمەس - دە !...»

ھۆۋقۇش تاز ئاخىرقى سىناقتا دۇچ كەلدى ، يۈرەكنى تارازىغا سالىدىغان ۋاقىت كەلگەنىدى . ئۇ ، ئۆز يۈرىكىنىڭ ئۆز ئەقىسىدىگە خائىنلىق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى !...

كېيىنكى كۈنلەردە ، ھۆۋقۇش تازنىڭ كۆز ئالدىغا ھەمىشە «چوڭام» نىڭ كاللا كېسەر جاللاتلىرى كېلىپ سەپ تارتىدىغان ، نەزەرنىڭ غېرىب كېپەن قەبرىسى ، ئۆركەشنىڭ قانغا بويالغان جەسىتى كۆرۈنۈپ ، يۈرىكى ئازابلىنىدىغان ، سۇر باسىدىغان بولۇپ قالغانىدى !

بەزىدە ئادەمنىڭ ئېسىگە بىرەر مۇزىكا پارچىسى ياكى ناخشا بۆلىكى چۇشۇپ قالىدۇ ، ئادەم ئۇنى ياقتۇرغان - ياقتۇرمىغانلىقىغا قارىماستىن ، ئۆز خىيالىدا قايتىلايدۇ . خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ، ھۆۋقۇش تازنىڭ ئېسىگە ھەمىشە ھېلىقى يامغۇرلۇق كېچىسى «خولو» تېغىغا كۆمگەن ئېچىنىشلىق جەسەت چۇشۇۋالاتتى . غەلىتە يېرى شۇكى ، ئۇنى ھەرگىزمۇ «چوڭام» لار ئېيتىدىغاندەك «بىزنىڭ ئەلگە ئەشەددىي رەقىبىمىز» دەپ ئەمەس ، بەلكى گۇناھسىز بىر بىچارە قىياپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى !

شۇ تاپتىمۇ ، ھۆۋقۇش تازنىڭ كۆزىگە ئۆركەشنىڭ سوزۇلۇپ ياتقان جەسىتى خىرە - شىرە كۆرۈنگەندەك بولدى ، نەزىردە ، ئۆركەش تۇمان ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك ، ئاستا - ئاستا ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ھۆۋقۇش تاز ئۇنىڭغا ئىنتى-

لىپ ، ئالدىغا پىشۋاز چىقماقچى بولدى ، لېكىن پۇتلىرى ئىرادى-
سىگە بويسۇنمايتتى ، گەپ قىلىشقا ئېغىز جۇپلىدى ، ئەمما تىلى
زۇۋانغا كەلمەيتتى...

نېمىشقا ئۇنىڭغا ھەر دائىم ئاشۇ جەسەت كۆز ئالدىدا پەيدا
بولۇپ ، يۈرىكىنى مۇجۇپ تاشلايدىغاندەك ئازابلايدۇ ؟ ! ھە ... ئۇ
بىلدى ، ئۇنىڭ ئازابلىق يۈرىكى شۇنداق بىر ھەقىقەتنى سەزدى :
بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان بېشارەت ، ئاگاھلاندۇرۇش !...

ھۇۋقۇش تاز بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، بۇنى ئۇنتۇش
ئۈچۈن ، جەزمەن ئۇنى ئاشكارىلىشى كېرەك . شۇ چاغدىلا ، كال-
لىسىغا كىرىۋالغان بۇ ئەسەبىي خىيالدىن خالاس بولىدۇ !...

ھۇۋقۇش تاز ھەممە ئىشنى ھەل قىلىدىغان ئۇزۇل - كېسىل
سائەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى ، شۇڭا ، ھەرقانداق بېپەر-
ۋالىق ، ھەرقانداق جۈرئەتسىزلىك ئۇنىڭ قەلبىنى ئېغىر يارىلان-
دۇراتتى . ئۇنىڭ ھازىرقى ئارزۇ - ئىستەكلىرى ناھايىتى كۈچ-
لۈك ئىدى ، بۇ يولدا ئۇ خېلى قەيسەر ھەم جاسارەتكە تولغانىدى ،
ئەپتىدىن ھەرگىزمۇ «لاپ» قىلىپ يېنىپ ، «پىس» قىلىپ
ئۆچۈپ قالىدىغانغا ئوخشىمايتتى .

ھۇۋقۇش تاز ئەمدى يۈرىكىنى توختىتىپ ، ئىككىلەنمەيلا
قولىدىكى يانفوننىڭ نومۇرلىرىنى باستى ، ھايالشىمايلا قارشى
تەرەپتىن ئاۋاز كەلدى : «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ۋەي... كىم ؟ »

«ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام... سىز يارمەمەت ئاكاممۇ ؟... ھە ،
مەن خالمەت... سىز بىلەن كۆرۈشەي دېۋىدىم... ھە ، ئىش بار
ئىدى... مالال كۆرمەي ۋالك باۋ ساقچىخىمۇ خەۋەر قىلىپ قويسى-
ڭىز... بىللە سۆزلەشسەك... ۋاقتى دېدىڭىزما... خۇدا بۇيرۇسا ،
چۈشتىــن كېيىــن سائــەت ئۈچتە بولسۇن... مەن يېنىڭىزغا
بارىمەن... خوش !... »

ئىككى تەرەپ چۈشتىن كېيىنكى سائەت ئۈچنى ئاجايىپ بىر
روھىي ھالەتلەردە — ھولۇقۇش ، قىزىقىش ، تەشۋىش ، ئارىسال-

دىلىق ۋە ئاخىر جاننى تىكىشكە ئوخشاش جىددىيچىلىك ئىچىدە كۆتمەكتە ئىدى !...

ۋاقىت ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ، ئۆز ئوقى بويىچە پەرۋاسىز ئىلگىرىلىمەكتە ، ئۇ بىرى تۇتۇۋالسا توختاپ قالىدىغان ، بىرى ئىتتىرىۋەتسە كېتىپ قالىدىغان نەرسە بولمىغاچقا ، ئۆز يولىدا دەخلىسىز ، توختاۋسىز مېڭىپ ، ئاخىر سائەت ئۇچكە باردى .

ئۇلار — ھۇۋقۇش تاز ، يارمەمەت ۋە ۋاڭ باۋ «ئوغۇزخان رېستورانى» نىڭ ئازادە ، يوپيورۇق ، خىلۋەت بىر ئۆيىدە كۆرۈشتى . يارمەمەت سوغۇق ئىچىملىكلەر بىلەن مېۋىلەرنىڭ سەرخىللىرىنى ئەكىرىپ قويغانىدى .

— قېنى ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىڭلار ، مېۋە يەڭلار !— دېدى ئۇ مېھمانلارنى قايماق رەڭلىك خروم ساپانىڭ ئالدىدىكى چاي شىرەسىگە تەكلىپ قىلىپ .

سوغۇق ئىچىملىكلەر ئىچىلدى ، مېۋىلەر يېيىلدى . شۇ ئارىلىقتا ، يارمەمەت ھۇۋقۇش تازغا سەپسالدى ، ئۇنىڭ ئەپتىگە ، تۇرقىغا قاراپ ، يارمەمەتنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى : «ئۆتكەندە كۆرگىنىمدە خېلى بەردەم تۇراتتى ، ھازىر ئىككى پۈكۈلۈپ قاپتۇ . كۆزلىرى ئىچ - ئىچىگە پاتقان ، رەڭگىدە رەڭ يوق ... تازا تەشۋىش چەككەندەك كۆرۈنىدۇ ، بىچارە !»

ھۇۋقۇش تاز خېلى بىر ھازاغىچە يارمەمەت بىلەن ۋاڭ باۋنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ ، ئېغىر سۈكۈتكە پاتقانچە ئولتۇردى ، كېيىن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ، ئۇلارغا دادىل قارىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بۇرۇنقىدەك مەككارلىق بىلەن مۇناپىقانە جىلۋە يوق ئىدى . بەلكى بۇ كۆزلەر ئېنىق بىر قارارغا كەلگەن ھالال ، ئىنساپلىق ، مەرد ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش سەمىمىي ئىدى .

— بىلەمسىز ، يارمەمەت ئاكا ! مەن شۇ كۈنلەردە ، بەزىدە ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئەبلەخ بولۇپ كۆرۈنۈپ كېتىمەن ! چۈنكى ، بىر مەزگىل غەپلەتتە يۈرۈپ ، ئىمانىمنى يوقىتىپ قويغان ئوخشايمەن

دەپ ئويلايمەن ! ...

ھۇۋقۇش تاز ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىز ھەم يارامسىزلىقىنى ھەرقەدەمدە ھېس قىلىپ تۇراتتى ، ئەينى چاغدا ، ئۇ ئۆزىنى ئەركىن ، مۇستەقىل بىر ئادەم سۈپىتىدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى . خۇددى مانا شۇ ئارزۇ ـ ئىستەك ئاشۇ بەختى قارا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق يارىلىغانىدى . كېيىنكى ۋاقىتلاردا ، ئۇ ئۆزىدىكى قايغۇ ـ ئەلەملەرنىڭ ئۇزۇندىن بېرى دەپسەندە قىلىنىپ كېلىۋاتقان يىگىتلىك غۇرۇرىدىن تۇغۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى ، بۇ ئادىل سەزگۇ ئۇنى تېخىمۇ بەتتەر قىينىغانىدى !...

— ھۆرمەت قىلساڭ بېشىڭغا چىقىدىكەن ، ئىتمۇ چاپىنى ئەسكىنى تالايدىكەن ! ھەممىگە چىداپ كەلدىم ، «تاز » دەپ مەسخىرە قىلىشىمـۇ ، يۇمشاقباش كۆرۈپ خورلىشىمۇ چىدىدىم !— دەپ ئەلەم بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى ھۇۋقۇش تاز ، — ئەمدى چۈشەندىم ، ئۇلار زادى ئىنساپنى بىلمەيدىكەن ، سېنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىكەن . چارپاقا جېنىدا باسساڭ «ۋاق » دەيدۇ . مەنمۇ ئـەمدى «ۋاق » دېـدىم ، ئـەلەم خـورلۇققا چىدىماي «ۋاق » دېدىم ! — ئۇ بىر پەس تۇرۇۋالدى ، كېيىن دېمىنى رۇسلاپ ، تەمكىنلىك ھەم دادىللىق بىلەن داۋام قىلدى ،— مەن بۈگۈن سىلەرگە چوڭ بىر سىرنى ئاچىمەن ! لېكىن شەرتىم شۇكى ، بۇ سىر مۇشۇ يەردە قالىدۇ ، مېنى چاتماڭلار !...

سىر ئېچىلدى . نەزەرنىڭ ئۆلۈمىدىن تارتىپ ، ئۆركەشنىڭ ئۆلۈمىگىچە بولغان گۇناھكەبىرلەرنىڭ ھەممىسى سۆزلەندى . ئۆركەش ئۆلتۈرۈلگەن ئۆي بىلەن جەسىتى كۆمۈلگەن تاغنىڭ خەرىتىسى سىزىلدى ...

— ئەزەم چوڭنى قانداق تاپىمىز ؟— سورىدى ۋاڭ باۋ قولىدىكى دەپتەرگە بىر نەرسىلەرنى يېزىۋېتىپ ، — مۇقىم ئادرېسىنى دەپ بېرەلەمسىز ؟

— ئۇنىڭ مۇقىم ئادرېسى يوق ،— دېدى ھۇۋقۇش تاز ،— ئۇ يۆتكىلىپ يۈرىدۇ ، بىر يەردە ئۇزۇن تۇرمايدۇ . لېكىن ، ئۇنى تېپىشنىڭ بىردىنبىر ئامالى — ھېيت ئاغماقنى تۇتۇش . ھېيت ئاغماق تۇتۇلسىلا ، ئەزەم چوڭ ھېچ يەرگە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ !

ھۇۋقۇش تاز ۋاڭ باۋغا ھېيت ئاغماقنىڭ ئىككى يەردىكى تۇرار جايىنى ئېنىق ئېيتىپ بەردى .

— ياخشى ئىش بولدى ، خالمەت ! قالتىس ئىش بولدى ، سىزگە رەھمەت !— دېدى ۋاڭ باۋ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ ،— بىزگە چوڭ ياردەم قىلدىڭىز ! ئېسىلىپ قالغان قاتىللىق دېلوسى ئايدىڭلاشتى . ئەمدى جەمئىيەت بىر ئۇچۇم رەزىل كۆچلەردىن تازىلىنىدىغان بولدى ! …

يارمەمەتمۇ ھۇۋقۇش تازنى باغرىغا باستى ، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئازاب ۋە خۇشاللىق ئارىلاشقان ئىسسىق ياش ئازغىن يۈزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى …

## 12

قۇياش چىقتى ، بىردەمدە ھەممە ياققا مەيىن نۇرلىرىنى چاچتى ، ھەممە ياقنى نۇرەپشان قىلدى . سامادا ئىللىق كۆيلەر تارالدى ، زېمىنغا ئۇلۇغ قۇدرەت ياغدى ، گۈزەل بەيىۇن تېغىدىن كەلگەن ساپ ، ئىللىق شامال گۈاڭجۇ كوچىلىرىدىكى بۇس - تۇتەكلەرنى پاك - پاكىز تازىلىۋەتتى ! …

«كىمكى قىلسا يامانلىق ، تۇرار جايى سامانلىق» دېگەندەك ، ئەزەم چوڭنىڭ ئۆزى خان ، ئۆزى بەگ ئۆتكەن كۈنلىرى ئاخىر-لاشتى . ھەيۋەتلىك تاغلارنى بىر مۇشت بىلەن تالقان قىلىۋېتىمەن دەيدىغان كۆرەڭ ھېيت ئاغماقمۇ بوگۈن ئۆز قولى ئاستىدىكى ھۇۋقۇش تازغا ئوخشاش ئاجىز ئادەملەر ئالدىدا ھېچنېمىگە يارى-مايدىغان كېرەكسىز ، پاخشە بىرنېمىگە ئايلىنىپ قالدى ! …

ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇپ ، قولىغا كويزا ، پۇتىغا ئىشكەل سېلىندى-غانلىق خەۋىرى يىراق - يېقىنغا تېزلا تارقالدى ...

بۇ خۇش خەۋەر تارقالغان كۈنىڭ ئەتىسى ئۇتۇقنىڭ ئالدىدا ھاياجانغا چۆمگەن نەۋقىران بىر چىراي پەيدا بولدى . بۇ ھۆۋقۇش تاز ئىدى .

— ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بار ئىكەن ، ئۇتۇق ئاكا !— دېدى ئۇ ئۇتۇقنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ،— يۇرۇڭ ، ھازىر مەن سىزنى خىسلەت بىلەن كۆرۈشتۇرەي ...

— خىسلەت ! ... ،— ئۇتۇق ھاياجاندىن ۋارقىرىۋەتتى ، بۇ ئىسىم ئۇنىڭ جېنىغا جان قوشقاندەك ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى ، — ھازىر كۆرۈشەمدۇق ؟

— ھەئە ، ھازىر كۆرۈشىسىلەر ! — دېدى ھۆۋقۇش تازمۇ ھاياجانلىنىپ ، — ئۇ سىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ ، بىزنىڭ ئۆيىدە !

توۋا ، تۇرمۇشتىكى ئىشلارنىڭ ئاجايىپلىقىنى قاراڭ ! شۇنچە ۋاقىت زارىقىپ كۈتكەن ، شۇنچە ئادەملەردىن دېرىكىنى قىلغان ، شۇنچە يەرلەرگە بېرىپ ئىزدىگەن ۋە شۇ يولدا شۇنچە كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان بىر ئادەمنى بۈگۈن ھۆۋقۇش تاز تۇيۇقسىزلا خۇددى بۇ مەھەللىدىن ئۇ مەھەللىگە بېرىپ ، بىرەر تۇغقىنىنى يوقلايدىغاندەك ياكى بازارنىڭ بىر دوقمۇشىدا ساقلاپ تۇرغان بىرەر يېقىنى بىلەن كۆرۈشىدىغاندەك ، شۇنداق ئاددىي ، شۇنداق تەبىئىي ھالدا باشلاپ كېتىۋاتاتتى .

توۋا ، ئۇتۇقنىڭ شۇنچە ۋاقىت رىيازەت چېكىشى مۇشۇنداق ئاسانلا بىر ئىش ئۈچۈنمىدى ! ؟ ...

ئۇتۇق ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلانغىنىدىن شۇنداق ئويلىدىمۇ ، ئەيتاۋۇر ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى . ئەمما ، ئۇنىڭ خىيالى يەنە بىردىنلا ئىزىغا چۈشتى : توغرا ، ھۆۋقۇش تاز توغرا دەيدۇ ، ۋاقىت - سائىتى توشمىسا ، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا

چىقارغىلى بولمايدۇ! ھەممە ئىش ۋاقىتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ، ئۇ ئەزەلدىن ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باققان ئەمەس! ۋاقتى كەلگەندە ئادەمنى ھەشەم - دەرەم بىلەن بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ، يەنە ۋاقتى كەلگەندە ئادەمنى بۇ دۇنيادىن قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئېلىپ كېتىدىغانمۇ ئەنە شۇ شەپقەتسىز ۋاقىت ئەمەسمۇ! ...

ئۇتۇقنىڭ ئويلىغىنى، ئىشەنگىنى توغرا چىقتى: ۋاقىت ئاخىر ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى، ئاخىر مۆجىزە ياراتتى! ...

ئۇلار تاكسىدا كېتىۋېتىپ پاراڭغا چۈشتى:

— ئوغلۇڭ قانداقراق، خالمەت؟ ئەركىننى دەيمەن ...

— ياخشى، ئۇمۇ تۇنۇگۈندىن باشلاپ ھەقىقىي ئەركىن بولدى.

— گۈلپەرىچۇ؟

— ئۇمۇ بولىدۇ ... ھېيت ئاغىماقنى شۇ تۇتۇپ بەردى، دەڭا! لېكىن چوڭامنىڭ قانداق تۇتۇلغانلىقىنى بىلەلمىدىم ...

— ئۇ مەرەزنى ۋاڭ باۋ تۇتتى! — دېدى ئۇتۇق چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ، — ۋاڭ باۋ ئۇنى تىنماي بىر سوتكا رازۋېدكا قىلىپ، ئاخىر خەيجۇ رايونىدىكى بىر مېھمانخانىدىن تۇتۇپتۇ. ۋاڭ باۋنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەبلەخ دەسلەپ خېلى كۆرەڭلىك قىپتۇ، قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى كۆرسەتسە، چىچاڭشىپ: «مەن دېگەن شىنجاڭلىق پۇقرا، سىلەرنىڭ تۇتۇش ھوقۇقۇڭلار يوق! ...» دەپ پوپاڭ سېپتۇ ۋە ساقچىلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ قاچماقچى بوپتىكەن، ۋاڭ باۋ چەبدەسلىك بىلەن باسماقداپ، قولىغا كويزا سالغاندىن كېيىن ياۋاشلاپتۇ! ...

— خوپ بوپتۇ! — دېدى ھۆۋقۇش تاز ئۆزىنى ئازادە سېزىپ، — ئەمدى ئۇ قانۇننىڭ ھەققانىي جازاسىغا ئۇچراپ جاجىسىنى يەيدىغان بولدى!

— توغرا دېدىڭ! — ئۇتۇقنىڭ كۆڭلىدىن ئاللىنېمىلەر

كەچتى ، — قانۇن يەنىلا ئادىل ، مۇقەددەس ئىكەن . ئۇنىمۇ پەقەت ۋاقىت ئىسپاتلايدىكەن ! ...

ئارىغا جىملىق چۈشتى ، ماشىنا ئوڭغا بۇرۇلۇپ ، يەنە بىر كوچىغا كىرگەندە ، ئۇتتۇق ھۆۋقۇش تازدىن سورىدى :

— بىر ئائىلە كىشىلىرى خاتىرجەم بولدۇڭلار ، خالمەت . ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىلەر ؟

— يۇرتىقا كېتىممىز ـ دە ! — دېدى ھۆۋقۇش تاز كېسىپلا ،— لېكىن ھازىر ئەمەس ، ئۆز ئالدىمغا كاۋاپچىلىق قىلىپ ، ھالاللىق بىلەن بىرئاز پۇل تاپىقاندىن كېيىن كەتمەكچى ... ئەسلىدىغۇ ، بۇ يەرنىمۇ ياخشى كۆرىمەن ، ئۇتتۇق ئاكا ! يەتتە ـ سەككىز يىللىق ئۆمرۈم مۇشۇ يەردە ئۆتتى ئەمەسمۇ ؟ تېخى بۇ يەر ئەركىننىڭ تۇغۇلغان يېرى دەڭا ! ...

— ھە ، راست ... خىسلەت سىڭنىڭ ئۆيۈڭگە قانداق كېلىپ قالدى ؟

— مەن ئۇنى تۇنۇگۈن ئۆزۈم باشلاپ كەلدىم ...

شۇنداق ، تۇنۇگۈن ئەتىگەندىلا ئەزەم چوڭنىڭ ئۇۋىسى بۇزۇلۇپ ، دەرگاھى پاتپاراقچىلىققا تولغاندا ، ھۆۋقۇش تاز خىسلەتنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىۋالغان ، شۇ ئارقىلىق ئۇتتۇققا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ـ تەشەككۈرىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندى .

ئۇلار ئۆيگە كەلدى ، خىسلەتنى كۆرۈش ئىستىكىدە ئۇتتۇقنىڭ يۈرەكلىرى تېپچەكلەپ كەتكەنىدى . ئەمما ، ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ، ئۆيدە گۈلپەرى بىلەن ئەركىندىن باشقا ئادەم يوق ئىدى .

— خىسلەت قېنى ؟— ھولۇقۇپ ، ئەنسىرەپ سورىدى ھۆۋقۇش تاز خوتۇنىدىن .

— تېخى ھېلىلا بار ئىدى ،— دېدى گۈلپەرى ئۇتتۇققا ئەيمىنىپ كارلارچە مۆلدۈرلەپ قاراپ ،— مەن ئاشخانىغا كىرىپ ، ئەركىن-

نىڭ سۆزىنى قايىنتىپ چىققۇچە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ ...
ئۇتتۇقنىڭ كۆڭلى بەئەينى يىپ تاشلىغان لەگلەكتەك لەسسىدە بولۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، ئىچىدىكى دەرد يەنە بىر قېتىم ئېغىر تىنىق ئارقىلىق سىرتقا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى ...
تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان چاقچىقى نېمانداق تۇگىمەيدۇ - ھە!؟ بۇ راستىنلا چاقچاقمۇ ياكى قەستەن ئەخمەق قىلىپ ئازابلاشمۇ!؟
— مەن سىلەرنى تۇيۇقسىز كۆرۈشسۇن، دەپ ئۇنىڭغا ئېيتمىغانىدىم، ئۇتتۇق ئاكا!— دېدى ھۆۋقۇش تاز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ھېلىمۇ ھېچ گەپ يوق. ئۇنى تاپالايمىز، مەن ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلىمەن!
— سەن قانداق بىلىسەن؟!— كۆڭلى يېرىم ھالدا سورىدى ئۇتتۇق.
— ئۇ چوقۇم نەزەرنىڭ تۇپراق بېشىغا كەتتى!— دەپ ئىشەنچ بىلەن چۈشەندۇردى ھۆۋقۇش تاز، — ئۆز ۋاقتىدا ئۇ مەندىن: نەزەرنىڭ نەگە كۆمۈلگەنلىكىنى، مېنىڭ باشلاپ بېرىشىمنى ئۆتۈنگەنىدى، ئەمما، ئۇ چاغدا ئۇنى باشلاپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مەن پەقەت ئۇنىڭغا نەزەرنىڭ شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدىم. دېسەم - دېمىسەم ئۇ ھازىر چوقۇم شۇ تەرەپكە كەتتى ...
ھۆۋقۇش تاز ئۇتتۇقنى باشلاپ ئۆيدىن چىقتى ۋە بىر چاغلاردا نەزەر دەپنە قىلىنغان يىراقتىكى خىلۋەت تۆپىلىككە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ...
دەل شۇ چاغدا، خىسلەتمۇ دېگەندەك شۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە، ئۆلۈم توغرىسىدا زادىلا ئويلىمايدىغان بولغانىدى. لېكىن بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر كۆزىگە

نەزەرنىڭ غېرىب قەبرىسى كۆرۈنۈپ كەتتى . ھەتتاكى ، بىر كۈنـ
لەر كېلىپ مەنمۇ شۇ كۈنگە قالامدىمەن ، دەپ شۇركۈنۈش ئىچىدە
ئويلاپ كەتتى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا گۈلپەرىنىڭ كۆزىنى
غەلەت قىلىپ ، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى .

خىسلەت خۇددى بىرىدىن قوغدانماقچى بولغاندەك ، قولىغا بىر تاياقنى ئېلىۋالغانىدى . شۇ تاپتا ، ئۇ ئەتراپتا نېمىلەر بولۇـ ۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلمايتتى ، قۇلىقىغا ھېچقانداق گەپ ، ھەتتا ئاۋازمۇ كىرمەيتتى ، كۆزىگە ھېچكىم ، ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى ، ئۇ ئېغىر لاشقان پۇتلىرىنى سۆرەپ ئاستا كېتىۋاتاتتى . نۇرى قاچقان كۆزلىرىنى يىراقتىكى بىر نۇقتىغا تىكەتتى ، ئېقى سارغىـ يىپ ، قارىقى كېڭىيىپ كەتكەن كۆزلىرى تېخىمۇ سۇرلۇك ، تېخىمۇ غەلىتە بولۇپ كەتكەنىدى ...

«مەن قانچە ياشقا كىردىم ؟ ... يىگىرمىگە ؟ ياقەي ، شۇنچە ئىشلار ، شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەن تۇرسا ، يىگىرمىدە نېمە ئىش قىلىمەن ! ؟ ... ،— ئۇنىڭ كاللىسى تۇمان ئىچىدە قالغاندەك ، خىرە ـ شىرە پىكىر قىلاتتى ،— ئەللىك ياشقا كىردىم ... بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كىرگەندىمەن ! شۇنداق ، كىرسەممۇ كىرگەندىـ مەن ! ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ نېمە پەرقى بار ؟ ! مەن ئۇچۇن ھازىر ھەممىسى ئوخشاش . چۈنكى ، ھەممىسى تامام ، ھەممىسى تامام بولدى ! ... توۋا ، يۈرىكىم نېمىشقا بۇنچە خاتىرجەم ؟ لىپ قىلىسچۇ ، كاشكى ! ھە ... ئەمدى بىلدىم ، ئاخىر ... مەن يوققۇ ! بۇ دۇنيادا مېنىڭ بارلىقىمدىن كىمگە پايدا ، يوقلۇقۇمدىن كىمگە زىيان ؟ ! ... ئانا !... ئانامغا ئېچىنىۋاتىمەن... دادامغا ، ئۇتۇققا تارتىنىۋاتىمەن !... دادا ، ئانا ! ۋاپاسىز قىزىڭلارنى كەچۈرۈڭلار ! نېمە چارە ، مەن بۇ دۇنياغا سىلەرنى غەم ـ قايغۇغا پاتۇرغىلى كەلگەنىكەنمەن !... ئانا ، مېنى كەچۈرۈڭ ، جېنىم ئانا !... »

ئۇ يىغلىدى . ئۆكسۈپ ، ئۇھسىنىپ يىغلىدى ، ئەمما كۆزدـ

دىن ياش چىقمىدى ، ئۇنىڭ ياشلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ يۈرىكى يىغلاۋاتاتتى ! ...

ھاۋا سۈتتەك ئوچۇق ، دېڭىزغا ئوخشايدىغان زەڭگەر ئاسمان بوشلۇقىدا سۈزۈك ، يۇپقا ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى . چاقناپ تۇرغان قۇياش كۆكسىنى ، زېمىننى نۇر ۋە ھارارەتكە تولدۇرغا- نىدى ...

خىسلەت كېتىۋېتىپ بىر تاش كۆۋرۈكتىن ئۆتتى ، نەچچە غۇلاچ كەڭلىكتىكى سېمونت ئۆستەڭدە قارامتۇل ، مەينەت سۇ ئاستا تولغىنىپ ئاقاتتى . خىسلەت ئۆستەڭ بويىدا تۇرۇپ قالدى ، كۆزىگە سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان ھەرخىل نەرسىلەر كۆرۈندى . ئەنە ، يىراقتىن لەپەڭشىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر قىزىل لالىنى كۆردى ، گۈل بەرگىلىرى يېيىلىپ كەتكەن لالە كىشىگە خۇددى زېدە بولغان يۈرەك پارچىسىدەك كۆرۈنەتتى ، يېنىك دولقۇنلار ئۇنى ئەرمەك قىلىپ ئوينىغاندەك ، گاھ ئەركىلىتىپ يەلكىسىگە چىقىراتتى ، گاھ ئىتتىرىپ لاي قىرغاققا ئۇراتتى ...

خىسلەتنىڭ ئېڭىدا بىردىنلا گويا ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك ، مۇدھىش بىر ھالەت بولۇپ ئۆتتى : چاقماق گويا كۆك باغرىنى تىلغاندەك ، گۈلدۈرماما زېمىننى لەرزىگە سالغان- دەك بولدى... چاقماق قەھەرلىك ، گۈلدۈرماما دەھشەتلىك ئىدى ... خىسلەت گويا بۇ زۇلمەت ئىچىدىن بۆسۈپ چىقماقچى- دەك ، سالماق قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى ... دېگەندەك ، ئۇنىڭ مەنزىلىنى دەقىقە بولسىمۇ چاقماق ۋاللىدە يورۇتۇپ ئۆتتى ، تۇرۇپ - تۇرۇپ يالت - يۇلت قىلغان كۈچلۈك چېقىن ئۇنىڭ يولىنى يورۇتۇپ ، ئۆز باغرىغا چىللىغاندەك بولاتتى ، ئۇنىڭ ئارقىدىن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى مۇڭلۇق ، مىسكىن ناخشا بەئەينى سايىدەك لەيلەپ كېلەتتى :

«ئاھ مانا ، قولۇمدا ھاسا تايىقىم ،
بىر ئېغىر سۆكۈتتە كېتىپ بارىمەن .
ئېيتقىنچۇ ئەي دوستلار ، قېنى ئۇ ئارمان ،
مەن ئەمدى قاياققا ، نەگە بارىمەن ! ؟ ... »

خىسلەتنىڭ ئېڭىدىكى چاقماق ، گۈلدۈرماما ، چېقىن بىر مەھەل كۆچىيىپ ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتى ، نېرىپلىرى بوشاشتى ، ۋۇجۇدىدىكى جىددىيلىك سۇسلاشتى ، ئۇ قايتىدىن تەبىئەتنىڭ ئەسلىي ھالىتىدىكى نۇرلۇق ، مۇلايىم ، سەلتەنەتلىك تۈسىنى يەنە ھېس قىلىشقا باشلىدى . شۇ چاغدا ...

دەل ئاشۇ دەقىقە ئىچىدىكى روھىي ئازادىلىك يۈز بەرگەن چاغدا ، ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتىكى ئادەملەر ئارىسىدىن ئاجايىپ بىر تونۇش چىراي كۆرۈنگەندەك بولدى . ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدىن چىرايى ھارغىن ، چاچلىرى قارا ۋە جىڭگىلەك ، تەلمۈرۈپ قارىـ شى ، ئىللىق تەبەسسۇمى ناھايىتى تونۇش بىر سىيما لىپ قىلىپ ئۆتكەندەك بولدىيۇ ، يەنە شۇ ھامان غولـغۇل ئىچىدە غايىب بولدى ...

«ئۇتۇق ! ... ، — ئۇنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى ۋە ئەندىككەندەك ، ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويدى ،— ئۇ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلار ؟ ئەمەس ... بۇ مېنىڭ كاللامدىكى خىيالىي سېزىم ، تۇتۇن ۋە تۇمان ... لېكىن ، ئەجەب ئوخشايدىغۇ ! ئۇنىڭ كۆزى ، قاراشلىرى ... »

خىسلەت يەنە ئىختىيارسىز ھالدا شۇ تەرەپكە قارىدى ، يەنە شۇ تەلمۈرۈپ باققان ئوتلۇق كۆز ، ئىللىق تەبەسسۇم ، نۇرانە چىراي ... يوگۇرۇپ كېلىۋاتقان مەزمۇت قەدەم تىۋىشى ...

«شۇكەن ... راست ، شۇكەن ... ئۇتۇق ! ئۇنىڭ يېنىدىكىسى ھۆۋقۇش تاز ئەمەسمۇ ! ئۇ باشلاپ كېلىۋېتىپتۇ ... ئۇتۇق كەپتۇ ! ئۇ مېنى ئىزدەپ كەپتۇ ! ... ئاھ ، خۇدا ! ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن

قانداق كۆرۈشمەن ! ؟ ... »

خىسلەت ھاياجانلاندى ، پۇت - قوللىرى سىزىلەرلىك تىتى-رەشكە باشلىدى ، كۆزلىرى يەنە شۇ تەرەپكە قارىغىنىچە قېتىپ قالدى . بۇ قاراشتا ئاجايىپ چوڭقۇر ئەلەم ۋە ئۇنىسىز نالە - پىغان بىلەن بىللە ، يەنە قانداقتۇر ئازابلىق سېغىنىش ۋە قۇدرەتلىك بىر ئۈمىتۋارلىق بار ئىدى ! ...

2005 - يىلى دېكابىر - 2008 - يىلى يانۋار .
شېنجېن — گۇاڭجۇ — شاڭخەي .
قەشقەر — ئۈرۈمچى .

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

# قاباھەت

ISBN 978-7-5371-5830-5

9 787537 158305 >

باھاسى: 25.00 يۈەن